

ئەختەم ئۆمەر

# ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلايلى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ISBN 7-228-06346-5
9 787228 063468 >

BN 7-228-06346-5
325(民文)定价:15.50元

15
1267. 1
2

ئەختەم ئۆمەر

# ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلايلى

(ماقالىلار)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目（ＣＩＰ）数据**

剖析自我/艾合塔木·吾马尔著.— 乌鲁木齐:新疆人民出版社.2001.3
ISBN7－228－06346－5

Ⅰ.剖... Ⅱ.艾... Ⅲ.杂文—作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I267.1

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2001）第 07274 号

**剖析自我**(维吾尔文)
(杂文)
艾合塔木·吾买尔著

---

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码 830001)
新疆新华书店发行
新疆工人时报印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 10·375 印张 2 插页
2001 年 3 月第 1 版 2001 年 3 月第 1 次印刷
印数:1 — 5000

---

ISBN7－228－06346－5/I·2325 定价:15.50 元

# مۇندەرىجە

مەن ئۇنى ئاران ئىككى قېتىم كۆرەلىگەن ........ 1
مېنى تەۋرەتكەن بۆشۈك ........ 11
يازغۇچى بولمىسا بولمايدۇ ........ 20
ئارىمىزدا مويسىپىتلەر ئاز ئىدى ........ 27
توغراقلىق رىۋايىتى ........ 32
تىنالماي ياشاۋاتقانلار ........ 50
ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلايلى ........ 76
ئۇ كەلمەسكە كەتتى ........ 190
ئۇيغۇرلاردا دوپپا تەقدىم قىلىشنىڭ سىرى ........ 199
بۇگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھايات پېشۋاسى
ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ........ 204
روھنىڭ قايتا چاقىرىشى ........ 213
ئۆلگەندىن كېيىن ياسىن ئوقۇمدۇق ياكى تىرىك چېغىدا
پەرۋىش قىلامدۇق ........ 271
ھازىرقى ياشاش ئىقتىدارىمىز ........ 276
يۇرىكىم يىغلايدۇ ........ 293
يوپۇرمىقىغا قاراپ يىلتىزىنى كۆرۈش ........ 317

# مەن ئۇنى ئارانلا ئىككى قېتىم كۆرەلىگەن

راست، مەن ئۇنى ئارانلا ئىككى قېتىم كۆرەلىدىم، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشمىغان تەلۋە كىتاب مەستانىسى چاغلىرىمدا ھەربىر ئەسىرىنى بېشىمچىلاپ كىرىپ كەتكىنىمچە تەكرار ئوقۇپ تاڭغا يېقىن كىتاب بەتلىرىنى مىجىقلىغانچە چۇشەكەپ ئويغانغان چاغلىرىمدا، بۇ سۆيۈملۈك كىتابنى پۈرلىۋەتكىنىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئەيىبلەپ كەتكىنىم ۋە "بۇ ھۆرمەتلىك زات قانچىلىك ئادەمدۇ، بەستى يوغان، تازا كېلىشكەن، چىرايلىق ئادەم بولسا كېرەك، ئۆمرۈمدە ئۇنى بىرەر قېتىم كۆرەلەرمەنمۇ؟ . . ." دەپ ئويلىغانلىرىم. . . بۇ، بالىلىقتىكى سەبىي، پاك ھېسسىياتلىرىم ئىدى. بۇ — ئۇنىڭ مەن تويماي ئوقۇيدىغان ئەسەرلىرى سىڭدۈرگەن ھۆرمەت ھېسسىياتى ئىدى.

كۈتۈلمىگەن، تاسادىپىي چاغدا ئۇنى تۇنجى قېتىم كۆردۈم. ئۆزىنى كۆرمەي تۇرۇپ، ئەسەرلىرىدىن سىڭگەن يازغۇچىغا — پىر ئۇستازغا بولغان ھۆرمەت، ئۆزىنى كۆرگەندىن كېيىن تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ، ئۇنىڭ يازغۇچىلىق كامالىتىدىن ئادەملىك كامالەتىنىڭ كۆپ ئۈستۈنلۈكى، بەلكى يازغۇچىلىق ئورنىدىن كۆپ يىراقلاپ، ئارتىپ كەتكەنلىكى مەندە ئۇنتۇلماس تەسىرات قالدۇردى.

1986 ـ يىلى، ئاۋغۇست، ساناقسىز ئۇنتۇلماس

خاتىرىلىرىم ئىچىدىكى ئەڭ سەرخىل خاتىرە. «تارىم» ژۇرنىلى غۇلجىدا چاقىرغان ئىسلاھات تېمىسىدىكى ئىجادىيەت يىغىنىغا قاتنىشىش شەرىپى مېنى خۇشاللىقتىن گاڭگىرىتىپ قويغانىدى. مەن كۆرىدىغان "تۇنجى" لار بۇ پۇرسەتتە ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئاۋۋال كىچىكىمدىنلا تولا ئاڭلاپ نامى ياد بولۇپ كەتكەن سادىر پالۋان يۇرتى — " ئىلىخو" نــى كۆرىمەن، ئاندىن مەن ئەسەرلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇيدىغان يازغۇچى - شائىرلىرىمىزنى كۆرىمەن، ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم ئاشۇلارنىڭ يىغىنــىغا قاتنىشــىمەن، ئۇلار قانداق ئادەملەر، ماڭا ئوخشايدىغان ئادەملەرمۇ ياكى باشقىچە سىياقتىكى ئادەملەرمۇ، بىر كۆرەي. مەن تېخىچە ئۆزۈمگە ئىشەنمەيتتىم.

تېكىرقاپ يۈرۈپ، يىغىن ئورنىنى تەستە تاپتىم. غۇلجا شەھىرى شۇنداق چىرايلىق، ئازادە، باغچىغا ئوخشىسىمۇ مەن ئۈچۈن، شەھەر كۆرمىگەن سەھرا بالىســى ئۈچۈن ئوي - چوڭقۇرى تولا بولۇپ كەتكەنىدى. مېنىڭ تىزىمغا ئالدۇرۇپ ياتاق بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ بولغۇچە "ئۇھ" دېگۈدەك ھالىم قالمىدى. بىرمۇنچە ئادەملەرنى كۆردۈم. ئۇلار شۇنچە شوخ، پاراڭچــى بولۇپ، خۇددى قەدىناسلاردەك ئەركىــن پاراڭلىشاتــتى. تەبىئىي سىزگۈم ھەم مەن كۆرگەن رەسىملەر ئۇلارنىڭ يازغۇچى - شائىرلىرىمىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. "ۋۇي، ئۇلارمۇ بىــزگە ئوخشايدىكەنغـۇ، مېنىــڭ دادام مۇئەللىم، مەن كۆرگەن باشقا كىشىلەرگە، ھەتتا بەزىسىنىڭ تۇرقــى، گەپ - سۆزى كوچىدىكــى ئالىقاپلارنىڭ دەل ئۆزىگىلا ئوخشايدىكەنغـۇ؟!" دېدىم. بىرقىســملا بولۇپ قالدىم، دېمەك، ئوخشايدىكەنمىز. تەسەۋۋۇرۇمدا ئۇلار ئادەتتىكــى

ئادەملەردىن پۈتۈنلەي ئۆزگىچە، بىر ئوخشىمايدىغان، گەپلىرى چۈشىنىكسىز، ناھايىتى سورلۇك، قەيسەر ئادەملەر ئىدى. ھەممىسى ماڭا ياتسىرەپ قاراۋاتقاندەك «بۇ بالا بىرەرنىڭ غولجىنى كۆرسەتكىلى ئالغاچ كەلگەن بالىسىمىدۇ ياكى بىزنى كۆرگىلى، ئوينىغىلى كەلگەن بالىمىدۇ؟» دەۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇلار ئۆز يولىغا كېتىۋاتىسىمۇ، ئۆز گېپىنى قىلىۋاتىسىمۇ، ئۆز خىيالى بىلەن بولىسىمۇ، ماڭا شۇنداق تۇيۇلدى. شۇڭا تەرلەپ بېشىمنى ئۇستۇن قىلالماي، ياتاقچا ئۇلاشقۇچە روھىي جىددىيلىكتىن ھېرىپ كەتتىم. ھېلىمۇ ياخشى، ياتاقتا كىرىپلا ئابلىمىت ھاجى ئاكا بىلەن سىڭىلىنىش ئىچىدە كۆرۈشتۇق. ئابلىز ئۆمەر ئاكىمۇ كىردى. ئۇلارمۇ مېنى تونۇيدۇ، مەنمۇ ئۇلارنى تونۇيمەن. «ھېرىپ ئۆلەي دېدىم!» دەپ ھالىمنى بەرگەندىم، ئۇلار كۈلۈشۈپ كېتىشتى، يەڭگىللەپ قالدىم.

— ھەممىڭلار كارىدورغا چىقىڭلار!...

سىرتتىن قوپال چاقىرىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئەپتىدىن سەپەر ھاردۇقى چىقىپ تۇرغان ئادەملەر ياتاقلاردىن چىقىپ، كۈلۈشۈپ تۇرغانىدى، ئېگىز بويلۇق، قاراقاش، ئوراكۆز بىر ئادەم:

— ھازىر شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن يازغۇچى - شائىرلار ئۆزۈڭلارنى رۇسلاپ، رەتلىك تۇرۇڭلار! مەشھۇر شائىر روزى سايىت سىلەرنى قوبۇل قىلىدۇ، — دېدى، ئۇنىڭ قويۇق خوتەن شېۋىسىدىكى قىزىق چاقچىقى ھەممىمىزنى تېلىقتۇرۇپ كۈلدۈرۈپ، ئارىدىكى ياتسىراش، سىپايىلىقنى تۈگىتىپ ھاردۇقىمىزنى چىقىرىۋەتتى.

— ئالدىمغا قالايمىقان كېلىۋەرمەي، رەتلىك تىزىلىپ قوبۇل قىلىشىمنى كۈتۈپ تۇرۇڭلار. مەن ئاۋۋال زۇنۇن قادىرنى قوبۇل قىلىشتىن باشلايمەن.

ھەممەيلەن پاراقلاپ كۈلۈشتى. يۈرىكىم سىلىپ، كۆزلىرىم چوڭ ئېچىلغانچە، ئادەملەر قارىغان تەرەپكە نەزەر ئاغدۇردۇم، ئەخەت تۇردى ئاكا بىلەن ئابدۇساتتار ناسىرى كۆزەينەكلىك، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان، خۇش پىچىم بىر بوۋاينى قولتۇقلاپ كەلدى. ھەممە ئادەم بۇ ھۆرمەت ئىگىسىنىڭ قولىنى چەكسىز ئىپتىخارلىق بىلەن تۇتاتتى. روزى سايىت ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى:

— ئاكا، ئەمدى ئەدەپسىزلىكىمنى كەچۈرۈڭ، سىزنىمۇ سېغىندىم، ھەممىنى سېغىندىم ياتقىنىڭىزغا كىرىپ كۆرۈشەي دېسەم، خوتەندىن كەلگۈچە ھارغاندىنمۇ بەك ھېرىپ كەتكۈدەكمەن، شۇڭا سىزدىن باشلاپ ھەممەيلەن بىلەن بىرلا ۋاقىتتا كۆرۈشەي، قوبۇل قىلاي دېدىم ...

ھەممىمىز يەنە كۈلۈشتۇق.

— مېنى راستىنلا قوبۇل قىلدىڭمۇ، گاداي! — دېدى زۇنۇن قادىرى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— سىز ئادەتتىكى يازغۇچى بولسىڭىزمۇ، قوبۇل قىلماي بولمىدى، چۈنكى مەن مەشھۇر بولساممۇ كەمتەر ئادەممەن ...

تولا كۈلۈپ، زۇنۇن قادىر ئاكىنىڭمۇ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى. مەن ئۇ كىشىنىڭ بوۋايلارغا خاس يۇمشاق قوللىرىنى تۇتقىنىمدا پۈتۈن سەزگۈم يوقالغاندەك بولدى. دېمەك، مۇشۇ مىنۇتتا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بىر تۈۋرۈكىنىڭ

قولىنى تۇتقانىدىم!

يىغىن جەريانى مەن ئۈچۈن ھاياتىمدىكى ئەڭ قىيىن مىنۇتلار بولدى. مەن ئوتتۇرىغا قويغان «زېمىن، قارا ئادەملىرىڭگە» پوۋېستى مېنى بەس - مۇنازىرە تاش بورىنى ئاستىدا قويدى. مەيداندا يالغۇزلۇق ھېس قىلدىم، ھەممە ئادەم بېشىمغا تاش ئاتىدىغاندەك تەرلەپ، بېشىمنى كۆتۈرەلمەي، يىغلىغۇم كېلىپ كەتتى. خېلى كۆپ يىغىنغا قاتناشقان، لېكىن بۇنداق يىغىنغا قاتنىشىپ باقمىغانىدىم، بۇ يىغىنغا كەلگىنىمگە، پوۋېستىمنى ”ئەسەر“ دەپ ئوتتۇرىغا قويغىنىمغا مىڭ پۇشايمان قىلدىم.

— شامالدۇرغۇچنى ئەختەمگە توغرىلاڭلار، بولالمىدى، — ئابلىكىم باقى چاقچاق قىلدى، كۈلمەكچى بولۇۋىدىم، ئاغزىم تارتىشىپ كۈلەلمىدىم، شۇنچە قورقۇنچلۇق گەپلەر ئىچىدىن بىرىنچى بولۇپ مۇھەممەتجان راشىدىن ئاكا بومبا پارتلىغاندەك ۋارقىرىدى:

— نەدە بۇنداق ئىش يوقكەن؟ بار، بىزدە، بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە بار! ئاندىن ئەخەت تۇردى ئاكا ۋە سىدىق ھاجى روزىلار جانسىزلىنىپ كەتكەن روھىمنىڭ قوللىرىدىن تۇتۇپ - تارتىپ مېنى ئۆرە قىلدى، يۈرىكىمگە سۇ پۈركۈپ، ئېسىمگە كەلتۈردى، ئۇلار ئايىماستىن سۆزلەيتتى، ۋەزىيەت تىركىشىش ھالىتىدە ئىدى، دەم ئېلىش بولدى، شائىر نەسرۇللا ئابلەت ياتىقىمغا كىرىپ:

— سىزنى زۇنۇن ئاكام چاقىرىدۇ، — دېدى.

”نېمە دەر؟“ — پۈت - قولۇمدا جان قالماي، ئورنۇمدىن تۇردۇم، قانداق مېڭىۋاتىمەن، قەيەردە ئۇچرىدى، نامەلۇم.

زۇلپىقار ئۇچراپ:

— سىز ئۇچۇن دەشنەم يەپ، ئىچىم ئۆرتىلىپ كېتىۋاتىدۇ. راستىنى دېسەم، ئاچچىقىمدا كۆزلىرىمدىن ياش چىقىپ كەتتى، ئەمما تۇگىشىپ كەتمەڭ! ئۇلار دەيدۇ، ئاغزى كۆنۈپ كەتكەن، بۇمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، — دېدى.

بۇلاق سۈيى شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان ھاۋالىق بىر چۆپلۈكتە زۇنۇن قادىرى، تېيىپجان ئېلىيوپ ئاكا، تېيىپجان ھادى ئاكا، مەتىمىن ھوشۇرلار ئولتۇرغانىكەن، بۇككىدە دەرەخ سايىسى ئادەمنى راھەتلەندۈرەتتى.

— كېلە دولانلىق شا كىچىك، — دېدى تېيىپجان ئاكا چاقچاق قىلىپ.

— يېنىمغا يېقىن ئولتۇر، — دېدى زۇنۇن ئاكا مېنىڭ قورۇنۇپ تۇرغىنىمنى كۆرۈپ. مەن ئولتۇردۇم، ئۇنىڭ كۆزەينەك ئاستىدىكى ئولتۇرۇشۇپ، قىزارغان كۆزلىرىدىن سۇنماس بىر كۈچنى كۆردۇم ھەم تېخىمۇ قورۇندۇم، ئۇ ماڭا خېلى ئۇزاق تىكىلىپ قارىدى، نەپەس ئېلىشلىرى تېز - تېز ھەم كۈچلۈك ئىدى، قولۇمدىن كاپپىدە تۇتتى، قورقۇپ كەتتىم.

— يائاللا، قېرى ئادەمنىڭ قولىمۇ شۇنداق قاتتىق بولامدۇ؟ ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئەللىم كەپسىزلىكىم ئۇچۇن قۇلىقىمنى يېرىم غېرىچ سوزۇۋەتكەندىمۇ بۇنداق ئاغرىمىغانىدى.

— مەن سېنى ماڭا يېقىن ئولتۇر دېدىم، — دەپ تارتتى، بوينۇم سوزۇلۇپ يېقىن سۈرۈلدۈم. كۈلۈشكە تىرىشتىم، لېكىن ئۈنۈم چىقمىدى. باشقىلار بولسا پاراقلاپ كۈلۈشۈۋاتاتتى.

ئۇ قۇلىقىمنى قويۇۋەتمەستىن:

— ئاڭلا، دولانلىق، مەن ھەممىنى ئاڭلىدىم، ئەسىرنىڭنى تېيىپچان، روزى گادايلار ئوقۇپ بەردى. سەن يازغۇچــى بولۇشتىن ئاۋۋال خەت ساۋاتىڭنى چىقار.

— خېتىڭنى ھېچكىم ئوقۇيالمىدى، روزى گادايمۇ ”مەن تەھرىر، ھەرقانداق خەت بولسا شاما قىلىۋېتىمەن“ دەپ پو ئاتقان، لېكىن ئوقۇيالماي چۆرۈۋەتتى. دولانلىــــق، دولان قويىنىڭ مۆڭگۈزىدەك خەت يازىدىكەنسەن، — دېدى تېيىپچان ئاكا سۆز قىستۇرۇپ.

خىجىل بولغىنىمدىن يەرگە كىرگۈدەك بولۇپ كەتتىم.

— كونا يېزىقنى ئۆزىڭىــــز ئۆگەنگەنمۇ؟ — سورىدى تېيىپچان ھادى ئاكا.

— ھەئە.

— قانچە ۋاقىت بولدى؟

— يېزىشنى ئۆگەنگىلى بىر يىل بولدى.

زۇنۇنكامنىڭ قولى يەنىلا قۇلىقىمدا ئىدى.

— ماڭا قارا، سەن قورقۇپ كەتتىڭمۇ؟

— . . . . . .

يەرگە قارىۋالدىم، كۆزۈمگە ياش كەلدى، كۆرسەتمەسلىك-كە تىرىشىپ، بېشىمنى ئۈستۈن قىلمىدىم.

— ھۇ، نان قېپى، تېخى يازغۇچى بولارمىــش! سەن ئەرمۇ، ئايال؟

بېشىمنى شاققىدە كۆتۈردۈم، تىترەپ كەتتىم، ھەممىسى كۈلدى، زۇنۇنكاممۇ كۈلدى:

— ساڭا دەي، قورقما، ئېسىڭدە تۇت، ئىت يېرىم يىلدا

يەتتە ـ سەككىزنى كۈچۈكلەيدۇ، ئىت بولىدۇ. يولۋاس ئون يىلدا بىرنى تۇغىدۇ، يولۋاس بولىدۇ. ئوبدان يېزىپسەن، بۇزۇلۇپ كەتمەي ياز، تىرىش، كۆپ كۆر، بىز تۇگىدۇق، ھەممە ئىش ئەمدى — ياشلارغا قالدى ...

ئەكبەر غۇلام كېلىپ بىزنى سۈرەتكە تارتتى. ھەممەيلەن قوزغىلىپ ماڭدى، تېيىپجان ئېلىيوپ بىلەن يەنە بىرەيلەن زۇنۇنكامنى قولتۇقلاپ كىچىك ماشىنىغا چىقاردى. بوۋاينىڭ كەينىدىن تىكىلىپ قالدىم، شۇ مىنۇتتا ئۆزۈمنى باشقىچە روھلۇق ھېس قىلماقتا ئىدىم.

— ھاي تېيىپجان ئاكا، بۇ ماشىنىنى مەركەزدىن مەخسۇس سىزگە بەردىمۇ؟

— ھە، نېمە دەيسەن گاداي؟

روزى سايىت بىلەن تېيىپجان ئېلىيوپ ئاكا ئوتتۇرىسىدا چاقچاق باشلاندى.

— سىزدەك ئادەتتىكى شائىرغا پايىدا بەرگەن بولسا، مەن روزى سايىتتەك مەشھۇر شائىرغا ھۆكۈمەت مەخسۇس ئايروپىلان ياساۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟!

ھەممىمىز پاراقلاپ كۈلۈشۈپ تېلىقىپ، كۆزىمىزدىن ياش چىقىپ كەتتى.

— گەپ قىلە، گاداي! — دېدى زۇنۇنكام سالماق ئولتۇرۇپ، — سەن بولمىساڭ سورۇن قىزىمايدۇ، جۇمۇ!

— بۇ ماشىنىغا مەنمۇ چىقىدىكەنمەن ـ دە، بوپتۇ، مەن مەشھۇر، سىلەر ئادەتتىكىچە بولساڭلارمۇ كەلگۈسىدە بىز روزى سايىت بىلەن بىر ماشىنىدا بىرگە ئولتۇرۇۋالغان، دەپ ئاغزىڭلارنى تاتلىق ئېتەرسىلەر.

— چىقە گاداي، كەلگۈسىدە ئايروپىلانىڭغا بىزنىمۇ ئولتۇرغۇزارسەن، — تېيىپجان ئىلىيوپ ئاكا روزى سايىتنىڭ قولىدىن تارتىپ يېنىغا ئولتۇرغۇزدى ۋە كۈلكە ـ چاقچاقلار ئىچىدە ماشىنا يۈرۈپ كەتتى.

نىلقا يايلىقىدا تۇرۇۋېلا:

— ھەي دولانلىق، دولان ئۇسسۇلى ئويناپ بەر، — دېدى زۇنۇنكام.

— راست بىر كۆرەيلى، — دېدى تېيىپجان ئاكىمۇ خۇشال بولۇپ.

يالغۇز ئادەم ئويۇنغىلى بولمايدۇ، — دېدىم مەن.

— قورقماي ئوينا، مەن قېرى بار، ئېزىپ كەتسەك، تېيىلىپ كەتسەك، بىز يۆلىۋالىمىز، يالغۇز ئەمەسسەن...

مەن ئۇلارغا ھاياجان بىلەن قارىدىم. ئۇلار چاقچاق قىلغانىدى ھەم چاقچاق قىلمىغانىدى. مەن ئۇلارنى دائىم ئەسلەپ تۇردۇم. ھەربىر گېپىنى ئىسىمدىن قايتا ـ قايتا ئۆتكۈزدۈم.

ئىككىنچى قېتىم ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىدا ئۇنى كۆرگىنىمدە، مەرھۇم ئۇستاز تېيىپجان ئاكا بىزنى تاشلاپ كەتكىنىگە بىرقانچە كۈن بولغانىدى. مەن قايغۇ ھەم سېغىنىش ئىچىدە زۇنۇن ئاكىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتتۇم. ئەپسۇس، ئۇنى تېيىپجان ئاكا ئەمەس، باشقا سەپداشلار قولتۇقلىغانىدى. بوۋاي ئۆزىنىڭ كۆنگەن قول ـ پۇتىدىن، يۈرىكىدىن ئايرىلغاندەك بەكمۇ شۈكلەپ، جۈدەپ، ئاجىزلاپ كەتكەنىدى.

— ئاكا مېنى تونۇدىڭىزمۇ؟ مەن ئەختەم.

— ھە، تونۇدۇم، — مېنىڭ كۆڭلۈم ئۈچۈن شۇنداق دېدى.

بىر قانچە كۈندىن كېيىن بىرى ماڭا:

— ئەختەم، زۇنۇنكام ئىسمىڭنى ئاتاپ ئىزدەۋاتىدۇ، — دېدى. مەن يۈگۈرۈپ زۇنۇنكامنىڭ ياتىقىغا چىقىپ قولىنى تۇتتۇم.

— زۇنۇنكا مېنى ئىزدىدىڭىزمۇ؟

— ياق، — دېدى ئۇ، كۆڭلۈم يېرىم بولدى.

— بايا سورىغانىدى، — دېدى يېنىدىكىلەر.

زىياپەتتە تۆۋەن گرادۇسلۇق بىر رومكا ئۆزۈم ھارىقىنى زۇنۇنكامغا تۇتتۇم:

— ئاكا، ئادەتتە مەن پەقەت ئىچمەيمەن، ئەمما مۇشۇ بىر رومكا ھاراقنى سىز بىلەن ئىچىشنى ئارزۇ قىلىمەن.

بوۋاي ئورنىدىن تۇرماق بولدى، ئوغلى بەختىيار بىلەن يەنە بىرى يۆلەپ تۇرغۇزدى.

— دادام ئىچمەيدۇ…

زۇنۇنكام مەن ئۇزاتقان رومكىنى قولىغا ئېلىپ لىۋىگە تەگكۈزۈپ:

— ھازىر مېنىڭ ئاغزىم سەندە، سەن ئىچكىن، — دېدى.

مەن كۆتۈرۈۋەتتىم. بۇ ھاراق پۈتۈن تومۇرلىرىمغا قان بولۇپ سىڭىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى.

1990 ـ يىلى 13 ـ ماي، لەنجۇ.

# مېنى تەۋرەتكەن بۆشۈك

كىشىلەر بۆشۈك ھەققىدە چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە. ئۇيغۇر شائىرلىرى ئۇنى ئەسىرلەر بويى «ئانا» دېگەن ئىسمىنىڭ ئىككىنچى مەنىسى سۈپىتىدە ئۇلۇغلاپ كېلىۋاتىدۇ. ھازىرقى زامان كىشىلىرى بۆشۈك ھەققىدە يېڭىچە مۇنازىرىمۇ تېپىۋالدى: «تۇغۇلۇشى بىلەنلا بۆشۈككە چىڭ تېڭىپ، بىر تەۋرەتكىلى تۇرسا، قاتمىغان مېڭە ئىلىشىپ كېتىپ، ئەقلىمىز قىنىدىن چىقىپ، ئۆمۈر بويى ئۆزىمىزنى بىرمۇنچە تېڭىقلار بىلەن چۈشەپ، ئەقلىمىز چوڭقۇرلىماي، قولىمىزنى بەك نېرىغا سوزالماي، پۇتىمىز تۇرۇپ يەرگە دەسسىيەلمەي، ئۆزىمىزنى چۈشكەن پېتى ئۆلۈپ تۈگەيمىز. بالىنى بۆشۈككە بۆلىمەسلىك كېرەك.» كىشىلەر مەيلى قانداق مۇلاھىزە قىلىشمىسۇن، مىڭلىغان، مىليونلىغان ئانىلار بىزنى يەنىلا بۆشۈككە بۆلەپ، پۇتمەس ـ تۈگىمەس ئانىلىق مېھرىنى شۇ بۆشۈك يېنىدا تۇرۇپ بىزگە بېرىپ كەلدى. بۇ ئادەت ئاتا ـ ئانىلارنىڭ روھى ئارقىلىق قېنىمىزغا سىڭىپ كەتكەن بولغاچقا بىزمۇ تاكى بۆشۈككە بۆلىنىپ تەۋرەتمىگۈچە ئارام تاپماي يىغلاپ كەلدۇق. بۆشۈك بىلەن ئېمىزگە شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ مەڭگۈلۈك ھەمراھىمىز، خۇددى پۇت ـ قول، بۇرۇن ـ قۇلاققا يېقىن بىر ئەزايىمىزغا ئايلىنىپ، بىز قەيەردە مەۋجۇت بولساق، ئۇمۇ بىزدىن ئايرىلمىدى. ئاتىدىن بالىغا، بالىدىن نەۋرىگە ئۆتۈۋاتقان قانلىرىمىزدا بۆشۈك بىلەن ئېمىزگىنىڭ گېنلىرى بىللە ئېقىپ

ئۆتنۈەردى. مانا بۇ بىزدە قالغان چوڭقۇر تەسىرات، بۇنى مەڭگۈ ئۇنتالمايمىز. «ۋەتەن مېنىڭ بۆشۈكۈم»، «ئىنقىلابنىڭ بۆشۈكى» دېگەندەك، بىز ئۈچۈن ئەڭ ئەھمىيەتلىك مۇقەددەس ئېتىقاد چۈشەنچىلىرى بۆشۈك ئارقىلىق مەنىسىنى تاپقان بولدى. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۆشۈك مۇندىن كېيىنمۇ يېڭى كۆچكەن قانلىرىمىزنىڭ تۇنجى تۇرالغۇسى بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، مېنى مۇقەددەس جاپالىق ئىشىم بىلەن تونۇشتۇرغان ۋە ئەدەبىي هايات بىلەن كۆز ئاچقۇزغان «قەشقەر ئەدەبىياتى» نى «مېنىڭ بۆشۈكۈم» دەپ ئېيتىشقا ھەقلىقمەن. ئۇ مۇڭلۇق ئەللەي ناخشىسى ئىچىدە بۆشۈك تويۇمنى قىلىپ، جامائەتكە يېڭى بىر بوۋاق ئەدىبنىڭ دۇنياغا كۆز ئاچقانلىقىنى يۈرەكلىك هالدا كۈلۈپ تۇرۇپ جاكارلىغانىدى. بۇ مەنزىرە تۇنجى قېتىم قىلغان ئىبادىتىمدەك مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

كۈلكە جىق بولغىنى بىلەن چىن كۆڭلىدىن كۈلمەك ئىنسان هاياتىدا پەقەت بىرقانچە قېتىم نېسىپ بولىدۇ، هازىر تېخىمۇ شۇنداق. ئاشۇنداق تەسكە چۈشكەن، نۇرغۇن بەدەل تۆلەشكە توغرا كەلگەن بۇ كۈلكە ئۈچۈن ئۇستازىم هاجى ئەھمەت ئاكا ئىككى ھەپتە ئاغزىدا نەم قالمىغۇچە سۆزلەپ، باشقىلارنى بېشىنى سۈس لىڭشىتالىغۇدەك قايىل قىلالىغان. كۆڭلى يۇمشاق، ئازارسىز تۇرسۇن نىياز ئاكا غەزەپتىن تىترەپ، كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتكۈچە ئاچچىقلىنىپ، ھەپتە ئاچچىق يۇتقانىدى. بىر كۈن هاياجانلانسا ھەپتىلىك، بىر كۈن ئاچچىق يۇتسا بىر ئايلىق ئۆمۈر قىسقىرايدۇ، دەيدىغان گەپ بار. بۇ قاراش مۇتلەق توغرا دېيىلمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىلمىي ئاساسى يوق، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ مانا بۇ غەرەزسىز قۇربان

بېرىشلەر چوڭ، پىشقان ئادەملەرنىڭ بىر ھەۋەسكار بالا ئۈچۈن قۇربان بېرىشى ئىدى. ھازىر باشقىلار ئۈچۈن قۇربان بېرىش ئەمەس، بىكاردىن بىرقەدەم خالىس مېڭىشمۇ ئادەملەر ئۈچۈن باش قاتۇرىدىغان مەسىلىگە ئايلىنىپ قالمىدىمۇ؟

— ئوتتۇز يىل قەلەم ئاستىدا مۈكچىيىپ كەتكەن نى ـ نى ئاتاقلىق يازغۇچىلارنىڭ بىرەر پوۋېستىنى باسماي تۇرۇپ، تۇزۇكرەك بىر پارچە ھېكايىسى ئېلان قىلىنمىغان، ئانا سۈتى ئاغزىدىن كەتمىگەن بىر سېرىق تۈك بالىنىڭ پوۋېستىنى ئېلان قىلسا خەق نېمە دەيدۇ؟ بۇ پېشقەدەملەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ھۆرمەتسىزلىك، ژۇرنالنىڭ جەمئىيەتتىكى نوپۇزىغا قىلىنغان ھاقارەت. جامائەت ئالدىدا بۇ قاملاشمىغان ئىش ئۈچۈن چوقۇم بارماق چىشلەپ قالىدىغان ئىش بولىدۇ.

بۇ ئەينى چاغدا ساناقسىز ئاتالغان دۆڭلەر، تۇگمەن ئۆچرىتىگە ئوخشاش خۇراپىي ئادەت ئالدىدا راستتىنلا ئادەمنىڭ پېيىنى سىقىرىتىدىغان پارتلاش خاراكتېرلىك ئىش ئىدى. ئۇلار ئىشەنچ بىلەن بۇ پارتلاش پىلىكىگە ئوت ياقتى:

— بۇ قىمارۋازنىڭ ھوشۇق ئاتقىنىدەك ئىش بولىدىغان بولدى، ئاكا! يادەتتىكام، دەپ بىر ئاتلى، ئۇتساق ئۇتتۇق، ئۇتتۇرۇۋەتسەك، بىزدىن ژۇرنالنى ئۇتتۇۋالار، — دېدى ھاجى ئەھمەت ئاكا كەسكىن ھالدا قولىنى شىلتىپ.

— مېنىڭچە، چوقۇم ئۇتتۇۋالىمىز، لېكىن ئۇتۇش ئۈچۈن ئازراق جۈرئەت قىلساق بولىدۇ، — دېدى تۇرسۇن نىياز ئاكا ئېغىر تىنىپ، تاماكىسىدىن قويۇق ئىس چىقىرىپ يۆتىلىپ.

— كىشىلەر چىدىمىسا مەندە مانا مۇشۇ قۇرۇق ئۇستىخان قالدى. سەن سېمىز بولغاندىكىن تويغۇچە تۇرۇپ بەرمەمسەن،

يەنە ماۋۇ بوتىلاق دىلبەر سىڭلىمىزمۇ بار تېخى. . . — دېدى هاجى ئەھمەت ئاكا.

كۆلكە كۆتۈرۈلدى، ئەمما بۇ كۆلكە ئانچە كۆڭۈللۈك كۆلكە ئەمەس ئىدى. مەن ئازابلاندىم، بۇ خەقنىڭ نەزەرى، پىكىر قىلىش شەكلى، تەپەككۇرى بويىچە بولغاندا، مەنمۇ 30 يىل ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق قەلەم ئاستىدا قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ، ساقىلىم ئاقارغاندا ئاۋۋال ھېكايە، ئاندىن پوۋېست، ئۇنىڭدىن كېيىن رومان يازسام، تەرتىپ بويىچە، ئېلان قىلسام بولامدىغاندۇ؟ مەشھۇر ئەدىبلەر 14 يېشىدا رومان يازغان، دەپ ئۇلارنى سۆزلىشىدۇ. شولۇخوۋ 18 يېشىدا «تىنچ دون» نىڭ بىرىنچى كىتابىنى تاماملىغان، دېيىشىدۇ. بۇنى پەقەت سۆزلەش، باشقىلار ئالدىدا ئۆزى شۇنداق يازغاندەك پەخىرلىنىش ئۈچۈن دەمدىغاندۇ؟ يىراق مەكتەپتىكى تۇنجى ئۇستازىم تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم خەت ئارقىلىق ماڭا ئىلھام - مەدەت بەردى، زوردۇن سابىر ئاكىمۇ ئىرادىلىك، ئۈمىدۋار، غايىلىك بولۇشۇم توغرىسىدا ئاتايىن خەت يازدى. يەنىلا بالىلىق. . . ئۇلار ھەممىسى ھەر تەرەپتە مەن ئۈچۈن غەم يەپ، ئازار يەپ، ئىشىمنى ئوڭغا تارتىۋاتسا، مەن يەنە نېمە دەپ خاپا بولىمەن؟ بالىلىق ھېسسىيات بويىچە، نان يەردىن شۇنداق ئۈنۈپ چىقسا، چاينىماي تويسا؛ يول تۈز، باشقا ئادەم بولمىسا؛ ئۇدۇل باردىغان يەرگە پۇتلاشمىز يەتسە، قانىتى بولسا ئۇچسا. . .

هازىر بۇلارنى ئويلىسام ئۆزۈمگە كۈلگۈم كېلىدۇ. مەن شۇ چاغدا 23 ياشتا ئىدىم. شۇ ۋاقىتچە شىنجاڭ مەتبۇئاتلىرىدا 23 ياشلىق بالىنىڭ پوۋېستىنى ئېلان قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر چوڭ يېڭىلىق ھېسابلىناتتى. ئۇرۇمچى تەرەپتىن خۇشاللىق،

ھەيرانلىقتا يېزىلغان خەتلەر، دۇئايى سالاملا كەلدى. بۇنىڭ ئارىسىدا ئاچچىقلىرىمۇ، تاتلىقلىرىمۇ، كىنايىلىرىمۇ بار ئىدى، ئەلۋەتتە. «بۇ — بىر دادىل قەدەم!» بۇ سۆز ئاپتور ئۈچۈنمۇ، ژۇرنال ئۈچۈنمۇ ئورتاق باھا ئىدى. بەزىلەر:

— ئۇ بالىدىن پارا ئالدى، بولمىسا ئۇلار بۇنداق كۆلكىلىك ئىشقا قاراپ تۇرۇپ تەۋەككۈل قىلامدۇ؟... ئۇ ياكى «قەشقەر ئەدەبىياتى» دىكى بىرىنىڭ تۇغقىنى، يا بولمىسا، بىرەر يۇزى يوغاننىڭ پۇشتى...

— چوقۇم بىر گەپ بار، پوۋېستنى ئىككى ساندا بېرىڭ، تېخى ئالاھىدە تونۇشتۇرۇڭ... تويىنى قىلىپ بېرىپتىغۇ، بۇ كەم كۆرۈلىدىغان ئالجىش!...

— ساقىلى ئاقارغانلارنىمۇ بۇنداق تونۇشتۇرمىغان!...

بۇ بىزنىڭ كۆڭلىمىز خۇش بولىدىغان، ئەڭ تاتلىق غەيۋەتلىرىمىزنىڭ بىرى ئىدى.

— ھەي، ئەختەم دېگەن سەنمۇ، «قەشقەر ئەدەبىياتى» دىكىلەرگە نېمە بەردىڭ؟...

بۇ نومۇسسىز، ھاقارەتلىك گەپلەر مەڭگۈ ئۇنتۇلماستۇر. مەن ئۇلارغا پەقەت ئۆز قول يازمامدا 170 بەتلىك بىر پوۋېست بەرگەنىدىم. مەن ئاستا - ئاستا بىلىپ يەتتىم، بۇ پاراڭلار قۇرۇق گەپتىن باشقا، ھېچ بىر ئىجادىيەت قىلمايدىغانلارنىڭ تەپەككۇر ئەنئەنىسى ئىكەن.

بىر كۈنى ھاجى ئەھمەت ئاكىنىڭ ئۇزۇن يىللىق بىر ئاغرىنىسى تاتارغان ھەم قارىدىغان ھالدا تەھرىر بۆلۈمىگە كىرىپ كەلدى.

— ھە ئاداش، نېمە بولدۇڭ؟ چىرايىڭدىن بوران ئۇچۇپ

تۇرىدىغۇ؟ — دەپ چاقچاق قىلدى ھاجى ئەھمەت ئاكا كۈلۈپ تۇرۇپ.

— قويە، ئاداش، سىنى! . . . «قەشقەر ئەدەبىياتى» باللار يەسلىسىگە ئايلىنىپ قالدىمۇ، نىمە؟

شۇئان ھاجى ئەھمەت ئاكىنىڭ قاپىقى تۇرۇلدى. ئۇنىڭ كۆڭلى بىر نەرسىنى سەزدى:

— ھە، قانداق دەيسەن؟

— بىر سىرىق تۈكنىڭ بىر نىمىسىنى «پوۋىست» دەپ . . .

— ئادىشىم، مۇشۇنداق گەپلەرنى ماڭا ئىككىنچى دەپ كەلمىگىنىڭ ياخشى، ماقۇلمۇ؟

— بۇ مىنىڭ گىپىم ئەمەس، جامائەتنىڭ پىكرىنى ساڭا ئېيتىپ بىرىۋاتىمەن.

— مەن ساڭا دەپ قوياي، بۇ بىر ئادەمنىڭ ئۈستىدىن مىڭ ئادەم ئەرز - شىكايەت قىلىدىغان مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئەمەس، سەن بىرىپ يەتكۈزۈپ قويغىن. سەن دىگەن جامائەت مىڭ ئادەم بولساڭلار مىڭ پارچە پوۋىست يىزىپ كىلىڭلار، ھەتتا رومان بولسىمۇ بولىۋىرىدۇ. بوۋاي - مومايلار يازامدۇ، ئىشتىنىنىڭ ئېغى يوق بالا يازامدۇ، يازغىنى بىر نىمىگە ئوخشىسىلا بېسىۋىرىمىز، بىز خىزمەت قىلىمىزمۇ يا ئەرز - داد ئېيتىپ كەلگۈچىلەرنى كۈتىمىزمۇ؟ ئىككى ئايدىن بىرى ئەسەرنى كۆرۈپ باقمايلا چۆچۈپ كىتىپ ئەرز - داد ئېيتقانلارنىڭ دادىنى ئاڭلاپ كىلىۋاتىمىز. بىزنىڭ بۇ يەر ئەرزخانا ئەمەس، تەھرىر بۆلۈم! . . .

— مىنىڭ دىمەكچى بولغىنىم . . .

— ياق، بولدى ئەمدى، سەن بىلەن دىيىشىدىغان گىپىم تۈگىدى. ئەسەرنى ياخشىراق ئوقۇپ بىقىپ، پىكرىڭ بولسا

كېيىنچە يەنە كېلەرسەن.

ئۇ كەتتى، ئەمما ئىككىنچىلەپ كەلمىدى. مانا بۇ ئوتتۇز يىللىق دوستلۇقنىڭ بىر سېرىق تۈك ھەۋەسكارنىڭ يازمىسى ئۈچۈن قۇربان قىلىنىشى ئىدى.

مەن خۇشال بولۇپ تۇنجى يىرىك ئەسىرىمنى ئېلان قىلىشنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ يۈردۈم، ئەمما ئۇلار — «قەشقەر ئەدەبىياتى» دىكىلەر راستتىنلا بىر پەسىل مۇشۇ سەۋەبتىن ئۆزىگە كۆڭۈلسىزلىك تېپىۋالدى.

بۇ ئەسەر، يەنى ئاشۇ غوۋغا سەۋەب بولغان ئەسىرىم — «ئاھ، رەھىمسىز دەريا» ناملىق پوۋېستىم ئىدى. بۇ مېنىڭ تۇنجى ئېلان قىلغان ئەسىرىم ئەمەس، تۇنجى قېتىم 1983 ـ يىلى «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتى بىر ھېكايەمنى ئېلان قىلغان، 1982 ـ يىلى بولسا كېرەك، مەكىت ناھىيىسى ئەدەبىي ئىجادىيەت يىغىنى ئېچىپ، مۇتەللىپ سىيىت ئاكا مېنى ئەدەبىيات ھەۋەسكارى سۈپىتىدە بۇ يىغىنغا قاتناشتۇرغان. بۇ يىغىنغا «قەشقەر ئەدەبىياتى» دىن پېشقەدەم شائىر قۇربان ئىمىن بىلەن ئۈچقۇنجان ئۈمەر بارغان. يىغىندا مەن ئوتتۇرىغا قويغان ھېكايىنى ئاڭلاپ، ئۇلار مەن بىلەن ئالاھىدە قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ماڭا ئىلھام ۋە مەدەت بەرگەن ۋە بىر ھېكايەمنى ئېلىپ كېتىشكەنىدى. «تۇمار» ناملىق بۇ ھېكايەم 1984 ـ يىلى ئېلان قىلىندى. پوۋېستىمنىڭ «قەشقەر ئەدەبىياتى» غا سۇنۇلۇشىمۇ بىر ئۇنتۇلماس كۆرۈنۈش ئىدى.

بىر كۈنى چۈشتە ياتىقىمدا مۈكچىيىپ، كېچىچە يېزىپ تۈگەتكەن پوۋېستىمنىڭ ئاخىرقى قۇرىغا چېكىت ئۇرۇپ ئولتۇرسام بىر شەپە بولغاندەك قىلدى، ئارقامغا بۇرۇلسام ھاجى ئەھمەت ئاكا كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇرۇپتۇ.

— ۋۇي سەزمەپتىمەن، سەت بوپتۇ، — دەپ ئورنۇمدىن

تۇردۇم.

— ھېچقىسى يوق ئىنىم، سىلىنى سىغىنىپ قىلىپ كىردىم، نېمە يازدىلا ؟ — دەپ سورىدى. مەن خىجىل بولۇپ، گەدىنىمنى تاتىلاپ كۈلدۈم.

— ھەي، ئوغۇل بالىمۇ شۇنداق بولامدۇ؟ تارتىنىماي دەۋەرمەملا، بۇنداق قىلىق يىگىتكە ياراشمايدۇ.

— بىر پوۋېست يېزىپ باقاي، دەپ ئۇرۇنغانىدىم، قاملاشتىمۇ ـ قاملاشمىدىمۇ، بۇنى ھېچكىمگە دېمەي دەپتىم.

— ئوغرى قىلغان ئىشنى سىر تۇتىدۇ، ئوغرىلىق قىلمىغاندىكىن، يىگىت دېگەن قىلغان ئىشىنى قورقماي خەلقئالەمگە كۆرسىتىشى كېرەك. خەق يازغىنىنى بىلدۈرەلمەي ئاۋارە، سىلە تەتۈركەنلا، بولدى يوشۇرغانلىرى ئۈچۈن بۇ پوۋېستىنىڭ تۇنجى ئوقۇغۇچىسى مەن بولاي، كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ئولتۇرۇپ پىكىرلىشىمىز، راستىنلا پوۋېست يازدىلىمۇ تېخى.

— ياق، ھاجىكا، بۇنداق قىلمايلى. مەن يېزىپ تېخى يەنە بىر كۆرۈپ تۈزەتمىدىم. . .

— مەن كۆرۈپ بولاي، تۈزەيدىغان يېرىنى شۇ چاغدا بىراقلا تۈزىمەملا. ئەكەلسىلە، باشقا ئويۇم يوق، سىلىنىڭ جۈرئەت قىلغانلىرىغا قايىل بولدۇم. ئوغۇل بالىدا بىر ئىشقا جۈرئەت بولمىسا، ئۇنى قانداق ئوغۇل بالا دېگىلى بولىدۇ؟

شۇنداق قىلىپ، ھاجى ئەھمەت ئاكا قوليازمىنى ئېلىپ كەتتى. ئەتىسى دەل شۇ مەزگىلدە ھاجى ئەھمەت ئاكا ھاياجاندىن كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ مېنى قۇچاقلىدى.

— مۇبارەك بولسۇن ئىنىم، يارايلا. سىلە راستىنلا پوۋېست يېزىپلا، يازغاندىمۇ ئۇيغۇر خەلقى ئۇنتۇپ قالمىغۇدەك يېزىپلا. .

西北民族大学图书馆
00997130



خۇشاللىقتىن كۆزۈمگە ياش كەلدى. چۈنكى، باشقىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن بۈنچىلىك خۇشال بولىدىغان ئادەمنى ئاتا ـ ئانامدىن باشقا غەرب كىنولىرىدىلا كۆرگەنىدىم.

شۇنداق قىلىپ، بۇ ئەسىرىم «قەشقەر ئەدەبىياتى» دا ئېلان قىلىنىپ، ئۇزۇنغا قالماي «چولپان» مەجمۇئەسىدە قايتا ئېلان قىلىندى. شۇ ئەسەردىن كېيىنلا غۇلجىدا چاقىرىلغان ئىجادىيەت يىغىنىغا رەسمىي «يازغۇچى» قاتارىدا چاقىرىلدىم. «قەشقەر ئەدەبىياتى» بۇ ئەسەرنى بىر دادىللىق بىلەن ئېلان قىلمىغان بولسا، «تارىم» دا ئەسەر ئېلان قىلىش، تونۇلۇش قاتارلىقلار بولغان بولسىمۇ، تولىمۇ كېچىكىپ بولغان، بەلكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ بىر ياش ھەۋەسكار سۈپىتىدە تۇرۇپ، بۈگۈنكى شان ـ شەرەپ تېخى ماڭا نېسىپ بولمىغان بولاتتى. يەنە ئويلايمەن، قەشقەر خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ باشلىقى مۇھەممەت ساۋۇت ئاكا مەكىت بىلەن ئىككى يىل دەۋالىشىپ، تۆت قېتىم بېرىپ، نۇرغۇن جاپالار بىلەن مېنى يانتاق خاناماز قوموشلۇقىدىن يۆلۈپ ئەكېلىپ، ئىجادىيەت مۇھىتىغا ئىگە قىلمىغان بولسا، مەن ئادەتتىكى بىر يېزا كادىرى بولۇپ قېلىۋەرگەن، ھېلىقى خاسىيەتلىك كۈندە ھاجى ئەھمەت ئاكا تاسادىپىي پوۋېستىمنى كۆرمەن، دەپ تۇرۇۋالمىغان بولسا، بۈگۈنكى كۈنۈم بولمىغان بولاتتى. مېنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىمدە قىممەتلىك ئەجىر سىڭدۈرگەن، ئىسمى تىلغا ئېلىنغان ۋە ئېلىنمىغان بارلىق ئۇستازلارغا چىن دىلىمدىن ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرۈشىمگە جامائەتنىڭ سەمىمىي ھېسسىياتتا بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن. يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى بىر سەمىمىي قەلبىنىڭ ئىزھارى، خالاس.

1991 ـ يىلى 25 ـ يانۋار، قەشقەر.

# يازغۇچى بولمىسا بولمايدۇ

بۇندىن بىرقانچە يىل ئىلگىرى ئۆزۈمگە ئىشەنگەنىدىم، چۈنكى يازغانلىرىمنىڭ ئىچىدە ئۆزۈمگە يارايدىغانلىرى خېلى كۆپ ئىدى، لېكىن بۇلارنىڭ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنىدىغان ـ قىلىنمايدىغانلىقىغا كۆڭۈل توختىتىپ بىر نەرسە دېيەلمەي يۈردۈم. چۈنكى، مىڭلىغان ئەسەر يازغۇچى ۋە ئالىملار بۇ يولدا قويۇق تۇمان ھاسىل قىلىپ، كىشىنەپ زورۇقۇپ كېتىۋاتقان يىلقا توپىغا ئوخشايتتى. ئاشۇلارنىڭ چاڭ ـ توزانلىرىغا ئارقىسىدىن ئەگىشىۋالغان تايچاقنىڭ بۇ توپقا قوشۇلۇۋېلىشى بۇياقتا تۇرسۇن، يېتىشىپ مېڭىشىمۇ بەسى مۇشكۇل بىر ئىش ئىدى. يازىمەن، تۈزەيمەن، ئوقۇيمەن، يەنە يازىمەن، ئەۋەتىمەن، سادا يوق. «‹ ئورۇق ئاتقا ئېگىز ئوقۇر › دېگەندەك، تۈزۈك خەت يېزىشنى، ئاندىن خەۋەر يېزىشنى ئۆگەن» دېدى دادام بىر كۈنى تاڭغا يېقىن شام يورۇقىدا تۈگۈلۈپ ئولتۇرغىنىمنى كۆرۈپ ئىچى پۇشقان ھالدا. غەزەپتىن بوغۇلۇپ تىنالماي قالدىم، گەپ قىلاي دېسەممۇ زۇۋانىم تۇتۇلۇپ قالدى. دادامنى قايىل قىلىدىغان گەپلىرىم ئىچىمگە پاتماي قالدى، ئەمما بىرنىمۇ چىقىرالمىدىم، تىنالمىدىم. ياتساممۇ، ماڭسامۇ، ئولتۇرسامۇ، قوپسامۇ ئارام بەرمەي ئىچىمنى تاتىلايدىغان سەۋدادىن بىر يوللا ئازاد بولارمەن، دەپ مەجبۇرىي تىنماي تۇرۇۋالدىم، نەپسىم بارغانچە سىقىلىپ، كاللام

چىڭقىلىپ، يۈزلىرىم قىزىرىپ كەتتى. كۆزۈمدىن مۇزدەك ياش چىقىپ، بۇرنۇمدىن قان كېتىش بىلەن ئىرادەمگە خىلاپ تىنىپ سالدىم، شۇ ئان كۆڭلى ـ كۆكسۈم يېنىپ، يەڭگىللەپ قالدىم. ئالدىمدا دۈۋىلىشىپ تۇرغان قەغەز بىلەن دوكلىكىم قان بولۇپ كەتتى. پۈتۈن ئەزايىمغا بىر راھەتلىك سېزىم تارىلىپ، بۇرنۇمدىن چىققان قانىنىڭ ئاستىلاپ تامچىشىغا قاراپ بىر ھازا ئولتۇرۇپ قالدىم. ئەترەت باشلىقىنىڭ قوشنىمىزنى ھاشارغا چاقىرغان ئاۋازى مەستخۇشلۇقۇمنى بۇزدى. تۇمشۇقۇمدىكى قانىمۇ يۇماي، قان بۇلغىۋەتكەن قەغەزلىرىمگە قاراپ، باشقىدىن يېزىپ چىقمىغۇچە قويمايمەن، دەپ ئولتۇرۇۋالدىم. «قان يالىغان كۇچۇكتەك سەت ئولتۇرىۋەرمەي، يۈز ـ كۆزۈڭنى يۇيۇپ، تامىقىڭنى يېگىن. كېيىملىرىڭنىڭ سەت بولۇپ كەتكىنىنى قارا. جاھىللىقىڭدىن كېيىمىڭنىڭ كىرىنى چىقىرىپ بولغۇچە، قولۇمنىڭ بېغىشى تېلىپ مادارى كېتىدۇ» دېدى ئانام ۋايساپ. شۇ كۈنى چۈش بىلەن ئورنۇمدىن تۇردۇم. ھازىر شۇ ئىشلىرىمنى ئويلىسام ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ.

راست، شۇ چاغدا بۇگۈنگە ئىشەنمىگەنىدىم. تۇنجى قېتىم «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىگە ھېكايەم بېسىلغان چاغدىكى ھاياجان ھازىرغىچە ئېسىمدىن چىقمايدۇ، ئۆز ئىسمىمنى كۆرۈپ، پەقەتلا ئىشەنگۈم كەلمىدى. مەن يازغان ماۋزۇ، مەن يازغان قۇرمۇقۇر گەپلەر، گېزىتنى يەنە ياپىمەن، يەنە ئاچىمەن، مۇشۇ قۇرلارنى مانا مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ، بۇ قولۇم بىلەن يازغان. قەلەمگە، قولۇمغا ۋە گېزىتكە سىنچىلاپ قارىدىم. ئىسمىم گېزىتكە مەن يازغاندىن چىرايلىق چىقىدىكەن، دەپ كۇلۇۋەتتىم. كېچىچە ئۇيقۇم كەلمىدى. ئەتىسى ئەتىگەندە

مەھەللىنى ئايلاندىم. ئۆزۈم ناھايىتى يوغىناپ كەتكەندەك، باشقا ئادەملەرنىڭ ھەممىسى مەندىن پاكارلاپ قالغاندەك تۇيۇلدى. ھەر كۈنى ئەيمىنىپ، يىراقتىن ئەگىپ كېتىدىغان يېزا شۇجىسىنى كۆرۈپمۇ قورقۇپ ئەيمىنىپ قالمىدىم. ئۇدۇل مېڭىپ ئۆزۈمنى ئۇنىڭدىنمۇ چوڭراق تۇتۇپ، دەل شۇنىڭغا ئوخشاش گىدىيىپ سالام بېرىپ ئۆتۈپ كەتتىم. بۇ ئىشىمدىن ئۆزۈمچە تاغدەك لەززەت ھېس قىلدىم. ئىچىمدە «بىر چارەك قوناققا ھۆججەت يازالمايسەن، ئىسمىڭ گېزىت تۇگۇل ناھىيىنىڭ كانىيىدا ئېلان قىلىنىمىدى» دېدىم. خىيالىمدىن كۈلگۈم كېلىپ ئارقامغا قارىسام، ئۇمۇ ھەيران بولۇپ ماڭا قاراپ، يېنىدىكى ئادەمگە مېنى كۆرسىتىپ بىر نەرسىلەرنى دەۋاتقانىكەن. «تايىنلىق ئالدىمدىن توغرا ئۆتتى، ھاكاۋۇر ئىكەن دەۋاتقانىكەن. قانداق بولىدىكىن، دەپ سىنى پەقەت بىر قېتىملا دوراپ قويدۇم» دېدىم ئىچىمدە. ھازىر ئاشۇلارنى ئويلىسام، خىجىللىقتىن كۈلگۈم كېلىدۇ.

بۇ لەززىتىم ئۈچ كۈندىن كېيىن بېشىمغا بالا كەلتۈردى. يېزا باشلىقى مېنى ئىشخانىسىغا سولىۋېلىپ، بۇرنۇمغا نوقۇدى ۋە كۆزۈمگە قولىنى تىقىپ تۇرۇپ: «سەن سىرىق تۇك ماڭقا ھېكايە يازىمەن دېگۇچە، چۆچەكنى قىرىپ ئىچسەڭچۇ. ھېكايە ـ چۆچەك دېگەن نەۋائىي، جەمشىدنىڭ زامانىدا يېزىلىپ تۈگىگەن، ھازىر نەدە ھېكايە بار ئىكەن؟! سەن شۇجىنى، ھاكىمنى كىنوغا بېلەت ئالماي كىرىدۇ، دەپ يېزىپسەن. شۇمۇ ھېكايە بولامدا؟! بەش پۇڭلۇق بېلەتنى ئالماي كىرسە نېمە بوپتۇ؟! شۇنچىلىك ئىشقا ئەسقاتمىغان ھاكىملىق، شۇجىلىقنىڭ نېمە كېرىكى؟! گېزىت چىقارغان نېمىلەرمۇ

مەيدىسى قىچىشسا دۇمبىسىنى قاشلايدىغان بىر نېمىلەر ئوخشايدۇ. نەدىن چىقىرىدۇ بۇ بىر نېمىنى؟» دېدى. «ئۇرۇمچىدىن» دەپ جاۋاب بەردى ئۇنىڭ ياندا قچىلىرى. يېزا باشلىقى تەھرىرلەر بىلەن مېنى بىر مۇنچە سەتلەپ، مېنى ئىشخانىدىن چىقىرىۋەتتى. مەن لىۋىمنى چىشلەپ، شۇ كۈنى كېچىچە ئۇخلىماي يەنە يازدىم. ئۈچ كۈندىن كېيىن «قەشقەر ئەدەبىياتى» غا يەنە بىر ھېكايەم بېسىلدى، خۇشاللىقىمدا ژۇرنالنى يېنىشلاپ سۆيۈپ كەتتىم. بىر ھەپتىدىن كېيىن بىر موللام بىر توپ ياش بىلەن كېلىپ ياقامدىن ئېلىپ، يۈزلىرى ئېسىلغان ھالدا تىللاپ قارغاپ كەتتى، ئەتراپىدىكى جامائەتمۇ مېنى قارغىدى.

ھېكايەمدىكى بىر پېرسوناژنىڭ ئىسمى بۇ كىشىنىڭ ئىسمى بىلەن تاسادىپىي ئوخشاش چىقىپ قاپتۇ. مەن يالۋۇرۇپ جىق چۈشەندۈردۈم. يۇرتىمىزدا بۇنداق ئىسمى بار ئاخۇنۇمنى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن. ئەتىسى ئەتىگەندە بىر دوستۇم ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ كىرىپ: «بىر مەزگىل تالاغا چىقماڭ، مەھەللىنىڭ ياشلىرى سىزنى ئۇرۇپ، پۇت ـ قولىنى چېقىۋېتىمىز، دەيدۇ» دېدى. قورقۇپ كەتتىم. ئانام يىغلاپ: «كېچىسى ئۇخلىماي تاڭ ئاتقۇزۇپ يازغىنىڭ ساپ خەقنىڭ چىشىغا تېگىدىغان گەپكەن، سىڭگەن ناننى يەپ، ئۆيۈڭنى ئۇخلىساڭ، مېنى ئارامىمدا قويساڭ بولمامدۇ؟! خەقنىڭ سەندەك باللىرى ئويناپ يۈرۈيدۇ. بۇ نەدىن چاپلاشقان جىن ساڭا؟» دەپ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. ئانامغا چىدىمايمەن. بىچارە ئانامنىڭ مىسكىن چىرايىغا قاراپ، مەنمۇ كۆزۈمگە ياش ئالدىم. «بۇنىڭدىن كېيىن بىر نېمە يازغىنىڭنى كۆرۈپ قالسام، قولۇڭنى كېسىۋېتىمەن» دېدى

ئاكام دەرۋازىدىن تۆمۈردەك كۆكەرگەن ھالدا كىرىپ. ئۇمۇ يىغلىۋەتتى. چۈنكى، مەسچىتتە بىر توپ جامائەت ئىمام، ئاخۇنۇم باشچىلىقىدا مېنى قارغىغانىكەن. ئاكام جامائەت ئارىسىدا چىداپ تۇرالماي، يىغلىغانچە مەسچىتتىن قايتىپ چىقىپتۇ. مېنى دادام، ئانام، ھەممىسى ئەيىبلىدى، مەھەللىدىمۇ چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى كەمسىتىدىغان نەپرەتلىك بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىم. يولدا كېتىۋاتسام، تونۇغانلار، تونۇمىغانلارغىچە ئالدىمدىن ئۆتمەستە تۇرۇپ: «گېزىتكە شۇجى، ھاكىم، ئىماملارنى يازغان سېرىق تۇك شۇمتەك ئاشۇ» دەيتتى. بەزىلەرنىڭ «مۇشتەك تۇرىدىغۇ بۇ شۇم، يۈرىكى ئەجەب ئاتنىڭ كاللىسىدەك ئىكەن. يوقىلاڭ ئىشلارغا خەقنى قاماقىقا ئالىدۇ. بۇ شۇمنى ئالماپتا» دەۋاتقانلىقىمۇ قۇلىقىمغا كىرىدۇ. پۈتۈن دۇنيا ماڭا نەپرەت بىلەن قاراۋاتقاندەك، ئۆزۈمنى يېتىم، يالغۇز، مۇساپىر ھېس قىلدىم.

مۇشۇنداق ئازابلىق كۈنلەرنىڭ ھەممىسىدە قەلەم بىلەن قەغەز، دەسلەپكى ئۇستازىم تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم ھەم قەيسەر دوستۇم ئىمىنجان ماڭا تەسەللى، مەدەت بەردى. بۇ كۈنلەردە مەن سېرۋانتېس، مەشرەپ، نەۋائىي ۋە باشقا بۈيۈك ئەربابلارنىڭ ھاياتى ھەققىدە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئاڭلاپ، ئۆزۈمگە تەسەللى بەرگەنىدىم . . .

بېيجىڭدىكى «خەلق سارىيى» نىڭ سەھنىسىدە مۇكاپات ئېلىۋاتقىنىمدا، قەلەم تۇتقان دەسلەپكى كۈنلىرىم ئېسىمگە كېلىۋالدى. يازمىلىرىم ئېلان قىلىنىشقا باشلىغاندا، ئىشىنىپ ـ ئىشەنمەي ھەيران قالغىنىمدەك ھازىرمۇ نېمە ئۈچۈن، قانداق قىلىپ بۇ مۇكاپاتنىڭ ماڭا كېلىپ قالغىنىغا ھەيران بولىمەن. سەھنىدە

قورۇنۇپ تۇرالماي، پەسكە سۇنئىي كەيپىيات بىلەن چۈشۈپ ئاران ئولتۇرۇۋالدىم. كۆز ئالدىمغا ئاشۇ يىراقلاردا چېكىسىدىن تەر قۇيۇلۇپ، مۈكچىيىپ ئىشلەۋاتقان جاپاكەش دېھقانلار كېلىپ، يىرىم چارەك كەتمەننى ئۇپراتقان قاداقتىن پۈتكەن قوللار ئارىسىدا ئۆزۈمنى گويا لەيلەپ يۈرگەن سايىدەكلا ھېس قىلىپ، خىجىل بولدۇم. سەت، خاتا خەتلىرىمنى مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ ئوڭشاۋاتقان، مەن ئۈچۈن يەلكىلىرىنى شوتا قىلغان ئۇستازلار، ئاق كۆڭۈل مۇھەررىرلەرنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن سەممىي كۆزلىرى ماڭا تىكىلىپ قاراۋاتقاندەك تۇيۇلدى. يەنە خەلق قەلبىگە چوڭقۇر ھۆرمەت تامغىسى باسالىغان نۇرغۇن ئەدىبلەر، ئاكىلار، ئاچا، ئىنىلار ئالدىدىمۇ روھىم قورۇنۇۋاتقانلىقى ئۆزۈمگە ئايان. يىغىن[1] جەريانىدا مۇھەممەت شاۋۇدۇن ئاكا ماڭا ئۆسۈپ يېتىلىشىم توغرۇلۇق بىرنەرسە يېزىش ھەققىدە سەممىي تەكلىپ بەردى. نەدىن باشلاپ، نېمە يازىدىغانلىقىم ھەققىدە كۆپ باش قاتۇردۇم. دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى بىلەن جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن سۆھبەت يىغىنىدا دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمايىل ئەھمەد ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى قىزغىن ئەكس ئەتتۈرۈش، تالانت ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش، ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى قوشۇنىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىش مەركەز قىلىنغان بىرقانچە مەسىلە ھەققىدە سۆز قىلىپ، ياخشى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇۋىدى، پۈتۈن يىغىن ئەھلىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى، شۇ چاغدا

---

① بۇيەردە مەملىكەتلىك 3 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىنى باھالاپ مۇكاپاتلاش يىغىنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

شىنجاڭلىق يازغۇچى يەشى دەنزىڭ سۆز قىلىپ «ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ پىكرى يۇرەكتىكى گەپ بولدى. بىز ھەممىمىز ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ راۋاجلىنىشىنى، دۇنياغا يۈزلىنىشىنى كۈچلۈك ئارزۇ قىلىمىز. بىز ئاۋۋال ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز يۇرەكلىك تۇردە راۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك. بىز زاڭزۇلاردا ‹بىر مىللەتنىڭ ئىككى نەرسىسى بولمىسا بولمايدۇ. بىرى، پادىشاھى، يەنە بىرى، يازغۇچىسى بولمىسا بولمايدۇ› دەيدىغان گەپ بار. يازغۇچى شۇ مىللەت مەدەنىيىتىنى تازىلىغۇچى، ئاقارتقۇچى سوپۇن» دېدى. بۇ سۆز شۇندىن بېرى كۆڭلۈمدە توختىماي تەكرارلىنىدىغان بولۇپ قالدى. راست، بىر مىللەتنىڭ يازغۇچىسى بولمىسا، ئۇ چوقۇم يا ئەما ئادەمگە، يا گاس ئادەمگە، ئىشقىلىپ بىرەر يېرى كەمتۈك بىچارە ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ. مېنى يېزىقچىلىق يولىغا سالغان خەلقىمگە، بولۇپمۇ ئۇستازلىرىمغا رەھمەت!

1991 ـ يىلى مارت.

# ئارىمىزدا مويسىپىتلەر ئاز ئىدى. . .

— مەرھۇم ئۇستاز يازغۇچى تۇردى سامساق ئاكىغا قايغۇرىمەن

ئەزىم دەريالار كالىنىڭ كۆزىدەك كىچىككىنە بۇلاقلاردىن باشلىنىدۇ، ئاققانچە زورىيىپ ھەيۋەتلىك ئېقىنغا ئايلىنىدۇ. قەلەمكەشلەر قوشۇنى دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە. بۇ ئېقىنىنىڭ بېشى چۇمۇلىنىڭ ئۇۋۇسىدەك قىستاڭچىلىق، دېھقان بازىرىدەك قايناق، ئاخىرى قانداقتۇ، دەپ نەزەر سېلىپ ئوتتۇرا ئېقىنغا قارىساق ئارىسالدىچىلىق، ئاخىرىغا قارىغۇدەك بولساق، تىلغا ئالغۇدەك، ئەستە قالغۇدەك، بارماق بىلەن سانىغۇدەك چوڭ ئىش يوق. ئەتىيازدا ئېتىزغا مايسا يۇڭدەك ئۈنۈپ، ھوسۇل يىغىدىغاندا خاماندا داننىڭ تايىنى بولمىغاندەك ئىش.

مەرھۇم ئاكىمىز بالىلىق چاغلىرىدا بەشكېرەم باغلىرىغا سىغماي، تونۇردەك قىزىغان شېغىللىق سايلارنى يالاڭ ئاياغ كېزىپ، ھەق ـ ئادالەت ئىزدەپ، جەنۇبنىڭ تاقىر تاغلىرىدىن ئېشىپ، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى گۈزەل يايلاق، قارىغايلىق، قار ـ مۇزلۇق چوققىلاردا قاڭقىپ، ئاخىر ھەق ـ ئادالەتنىڭ مەيلى قەيەردە بولمىسۇن، كۈرەش، جان تىكىپ ئېلىشىش ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدىغان مۇقەددەس نەرسە ئىكەنلىكىنى تونۇپ، شىمالىي تەڭرىتاغ ئېتىكىدە يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقلار ئارىسىدا «ھۇررا» توۋلاپ، قان كېچىپ،

سەپ يېرىپ، ئات ئوينىتىپ، غازى بولۇپ، بۆگۈنكى كۈنگە ناھايىتى تەستە ئېرىشكەنىدى، بىزدە ئەلەمدىمۇ، قەلەمدىمۇ غازى بولغان بىر ئادەم ئىدى. پىلىموت، تانكا، ئايروپىلان، زەمبىرەك ئوقلىرى ئارىسىدىن ساق چىقىپ، بىر قارا نىيەت، نازۇك بارماقنىڭ تىغىدا جان بېرىش — تەگرى بىزگە ئورۇنلاشتۇرغان ھەيرانلىق. مەيلى قانداقلا گەپلەرنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر رېئالىستىك پىروزىسىغا تۈۋرۈك بولغان يازغۇچى دېيىشتىن ئايانمايمەن. ئۇ بالىلىق دەۋرىدىمۇ دۇنيانىڭ قاتتىقچىلىقى، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ تۆۋەن، بىچارە، نامراتلىق كۈنلىرىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزدى، ئالتۇندەك ياشلىقىنى شۇ خورلۇق ئۈچۈن جەڭلەردە قۇربان قىلدى، قىران چاغلىرىنى تۈرمىلەردە، سۈرگۈنلۈكتە، مەدىكارلار كوچىسىدا، قوم ـ شېغىل ئازگاللىرىدا ئاچلىق، سوغۇق، ئېغىر ئەمگەكتە ئۆتكۈزسە، كېچىلىرى ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سىياھ قىلىپ، ئەل ـ ۋەتەن غېمىدە قەلەم تەۋرەتكەنىدى.

ھازىر ئۇيغۇر ئەدەبىيات قوشۇنىدا تۆھپىكار مويسىپىتلەر، ساھىبقەلەم ئۇستاز مۇئەللىپلەر بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا ئاز قالدى، بەكلا ئاز قالدى. ئۇلار ئەدەبىياتىمىزنىڭ پېشۋالىرى، مۆھتەرەم ئاتىلىرى، تەۋەررۈك كىشىلىرى — بېشىمىزغا ئېلىپ كۆتۈرىدىغان ئەزىز مېھمانلىرىمىز. ئۇلار ئۆز ئۆمرىنىڭ تەگدىن تولىسىنى تولىمۇ ئېغىرچىلىق، رەنجى ـ مۇشەققەت ئىچىدە ئۆتكۈزدى. جىسمانىي، روھىي جەھەتتىن كۆپ خورلۇق، ئېزىلىشكە ئۇچراپ، بىرقەدەر ئىنسانىي كۈنگە ئېرىشكىلى ئۇزاق بولمىدى. «تەگرىتاغ باغرىدا»، «بەش تال

ئوق» ، «قەشقەر گۈزىلى» . . . مەن قايتىـــــلاپ ئۆگەنگەن سەرخىل ئۇيغۇر يازغۇچىلار يازمىلىرى ئىچىدە يۇرەكتىن ئورۇن ئالغان ئەسەرلەرنىڭ ئالدىنقى قاتارى ئىدى. مەن دېمىسەممۇ، كىتاب ئوقۇيدىغان ئۇيغۇر جامائەتلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئۇ مۆھتەرەم زاتنىڭ قانچىلىغان نادىر ئەسەرلەر، توم ـ توم كىتابلارنى يېزىپ تەقدىم قىلغانلىقىنى بىلىـــدۇ. ئۇ، ھەق ئۈچۈن سەمىمىيلىك بىلەن سۆزلىدى. ئۇ ھەق ئۈچۈن قان كېچىپ جەڭلەر قىلدى. ئۇ ھەق ئۈچۈن 50 يىل يازدى.

بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن قېنى قىزىق بىر ياش ھەۋەسكار بىلەن تىركىشىپ قالغىنىم ئېسىمدە.

— تۇردى ئاكام قېرىغاندا سۇپىتىنى ساقلاپ ئولتۇرماي ئىناۋىتىنى چۇشۇرۇۋالدى.

— نېمە بولدى؟

— سېتىقچى بولۇۋالدى.

— نېمە ساتىدىكەن؟ — چۆچۈپ كەتكەنىدىم.

— تىجارەتچىلەردىن رەخت ئېلىپ ساتىدىكەن.

— شۇنىڭ بىلەن ئىناۋىتى چۈشۈپ كەتتىمۇ؟

— چۈشمەي ئەمىسە.

— سىزچە نېمە ئىش قىلسا بولاتتى؟

— ھۆرمەتلىك يازغۇچى بولغاندىكىن، يەنە ئەسەر يېزىشى كېرەك ـ تە.

— ئۇيغۇرلار ئۈچۈن 50 يىل قەلەم تەۋرەتتى، نۇرغۇن كىتاب يازدى. قۇرۇمايدىغان بۇلاق يوق، دۇنيامۇ ئاخىـــر تۈگەيدۇ. ئۇ ئادەم 60 تىن ئاشتى. يازىدىغان ئىشمۇ كۈچ ـ مادارغا باقىدۇ. ھاردى، چارچىدى. قېرىغان ئادەمدىن نېمە

قىلغۇچە، سىلى ـ بىزدەك ياشلار يازغىنىمىز ياخشى. مېنىڭچە ئۇ ئادەم ئەڭ ئوبدان ئىشقا تۇردى.

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز؟

— چۈنكى، ئەمدى ياش چېغىدىكىدەك يازالمىغاندىكىن، ئەدەبىيات سورۇنىغا مەنمۇ ئەخلەت تۆكمەي دەپ ئۆزىنى ئايىغاندۇ. يېرىم ئەسىردىن بۇيان ئادەملەرنىڭ روھىيىتىنى گۈزەللەشتۈرەي دەپ قەلەم تۇتقان بولسا، ئەمدى ئۇستۈپشىنى گۈزەللەشتۈرەي دەپ كىيىم ـ كېچەك ساتقاندۇ. ساتسا رەخت سېتىپتۇ، بەزى مۇناپىق ئادەملەردەك ۋىجدان ساتماپتۇ.

— بۇغۇ راست. ئەمما يازمىسىمۇ، ھۆكۈمەت بەرگەن پۇلنى خەجلەپ، بارغا شۈكرى قىلىپ، قېرىغاندا ئۆزىگە جاپا تېپىۋالماي، ئاخىرقى ئۆمرىنى ئارامخۇدا ئۆتكۈزسە تازا ھۆرمەتلىنەتتى ـ دە.

— بۇ گېپىڭىزمۇ راست. لېكىن شۇنى دەپ قويا ي: يازغۇچى ئەڭ ئاۋۋال ئادەم بولۇشى، ئادەم بولۇشى ئۈچۈن ئادەمدەك تۇرمۇش كەچۈرۈشى كېرەك. نامراتلىق، گادايلىق ئىچىدە ياشاپ يازغۇچىلىق قىلىشنىڭ ئۆزى بىر خىل ئاجىزلىق، لېكىن يازغۇچىلارنىڭ كۆپى مەدىكار بىلەن دېھقان ئوتتۇرىسىدىكى تولىمۇ بىچارە بىر خىل تۇرمۇش ئىچىدە ياشاۋاتىدۇ. ئۇ گاداي، پېقىر تۇرمۇشقا پىشىپ كەتتى. ئەمدى ھازىرقى زاماندىكى بايىشاتلىققا يۈزلىنىۋاتقان يېڭىچە قىممەت قارىشىغا ئىگە ئادەمنىڭ تۇرمۇشىنى تېتىپ كۆرمىسە، ئۇنىڭدىن ھازىرقى زامان ئادىمىنى يازغان نادىر ئەسەرنىڭ چىقىشى مۇمكىن ئەمەس. يازغانلىرى پەقەت ئاچلىق. گادايلىق، بىچارىلىك ھەققىدىكى شىكايەتنامىدىن ھالقىيالمايدۇ.

يازغۇچىلار ئادەمدەك ياشىشى كېرەك.

بىزدە يازغۇچىلىق نامراتلىق ئىچىدىكى بىر سۇنئىي رېئاللىق. شۇڭا، جەمئىيەتتە ئۇنچىۋالا ئېتىبارغا ئېلىنىپ كەتمەيدۇ. بۇنى تۇردى سامساق ئاكا ئۆمۈر بويى قەلەم تۇتۇپ ياشاپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا چوڭقۇر چۈشەنگەنىدى.

تۇردى ئاكا، ماڭا نۇرغۇن ئارمانلىرىڭىزنى سۆزلەپ بەرگەنىدىڭىز. قەلىمىڭىز تېخىچە ياشلىقىنى يوقاتمىغان قېرى تۇلپاردەك يورغىلاپ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەشقەر دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ مەشھۇر سەركەردىسى توختى مانجۇ ھەققىدىكى رومان بىلەن مۇڭداشماقتا ئىدى. ھازىر قانچىلىك يازغان بولغىيدىڭىز؟! قان كېچىپ، جەڭ قىلغان سەپداشلىرىڭىز — مەرھۇم زۇنۇن قادىرى، تېيىپجان ئېلىيوپ ۋە ئابدۇكېرىم خوجا، ئاشۇ توختى مانجۇلارمۇ نۇرغۇن ئارمانلار بىلەن كەتكەنىدى، بۇ چاغقا ئۇلار بىلەن كۆرۈشكەنسىز. بىز تىرىك تۇرۇپ ئارمانلارنى يېزىپ بولالمايۋاتىمىز، ھەقىچان ئارمانلار ئوتىدا كۆيۈپ، بۇ دۇنيادىن سىزگە ئەگىشىپ بارىمىز.

ئەي مويسىپىت ئاتىلار، ئۆزۈڭلارنى ئاسراڭلار، ئۆمرۈڭلارنى بەرگەي، بىزنىڭ سورۇنىمىزدا سىلەر بولمىساڭلار يېتىملىكىمىز چوقۇم چىقىپ قالىدۇ.

1992 ـ يىلى 18 ـ ئىيۇل، قەشقەر.

# توغراقلىق رىۋايىتى

تەكلىماكاننىڭ قۇملىرىنى ئەڭ دەسلەپ بويسۇندۇرغىنى ئاشۇ بىرى قىرىپ يىقىلسا، مىڭى يىلتىزىدىن كۆكلەپ چىقىدىغان ئەڭ چىدامىلىق، سەۋرچان، باتۇر توغراقلار ئىدى. ئاشۇ سۈيى يوق، مېھرىسىز جۇۋاندەك چەكسىز قۇمنىڭ باغرىنى ئېرىتىپ، ئوق يىلتىزىنى ئۇنىڭ تۇپرىقىڭ بولاي دېگەن يەرلىرىگە يەتكۈزۈپ، ئۆزىگە يەر قىلغىنى ئاشۇ سۆيۈشنى بىلىدىغان توغراق ئىدى. مانا شۇ توغراقلار قۇملۇقنىڭ كۆكسىدىن چۇشمەي بارلىق ھاياتلىقنى بۇ يەرگە ئاپىرىدە قىلدى. مەكىتنىڭ شىمالىدا «تۇمەنتال» دەپ ئات قويۇلغان، توغراق روھى سىڭگەن، ئەقىللىق، مەردانە ئادەملەر ياشايدىغان بىر يۇرت بار. بۇ يەردىكى گىرەلىشىپ ئۆسكەن قويۇق توغراقزارلار قۇشلار ئارىلاپ ئۇچۇپ ئۆتەلمەيدىغان ئاجايىپ سۇرلۇك ھەم سىرلىق تەبىئىي تەكلىماكان توغراقلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي تەرىپى باشلىنىدىغان جايى ئىدى. ئادەم كۇندۇزى توغراقلار ئارىسىغا يالغۇز كىرىپ قالسا، قورققۇسى كېلىدىغان دەرىجىدە سۇرلۇك ئىدى. ئادەملەر توغراقتىن كېيىن بۇ يەردە توغراقلىقنى چۆرىدەپ ماكان تۇتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يۇرت ئەنە شۇنداق «تۇمەنتال» دەپ ئاتالدى. توغراق ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغان دەرەخ بولغاچقا، بۇيەرنىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭ يىلتىزىدىن تۇغقان باللىرىنىڭ قوۋزاق، شاخلىرىغا تازا

سىنچىلاپ قاراپ توغراقنىڭ يېشىنى، تۇغقان باللىرىنىڭ سانىنى ساناپ بىلىۋېلىپ، يۈز بالىسى بار، يېشى ئۈچ يۈزدىن ئاشقان توغراقنىڭ تۈۋىنى كولاپ، ئۇق يىلتىزىغا پالتا ئۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئېتىلىپ چىققان سۈت رەڭ، چۈچمەل، مۇزدەك سۈنى ئىچىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئادەم روھىي جەھەتتىن مۇنداق خاسىيەتلەرگە ئېرىشىدۇ: بىرىنچىدىن، بالىنى كۆپ تاپىدۇ، تاپقان باللىرى كۈچلۈك، باتۇر، قورقۇمسىز، چىداشلىق، سەۋرچان بولىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، بۇ ئادەمنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولىدۇ، بالدۇرلا ئۆلۈپ بەرمەي نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، كېسەل بولمايدۇ. بۇنىڭ سىر - ھېكمىتىنى ھازىرقى زامان ئىلىم - پېنى بايقىمىدىمۇ ياكى چولىسى تەگمىدىمۇ، بىلگىلى بولمايدۇ. بۇ يەردە شۇنداق ئەقىدە بار. بۇ ئەقىدە بۇ يەردە ياشاۋاتقان ئادەملەرنىڭ ھاياتى ئارقىلىق ئىسپاتلانغان، ئادەملىرى توغراقتەك يوغان، كۈچلۈك، جاپاغا چىدامىلىق. باللىرىمۇ كۆپ. يەتمىشتىن ئاشقاندىمۇ ئۆز يېشىدىن 10 ـ 15 ياش كىچىك كۆرۈنىدۇ. 100 ياشتىن ئاشىدىغانلار كۆپ. 100 ياشتىن ئاشقان بوۋاي - مومايلار گۈرسۈلدەپ دەسسەپ ئىش قىلىۋاتسا، مەشرەپ ئويناۋاتسا، چاچ ـ ساقاللىرى تۈزۈك ئاقارمىغان، چىشلىرى مىختەك، چىرايى نۇرلۇق تۇرسا، ھەتتا كىچىك باللارمۇ ئۇلارنى بۇ يەرنىڭ ئادەت سۆزى بويىچە «قېرى توغراقنىڭ سۈيىنى ئىچىۋالغانىكەن» دېيىشىدۇ. بۇ ئەقىدە راست ئاشۇ توغراقنىڭ ھېكمىتىدىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ؟ ئەجەبا ئەسىرلەر داۋامىدا خەلق بۇ ھېكمەتنى توغراققا باغلاپ كەلدى. بۇ تۇپراق، سۇ، ھاۋادا قانداق ھېكمەت باردۇ، دېگۈم

كېلىدۇ. لېكىن مەن يۇز غۇلاچ ئېگىزلىكتە — قاغجىرىغان قۇم چوققىسىدا مەغرۇر ياشىرىپ تۇرغان توغراققا قاراپ، ئاتا - بوۋىمىز توغراقتىكى بۇ سىرلىق ھېكمەتنى خاتا بايقىمىغانىكەن - دە، دەپ ئويلايمەن. توغراق سۈيىنى ئىچىۋالىدىغان ئىشلار ھازىرمۇ ئاشۇ توغراق بىلەن بىللە ياشاۋاتقان خەلق ئارىسىدا داۋاملىشىۋېتىپتۇ.

مەن يېقىندا بۇ يەردە، بىرى يەتمىش ئىككى ياشقا كىرگەن، يەنە بىرىنىڭمۇ يېشى يەتمىشكە بارغان، ئەمما ئۇلارنىڭ يېشىغا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان ئىككى بوۋاي بىلەن سۆھبەتلىشىپ، بۇ دۇنيانىڭ بىزدەك گۆدەك بىلەرمەنلەرنى تاڭ قالدۇرىدىغان سىر - ھېكمەتلىرىدىن ھەيران بولدۇم. ھېلىقى 72 ياشلىق بوۋاي ئالدىمىزدىكى ئىككى ئاي ئىچىدە 21 ياشلىق چوكان بىلەن توي قىلماقچى بولغانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ، مېنى تېخى تويغا ئېيتتى. مەن ئىشەنمەي چاقچاق قىلىپ كۈلسەم، بوۋاي مېنى تولىمۇ جايىدا كەلگەن چاقچىقى ھەم مويسىپىتلەرگە خاس سەممىيلىكى، راست سۆزلۈكى بىلەن ئىشەندۈردى. ئەتراپتىكىلەرمۇ بۇ گەپنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلىدى. يەنە بىرى، يەتمىش ياشتىن ئاشتىم دەيدۇ، چاچ - ساقىلىدا ئاق يوق، چىشلىرى مىختەك. ئۇ مەشرەپتە ئۇسسۇل ئويناپ، ئاخىرى مېنى يېڭىپ، يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇۋىدى، ئىزادىن ئۆزۈمنى قويغىلى يەر تاپالماي قالدىم.

ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى. ئاشۇ خاسىيەتلىك توغراق ئورمانلىقى ئەسىرلەپ تەكلىماكاننى بويسۇندۇرۇپ، سەلدەك دەۋرەپ، ھاياتلىقنى باسمەن دەۋاتقان قۇم دېڭىزىنى توسۇغۇچى

پالۋان. ئادەملەر كۈندۈزدىمۇ ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ قېلىشتىن قورقىدىغان، كائىناتنىڭ مىڭ، تۈمەن خىل ئەزالىرىغا ماكان بولغان بۇ قەدىم، سىرلىق جاي ئادەملەرنىڭ ئەقلى گەجگىسىگە ئۆتۈپ، مېڭىسى قىزىپ كەتكەن ھېلىقى ئاتالمىش پولات تاۋلاش يىللىرىدا پۈتۈنلەي ئۆرتىلىپ، خۇددى تۈمشۇق سارايدىكى شەھىرى بەر ـ بەر، شەھىرى خەر ـ خەر ئوت دېڭىزى ئىچىدە 40 كېچە ـ كۈندۈز كۆيدۈرۈلگەندەك، يېرىم يىل ئىچىدىلا كۆيۈپ تۈگەپ، ھېلىقى باش كۆتۈرەلمىگەن كۆرۈمسىز قۇم چوققىلىرى مەغرۇر چوقچىيىپ چىقتى. يۇرت يالىڭاچ قالغان ئادەمدەك دوڭغىيىپ چىقىپلا قالدى. بۇ يۇرتنىڭ ئادەملىرى ئەسىرلەپ ئۆزلىرىنى ئاپىرىدە قىلغان يۇرت ئاتىسىنى كۆيدۈرۈپ، شۇنچە كەڭرى، سەلتەنەتلىك بوك ـ باراقسانلىقنى ئۆرتەپ، مىڭ ـ تۈمەن خىل ئۇچار ـ قاناتلارنى تۇخۇم باسقان ئۇۋىسى بىلەن دوزاخقا تاشلاپ، سان ـ ساناقسىز كېيىك، بۇغا، جەرەن، توشقان، تۈلكە، قىرغاۋۇل، ياۋا كەپتەرلەرنى بۇ زېمىندىن قوغلاپ، بىر تال يىڭنە چاغلىق پولاتقا ئېرىشەلمەي، كۆل، داشقال دۆۋىسىگە قاراپ كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قېلىشتى. سۈيىنى ئىچسە قىزىنى كۆپ تاپىدىغان ئاچچىق تال، سۈيىنى ئىچسە ئوغۇلنى جىق تاپىدىغان قاپاقتال . . . تال . . . تال . . . تاللار . . . ھېچقانداق تالدىن ئىز قالمىدى.

زېمىندا توغراق قالمىدى، ئۆزاقتا قالماي يۇرت قۇرۇپ قۇملاشتى، شورلاشتى. يولدا ئۆلۈك توپا سۇدەك ئاقتى. بىر ماشىنا يولدىن ئۆتسە 70 پاتمان توپا ئالەم بوشلۇقىغا توزۇپ، چېھرىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان ئادەملەرنى ھازىرلا گۆردىن

ئاچقان 1000 يىل بۇرۇنقى مۇميا جەسەتلەر ھالىتىغا، ئۆز تەبىئىيتىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن پارقىراپ ئۇچىدىغان ئۇچار قاناتلىقلارنى چالما ئۇچۇۋاتقاندەك، چىرايلىق مال ـ چارۋىلارنى پۇچۇق، خارابە تاملار مېڭىۋاتقاندەك قىيياپەتكە كەلتۈرۈپ قويدى. مانا بۇ كۆز ئالدىمىزدىكى پاجىئەلەر — پۈتكۈل ئالەمنى يەپ، خورىتىپ، ئاخىر بىر ـ بىرىمىزنى يەپ تۈگىتىدىغان ئەڭ ئەقىللىق ھەم ئەڭ ئەقىلسىز يىرتقۇچ بولغان بىز ئادەملەرنىڭ ئۆز شەخسىي نەپسىمىز ئۈچۈن بارلىق كائىنات ئەزالىرىنىڭ رىزقىنى ياۋۇزلۇق بىلەن ۋەيران قىلىشىمىزدىن پەيدا بولغان ئېچىنىشلىق سۇنئىي خارابىلىك ئىدى. بىز بىلمىدۇقكى، ئۆز رىزقىمىزدىن باشقا، بۇ تۇپراقتىكى ھەربىر قامغاق، ھەربىر ئۆمۈچۈك، چۈمۈلىنىڭمۇ مۇشۇ زېمىننىڭ تەبىئىي قانۇنلۇق ئەزاسى سۈپىتىدە ياشاش ھوقۇقى بار ئىدى. بىز ئۇلارنى دەپسەندە قىلىۋىدۇق، ئۆزىمىز ھەم رىزقىمىز، ھاياتلىق ماكانىمىز توپان ئاستىدا — ئاشۇنداق خارلىق ئىچىدە قالدى.

ئەسلىدە بۇغداي تۆۋىگىچە باشاقلاپ دان تۇتىدىكەنتۇق. يەنە شۇ ئىنسانلار ئۇنى بۇزۇپ ـ چېچىپ ئىسراپ قىلغاچقا، ئاللانىڭ غەزىپى كېلىپ، بۇغداينى زېمىندىن ئېلىپ كەتمەكچى بولۇپ باشاقلىرىنى سىيرىپ ئۇچىغا كەلگەندە ئىت يىغلاپتۇ:

— ئى رەھىم ـ شەپقەتلىك ئاللا ئىگەم، سەندىن تىلەي، مېنىڭ رىزقىمنى بولسىمۇ قويۇپ قويساڭ.

ئاللانىڭ ئىتقا رەھمى كېلىپ، بۇغداينىڭ ئاشۇ كىچىككىنە ئۇچىدىن باشاق قويۇپتۇ. بىز كائىناتتىكى ئۆزىمىزگە تېگىشلىك رىزقى ـ نېسىۋىمىزنى بۇزۇپ، ۋەيران قىلىپ، ھازىر كائىناتنىڭ باشقا ئەزالىرىنىڭ رىزقىنىمۇ بۇزۇپ، يوقىتىپ،

ۋەيران قىلىنىۋاتىمىز. كائىنات ۋە ئۇنىڭ باشقا ئەزالىرى چەكسىز سەۋرچانلىق، چىدامىلىق بىلەن ھاياتلىقنى ئاسراش بىلەن بولۇۋاتىدۇ. توپان ئاستىدا قالغان بۇ زېمىندا ئاشۇ قۇشلار، ياۋايى ھايۋانلار ۋە باشقا تەبىئەت ئەزالىرىنىڭ ئاللادىن تىلىگەن مەدىتى بىلەن، ئۆرتىنىۋېتىلگەن قۇم، شور باسقان زېمىندىن ئۆزى ئۈلىسىمۇ، روھى، يىلتىزى ئۆلمىگەن چىدامىلىق توغراقلار يەنە بىر ـ بىرلەپ كۆتۈرۈلۈپ چىقىشقا — قەدىمىي، سەلتەنەتلىك تالىلىقلارنى پەيدا قىلىشقا باشلىدى. مانا بۇ ھاياتنىڭ ئەسلى ئىلاھىي تەبىئەت بەخش ئەتكەن قانۇنى ئىدى. بۇ قانۇنىيەت ھامان ھەممىنى كۈچ ـ قۇدرەتلىك ئالىقىنىدا تۇتۇپ تۇرىدۇ. جاراھەت ساقايسىمۇ تارتۇق قالغاندەك، بۇزۇلغان نەرسە ئوڭلانسىمۇ، ئەسلىدىكىدەك بولۇشى تەس. ئۇنىڭ مەلۇم يەرلىرىدە ئاشۇ ئازاب ـ خورلۇقلارنىڭ ھامان ئىزى قالىدۇ. توغراقلارنىڭ تۇمەنلىگەن ياش تال كۆچەتلىرى كۆز يەتمەس قۇم بارخانلىرىنىڭ يېقىمسىز، قۇرغاق كۆكسىدە ئۇنۇپ چىقتى — قوتۇر ئىشەكنىڭ دۈمبىسىدەك سەت شورلۇق بىشىدىن ياپپېشىل ھاياتىي كۈچكە تولغان ياش تاللار بۆسۈپ چىقتى. مانا بۇ كۆرۈنۈشلەر — بۇ سۇسىز چۆل كۆرۈنۈشلىرى سۇ بار يەردە بوستان بولغان دەرەخلەرنى كۆرۈپ كۆنگەن كۆزلەرنى ۋە شۇ مەنتىقە ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئەنئەنىۋى ئاڭنى ئالدىراپ ئىشەندۈرەلمەيدۇ. قۇم چوققىسىدا، قاقاس چۆلدە دەرەخ ئۆسۈش ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيىتىنى ساقلاپ كەلگەن زامانىۋى ئادەملەرنىڭ تەسەۋۋۇرىغا قانداقمۇ سىغسۇن؟ ئۇلارنىڭ قارىشىچە، سۇ بار يەردە ھەممە ھاياتلىق ياشىرىپ قەھرىمان بولىدۇ. سۇسىز قۇمدا ھايات ياشاشنىڭ ئۆزى قالتىس مۆجىزە —

باتۇرلۇق ئىدى. ئىنسانىيەت ئاجايىپ مۇرەككەپ تارىخىي بۇرۇلۇش دولقۇنىدا شىددەتلىك رىقابەت تاللىشى دەۋرىگە دۈچ كەلگەن پەيتتە، تىنچ ئەمگەكى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ مەنىۋى تۇپرىقىنىڭ ئاشۇ تەكلىماكان قىسمىدا «تۇمەنتال چېچەكلىرى» دەيدىغان پەسىللىك بىر ئەدەبىي ژۇرنال قۇملۇق كۆچىتى بولۇپ دۇنياغا كەلدى. بۇ بوۋاق تەبىئىي تۇغۇلغان بولغاچقا تولىمۇ ئۇماق ئىدى، لېكىن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، ئېگىز قۇم بارخانى چوققىسىدا توغراق ئۇنگەنگە ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمىگەندەك، ئاشۇ توغراق يىلتىزىنىڭ روھى سىڭگەن بىر ئەدەبىي ژۇرنالنىڭ — تەكلىماكان ئىچكىرىسىدە قۇم بىلەن ئېلىشىپ ياشاۋاتقان خەلق ئىچىدە ھازىرقى زامان مەدەنىيەت بەلگىسى بولغان بىر ئەدەبىي ژۇرنالنىڭ دۇنياغا كېلىشى، زامانىۋى ئىلىم ـ مەدەنىيەت مەركەزلىرىدە كىشىنىڭ ئېڭىغا سىغمايدىغان، ئىشەنگۈسىز ھادىسە ئىدى. ئۈرۈمچىدە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، زىيالىيلار، يازغۇچىلار، شائىرلار، ئوقۇتقۇچىلار، ئالىملار، مۇھەررىرلەر ھەيرانلىق ھەم خۇشاللىق بىلەن رەسمىي ژۇرناللاردەك مەتبەئە تېخنىكىسى يۇقىرى، ئەسەرلىرى خېلى سۈپەتلىك نەشىر قىلىنىغان بۇ ژۇرنالنى كۆرۈشتى، «بىر يېزىنىڭ مۇشۇنداق ژۇرنال نەشر قىلغىنىغا ئادەمنىڭ ھېچ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ.»، «ئۇنى ـ بۇنى دەپ قاقشاشقا ئادەتلىنىپ، ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ قاپتۇق، ئادەم كۈتمىگەن مۇشۇنداق تاسادىپىيلىقلار بىزنىڭ سۈپىتى كۈندىن ـ كۈنگە روشەن ھالدا چۈشۈپ كېتىۋاتقان ئادەملىرىمىز ئارىسىدىن چىقىۋاتىدۇ. ئاشۇ قۇملۇقتا يەنىلا ئۈمىدلەنگۈدەك روھ باردەك

تۇرىدۇ»، دېيىشتى. دەرەخنى كۆكلەتكەنمۇ يىلتىز، ئۇنى كۆركەم قىلغانمۇ كىشىلەرنىڭ كۆزى كۆرمەيدىغان چوڭقۇرلۇقتا پاتقان يىلتىز. ئۇ قارىماققا كۆرۈنمەس. مۇنداق قارىماققا، ئۇنىڭدىن ئەھمىيەتلىك بىرەر ئالامەتنى بايقاش تەس. ئەمما ئۇنىڭ قۇدرەتلىك روھى، تەڭداشسىز ئىچكى كۈچى سەلتەنەت يېغىپ تۇرغان شاخلىرىدا جۇلالىنىدۇ.

«تۇمەنتال چېچەكلىرى» ژۇرنىلى دۇنياغا كېلىپ، ئۇنى كۆرۈپ ھەيران قالغان كىشىلەر ئۇزاققا قالماي ئۇنى كۆكلىتىپ چىقارغان يىلتىزنى بىلىۋېلىشتى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ۋە ھەر قايسى مەرىپەت گۈلزارىدىكى زىيالىيلار، يازغۇچى - شائىرلار، مۇھەررىرلەر، تەتقىقاتچىلار ۋە سانسىز ئوقۇغۇچىلاردىن قار ياغقاندەك خەتلەر، سالاملار بۇ يىلتىزغا كېلىپ چۈشتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە، مىللىي مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئويلىغان، ئۇنى ئاغزىدا ئەمەس، دىل ھىممىتىدە قوللىغان بۇ يىلتىزغا ئەل نامىدىن رەھمەتلەر ئېيتىلغانىدى. بىر پېشقەدەم ئالىم كاتتا زىيالىيلار يىغىلغان چوڭ بىر سورۇندا «تۇمەنتال چېچەكلىرى» نى چىقىرىشقا مەسئۇل بولغان كىشى ئۈستىدە توختىلىپ: «ئۇ كىشى بىر يېزىنىڭ باشلىقى ئىكەن، ئەگەر بىزنىڭ بۇ ئەلدە ئاشۇنداق يېزا باشلىقىدىن ئەللىكى بولغىنىدا، كىشىلىرىمىزنىڭ ئۆزىنى بىلىش ئىقتىدارى ھازىرقىدىن كۆپ ياخشى بولغان بولاتتى» دېدى.

بۇ گەپ كاللىسى سەگەك ئادەم ئۈچۈن بەك زۆرۈر گەپ ئىدى. بۇ ئاشۇ كىشىگە خەلققە ۋاكالىتەن بېرىلگەن ھەق مۇكاپات ئىدى.

بۇ زېمىندا، مۇشۇ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا، پەلەكنىڭ تەڭشىكى بۇزۇلۇپ، ئاپەتلىك يىللار باشلاندى. ئەزىزانە قەشقەرنىڭ ئاۋات، سىرلىق، قايناق كوچىلىرىدا چوڭ بولغان مىڭلىغان زىيالىي ياشلارنى قىسمەتنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرى ئۇچۇرۇپ، بوستانلىق شەھەردىن تەكلىماكاننىڭ قۇملۇقىغا ئاپىرىپ تاشلىدى. ئۇلار ئۆمرىدە كۆرمىگەن قۇم دېڭىزىنى كەزدى، نوغراق دەرىخىنى قۇم چوققىسىغا قاراپ ھەيرانلىق بىلەن كۆردى، يەپ كۆرمىگەن تاماقلارنى يېدى. نازۇك تەبىئەتلىك شەھەر بالىلىرى ئىنسانىيەتنىڭ مۇنداقمۇ ياشاۋاتقانلىقىغا شۇ چاغدا ئىشىنىپ، دەسلەپ ھۆڭرەپ يىغلاشتى، ھاراق ئىچىپ سەپراسى تۇتۇپ پومىداقلاشتى. ئاز كۈندە ئۇلارنىڭ ئاق پوسىملاق، يۇمران يۈزلىرى توغراق قوۋزاقلىرىدەك كۆرۈمسىز، يىرىك، چىڭ بولۇپ قاتتى. يۇمشاق، ئاق قوللىرى يۇلغۇن تاللىرىدەك قېتىپ پىشتى. ئۇلار سېپى ئۆزىدىن يەرلىك كىشىلەردىن بولۇپ قېلىۋاتقانىدى.

قەشقەرنىڭ ئاشۇ زىيالىي ياشلىرى ئارىسىدا بويى ھەممىدىن پاكار، چاققان، قولىدىن جىق ئىش كېلىدىغان، چىدامىلىق، چىقىشقاق، ئېغىر ـ بېسىق بىر بالا بار ئىدى. ھەممىدىن ئۇنىڭ يېزىقچىلىق ماھارىتى، چىرايلىق خەتلىرى، ئىش قىلىشتىكى تەدبىرى، گەپ ـ سۆزلىرىنىڭ جايىدا ئىكەنلىكى كوممۇنا باشلىقلىرىنىڭ نەزەرىگە ئېلىندى. يېزا ئۈچۈن بۇنداق ئادەم تولىمۇ زۆرۈر ئىدى. شۇڭا ئۇنى ئېتىزدىن — ئۆزىدىن يوغان كەتمەن چېپىۋاتقان يەردىن كوممۇنا ئورگىنىغا ئەكېلىۋېلىشتى.

دىققەت، بۇغداي ئۆڭ كەلگەن، بۇرۇتى ئەمدىلا خەت تارتقان بۇ بالىنى كۆرگەن كوممۇنانىڭ گەپتان، قوپال، ئەمما ئەقىللىق،

ساۋاتسىز باشلىقى سىرىق چىپەرقۇتتەك يۈزىنى سىلاپ، كۆپكۆك كۆزىنى قىسىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ باش ـ ئايىغىغا قاراپ چىقتى.

— ئاتاڭ ساڭا قانداق ئات قويغانوي؟

— ئەكبەر.

— ئاتاڭنىڭ ئېتى نىمە؟

— ھەيدەر.

كومموُنا باشلىقى يېنىدىكىلەرگە:

— مەن تېخى ئوينىغىلى كەلگەن بالىمىكىن دەپتىمەن. ھېلىقى چىرايلىق خەتنى مۇشۇ بالا يازامدۇ؟

— ھەئە.

— ئۆزۈڭدىن چىرايلىق خەت يازىدىكەنسەن. خېلى چوڭ مەكتەپنى تۈگىتىپسەن. قەشقەرنىڭ نېنى كىچىكمۇ يا ئاتاڭ ناننى ئاز بەردىمۇ، ھېچ چوڭ بولالماپسەن بالام. تۇمەنتاللىقنىڭ ھەممىسى گالغا نان تاپىمىز دەپ كېچە ـ كۈندۈز دولقۇن قىلىدۇ. ئاسمىنى كەڭ يەردە ناننى جىق يەپ چوڭ-يوُغان، توغراقتەك ئادەم بولۇپ قەشقەرگە بار.

— توغراقتەك بولسا قەشقەرگە ئەمەس، تۇمەنتالغا يىلتىز تارتىسا تۇتمايدۇ.

باشقىلار گەپ قوشتى.

— خەت يېزىپ باقە قېنى.

ئەكبەر ھەيدەر بۇ تولىمۇ چىچەن، ئەقىللىق ئادەمنىڭ ساۋاتسىزلىقىنى بىلمىسىمۇ، لېكىن ئادەمگە بىر قاراپلا ھەممىنى بىلىۋالىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، شۇ چاغلاردا ئەڭ بازارلىق بولغان جاراڭلىق جۈملىلەردىن بىر قانچىنى ناھايىتى

ئەستايىدىللىق بىلەن چىرايلىق قىلىپ قەغەزگە تىزىپ بەردى. باشلىق خەتنى تەتۈر تۇتۇپ خۇددى ئوقۇۋاتقاندەك بېشىدىن ــ ئايىغىغا سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى. ئەتراپتىكىلەر ۋە ئەكبەرنىڭ ئىچ ــ ئىچىدىن كۈلكىسى قىستاپ تۇرسىمۇ، كۈلۈشكە جۈرئەت قىلالماستىن جىممىدە قاراپ تۇرۇشتى. بۇ سەزگۈر ئادەم ئۆزى خەتكە قاراپ تۇرسىمۇ، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ كەيپىياتىدىن ھەممىنى بىلىۋېلىپ، پېتىنى بۇزماستىن خەتنى ئوڭ قىلىپ:

— مەن سېنى نېمانداق تەتۈر خەت يازىدىغان بالا ئىكەن، دېگىلى تۇرۇۋېتىمەن. سەن ئوقۇغان ئادەم بولغاندىكىن، باشقا ئادەمگە خەت سۇنغاندا ئوڭ سۇنۇشنى ئۆگەن، بولۇپمۇ مەندەك باشلىقىڭغا.

ئەكبەر كۈلكىسىنى باسالماي كالپۇكىنى چىڭ چىشلەپ تۇرۇپ:

— ماقۇل، — دېدى.

— ماقۇللام دېسەڭ بولمايدۇ، تۈزىتەي دېگەن گەپنىمۇ قوشۇپ دە. خېتىڭنىغۇ كۆردۇم، خېلى بەلەن گەپنى يېزىپسەن. ئۆزۈڭ بىر ئوقۇپ باقە، قانچىلىك ئوقۇيالايسەن؟

باشلىق ساۋاتسىز بولغان بىلەن ئۆزىنىڭ ساۋاتسىزلىقىنى قىلچە چاندۇرمايتتى، تېخى كۆندىلىك خىزمەت خاتىرىسى قولىدىن چۈشمەيتتى.

— ھە، كۆڭلۈمگە ياراپ قالدىڭ، ئوبدان ئىشلە. قۇلدەك ئىشلەپ، بەگدەك يەپ، توغراقتەك يوغىناپ، يىلتىز تارتىپ كەتسەڭ، مەن قېرى توغراق يىقىلسام ئورنۇمنى ئالىسەن.

ئاشۇ ئادەمنىڭ ئاغزىدىن ئاتا سۆزىمىز — ئەقىدىمىز بويىچە

«سائەت چىقىپ كەتكەنىدى». ئەكبەر بىلەن قەشقەردىن كەلگەن، تال چىۋىقنى بىللە ئات ئېتىپ ئوينىغان دوستلىرى، ساۋاقداشلىرى قەشقەر، ئۈرۈمچىلەرگە — يەنىلا ئۆز جايلىرىغا بېرىپ، كاتتا بىنالاردا، ئېسىل ئۆي ـ ئىشخانىلاردا ئولتۇرۇپ ئىشلەشتى. ئازادە، پاكىز ئاسفالت يوللاردا مېڭىشتى. ئۇ ئاشۇ توغراقلار ماكان تۇتقان قۇملۇق، شورلۇق تۇپراقتا ئۆزلىشىپ، يىلتىزى بارغانچە چوڭقۇرلاپ، يىراقلارغا سوزۇلۇشقا باشلىدى. كۇمىلاچ تاملىق، پاكار، ئىسلاشقان دېھقان ئۆيلىرى ئۇچۇن ئۇ شەھەردىكى يۈز يىللىق، ئېسىل، قەدىمىي پاسوندىكى ئۆيىنى قۇربان قىلدى. ئېسىل تاماقلارنى دېھقانىنىڭ تېزەك، پاتاس قالاپ پىشۇرغان، ئىس ئۆتكەن ئۇمىچى بىلەن تېگىشتى؛ كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيىپ، گالستۇك تاقاپ، ئازادە يولدا خىزمەتكە بارىدىغان تىنچ، تەرتىپلىك كۈنلەرنى، ئولتۇرۇشلاردا كۈلۈپ ـ زاللاردا گۈزەل قىزلار بىلەن تانسا ئوينايدىغان ئۇنتۇلماس ئاخشاملارنى ئۇ بەلۋاغ باغلاپ، توپىلىق يول، ئېتىز، خامان، سۇلۇق قىرلاردا ئىشتاننى تىزىغىچە تۇرۇپ، توپا ـ لايغا مىلىنىپ، كېچە ـ كېچىلەپ جاڭگال كېزىشكە تېگىشتى. ئۇ تۇمەنتالغا كەلگەندە بۇرۇتى ئەمدى خەت تارتىشقا باشلىغان ئوماق، سەبىي بالا ئىدى. ئاشۇ ئوماق، سەبىي، شوخ ياشلىقىنى، ئاسان، پاراغەتلىك شەھەر تۇرمۇشىنى مۇشەققەت بىلەن جان تىكىپ ئىشلىمىسە بولمايدىغان سەھراغا قۇربانلىق قىلدى. ساۋاقداشلىرى، دوستلىرى، تۇغقانلىرى كۆپ نەسىھەت قىلىپ ئۇنى شەھەرگە ئەكېلەلمەي، ئۇنىڭغا جاڭگال جىنى چاپلىشىپ، كاللىسى بىنورمال بولۇپ قالغانمىدۇ، دەپ گۇمانلىنىپمۇ يۈردى. بويى توغراقتەك ئۆسمىگەن بىلەن

يىلتىزى چوڭقۇرلاپ، تۇرقى، چىرايى، ۋۇجۇدىغا توغراق روھى سىڭگەن، چاچ ـ ساقاللىرى ئاقىرىشقا باشلىغان ئادەم بولۇپ، ھېلىقى قېرى توغراق ئىزىنى بېسىپ يېتىشىپ چىقتى.

ئۇ، ئۆمرىنى دېھقانلارنىڭ ئارىسىدا ئۆتكۈزگەن بولغاچقا، دېھقانلارنى بەك چۈشىنىدىغان ئادەم؛ ئۇ ھازىرقى دۇنيانىڭ ئېقىمىنى بىلىپ بىر قولىدا كەتمەن دۇنياسىنى، بىر قولىدا زامانىۋى مەدەنىيەت دۇنياسى — كىتابنى تۇتۇپ تۇرغاچقا، دېھقاننى ئەڭ چۈشىنىدىغان ئادەم. ئۇ دېھقانلارنىڭ ئاق كۆڭۈل، سەۋرچان، جاپاغا كۆنگەن، چىدامىلىق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى، لېكىن نادانلىقنىڭ ئۇلارنى چەمبەرچاس باغلاپ خورلاۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇ دېھقانلارغا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان، ئولتۇرسا ـ قوپسا دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن غەم يەيدۇ، سۆزلەيدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ دېھقانلار ئارىسىدا مىڭلىغان دوستلىرى بار. ھازىر كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت بىر ـ بىرىگە قىلچىلىك مەنپەئەتنى قۇربان بېرىشكە چىدىمايدىغان دەۋرگە قەدەم قويغان كۈنلەردە دېھقانلار ئارىسىدا ئۇنىڭغا جېنىنى پىدا قىلىدىغان سادىق دوستلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ئۇنىڭ دوستلىرىغا قىلغان چەكسىز ئەقىدىسىنىڭ جاۋابى ئىدى.

ئۇ يېرىم كېچىلەردىن ئاشقان، خورازلار تاڭدىن خەۋەر بېرىپ چىللىغان چاغلاردا قوم بارخانلىرى ئارىسىدىكى ئېتىزلاردىن مۇميا ئادەمدەك مىڭ پاتمان توپا بىلەن قايتىپ كېلىدۇ.

ئۇ ئېتىنىڭ قورسىقىدىكى كۈچۈكى توڭلاپ قېتىپ قالىدىغان زىمىستان قىش كېچىلىرىدە ھاشارچىلار ئارىسىدا توك

يېرىپ، پاتقاق كېچىپ، لايغا مىلەنگەن قوللىرى بىلەن هاشارچىلار سۇنغان قاتتىق، تولۇق نانلارنى غاجىلايدۇ. ئۇنىڭ هاشارچىلار ئارىسىدىكى چاغلىرى سېپى ئۆزىدىن تېپىك دېهقان بولغان ۋاقتى. ئۇنى قەشقەردە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان دېسە، هېچكىم ئىشەنمەيدۇ. ئۇنىڭ هاردۇق يەتكەن هاشارچىلار ئارىسىدا قىلىدىغان خۇش چاقچاقلىرى، كۈلكىلىك سۆزلىرى دېهقانلار ئارىسىدا هاردۇق چىقىرىدىغان شىپالىق دورا بولۇپ قالىدۇ.

تەكلىماكاننىڭ يۇقىرى گرادۇسلۇق كۆيدۈرگۈچ ئاپتىپىدا ئۇ ئورمىچى دېهقانلار ئارىسىدا ئالدىدا سول يېرىپ ماڭسا، خامان تەپكەن يەردە چاڭ ـ توزانغا مىلىنىپ يۈرۈيدۇ. يۇقىرى گرادۇسلۇق كۆيدۈرگۈچ ئاپتاپ ئۇنى چېقىن چۈشۈپ چالا كۆيۈپ كەتكەن توغراق كۆتىكىدەك قاپقارا قاتۇرۇپ قويغان. ئۇنىڭ ئۆيگە يورۇق قايتىپ كېلىدىغان كۈنلىرى يىلدا پەقەت بىر قانچە قېتىم بولۇپ قالىدۇ.

هېرىپ ـ ئېچىپ قايتقان كېچىلەردە ئۇ هېچ بولمىغاندا بىر قانچە بەت كىتاب كۆرۈپ ئۇخلاش ئادىتىنى يوقاتمايدۇ.

ئۇنىڭ دېهقانلار بىلەن مۇڭدىشىپ دوستلىشالايدىغان، زىيالىيلار بىلەنمۇ سىر ئېلىشىپ، ئەل ـ ئاغىنە بولالايدىغان چېقىشقاق، كەمتەر، ھەقىقىي خەلقپەرۋەر رەھبەرگە خاس ئېسىل مىجەزى، مەرىپەت دېسە جېنىنى بېرىدىغان، مەرد، لەۋزى هالال، توغرا سۆزلۈك ئېسىل روھى ئەنە شۇ زېمىندا يېتىلگەن.

ئۇ مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرى ھەققىدە جاھىل دېهقان دوستلىرى بىلەن كۆپ مۇنازىرىلىشىدۇ. ئۇلارنى قايىل قىلىپ

بولالماي بەزىدە جىلە بولۇپ تېرىكىپ قالىدۇ. دەل ئۇنىڭ جۇدۇنى تۇتقان ۋاقىت دېھقان دوستلىرىنىڭ مائارىپقا قارشى تۇرغان چاغلىرى بولىدۇ. ئۇ بۇ ۋاقىتتا دوستلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ قويماي قاتتىق قوللۇق بىلەن ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى تارتىپ ئېلىپ مەكتەپكە ھەيدەيدۇ. ئۇ بولغاچقا بۇ يېزىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئاقساپ قالمايدۇ. ئۇ دېھقان بالىلىرىنىڭ مەكتەپتىن قېلىشىنى دېھقانلارنىڭ دارامىتى كەملەپ كەتكەندىنمۇ يامان كۆرىدۇ.

ھەرقانداق يېڭى كىتاب كىتابخانىغا سېلىنىپ ھەپتە ئىچىدە يېزا مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ كۇتۇپخانىسىدىن ئورۇن ئالمىسا، ئۇ مەدەنىيەت مەركىزىنى بېشىغا كىيىپ قايناپلا كېتىدۇ. يېزا مالىيىسى بىرەر مۇھىم ئىشقا پۇل چىقىرىپ بېرەلمىسە، ئالدىرىماستىن تاماكا تۇتاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ تەدبىرى ئۈستىدە سالماقلىق بىلەن باش قاتۇرۇپ ئاندىن يولىنى تاپىدۇ. مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ كىتاب سېتىۋېلىشىغا پۇل بولمىسا، ئۇ قىلچە سەۋر قىلالماستىن مالىيىدە پۇل يوقلۇقىنى بىلىپ تۇرۇپ پۇل تېپىشقا بۇيرۇق قىلىپ، كىتابلارنى ئالدۇرماي قويمايدۇ.

ئۇنىڭ دېھقان دوستلىرى ئىچىدە مەلۇماتلىق نى - نى خەلق شائىرلىرى، دانىشمەنلەر، يەرلىك تارىخچىلار بار. ياش ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى تېخىمۇ كۆپ. ئۇ كۆڭلىنىڭ بىرىدە شۇلار بىلەن ھايات، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ھەققىدە ئۇزاق سۆزلەشتى. ئۇ ئۇزاقتىن بېرى بىر ئىشنى دائىم ئويلايتتى. «ھەر كۈنى تاڭ ئاتىدىكەن، ئىشلەيدىكەنمىز. ھەر يىلى ئاشلىق، كېۋەز، ياغلىقدان تېرىيدىكەنمىز، مېۋە - چېۋە

ئىشلەپچىقىرىدىكەنمىز، مال ـ چارۋا باقىدىكەنمىز، لېكىن ئۇلارنى كېلەر يىلى يازغا بارماي يەپ ـ ئىچىپ، ئىشلىتىپ تۈگىتىدىكەنمىز. بىز دېھقان خەقتە بۇنىڭدىن باشقا ئىش بولمىسا. باشقا ئەللەردىكى ئادەملەرمۇ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنىمۇ قىلىدىكەن، ھاياتتا يەنە باشقا ئۇنتۇلماس خەيرلىك ئىشلارنىمۇ قىلىدىكەن. خەق قىلغاننى بىز قىلالماسمىزمۇ؟ مەسىلەن، مەن ئۆمرۈمنىڭ تولىسىنى تۈمەنتالدا ئۆتكۈزدۈم، تۈمەنتالدا ئىزىم چۈشمىگەن يەر قالمىدى، لېكىن ھازىر خەلقنىڭ ئېسىدە قالغۇدەك بەش يىل بۇرۇنقى ئىشتىن بىرنى سۆزلەي دېسەم، مەن سۆزلىگەن بىلەن خەلق نېمىنى سۆزلەيدۇ، خەلقنىڭ ئېسىدە قالغۇدەك نېمە ئىش قىلدىم؟ ھەر قايسى تۈردىكى مەھسۇلاتنى يىلمۇ يىل ئاشۇردۇم، لېكىن مەن كەلمەستىمۇ بۇ خەلق ھوسۇل ئېلىپ كېتىكەن. ھېززىبە بەگ ھاجى دېگەن ئادەم 40 نەچچە يىل ئىلگىرى بىر ئۆستەڭ چاپتۇرۇپ قويۇپتىكەن، خەلق ئۇنى ھازىرغىچە ئۇنتۇماپتۇ. مەنمۇ چوقۇم تۈمەنتالدا ياشىغىنىمنىڭ نامۇ نىشانى قىلىپ، بۇ خەلقنىڭ ئېسىدىن چىقمىغۇدەك بىر ئىش قىلىپ بەرمىسەم، بۇ يەردە ئىزىم قالمايدۇ. لېكىن، نېمە ئىش قىلسام بولار؟ » ئۇ بىر كۈنى كىتاب ـ ژۇرناللاردىكى يېڭى پىكىرلەر ھەققىدە سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپ كۆڭلىگە پاللىدە بىر ئىش كەلدى ـ دە، سورۇندىكىلەرگە:

— ھەي، توختاڭلار ئاغىنىلەر، بۇرۇن بىزدە شاپىگرافتا چىقىدىغان بىر ژۇرنال بار ئىدى، يوقىلىپ كەتتى. بىزدىمۇ يازارمەن بالىلار جىق تۇرسا، نېمىشقا ژۇرنال نەشر قىلىپ ئۇنى تارقاتمايمىز؟

— ھە، راست، بولسىغۇ شۇنداق قىلساق تولىمۇ ئوبدان ئىش بولاتتى.

— توغرا، شۇنداق قىلىمىز. چىقارغاندا ئۇرۇمچى، قەشقەرنىڭكىدەك ئېسىل قىلىپ چىقىرايلى، كۆچىمىز يەتمىسە، ناھىيىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئادەملەرنىڭ ياردىمىنى ئالىمىز. زادى بىر ژۇرنال چىقىرايلى. پۇلى مەندىن، قانچىلىك ئىقتىساد كەتسە، مانا مەن ئىگە. لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىڭلار. ھەرقانداق مەسئۇلىيەت بولسا ماڭا ھېساب. بۇ خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى تۈپرىقىدىكى بىر ئىز بولۇپ قالسۇن.

مانا شۇنداق قىلىپ، شۇ سۆھبەتتىن «تۈمەنتال چېچەكلىرى» ناملىق ئەدەبىي ژۇرنال دۇنياغا كەلدى. ئۇ ژۇرنال ئىشلىرىنى يېزىنىڭ چوڭ يىغىنلىرىدا دېھقانلار چۈشەنمىسىمۇ، ناھايىتى ئەستايىدىل، ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇشاللىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ سۆزلىدى. مانا بۇ ئۇنىڭ تۈمەنتاللىقلارنىڭلا ئەمەس، پۈتۈن ئەلنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا ئۇنتۇلماس بىر ئىز قالدۇرغىنى، خەلققە تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بىر ئىلمىي ئىش قىلىپ بەرگىنى ئىدى. ئۇ قىلغان مىڭلىغان ياخشى ئىشلار ئىچىدە خەلقنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە، نەزەرىگە ئېرىشتۈرگەن بۇ ئىشنىڭ بەرىكىتى ئۇنى كۈندىن ـ كۈنگە پارلاق ئىستىقبالغا كۆتۈرۈپ، خەلقنىڭ تېخىمۇ چوڭ ئېچىلغان ئۈمىد كۆزىدە ئۇنىڭ ئوبرازى شۇنچە جۇلالىق چاقنىدى.

ھاياتلىق ئالىمىگە سەن قانچىلىك ئەجىر قىلساڭ، ھاياتمۇ ئەقىدەڭگە يارىشا سېنى نائۈمىد قالدۇرمايدۇ. خەلق ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ئادەمنى خەلق ئاخىر بىلىدۇ، قەدىرلەيدۇ. تۈمەنتال خەلقىنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن ئۇ كۆيۈپ ـ پىشۇدى،

مەكىت خەلقى ئۇنىڭغا: «يالغۇز تۇمەنتال ئۇچۇنلا ئەمەس، بىز ئۇچۇنمۇ ئىشلەپ بەرگىن» دەپ ئۇنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ، ناھىيىنىڭ ئاساسلىق باشلىقلىرىدىن بىرى قىلىپ سايلىۋېلىشتى. دېمەك، بىر ياخشىلىق ئالەمنى خوش قىلدى دېگەن ئەنە شۇ. ئەمدى ئۇ مەكىت ئۇچۇن تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك بولغان ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا باش قاتۇرۇۋاتىدۇ.

1922 ـ يىلى سېنتەبىر، قەشقەر.

# تىنالماي ياشاۋاتقانلار

## مۇقەددىمە

ھاياتلىقنىڭ ئەڭ مۇقەددەس مەۋجۇتلۇقى ئۇنىڭ تىنىقىدا، تىنىق توختىسا، ھاياتلىقمۇ توختايدۇ. كائىناتنىڭ تەقدىرىنى خورىتىپ، بېشىغا بەختسىزلىكلەرنى كەلتۈرۈپ، ئۆزىنى قۇدرەتلىك ساناۋاتقان ئىنسانلارمۇ تىنىقتىن قالسا، ھاياتلىق ئالىمىدىن ئەبەدىي خوشلىشىدۇ.

ھاياتتا بىر بىلەن بىللە ياشاپ، بىزدىن قىيىن تىنىپ ياشاۋاتقانلارنى كۆرگەن ۋە بۇ تىنىقلارنى ئۆزىمۇ تىنىپ كۆرگەن ئادەم ئاندىن ئۇلارنىڭ بىز خاتىرجەم تىنغان ھەر بىر تىنىق ئۇچۇن قانچىلىك ئازاب چېكىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

## مانا بۇ خۇنجىراپ

— «خۇنجىراپ» دېگەن بۇ پارسچە ئاتالغۇنىڭ «قان ئاقار جىلغا» ، «جان ئالغۇچى جىلغا» دېگەن مەنىلىرى بار، — دەپ تونۇشتۇردى خۇنجىراپ تاموژنىسىنىڭ باشلىقى، سارغۇچ پىلاڭ چاچلىق، ساپ ئارىيان قېنىدىن تۆرەلگەن ئاق تەنلىك ھەمراھىمىز قاينام ئىمارەتشاھ.

خۇنجىراپنىڭ ئىسمىنى تولا ئاڭلاپ كەلدۇق. ھەرەمگە

بارغان ئاتا - ئانىلىرىمىز، قېرىنداشلىرىمىزنىڭ سەپەر پاراڭلىرى ئارىسىدا بۇ ئىسىم تولا تەكرارلىنىدۇ. ۋەتەننىڭ باشقا يەرلىرىدىن كەلگەنلەر بۇلۇڭكۆل، قاراكۆل، تاشقورغان، مۇزتاغ، خۇنجىراپ، مىڭتېكىنى ئاتايىن بېرىپ كۆرۈپ، بۇ يەرلەرنىڭ ئۆزگىچە خاس ئاجايىپ گۈزەللىكلىرى ئۈستىدە سۆزلەشسە، ئاغزىغا ھاڭۋېقىپ قاراپ قالىمەن. ئادەملەرنىڭ ئېڭى ئاجايىپ غەلىتە بولىدىكەن. ئۆزۈمنى ئالسام، قەشقەردە تۇرۇپ ھېيتگاھتا سۈرەتكە چۈشۈپ باقماپتىكەنمەن. باشقا شەھەرلەردىن كەلگەن دوستلارنىڭ تەلىپى بىلەن سۈرەتكە چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن چاقنىغان پەخىرلىنىش نۇرلىرى، تىنىماي سۆزلەشلىرىدىن ئۇيغۇرلار مەركىزىنىڭ سىمۋوللۇق مۇنارى ئالدىدا تۇرغانلىقىمنى ئاندىن ھېس قىلغانىدىم. جاھاننىڭ ئۇ چېتىدىن ئاتايىتەن مۇزتاغنى بىر كۆرۈشنى ئارزۇلاپ كەلگەن ئادەملەرنى كۆرۈپ، مۇزتاغ ئۆز سۈتىنى سىغىپ قاچىلىغان قاراكۆل، بۇلۇڭكۆللەرنىڭ زەمزەملىرىدىن ھاسىل بولغان قەشقەر بوستانلىقىدا ياشاپ، ئۇنىڭ سۈيىنى ئىچىپ تۇرۇپمۇ، مۇقەددەس جايىنى كۆرۈپ بېقىش ئېڭىمىزنىڭ ئويغانمىغانلىقىنىڭ ئۆزى بىر بەختسىزلىكىمىز ئىكەن، دەپ ئويلاپ، قەشقەر خەلقىنىڭ ئۆز كۆكسىدىن ھاياتلىق بۇلىقى ھاسىل قىلىپ بېقىۋاتقان مۇزتاغ ئانىسىنى كۆرمىگىنى، بۇنداق پاكىز ئانىسى بارلىقى بىلەن پەخىرلەنمىگەنلىكىگە ھەيران قالدىم.

قەشقەر ھاۋاسىنىڭ ئىللىق، ساپ بولۇشىنىڭ سىرىنى ئۆز سېزىمىم بىلەن شۇنداق پەرەز قىلدىم: تومۇزنىڭ كەچ، ئەتىگەنلىرى قەشقەرنىڭ ھاۋاسى ھەرقانداق شېرىن نەرسىدىنمۇ

ھۇزۇرلۇق بولىدۇ. تەكلىماكاندىن كېلىدىغان ئاتەشتەك قۇرغاق ھاۋا بىلەن مۇزتاغدىن كېلىدىغان سوغۇق ساپ ھاۋا قەشقەر ئاسمىنىدا ئۇچرىشىپ، مۇزتاغ باغرىدىكى بۇ بوستانلىقنىڭ راھەتبەخش ھاۋاسىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ زېمىننى پايتەخت قىلىپ تاللىشىدىكى نۇرغۇن شەرتلەر ئىچىدىكى ئاساسلىق شەرتنىڭ بىرى مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك.

بىز مانا بىر ئۇچى تەكتى ئەسرادىكى، يەنە بىر ئۇچى ئەرش مۇئەللەقتىكى قارا ئارغامچىدەك يولدا ئۇۋىسىغا ماڭغان چۈمۈلىدەك تىزىلىپ مېڭىپ، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىگە — تاشقورغاننىڭ گۈزەل يايلاقلىرىغا ئۇلاشتۇق.

مانا، رىۋايەتلەردىكى گۈزەل چىمەنلەر، چىمەنلەر ئارىسىدا شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان تاغ بۇلاقلىرىنىڭ مۇزدەك سۈيى. سۇ بويىدا بوستان يايغان تاغ سۆگەتلىرى ئارىسىدا ئازادە بىر قورۇق بار ئىكەن. بۇ تىپىك ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئارىيانلارنىڭ قۇرۇلۇش ئۇسلۇبىدىكى قورۇق ئىدى. قورۇقنىڭ چوڭ، سۇرلۇك ئىشىكىدىن ئاۋۋال قاپلاندەك بىر قارا تايغان كۆزىنى پارقىرىتىپ ئېتىلىپ چىقتى. مانا بۇ قورۇق — قايىنام تۇغۇلغان، يۇزنەچچە يىل بۇرۇن بىنا بولغان قورۇق. ئۇماق بىر ئوغۇل تايغاننىڭ ئارقىسىدىن كېيىكتەك ئويناقشىپ چىقتى. مېھرىبان ئاق دىل ئانا بىزنى ئەدەپلىك سالام بىلەن قورۇققا باشلىدى. قورۇقتىكى ھەربىر نەقىشتە ئەجدادلارنىڭ قوللىرى مىدىرلاۋاتقاندەك، قىلىچ ئويناۋاتقاندەك، تۇغ ـ ئەلەملىرى، دۇبۇلغىلىرى پارقىراۋاتقاندەك كۆرۈندى.

داستىخاندىكى قىمىز، جىگەردەك ئۇيۇغان قېتىق، سۇزۇك

ئالمىدەك سېرىق ماي، سۈتلەر بىزگە ئوتتۇرا ئەسىردىكى پاك، تۇز - تەمى بۇلغانمىغان تولۇق تەملىك دۇنيانى، مېھرى ئىسسىق بىر داستىخاننىڭ تەمىنى ھېس قىلدۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن بىز چۇمۇلە سەپىرىنى يەنە باشلاپ، ئەرش مۇئەللەقتىكى بارگاھىمىزغا ئۆرلىگىلى تۇردۇق.

ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ، دېمىمىز كېسىلىپ، ئۆپكىمىز ئاغزىمىزغا تىقىلىپ، ئاران - ئاران كېتىۋاتىمىز. بىر چاغدا ھاۋاسى تولىمۇ شالاڭ، قاقاس تاغ ئارىسىدىكى كارىدورغا جايلاشقان پاكار تاملىق ئۆيلەر بار جايغا يېتىپ باردۇق.

— مانا بۇ — داڭلىق خۇنجىراپ، — دېدى قاينام قىزغىنلىق بىلەن كۈلۈپ.

جېنىم بوغۇزۇمغا قاپلىشىپ، تىنالماي، ئىنجىقلاپ ئاران يەرگە چۈشتۇم. قايىنامدىن باشقا ھەممىمىز توختىماي جۆۋاز سۆرەپ تالغ ئانقۇزغان قېرى ئۆيدەك ھاسىراپ، پۇشۇلداپ، بۇرۇن پەررەكلىرىمىز كېرىلىپ، سېرىقلار ساماندەك، قارىلار تۆمۈردەك، قىزىل يۈزلۈكلەر لازا قاچىلىغان سۇلياۋ خالتىدەك ئېسىلىپ كېتىپتىمىز. تازا كۆچەپ، ئاغزىمنى سۇدىن ئايرىلغان بېلىقتەك ئاچسامۇ، بۇرنۇمنى بىر كىم تۇتۇۋالغاندەك تىنالماي:

— ۋاي، خۇنجىراپ دېگەن مۇشۇمۇ، قېنى بۇ ھاۋا؟ — دېدىم.

— بۇ يەردە ئادەم ئاز، دەپ ھاۋانى ئادەمگە لايىق تەقسىم قىلىپ، قالغان ھاۋانى قەشقەرگە توشۇپ كەتتى. ھاۋانى كۆپەيتىپ بېرىش توغرىسىدىكى دوكلات يازغىلى 1992 يىل بولدى، ھېچ كۆپەيتىپ تەستىقلاپ بەرمىدى.

قايىنامنىڭ قىزىقچىلىقىدىن ھەممىمىز تەڭ كۈلۈشتۇق. بىز ئاران ـ ئاران تۇرغان چېغىمىزدا، بىر كۈلكە بىلەنلا بۇ ھاۋا ياۋا كەپتەردەك ئۇچۇپ كەتتىمۇ ـ قانداق، يۈرىكىم بىردىنلا شىددەت بىلەن سوقۇپ، تاغلار خۇددى بوراندىكى سۆگەتتەك پۇلاڭشىغىلى، يەر ـ زېمىن يىپچى خوتۇننىڭ چاقىدەك چۆرگىلىگىلى تۇردى. ماڭالماي ئولتۇرۇپ قالدىم. ھاراقتىن يانماي ياندۇرغان مەستتەك «ھۆ» تۇتۇپ، جېنىم بىر تومۇردا قالدى. «ئىم، قىلىدىغان ئىشلىرىم بەك جىقتى. ياش تۇرۇپلا كېتىپ قالىدىغان بولدۇممۇ، نېمە؟!» ھەر بىر ئىنساننىڭ كۆڭلىگە مۇشۇ ئىشلار كەلگەندە، كەچمىگەن خىياللار كېچىپ، نى ـ نى ئارمانلار، قىلالمىغان نۇرغۇن ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىراقلا ئېسىگە كېلىپ، ھايات شۇنچە قەدىرلىك تۇيۇلىدىكەن.

— ئاۋايلاپ ئاستا ماڭسىلا. يۆلەمدۇق يا،— سەممىيلىك بىلەن سورىدى قايىنام كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ياق. سىلەردەك ماڭالمىسامـمۇ تىرناقداپ بولسىمۇ مېڭىپ باقاي،— دېدىمەن نومۇس كۈچى ھەممىدىن غالىب كېلىپ.

— ئاۋايلاپ مېڭىپ كۆنسىلە بولىدۇ. ئۈچ كېچىنى ئۆتكۈزۈۋالسىلا بۇنچىلىك قىيىنىلىپمۇ كەتمەيلا.

— مەن زادىلا تىنالمايۋاتىمەن. سىلەرچۇ؟

— كۆنۈپ قاپتىمىز. ئەمما، بىزمۇ تەستا تىنىپ ياشايمىز. ئامال يوق.

ئىككى قەدەمدە بىر ئولتۇرۇپ دىگودەك ئىشخانا ئالدىغا باردۇق.

ئارىمىزدىكى ئوتتۇرا ياشلىق شائىر ئاكىمىز تاھىر تالىپ

چاقچاق قىلدى:

— مەنغۇ كېسەل ئادەم، سەكسەن خالتامغا دورا قاچىلاپ چىقتىم. ماۋۇ تېنى ساق ياش بالىلارنىڭ ھالىنى كۆرۈڭ.

ئىشخانا بىناسى ئالدىغا بارغاندا تاموژنىنىڭ ياش ئەزىمەتلىرى ئالدىمىزغا چىقتى. ئالدىدا چىقىپ كەلگەن دارازا — قايىنامنىڭ ياش مۇئاۋىنى ئالىم، ئۇنىڭ كەينىدىكىسى كەسپىي بۆلۈم باشلىقلىرى ئەركىن، مۇھەممەت ئېلى، ئاندىن بىر خەنزۇ چوكان بىلەن خەنزۇ يىگىت بىز بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى.

— «خەلق گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى كېلىدۇ، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغانتۇق. بۇلار شۇمۇ؟ — دېدى ئالىم بىز بىلەن چاقچاقلىشىپ، تونۇش ئىكەنلىكىمىزنى بىلدۈرۈپ.

— ئۇلار يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن كېلىدۇ. بۇلار بولسا بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنى چۈشىنىپ كېلىش ئۈچۈن كەلگەن قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ شائىر - يازغۇچىلىرى.

— ھە، ئوبدان كېلىپسىلەر. ماكانىمىزنى تونۇشتۇرۇپ قوياي: ماۋۇ شەرقىي تاغ باغرىدىكى تاشقورغان دەرياسى، ئاۋۇ غەربتىكىسى مىڭتېكە داۋىنى. ئۇ قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئىز سىلىپ كەلگەن يېرى. بىز ئوتتۇرىدا — خۇنجىراپتا تۇرۇۋاتىمىز. خۇنجىراپ دېگەن مانا مۇشۇنداق يەر، — دېدى ئالىم.

ھالسىز كۆزلىرىمگە يىراقتا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مىڭتېكە داۋىنى بىلەن داۋاننى كېسىپ تۇرغان مىڭتېكە جىلغىسى تاشلىنىپ، مەستخۇش يانقان خەتەرلىك ساھىبجامالنىڭ تولغان ساغرىسىدەك كۆرۈندى.

## دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېگىز تاموژنا

خۇنجىراپ تاموژنىسى پەللال دېگەن يەرگە جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 4300 مېتىر ئېگىز. ھازىر دۇنيادا بۇنداق ئېگىزلىككە جايلاشقان تاموژنا يوق. قارا قۇرۇم تېغى ئارىسىدىكى بۇ تاموژنىنىڭ ئادەملىرىدە دائىم تۆت پەسىلنىڭ كىيىملىرى تولۇق بولۇشى كېرەك. ھازىر كالتە يەڭلىك كۆڭلەك كىيگەن بولسا، سەل كېيىن قارا قۇرۇم چوققىسىدىن ھۇۋلاپ كەلگەن شىۋىرغان ئارىلاش قار بۇلۇتى شىددەتلىك جۇدۇن پەيدا قىلىپ، كۆڭلەكنىڭ ئورنىغا جۇۋا، شىبلىتنىڭ ئورنىغا پىيما كىيىشكە مەجبۇرلاپ، كىيىم ئالماشتۇرۇپ بولغۇچە تومۇزنىڭ تەرى بىلەن جۇدۇننىڭ زەھىرى بۇرنىدىن ئالىدۇ. ياشىرىپ تۇرغان چۆپلەر مۇز ئاستىدا قالىدۇ.

بۇ يەردىكىلەرنىڭ بىردەمدىلا ھوشىدىن كېتىپ، پۇت - قولى ماغدۇرسىزلانغان ھالدا ھوشىغا كېلىشلىرى، كۆڭلى ئاينىپ، مەززىلىك تائامنى ئاچچىق زەرداب قىلىپ قۇسۇشلىرى، ئىچى سۈرۈشلەر يولدا كېتىۋېتىپ چۈشكۈرگەندەك بىر خىل تەبىئىي ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان.

## قوشتىن سۆرەمگە، سۆرەمدىن جۇۋازغا

بۇ ئېغىزدىن كىرىپ - چىقىۋاتقانلار دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن ھەر خىل ئىرق، مىللەت، ھەر خىل

تىللىق ئادەملەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ رەسمىيەتلىرىنى بۇ تاموژنىدىكى يىگىرمە بەش نەپەر خادىمنىڭ بىجىرىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار سىنا بويىچە ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئون نەچچە ئادەمنىڭ كۈنىگە 500 چە ئادەمنى تولۇق رەسمىيەت بىلەن يولغا سېلىشى ئېيتماققا ئاسان، قىلماققا تولىمۇ تەس بولغان مۈشكۈل — ئېغىر ئىش ئىدى. مۇھەممەت ئېلى ئادەملەرنىڭ سومكا - بوغچىلىرىنى تەكشۈرۈپ بولالماي، بېلى پۈكلىنىپ، ئۈزۈلۈپ كېتىدىغاندەك ئاغرىپ ئۆرە بولالماي قالدى. قەدەم پاسپورت رەسمىيىتىنى يېزىپ بولالماي، كۆزى تورلىشىپ، غولىنى تارتىشىپ، مۈكچىيىپ قالدى. ئەركىن بولسا ئادەملەرنىڭ كومپىيۇتېرغا تۈسىنى ئالغان ساختا، رەزىل ئويۇنلىرى ئارىسىدا راست - يالغاننى پەرق ئېتىپ بولالماي جىلە بولۇپ تېرىكىپ كەتتى. ئۇلار مەيلى قانداق ئىشلارنى قىلمىسۇن، ھامان مۇلايىم، خۇشخۇي بولۇشقا تىرىشىشى، ئېغىزدىن ئۆتكۈچىلەر قوپاللىق قىلسىمۇ كۈلۈپ تۇرۇشى كېرەك. مانا ھەر خىل تىللارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى ئارىسىدا ۋاقىتمۇ ۋىچىرلاپ ھارمىدى. بىر كۈنلۈك خىزمەت تۈگەپ، خۇنجىراپتىكى شاۋقۇن - سۈرەنلەر بېسىققاندا تاموژنىدىكى ھەر بىر ئادەم ھەر بىر ئىش ۋاقتىدا خۇددى جۇۋازدىن چىقىپ ھالىدىن كەتكەن ئۆكۈزدەك جىممىدە ماكچىيىپ ئولتۇرۇپ كېتىدۇ. ھېچكىمنىڭ بىرقەدەم ماڭغۇدەك، ھەتتا بىر ئېغىز گەپ قىلغۇدەك ماغدۇرى قالمايدۇ. ئۇلار ئېزىلىپ ئولتۇرۇپ، توختاۋسىز ئېقىۋاتقان تاشقورغان دەرياسىنىڭ تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلغان شاۋقۇنىنى ئاڭلاۋاتقاندەك، سۈزۈك كۆكتە لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتلارغا،

بولۇتلارنى ئارىلاپ ئەگىپ يۈرگەن بۇركۈتنىڭ ھەرىكىتىگە تىكىلىپ قالغاندەك ھارغىن، جىمجىت كۆرۈندۇ.

## بار تۇرۇپ، ئاچلىقتىن يىقىلدى

ئاشپەز توخلانقۇغا قاراپ بېشى ئايلىنىپ كەتتى. قەدىمكى «قىر - چاپ» ئۇرۇشىدەك ئالامان ئىچىدە — ئۆرۈلۈپ - سوقۇلۇپ، ئۇسۇشۇپ يۈرۈشلەر ئىچىدە ئاشپەز تۇرسۇنجان قايىنامىنىڭ قاتتىق بۇيرۇقى بىلەن بارلىق ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، كۆنگە ئۈچ ۋاخ تاماقنى ئوبدان ئېتىپ قاچىلارغا، تەخسىلەرگە ئېلىپ قويدى. قانچە قېتىملاپ ئادەم قايىنمىنى ئىچىگە قىستىلىپ كىرىپ، تاماق ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. ئۇ مىڭ تەسلىكتە ئالىمنىڭ يېنىغا بارغاندا ئۇنىڭ توپاقتەك ھۆركىرەپ: «ما ئىشنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟» دەپ ئالايغىنىدىن غىققىدە بولۇپ ياندى. «تاماق سوۋۇپ قالدى» دەپ ئەركىننىڭ يېنىغا بېرىۋىدى، ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئارىسىدا بېشى قېيىپ كەتكەن ئەركىن ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگۈدەك بولمىدى. بوغچا، قاپ، يەشىكلەر ئارىسىدا مۆكچىيىپ قالغان ۋاھىتنىڭ يېنىغا بېرىپ: «بەش مىنۇت ۋاقتىڭلارنى چىقىرىپ تامىقىڭلارنى يېۋېلىپ، ئىشنى ئاندىن كېيىن قىلمامسىلەر، بولمىسا يىقىلىپ قالىسىلەر» دېۋىدى، ۋاھىت قىزىقچىلىق قىلىپ: «ئاغزىمىدىكى تاماكىنى كۆرمىدىلىمۇ، قورساقنى ئىس بىلەن تويغۇزۇۋالدىم. بىر نەرسە پاتقۇدەك يەر يوق» دېدى. بىراق، ئۇ قەدەمنىڭ يېنىغا

ھەرگىزمۇ يېقىن بارالمىدى. قەدەم ھارغىنلىق چىقىپ تۇرغان كەسكىن ئاۋازى بىلەن ھېلى تاجىكچە، ھېلى ئۇردۇچە سۆزلىمەكتە ئىدى، بىر توپ ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆتەلمەي تۇرغان ئاشپەزگە قاراپ چېچەن كۆزلىرىنى «ھېلىراق» دېگەن مەنىدە قىسىپ قويىدى. توخلاتقۇنىڭ ئىچى ھەر خىل قورۇما، قوي گۆشى شورپىسى، توخۇ، بېلىق، مانتا، گۆش نان، ھەر خىل ئىسسىق تائاملار بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. بەزىسى يېرىم ئېغىز تېگىلگەن، بەزىسى بىر چىشلەم چىشلەنگەن، بەزىسىنىڭ پېتى بۇزۇلمىغانىدى.

## ساغلام ئادەملەر ئىدى

ھەر قانداق بەردەم ئادەم بۇ يەردە ئۈچ يىلدىن ئارتۇق ئىشلىگەندىن كېيىن بەدەن ئەزالىرىنىڭ مۇشۇ يەرنىڭ ئاتا قىلىدىغان كېسەللىرىگە قارشى كۈچى ئاجىزلاپ، بىر قانچىدىن كېسەلنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىۋالىدۇ. بۇ يەردە ئىشلەۋاتقانلارنىڭ — خۇنجىراپنىڭ ئاشۇ يىگىرمە بەش نەپەر ساغلام يىلپىزلىرىنىڭ توقسان پىرسەنتى ئاللىقاچان بۇ يەردە ئالدى 20 يىل، كەينى بەش ـ ئون يىل ئىشلىگەنلەر ئىدى. ئۇلار ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە يۈرەك يوغىناش، يۈرەك تىقىلمىسى، ئاشقازان، ئۈچەي يوللىرى كېسەللىكى، قان بۇزۇلۇش، چاچ چۈشۈش، نەپەس يوللىرى كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولغان. دەسلەپ بۇ يەرگە خىزمەتكە كەلگەن ھەر بىر ياش: «ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى قاتتىق چىشلىگەن، جىنىدىن تويۇپ بالدۇرراق كېسەلمەن

بولۇپ يىقىلاي، دېگەن ئادەم بۇ يەرگە چىقىپ ئىشلىسە بولىدىكەن» دەپ قاتتىق ئازابلىنىدۇ. لېكىن بۇ يەردىكى ياشلار ئارىسىدا ئىنسان ئەڭ ئارزۇ قىلىدىغان، لېكىن كەمدىن ـ كەم ئېرىشكىلى بولىدىغان قىزغىنلىق، ئۈمىدۋارلىق، سەمىمىي دوستلۇق، كۆيۈنۈشلەر، ئادەملەر مۇناسىۋىتىدىكى ھالاللىق بۇ ئازابلارنى تېز ئۇنتۇلدۇرىدۇ. كىمنىڭ چىرايى سولغۇن، روھى چۈشكۈن بولسا، ھەممىسى شۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ جان پىدا بولۇشىدۇ. كىمنىڭ بېشىغا دەرد كەلسە، ھەممىسى ئۇنىڭ غېمىنى تەڭ تارتىدۇ. كىم ئائىلىسىنى سېغىنسا، باشقىلار ئۇنىڭ ئىشىنى تالىشىپ ئېلىۋېلىپ، ئۇنى پاكىز كىيىندۇرۇپ خۇشال ھالدا ئۆيىگە ئۇزىتىپ قويىدۇ.

ئادەملەرنىڭ ھازىرقى ۋايىساشلىرى، بەزىدە ھەممىدىن بىزار بولۇشلىرى مۇشۇ ئىنساپ، ئىنسانىي مۇھەببەت، سەمىمىيلىكتىن ئىبارەت كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ قىممەتلىك بايلىقىنى يوقىتىپ قويغانلىقتىن ئەمەسمۇ؟

## ئانامنىڭ جېنىنى ئالغان سەنمىدىڭ

ئالىم 1984 ـ يىلى شاڭخەي تاموژنا شۆبىسىنىڭ پۇتتۇرگەندە خۇنجىراپ تاموژنىسىغا تەقسىم قىلىندى. ئالىي مەكتەپنى پۇتتۇرۇپ يېڭىدىن خىزمەتكە چىقىش ئالدىدا بۇ ياش، كېلىشكەن، قابىل يىگىت مەرھۇم ئانىسىنى ئەسلەپ «ئەگەر ئانام ھايات بولغان بولسا، ھازىر مېنىڭ ئوقۇش پۇتتۇرۇپ كېلىپ خىزمەتكە قاتنىشىش ئالدىدا تۇرغانلىقىمنى كۆرگەن

بولسا، ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خۇشال بولغان بولاتتى. ھەر قېتىم خۇنجىراپتىن قايتقاندا، ئانامغا تاشقورغاننىڭ سۈزمىسىدىن ئالغاچ كېتىشنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايتتىم» دەپ يىغلىۋەتتى.

ئۇ شۇلارنى خىيال قىلىپ ئىختىيارسىز ھالدا ئانىسىنىڭ تەبەسسۇم بىلەن چۈشكەن سۈرىتىگە تىكىلىپ قالدى. «ھازىرقى خۇشاللىقىمنى، سەن بولمىغانلىقتىن كۆڭلۈمنىڭ يېرىملىقىنى روھىڭ كۆرۈۋاتقاندۇ. خۇنجىراپقا بېرىپتۇ، شەھەردە ئىشلەپتۇ، دەپ روھىڭ قورۇنۇپ قالمىسۇن. مەن شەھەردە چوڭ بولۇپ، شەھەردە ئوقۇدۇم، ئەمما مەن ھەيۋەتلىك تاغنى، كەڭرى دالىنى، ياپيېشىل يايلاق، ساپ ھاۋانى ياخشى كۆرىمەن».

— مەن سېنى خۇنجىراپقا ئەۋەتمەيمەن.

دادىسى سوغۇق، زەردە بىلەن شۇنداق دېدى. قىزغىن سۆزلەپ كەتكەن ئالىم مىسكىنلىك بىلەن ئاكا - ئۇكىلىرىغا قارىدى. ھەممەيلەننىڭ چىرايىنى چەكسىز قايغۇ - ھەسرەت تۇمانلىرى قاپلىغانىدى. ئالىم ھەيران قالدى.

— نېمىشقا؟

ھېچكىمدىن زۇۋان چىقمىدى.

— ھەممىڭلار خاپىغۇ. مېنىڭ خىزمىتىمگە نارازى بولۇۋاتقاندەك قىلىسىلەر.

— خۇنجىراپتىن باشقا ھەرقانداق يەردە ئىشلىسەڭ بىز خۇشال بولىمىز، ئەمما سېنى خۇنجىراپقا ھەرگىز چىقارمايمىز، — دېدى ئېغىر، كەم سۆز ئاكىسى مۇتەللىپ كەسكىن قىلىپ.

— نېمىشقا؟

— ساپساق خىزمەتكە كەتكەن ئانام ئاشۇ خۇنجىراپتا بۇ ئالەمدىن ۋاقىتسىز كەتتى.

شۇ سۆز بىلەن ھەممەيلەننىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلدى. ئالىم ئانىسىنىڭ سۈرىتى ئالدىدا قېتىپ قالغاندەك تۇرۇپ قالدى. بۇ تۇيۇقسىز زەربە، تەقدىرنىڭ ئۇدۇل كەلتۈرۈپ قويۇشى ئالىمنىڭ سەبىي يۈرىكىنى قاتتىق بىر مۇجۇغانىدى. ئۇ خېلى كۈنلەرگىچە قاتتىق جىمىپ كەتتى، ھېچكىمگە گەپمۇ قىلمىدى. ئۆيدىكىلەر ئۇنى خۇنجىراپقا چىقمايدىغان بولدى، دەپ خىزمىتىنى باشقا يەرگە تەقسىم قىلدۇرۇشنىڭ مەسلىھىتىگە كىرىشتى. ئىككى ھەپتە بولدى دېگەن كۈنى ئالىم كېرەكلىك نەرسىلىرىنى ئېلىپ ئۇنىسىز ماڭدى.

— نەگە بارىسەن؟

— خۇنجىراپقا.

ئۆيدىكىلەر داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى ـ دە، ئۇنى بەس ـ بەس بىلەن ئەيىبلەپ كەتتى:

— ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ؟

— ئەقلىڭ جايىدىمۇ؟

— ئانامنىڭ جېنىنى ئالغان قارغىش تەگكۈر يەردە يەنە نېمىدەپ ئىشلىگۈڭ كېلىپ قالدى؟

— بولدى، خۇنجىراپقا بارمىدى، دەپ خىزمىتىڭنى بىكار قىلىۋەتسە مەيلىكى، سېنى ھەرگىز ئەزرائىلنىڭ چاڭگىلىغا ئەۋەتمەيمەن، — دېدى دادىسى تىترەپ تۇرۇپ.

ئالىم بىر ھازا جىممىدە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن:

— جېنىم دادا، مەن بىر قاۋۇل ئەركەك، ئانامنىڭ

جىنىنى ئالغان سەنمۇ، دەپ بىر باراي زادى. قېنى، مېنىڭ جېنىمنى قانداق ئالىدىكەن، بىر كۆرۈپ باقاي.

يالۋۇرۇپمۇ، تىللاپمۇ، تەھدىت سېلىپمۇ ئۇنى ھېچكىم نىيىتىدىن ياندۇرالمىدى.

ئۇ خۇنجىراپقا كەلگەندە ئانىسىنىڭ: «جېنىم بالام، كەتكىن، بۇ كۆرۈمسىز سەت يەردىن تېز كەت» دېگەن ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى. ئۇ بوغۇلدى، تىنالماي ئازابلاندى. «قېنى، جېنىمنى ئالمامسەن» دېدى ئاسمان ــ پەلەك قار ــ مۇزلۇق چوققىلارغا قاراپ قەھر ــ غەزەپ بىلەن تىنىپ. ئۇ ئاخىر يېڭىپ چىقتى. يىللار ئۇنىڭ ئىرادىسىنىڭ بوش ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىدى.

## جاناندىن كەچكىلى بولماس

خۇنجىراپ تاموژنىسىدا ئىشلەيدىغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قېنى قايناپ تۇرغان ياشلار، ئۇلار ئاساسەن توي قىلغىنىغا بىر قانچە يىل بولغان، ئاشىق ــ مەشۇقلۇقتىن ئىسسىق ئائىلە مۇھەببىتىگە كۆچۈش باسقۇچىغا قاراپ يۈزلەنگەنلەر ئىدى. ئەپسۇس ئۇلارنىڭ ئىسسىق، ھەممە تەرىپىدىن يېڭىلىق چىقىپ تۇرىدىغان ئۆيلىرىدە ياشلىق ھېسسىياتى تېپچەكلەپ تۇرغان گۈزەل، نازۇك چىراي، بۇلاق كۆز جانانلىرى بىر يىلنىڭ سەككىز ئېيىدا ھىجران، سۈكۈت، ئىنتىزارلىق بىلەن كۈن ساناپ، تاغقا تەلمۈرۈپ، كۈيلەۋاتقان كېيىكتەك ئىچ ــ ئىچىدىن قايناپ چىقىۋاتقان ئىنتىلىشلىرىنى

بېسىپ، تىزىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرسا، ئۇلارنىڭ ئاشىقلىرى خۇنجىراپ تېغىدا تۇرۇپ، قەشقەر بوستانلىقىدا ئۆزىنى كۆتۈۋاتقان كېيىكلىرىگە بولغان چىداپ بولغۇسىز مۇھەببەت تەشنالىقىنى بېسىپ، تورۇسقا قاراپ ئۇيقۇسىز كېچىلەرنى ئۆتكۈزىدۇ. بۇ ھەممىدىن بەسىي مۇشكۈلچىلىك!

ئۆيدە يالغۇز قالغان جانانلار تەنها خىيال سۈرۈپ، ئۇلارنى كۈتۈش بىلەنلا ئۆتمەيدۇ. ئۆينىڭ يەنە ئەر كىشى تولۇقلاشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلىرى بولىدۇ. مانا بۇ ئىشلار ئەرلىرى بولمىغانلىقتىن، تەبىئىي ھالدا ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىپ قالىدۇ. خۇشال بولغاندا ئورتاقلىشىدىغان، دىللىرى سۇنغاندا تەسەللى بېرىدىغان ئۆمۈر سىردىشى يېنىدا بولمىغانلىقتىن، بۇنداق مىنۇتلاردا يىگىتلىرىنىڭ تامغا ئېسىقلىق سۈرىتىگە قاراپ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز سېغىنىش ياشلىرى سىرغىپ چىقىدۇ. بۇ ياشنى يىرىك بۇرۇتلۇق لەۋلەر شۈمۈشى ياكى قوپال، يوغان قوللار نازۇك ئېڭەكلەرنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىدە سۆزلىشى، باغرىغا بېسىپ تەسەللى بېرىشى كېرەك ئىدى، ئەمما ئۇلار ھىجران ئازابى، ۋىسال تەشنالىقىدا «بىرى تاغدا، بىرى باغدا ئۆتۈشىدۇ.» كۆز يېشى، سېغىنىش، غېرىبسىنىش، يالغۇزلۇق ئەلەمگە، ئەلەم يارىغا، يارا ئېغىز ئېلىشلارغا ئايلانغان جۇدۇنلۇق كۈنلەرنى ھەر بىر جۈپ كېلىشكەن قىز ـ يىگىتلەر ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزدى.

غەزەپتىن: «توي قىلىپ بۇنداق يالغۇز ياشىغۇچە، توي قىلماي بويتاقلىقنىڭ دەردىنى تارتقانمۇ خوپ» دېيىشلەر بولدى. ئەمما ئۆز مەشۇقىدىن راستىنلا ئايرىلىپ قېلىشنى ئويلىغاندا

يۈرەكتىن قىل سۇغۇرغاندەك ئاچچىق «ئۇھ» چىقتى. جانانلار كاللىسىغا ئايرىلىپ كېتىش دېگەن ئاچچىق، كۆيدۈرگۈچ خىيال كەلگىنى ئۈچۈن ئىختىيارسىز ھالدا تويلۇق سۈرىتىنى كۆكسىگە بېسىپ، قايتىدىن تاتلىق يىغلاشقا توغرا كەلدى. مانا بۇ تېز، غۇۋا كۆرۈنۈشلەر خۇنجىراپتىكىلەرنىڭ ئورتاق مۇھەببەت خاتىرىسى بولۇپ قالدى.

## باللىرى ياتسىرايدىغان دادىلار

خۇنجىراپ تاموژنىسىنىڭ يىگىتلىرى بىرلا ۋاقىتتا توي قىلمىغان بىلەن ھەممىسىنىڭ تاغقا چىققاندىن كېيىن توي قىلغانلىقى بىر پاكىت. مانا بۇ پاكىت ئۇلاردىكى ئورتاق بىر سەرگۈزەشتىنى تۆرەلدۈرگەن. يىگىت تويدىن كېيىنكى شېرىن ئاينىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى تاغدا — مىڭتېكە داۋىنىنىڭ بېشىدا ئېسىلىپ تۇرغان كۆك ئاسمان، تولۇن ئاي، يۇلتۇزغا قاراپ ئۇيقۇ كەلمەي، ھىجران ئازابىدا تاشتا ئولتۇرۇپ، ئازابنى ئاچچىق ھاراق بىلەن قوشۇپ يۇتۇپ، دۇنيانى ئۇنتۇش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. نازۇك جانان بولسا، سۈت رەڭ پەردىلىك چىملىدىق ئىچىدە كېچىچە يىگىتىنىڭ ياستۇقىنى قۇچاقلاپ، ئۇنىڭدىن قالغان پۇراقنى ھىدلاپ، ئالدىنقى شېرىن ئاخشامنىڭ لەززىتى بىلەن ھازىرقى تەشنالىقنىڭ ئازابىدىن تۆكۈلگەن ياشتا ياستۇقنى ھۆللەپ، ئۇيقۇسىزلىقتىن كۆزلىرى قىزارغان ھالدا چاندۇرماي ئىشقا ماڭىدۇ. ئۇلار شېرىن ئاينىڭ قاچان باشلانغانلىقى بىلەن ئاخىرلاشقان — ئاخىرلاشمىغانلىقىنى بايقاپ

بولغۇچە، تونۇگۇن تېخى ئۆزلىرى شوخ بالىلار تۇرۇپ، بۈگۈن دادا بىلەن ئانىغا ئايلىنىپ قېلىشىدۇ. ئۇلار ئاشۇنداق ياشىسا شېرىن ئائىلىرى بەلكىم نەۋرە كۆرگۈچە تۈگىمەس.

خۇنجىراپ ئەزىمەتلىرى ئائىلىرىنىڭ ھامىلىدار بولغان چاغلىرىنى بىلگەن بىلەن، ئۇلار سېزىك ئازابىنى تارتقان كېچىلىرىدە يېنىدا بولمىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دادا بولغانلىقىنى بىلگەن بىلەن، ئائىلىرى ئاچچىق تولغاق يەپ، تۇغۇت ئازابى تارتىۋاتقان مىنۇتلاردا خۇنجىراپتا بولدى. كېچىلەردە بالا ئاغرىپ قالغان چاغلاردا يالغۇز ياش ئانا بالىسىنى پەپىلەپ، يۆگەپ، يىغلاپ دوختۇرخانىدا ئۇيقۇسىز يۈرگەندە، بۇ دادىلار تاغدا — قار - شىۋىرغان، ھاۋاسىز يەردە ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىش بىلەن بولدى. شۇنداق قىلىپ، بالىلارغا تىل چىقتى:

— ئاپا، دادام قېنى؟

— دادىڭ تاغدا.

— تاغدا يىمە ئىش قىلىدۇ؟

— ئىشلەيدۇ.

— يېمىشقا بۇ يەردە ئىشلىمەيدۇ؟

— دادىڭنىڭ ئىشلەيدىغان ئىشى تاغدا، بالام.

— قاچان كېلىدۇ؟

— دەم ئېلىش بولغاندا.

باشقا دادىلار كېچە - كۈندۈز بالىلىرى يېنىدا بولدى. ئۇلارنى باغچىغا، يەسلىگە، چوڭ دادىلىرىنىڭ يېنىغا ئاپاردى؛ يەكشەنبىدە، ھېيت - بايراملاردا بازارغا ئويناتقىلى

ئېلىپ چىقتى. لېكىن بۇ دادىلارنىڭ — خۇنجىراپتىكى ئەرلەرنىڭ بالىلىرىغا بۇ ئىشتا ئاتىلىق مېھرىنى يەتكۈزۈش پۇرسىتى بولمىدى. بۇ دادىلار ئۆيگە كەلسە، بالىلىرى سېغىنىپ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقماستىن، ئانىسىنىڭ كەينىگە مۆكۈۋالىدۇ ياكى سىرتقا قاچىدۇ. دۇنيادىكى كۆڭۈل يېرىمچىلىقى ئىچىدە دادا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى ياتسىراشتىن ئارتۇق كۆڭۈل يېرىمچىلىقى بولماس.

— بالام قاچما، سېغىنغان دادىڭ كەلدى.

— ياق، ئۇ دادام ئەمەس، ئۇ دېگەن ئۇزاقتا كېلىدىغان ئاكاش.

ياش ئەر - خوتۇنلار ئەپسىز هالدا بىر - بىرىگە قارىشىپ قېلىشتى. بالا دادىسىغا ھەم ئاپىسىغا ئوخشايدىغان بۇلاقتەك سەبىي كۆزلىرىنى ھەم ئانىسىغا، ھەم دادىسىغا تىكىپ چىرايلىق ئاغزىنى پۇرۇشتۇرۇپ:

— ئاكا، ماڭا يېمە ئەكەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

## ئۆز بالىلىرىدىنمۇ چارى

خۇنجىراپ تاموژنىسى ھەر يىلى مۇقەددەس جايغا بېرىپ، پەرزىنى ئادا قىلىپ كېلىدىغان بىر مۇنچە ھەج - تاۋاپ قىلغۇچى ئاتا - ئانىمىز، ئاكا - ئاچىلىرىمىزنى ئۇزىتىدۇ، كۈتۈۋالىدۇ. بىر كۇندە تۆت پەسىل نۆۋەتلىشىدىغان بۇ قاقاس جايدا ھەر بىر ئادەم مىڭ ئۆلۈپ تىرىلىدۇ.

ھەج - تاۋاپقا ماڭغانلارنىڭ زور كۆپچىلىكى بۇ دۇنيادىكى

ۋەزىپىسىنى ئاساسەن ئورۇنداپ بولۇش ئالدىدا تۇرغان ياشىنىپ قالغان بوۋاي ـ مومايلار بولۇپ، ئۇلار يالغۇز خۇنجىراپقىلا مېھمان ئەمەس، بۇ دۇنيا ئۇچۇنمۇ تەۋەررۇك مېھمانلار ھېسابلىنىدۇ. ئۇلاردا قېرىلىقتا قەدەم قويغاندا بولىدىغان ئاجىزلىقتا چاپلاشقان ھەر خىل كېسەللەر بۇ يەردە تېخىمۇ ئەدەپ كېتىدۇ. ئۇلار قىينىلىپ، ئېغىر، ئاجىز قەدەملىرىنى تەستە باسقان چاغلاردا تاموژنىدىكى ئەزىمەتلەر ئۇلارنى يۆلەشتۇرۇپ ماڭىدۇ. ھوشىدىن كەتكەنلەر، تىنالماي، ئېسىلىپ، كۆكىرىپ كەتكەنلەرنى دەرھال يۇدۇپ داۋالاش پونكىتىغا ئاپىرىدۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ تاموژنا رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىش جەريانىدا يۈكلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، ماشىنىغا بېسىشىپ بېرىدۇ. بۇ چاغدا بوۋاي ـ مومايلار ئاللاغا بولغان چوڭقۇر سېغىنىش بىلەن ياشلارغا ساغلاملىق، ئۇزۇن ئۆمۈر، بەخت تىلەپ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ دۇئا قىلىدۇ. يىگىتلەر ئۆزلىرى ئىچىدىغان قىزىق چايلارنى ئۇلارغا تەڭلىگەندە، خىزىر سۈپەت بوۋايلار، پەرىشتىدەك مومايلار بۇ يەردە ئۆز ئوغۇللىرىنى كۆرگەندەك بولىدۇ.

## زەھەرلىك چېكىملىك ئالۋاستىلىرىنى تۇتۇش

1991 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى چەت ئەلدىكى زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىرى سودا گورۇھىنىڭ قارا قوللىرى تەرىپىدىن بىر كىلو خىروئىننى ئېلىمىز چېگرىسىدىن كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئېلىپ مېڭىلغانلىقى ھەققىدە جىددىي

مەخپىي خەۋەر كەلدى. خۇنجىراپ تاموژنىسىدىكىلەر جىددىيلىشىپ قالدى. بۇ كۈنى ھاۋانىڭ ئەلپازى ئىنتايىن يامان بولۇپ، خۇنجىراپ دالىسى، پىلال تاغلىرى، مىڭتېكە داۋىنى، ھەيۋەتلىك قارلىق چوققا، مۇز تاغمۇ قارا تۇتەك ئارىسىدا كۆرۈنمەي قالغانىدى. دەسلەپ ناھايىتى قويۇق قار ياغدى، ئاندىن بوران ئارىلاش جۇدۇن بولۇپ، شىددەتلىك شۇۋىرغانغا ئايلىنىپ كەتتى. قايىنام ئىمارەتشاھ كېچىدە ئۈزمەي تاماكا چېكىپ، ئەتە بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەر بىر ئىنچىكە ھالقىلىرىغىچە ئىشنى قانداق باشلاپ، قانداق قول سېلىش كېرەكلىكى ھەققىدە باش قاتۇردى. خىروئىننىڭ ئېلىمىز چېگرىسىدىن كىرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىشەنچلىك ئاخبارات پاكىتقا ئايلاندى. خىروئىن ئەتكەسچىلىرى ئۇستا كېلىپ، كۆزىمىزنى باغلاپ، بىزنى ئازدۇرۇپ كەتسە قانداق قىلغۇلۇق؟ ئۇ قازاندەك قارا، جۇت قاپلىغان دېرىزە سىرتىغا قاراپ ئۈزمەي تاماكا چېكىپ، ئەتىكى ھەرىكەتنىڭ مۇكەممەل پىلانىنى ئۆز كۆڭلىدە پىشۇرۇپ چىقتى. سۇبھى مەزگىلدە تاموژنىدىكى بارلىق خادىملار تولۇق تەييارلىق بىلەن سەپراس بولدى. قايىنام ئىمارەتشاھ ئىخچام، قىسقا سۆزلىدى:

— بۈگۈن خۇنجىراپ تاموژنىسى تارىخىدىلا ئەمەس، پۈتۈن شىنجاڭ تاموژنا تارىخىدا تۇنجى قېتىملىق ئەڭ چوڭ زەھەرلىك چېكىملىك دېلوسى مۇشۇ يەردە يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ھەر بىر ئادەم ئۆز مەسئۇلىيىتىنى شەرتسىز ئورۇندىشى لازىم. كىمكى قىلچە بىخەستەلىك قىلىدىكەن، پارتىيە ئىنتىزامى، دۆلەت قانۇنى بويىچە قاتتىق بىرتەرەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر بۇ دېلو

پاش قىلىنمىسا، خۇنجىراپ تاموژنىسى ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك خاتالىقى ئۆتكۈزدى، دەپ قارىلىپ جازاغا تارتىلىدۇ. . .

ھەر بىر ئەزىمەت بەلگىلەنگەن نۇقتىلار بويىچە قاتتىق كونترولدا تۇردى. بۈگۈن بۇ يەردىن ئىككى يۈز مېھمان ئۆتىدۇ. خىروئىن زادى كىمدە، قەيەردە؟ ھەر تەرەپلىمە كۆزىتىش، ئورتاق تەھلىل قىلىش ئارقىلىق دەسلەپكى قەدەمدە ئون گۇمانلىق نۇقتا بېكىتىلدى. تېخىمۇ ئىنچىكە مۇھاكىمىدىن كېيىن بەش ئادەم رەسمىي گۇمانلىق دەپ ھۆكۈم قىلىنىپ قاتتىق تەكشۈرۈلدى. خۇنجىراپ ئەزىمەتلىرى ئازماي توغرا دىئاگنوز قويغانىدى. بىرى، 450 گرام خىروئىننى يوتىسىغا، يەنە بىر شېرىكى 590 گرام خىروئىننى بېلىگە باغلىۋالغانىدى. قالغان ئۈچ ئادەمدىنمۇ بىر مۇنچە ئەتكەس ماللار تېپىلدى. ئۇلار مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. دۆلەت تاموژنا باش مەھكىمىسى بۇ غەلىبىنى تەبرىكلەپ، خۇنجىراپ تاموژنىسىغا «مەملىكەت بويىچە ئىلغار تاموژنا» دەپ نام بېرىپ تەقدىرلىدى.

## ۋەتەنگە شۇڭقار كېرەك

ۋەتەنگە ئەلۋەتتە شۇڭقار كېرەك ئىدى. ئەپسۇس، نۇرغۇن شۇڭقارلار ئادەملەرنىڭ رەھىمسىزلىكى تۈپەيلى ئۆز ۋەتىنىدە ياشاش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولدى.

بىزنىڭ ئادەملىرىمىز تەڭرىتاغلىرىنىڭ چوققىلىرى، تارىم ۋادىسىدىكى ئىپتىدائىي توغراقلىقلاردا ياشاۋاتقان چىرايلىق

شؤڭقارلارنى مەخپىي هالدا تؤتؤپ، ئازغىنا پؤل ئؤچؤن چەت ئەللىكلەرگە ساتتى. بولمىسا چەتتىن كەلگەن ئەتكەسچىلەر بؤ زېمىندىن هەرگىزمؤ شؤڭقار تؤتالمايتتى. ئؤلار بىزنىڭ نادان خەلقىمىزنىڭ پؤلغا ئامراقلىقىدىن پايدىلىنىپ، ۋەتەن ئاسمىنىدا ئەركىن پەرۋاز قىلىپ يؤرگەن قىممەتلىك شؤڭقارلارنى تؤتقؤزؤپ ئېلىپ كەتتى. خؤنجىراپ تاموژنىسىدىكى ئەزىمەتلەر چايدان، ئؤنئالغؤ قاپلىرىغا، يەشىكلەرگە بەند قىلىپ ئېلىپ مېڭىلغان 97 دانە ئېسىل شؤڭقارنى چەت ئەللىك ئەتكەسچىلەرنىڭ چاڭگىلىدىن قؤتقؤزؤپ، ۋەتەن زېمىنىغا قايتا قويؤپ بەردى.

## مەڭگؤ يېڭى گىلەم

ئؤنى قانچىلىغان ئەسىرلەر داۋامىدا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئەجدادلار تەۋەررۈكى، بؤيؤك هؤنەر ـ سەنئەت مىراسى سؤپىتىدە بىزگە قالدؤرؤپ كەتكەنىدى. پؤلدىن ئىبارەت بىز مەڭگؤ تويمايدىغان بؤ شېرىن نىجاسەت ئەقلىمىزنى بؤلغاپ، ئؤنى چەت ئەللىكلەرگە، بىزگە جىق كؤرؤنگەن ئاز پؤلغا ساتقؤزدى. كوچىلىرىمىزدا سؤرؤلؤپ يؤرگەن چەت ئەللىكلەرنىڭ ئىشىكلىرىمىزدىن خاتىرجەم ئؤسؤپ كىرىپ كونا گىلەمگە تەڭلىگەن پؤللىرى ئاستىدا بىر مؤنچىلىغان نارەسىدىلىرىمىزنىڭ بؤلغانغانلىقى، بوۋىلىرىمىزنىڭ روهىنى ساتقانلىقىمىز ئؤچؤن بىزگە بېرىلگەن هەق جازا، دەپ ئويلىساق قانداق بولاركىنتاڭ؟
كوچىلىرىمىزدىن نؤرغؤن كونا گىلەملەر يىغىپ

كېتىلدى. كونا گىلىمىمىز بارلاردىن ساتمىغانلىرىمىز قانچىلىكتۇ؟ نۇرغۇن گىلەملەر چەت ئەللەرگە ئېلىپ چىقىپ كېتىلدى. تاموژنا ئەزىمەتلىرى ئاشۇ ئەڭ قىممەتلىك، دۇنيادا كەم ئۇچرايدىغان، ئەمما مەڭگۈ يېڭى تۇرىدىغان گىلەمدىن 136 پارچىنى تۇتۇپ قالدى.

## دۇنيادىكى مۇقەددەس قوليازما بىزدە

ھازىر دۇنيادا مۇقەددەس ھېسابلىنىدىغان قۇرئانى كەرىمنىڭ ئەڭ بالدۇرقى قوليازمىسىدىن ئاران بەشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇچى بىزنىڭ يۇرتىمىزدا. ئۇ دۇنيا ئىسلام تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك ئەڭگۈشتەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دۇنيادىكى نۇرغۇن ئىسلام ئەللىرى، ئالىملىرى، ئۆلىمالىرى ئۇنى بىر كۆرۈشنى، ئېپى كەلسە قولغا چۈشۈرۈشنى بەك ئارزۇ قىلىدۇ. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئۇنى جانلىرىدىن كېچىپ ساقلاپ كەلدى. شۇ قوليازمىنىڭ بىرى چەت ئەلگە ئېلىپ چىقىپ كېتىلىش ئالدىدا خۇنجىراپ ئەزىمەتلىرىنىڭ قولىغا چۈشتى.

## قار كۆچكەندەك بېسىپ كەلدى

خۇنجىراپ تاموژنىسىدىن كىرىپ ـ چىقىۋاتقانلار ھەر خىل مەقسەت ـ مۇددىئا بىلەن دۇنيانىڭ ھەر يەرلىرىدىن كەلگەن ھەر خىل ئىرق، مىللەت، دىن، قەبىلىلەرنىڭ ئادەملىرى بولۇپ، ئۇلار ئىچىدە قارا قوللار، سودىگەرلەر،

ئەتكەسچىلەر، تەۋەككۇلچىلەرمۇ بار. شۇڭا، تاموژنىدىكى ھەر بىر ئادەم ھەرقانچە مۇشكۇلچىلىك، جىددىيچىلىك، ئاۋارىچىلىك ئىچىدە ياشىسىمۇ، ئىش بېجىرىشتە پرىنسىپچان، ئادىل، ئىستىلدا پاك بولۇپ، ھامان ئىنتايىن سەزگۈر تۇرۇشى كېرەك. بۇ يەردە ھە دېسىلا ئالتۇن ئۈزۈكلەر، ئالماس كۆزلۈك بىلىيارتلار، سىرلىق پارقىراپ تۇرغان كۆزلەر ئۇلارنىڭ مۇداپىئە ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىپ، ماللىرىغا باج ئالماسلىقنى، ئەتكەس ماللارنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا كۆز سالماسلىقنى ئۈندەيدۇ. ئالتۇن جابدۇقلار ئۇلارنىڭ روھىنى ئەسىرگە ئالالمىغاندا، يوغان، چۇپۇرلۇق قوللار نومۇسنى قايرىپ قويۇپ، شاراقلاپ تۇرغان ئامېرىكا دوللىرىنى تەڭلەيدۇ، ھەتتا يانچۇقىغا تىقىپ قويۇشقا ئۇرۇنىدۇ. ئادەتتىكى خادىملارنى باش ئەگدۈرەلمەي، ھەر قايسى بۆلۈم باشلىقلىرى، ھەتتا تاموژنا باشلىقلىرىغا تۇرۇلۇپ — تۇرۇلۇپ كېلىشكە باشلايدۇ. ئەمما ئۇلار قانداق كەلگەن بولسا يەنە شۇنداق قايتىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

## ئەمەلدارلار باغىقى

باج ئېلىشقا تېگىشلىك ھەر خىل ماللارغا قانۇن بويىچە باج قويۇلۇپ، پارا بېرىش ئاقمىغاندىن كېيىن باج تۆلەنگۈچە تۇتۇپ تۇرۇلدى؛ ھەر خىل ئەتكەس ماللار تۇتۇپ قېلىندى. پارا بېرىش يولىنى تاللىغان كىشىلەر تاموژنىدىن پارا يولىنى ئاچالمىغاندىن كېيىن خام تەمە، ئۆمۈچۈك توردەك مۇناسىۋەت

يوللىرىغا تەلۋىلىك بىلەن ئېتىلىپ، تەرەپ ـ تەرەپلەرگە پىتىراپ، دىپلوماتىيە ئۇرۇشى قوزغىدى. تاموژنىدىكىلەرنىڭ دادىللىرى، ئانىللىرى، تاغىللىرى، ھەتتا تاۋى نازۇك دىلبەرلىرىنى ئارىغا قويۇش مەقسىتىدە ئېلىپ كەلگەن مال ئىگىللىرىگە ئۇلار سەۋرچانلىق، چىدام، يۈزسىزلىك بىلەن قانۇن تىلدا مۇلايىم گەپ قىلىپ، تۇغقانلار ئارىسىدا تاپا ـ تەنىگە، سىپىسىق گەپكە قالدى. دىپلوماتىيە ئۇرۇشى بۇنىڭلىق بىلەن تۈگىمەي، ئەكسىچە تېخىمۇ زور قۇربان بېرىشلەرگە دۇچ كەلدى. ۋىلايەتنىڭ بەزى تارماقلىرى، ناھىيىلەر، ھەتتا بەزى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك چوڭ ئەمەلدارلار «خەلقپەرۋەر» بولۇپ، «خەلق تەرەپتە تۇرۇپ» تاموژنا بىلەن دىپلوماتىيە ئۇرۇشىغا قاتناشتى. ئۇلارنىڭ سىلىق بېشارەت، مۇلايىم تەھدىت تىللىرىدا يېزىلغان باغاقلىرى خۇنجىراپىقا قاردەك ياغقىلى تۇردى. باغاقلاردىكى ھۆرمەتلىك ئىسىملار ھەممەيلەننىڭ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، بۇژ ـ بۇژ تەرلىتىۋەتتى. مال ئىگىلىرى ئۇلارنىڭ ئالدىدا غالىبلارچە كۈلۈپ تۇردى. بۇ كۈلكە «ئالتۇن، دوللار سەن ئەخمەقلەرگە لازىم بولمىغان بىلەن . . .» دېگەن مۇزىكىدەك تەكتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس كۈلكە ئىدى. خۇنجىراپ يىلپىزلىرى بۇغىلار ئەخمەق قىلىپ ئۇزۇقسىز قالغاندەك ئۇيان ـ بۇيان تىپىرلاپ قېلىشتى. شىرە ئۈستىدىكى دۆۋىلىنىپ تۇرغان باغاقتا قاراپ ئۆزمەي تاماكا شوراپ، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن قاينام ئىمارەتشاھ كۈلۈمسىرەپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە:

— ھەممىڭلار سىرتقا چىقىڭلار! — دەپ سىرتقا ماڭدى.

باشقىلار ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ئۇ ھەيۋەتلىك مۇز تاغقا ئىككى بىلەن ئىشارەت قىلدى،— بىز دەل ئۇنىڭ يىلتىزى ئۈستىدە ياشاۋاتىمىز. ئەسىرلەردىن بۇيان ئۇنى ھېچكىم، ھېچقانداق مەخلۇق ھېچنېمە قىلالىغىنى يوق، بىز ئۇنى ئۇستاز تۇتساق دەيمەن.

قايىنامىنىڭ خاتىرجەم كۈلكىسى بىلەن خۇنجىراپ ئەزىمەتلىرىنىڭ چېھرىسىدە غالىبانە تەبەسسۇم پەيدا بولدى.

## خاتىمە

خۇنجىراپ ھەققىدىكى گەپ تېخى تۈگىگىنى يوق، مىليونلىغان ئادەملەر تولىمۇ ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، بۇ «يىپەك يولى ئېغىزى» نى كۆرۈپ كېتىۋاتىدۇ. خۇنجىراپ ئېغىزى، قارا قۇرۇم تاغلىرى، مۇزتاغ ئاتا، مىڭتېكە ئېغىزى ئەسىرلەرنىڭ تىرىك گۇۋاھچىسى بولۇشتىن قالغىنى يوق. بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنىڭمۇ مۇخ يولىدىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ «بۈيۈك كارۋان يولى» ئۈچۈن قانداق ئىز سالغانلىقىنى كۆرۈپ كېلىشىنى ئۈتۈنىمەن. ئۆزىمىزنى بىلمىگەندەك، بۇ يەرنى بىلمەسلىكمۇ بىر بەختسىزلىك، خالاس.

1992 ـ يىلى سېنتەبىر، ئۆكتەبىر، قەشقەر.

# ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلايلى

## پۇل ھەققىدە ئويلىغانلىرىم

پۇل ھەققىدە جىق گەپلەر، تەرىپاتلار بولدى. مەن پۇلنى ئىنساننىڭ ياشاش قورالى، دەپ قارايمەن. ھاياتنىڭ ئۆزى بىر جەڭ، بۇ جەڭگە قورالسىز كىرگەن ئادەم مىڭ ئۆلۈپ، بىر تىرىلىدۇ ياكى دۈشمىنىگە ئەسىرگە چۈشۈپ، ئۇنىڭغا قۇل بولۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇڭا، يانچۇقتا پۇل بولمىسا، ئادەمنىڭ ھاياتى قورالى يوق ئەسكەرگە ئوخشاپ قالىدۇ، ئەمما پۇلنى ئاتا ـ ئانا، پۇلنى دوست، پۇلنى ئېتىقادنىڭ ئورنىغا قويۇۋېلىپ ئۇنىڭغا چوقۇنسا، بۇ تاپانچىغا تەزىم قىلغاندىنمۇ بەتتەر ھاماقەتلىكتۇر. شۇڭا، پۇلغا ئىلاھ ئورنىدا چوقۇنماي، ئۇنى ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزىدىغان قورال قىلىش، بۇ قورالنى ئادەملىك يولى بىلەن قولغا ئېلىش كېرەك. ئەگەر بۇ قورال ياخشى ئادەمنىڭ قولىغا چۈشسە، جاھانغا ياخشىلىق تارايدۇ، يامانىنىڭ قولىغا چۈشسە، زۇلۇم ـ سەتەم كۆپىيىدۇ. ھازىرقى ھالىمىزدا قولىمىزدا تېخى ئىقتىسادتىن ئىبارەت قورال بولمىغاچقا، نامراتلىق تۇپەيلىدىن بويۇن قىسىپ، موھتاجلىق ئازابىدا قىينىلىۋاتىمىز. پۇل يوق قولىمىز قىسقا، پۇل يوق تىلىمىز قىسقا، پۇل يوق يولىمىز قىسقا، پۇل يوق ئەقلىمىز قىسقا بولۇۋاتىدۇ. بۇ مېنىڭ پۇلغا چوقۇنۇشقا قارشى تۇرغان

هالدا پۇلغا ئېرىشىش كۆز قارىشىم. پۇلدىن نەپرەتلىنىۋاتقان، پۇلنى تىللاۋاتقان بۇرادەرلەرنىڭ ياپونىيىلىكلەر، ئامېرىكىلىقلار، گېرمانىيىلىكلەر ۋە يەھۇدىيلارنىڭ ئىلىم ـ ھۈنەر ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگىنى ئىقتىساد ئىكەنلىكى، ئىقتىساد ئارقىلىق تېخىمۇ زامانىۋى پەن ـ تېخنىكىغا ئېرىشكەنلىكىدىن ئىبارەت زەنجىرسىمان باغلىنىشنى ئەقىل بىلەن ئويلاپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## پەسلىشىپ كېتىۋاتقان تەبىئىتىمىزنىڭ بىرقانچە پاكىتلىرى

مەن چەت ئەلدە، بىنالىرى، زاۋۇتلىرى بار ئىككى ئۇيغۇر باينىڭ بىرى يەنە بىرىدىن بىر قوشۇق تۇز سورىسا تەستە بېرىپ تۇرۇپ، ئېشىپ قالغان يېرىم قوشۇق تۇزنى قايتۇرۇپ چىقىپ كەتكىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. يۇرتىمىزدىكى بىر ئالتۇنچى باينىڭ ھەج قىلغىلى چىقىپ، سەئۇدى ئەرەبىستانى، تۈركىيىلەردە ئىككى يىل تىلەمچىلىك قىلغانلىقىنى قانچىلىغان نومۇسلۇق زاتلاردىن ئاڭلاپ يەرگە كىرىپ كەتمىدىم، ئۇنىڭ بېرىسى بولدۇم. يەنە يۇرتىمىزدىن ھەج ـ تاۋاپقا بارغان بىر بوۋاينىڭ ئەرزان باھالىق مالنى تاغاردا يۈدۈپ، ماگىزىنمۇ ماگىزىن يۈرۈپ: «مەن قېرى ئادەم. بۇ نەرسىلەرنى بىلمەي ئېلىپ قېلىپ يۇرتۇمغا كېتەلمىدىم» دەپ يالغان ئېيتىپ، ئىككى يىل سۆرۈلۈپ يۈرگەنلىكىنى، يات ئەلدىكىلەرنىڭ ئىچ ئاغرىتىشى، خەير ـ ساخاۋەت قىلىشى بىلەن يەتمىش مىڭ دوللار پۇلغا ئېرىشىپمۇ بىرەر ئېغىزلىق ئۆي ئىجارىگە ئېلىپ

ئولتۇرۇشقا ياكى مېھمانخانىدا يېتىشقا چىدىماي، قۇرۇلۇش باقىدىغان مەدىكارنىڭ سېمونت، قۇم دۆۋىسىدىن ياسىۋالغان كەپىسىدە يېتىپ جېنىدىن ئايرىلغانلىقىنىمۇ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ھەرەمگە بېرىپ مېھمانخانىدا يېتىشقا ياكى ئۆي ئىجارە ئېلىشقا چىدىماي، بىكارلىق، خەير - ساخاۋەت قونالغۇسىنىڭ تار بىر ئېغىزلىق ئۆيىدە 30 - 40 تىن بولۇپ تىقىلىشىپ، تەردىن سېسىپ پۇراپ كەتكەن پۇللىرىنى بەدىنىگە چىڭ تېڭىۋالغان ئۇيغۇرلار ھەققىدە؛ پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئالدىدا ئىزا تارتماي، نومۇس قىلماي، يۈز - ئابرۇيىنى تۆكۈپ، داللاردا، يول بويلىرىدا، دوقمۇش - دوقمۇشتا سۇنايلىنىپ يېتىشىپ كەتكەن ئۇيغۇرلار ھەققىدە؛ ئۆشرە - زاكات پۇلىغا ئەكېلىپ تارقىتىپ بېرىدىغان يېمەكلىكلەرگە خۇددى شاپاققا چىۋىن ئولاشقاندەك ئولىشىپ، بىر - بىرىنى دەسسەپ، چەيلەپ، تاماق تالىشىپ ئۇرۇشۇپ، پولۇنى خۇرجۇنغا، سومكىغا، گۆشنى قوينىغا تىقىشقان، «قورسىقىڭلار تويغۇدەك ئېلىڭلار، كۆپ ئېلىۋالساڭلار سېسىپ كېتىدۇ» دېسە ئۇنىماي، ئالغانلىرى جىق ئېلىۋېلىپ، ئاچ قالغان قېرىنداشلىرىغا بەرمەي، تائاملارنى سېسىتىپ تاشلىۋەتكەن ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئادەمنىڭ خورلۇقىنى كەلتۈرىدىغان ئىبرەتلىك پاراڭلارنى ئاڭلىدىم.

ھەرەمدە مۇھاجىرلار زاكاتقا ئېلىپ قويغان بىكارلىق مېھمانخانىلاردا يەنە شۇ ئۇيغۇرلىرىمىز: «سەن ئۇ يەرلىك، سەن بۇ يەرلىك» دەپ بىر - بىرىنى پاتۇرماي قوغلاپ چىقىرىۋاتقان كۆرۈنۈشلەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.

چەت ئەلگە چىققان، ھەجگە بارغان مۇشۇ ئادەملەر ۋەتەندە

ئۆزىنى بىر سانايدىغان، بىز باي، دەپ كېرىلىپ يۈرىدىغان ئاتالمىش ھۆرمەت ئىگىلىرى، يۇرت مۆتىۋەرلىرى ئىدى. ئەمما ئۇلار چەت ئەللىك مۇسۇلمانلارغا «ئۇيغۇر دەيدىغان بىر مۇسۇلمانلار قوۋمى بار ئىكەنكى، مەدەنىيەتچىلىكتە دۇنيادا بۇنداق ئادەملەر ئاز ئۇچرايدۇ. بەدىنىگە تېگىشلىك پۇلنى خەجلىمەي سېپىتتىپ، بىكارلىق تاماقنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ يېيىشتە بۇلاردەك ئاچ كۆز خەق بولماس. بۇلار نەدە چوڭ بولغان، مۇسۇلمانچىلىقنى قانداق ئۆگەنگەن خەقتۇ؟» دەيدىغان، بىزنى كۆرسە كەمسىتىپ كۈلىدىغان، سېسىق تاپىنى كۆرگەندەك بۇرنىنى يۆگەپ قاچىدىغان تەسىراتنى قالدۇرۇپ كېتىشتى.

ھەي چەت ئەلگە چىققانلار، ھەرەمگە بارغانلار، سىلەر بىزنىڭ بايلىرىمىز تۇرۇپ شۇنداق شەرمەندىلەرچە ئاچ كۆزلۈك قىلساڭلار، چەت ئەللىك مۇسۇلمانلار بىزنىڭ مىليونلىغان نامرات، ئاق كۆڭۈل، جاپاكەش خەلقىمىزنى «ئۇلارنىڭ بايلىرى مۇشۇنداق ئاچ كۆز بولسا، نامراتلىرى بىر ـ بىرىنى يەمدىغاندۇ» دەپ قالامدۇ؟! بىر مىللەتكە، ۋەتەنگە مۇشۇنداق كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز ھاقارەتنى كەلتۈرۈپمۇ يۈزۈڭلار قىزارماستىن، ۋىجدانىڭلار ئازابلانماستىن كېرىلىپ يۈرۈۋاتىسىلەر. ۋەتەنىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى، مىللەتنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىنى تۆككەن گۇناھىڭلارنى «ھاجىم» لىقىڭلار يېپىپ قالالىدىمۇ؟ سېسىق نامىڭلار ئۆزۈڭلاردىن بۇرۇن ۋەتەنگە كېلىپ، خەلقىنىڭ نەپرىتىگە قالدىڭلار. بۇ پەقەت ھەج جەريانىدىكى ئاچ كۆزلەرگىلا خەلق نامىدىن ئوقۇلغان لەنەت. لېكىن، مىڭلىغان ساپ ئېتىقادلىق، ديانەتلىك، ۋىجدانلىق، غۇرۇرلۇق ھاجىملار يەنىلا ئەلنىڭ ھۆرمەت تۆرىدە. بىز

يۇقىرىقى پەسىلنىڭ، ئاچ كۆزلۈكلەرنى ئاشۇ ھۆرمەتلىنىدىغان مۇسۇلمانلار ھاجىلارنىڭ كۆز يېشى قىلىپ تۆكۈپ تۆككەن ئەردىلىرىدىن بىلدۇق، خالاس.

ئاچ كۆزلۈك — ئەمەلىيەتتە خەلقىمىزگە ئىتتىنىڭ قوتۇر كېسەللىكىدەك تارقىلىۋاتقان يۇقۇملۇق كېسەل، بىز بۇ كېسەلىمىزنى ۋاقتىدا ساقايتمىساق، بۇ نەپسىگەرلىك ئاخىرى بېرىپ بىزنى پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئالدىدا ئىززەت - غۇرۇرىنى سېتىپ يەپ تۈگەتكەن، قاتاردا يوق، نومۇسسىز خەققە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئۇنداق قىلماي ئۆز ئەيىبىمىزنى تونۇيلى، ئۆزىمىزگە، ئۆز كېسەللىمىزگە داۋا قىلايلى!

## داغۋازلىق كېسەلى

قەشقەر شەھىرىدىكى ئۆي خوتۇنلىرىنىڭ بىر قېتىملىق ئولتۇرۇشىدا بەزى خوتۇنلارنىڭ بىر - بىرىگە كۆز - كۆز قىلىپ، 50 كويلۇق، 100 كويلۇق پۇلدا قولىنى سۇرتۇپ يەرگە تاشلاپ، غادىيىشىپ ئولتۇرۇشقىنىنى ئاڭلاپ، ھازىرغىچە بۇ دوزىخى خوتۇنلارغا پۇل بەرگەن، ئاش - نان بەرگەن ئەرلىرىگە نەپرەتلىنىمەن. خۇدانىڭ بۇلارغا شۇنداق بىر رەسۋا موھتاجلىق، بىر تال دانغا زار كۈنلەرنى چوقۇم كۆرسىتىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. «قول ئات مىنسە چىقمىغان دۆڭ قالماپتۇ، دېدەك مۇنچاق ئاسسا كىرمىگەن ساراي» دېگەندەك، نەچچە ئون يىللىق ئاچلىق، يالىڭاچلىق، موھتاجلىق، زارلىقلار چىرايىمىزدىن كەتمەي تۇرۇپ، بۈگۈن تېخى ئەمدىلا ئىككى - تۆت تەڭگە پۇل تېپىپلا نەدىن كەلگەن

كۆپۈرانە ھاكاۋۇرلۇق، ھەددىدىن ئېشىش بۇ؟
ئۆز ۋاقتىدا دۇنيانى سورىغان ئەنگلىيىدەك باي دۆلەتنىڭ باش ۋەزىرى بولغان ساچىرخانىم مۇراسىملاردا بىر گەز تاۋار بولسىمۇ ئىسراپ بولمىسۇن، دەپ ئەرزان باھالىق قىزىل شەلپەر قەغەزنى كەسكەن يەردە، بىزنىڭ بۇ سېپسىق خوتۇنلارغا نەدىن كەلگەن ھال بۇ؟ ئۇ خوتۇنلار تېخىچە يۇرتىمىزدىكى ئۇچىسى ئىلىنغۇدەك كىيىم كىيەلمەيۋاتقان، قورسىقى تويغۇدەك تاماق يېيەلمەيۋاتقان نامرات ـ يوقسۇزلارنى، قولىنىڭ قىسقىلىقىدىن ئۆيلىنەلمەي قېرىپ كېتىۋاتقان بويتاقلارنى، داۋالىنىشقا پۇلى يوق، بىئەجەل ئۆلۈپ كېتىۋاتقان بىچارە بىمارلارنى، ئامالسىزلىقتىن كوچىلاردا تىلەپ يۈرگەن توپ ـ توپ تىلەمچى باللارنى كۆرمەپتىمۇ؟
جاھاندىكى ھەرقانداق دىن، ئىرق، مىللەتتە باي ياكى نامرات بولسۇن، بۇ ئايالاردەك پاسىق، رەزىل ئادەملەر يوق، دەپ قارايمەن. بۇ خوتۇنلار مەيلى دىندا، مەيلى ۋىجداندا، مەيلى ئەخلاقتا بولسۇن، ھەممە ئۇلۇغلۇقنىڭ دۈشمەنلىرىدۇر، خالاس.

## ئادەم بولۇشىمىزنىڭ تولىمۇ كېچىكىپ كېتىشى

ئەسلىدە بىز خەقنىڭ زامانىۋى دۇنياغا خاس ئەخلاقىي تەربىيىلىنىشىمىزنىڭ تۆۋەنلىكى تۇپەيلىدىن، بىز بالا تاپقان بىلەن تەربىيىلەشتە ھېچ قانچە ئىلمىي بۇرچىمىزنى ئادا قىلالمىدۇق. قورسىقى ئاچ ئادەمدىن نان سورىغىلى بولمىغاندەك، ئۆزىمىز تۇزۇكرەك تەربىيىلەنمەي تۇرۇپ،

بالىمىزنى زامانغا لايىق ئادەم قىلىپ تەربىيىلەشتىن قانداقمۇ ئېغىز ئاچالايتتۇق؟

تەرەققىي تاپقان ئەللەردە تەربىيىلىنىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇ، بالىلارنىڭ كىچىكىدىنلا مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، ياپونلار بالا تەربىيىلەشتە، بالىلار تۇغۇلۇپ تاكى مۇستەقىل ئائىلە باشلىغۇچىلىق بولغانغا قەدەر سىستېمىلىق ئەخلاق دەرسى تەسىس قىلغان بولۇپ، يەسلىدىن باشلاپ جەمئىيەتكە چىققۇچە «بالىلار ئەخلاقى»، «ياشلار ئەخلاقى»، «ئەرلەر ئەخلاقى»، «قىزلار ئەخلاقى»، «ئائىلە سەنئىتى» دەرسلىرىنى چىڭ تۇتۇپ ئۆگىتىدۇ.

ئەمدى بىزنىڭ بالا تەربىيىلىشىمىزگە قاراپ باقايلى:

بىزدە بالا تۇغۇلۇپ، 20 ـ 25 ياشقا كىرگۈچە ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى ئارزۇلاپ بېقىپ چوڭ قىلىدۇ، ئوقۇتىدۇ، هۈنەر ـ كەسىپلىك قىلىدۇ، چوڭ توي قىلىپ ئۆيلەپ قويىدۇ. 30 ياشقا كىرگۈچە ئۇنى، ئۇنىڭ خوتۇنىنى باقىشىنى يەتمىگەندەك، بار بىساتىنى ئايىماي ئۆي ئايرىپ بېرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۆمرى نەۋرىسىنى بېقىش، ئوغلىنىڭ ئىشىغا قارىشىش، تاپقان ـ تەرگىنىنى ئوغلىغا تۆكۈش، ئوغلىنى يۆلەش بىلەن ئۆتىدۇ. دېمەك، بالا تاپقان بالاسىغا ئۆلگۈچە بالىسى ئۈچۈن ئىشلەپ بۇ دۇنيادىن كېتىدۇ — گۆرگە كىرگۈچە بالىسىغا قىلىدىغان خىزمىتى تۈگىمەيدۇ. مانا بۇ بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ياشاش ئادىتى. ئاتا ـ ئانام بوۋام ـ مومامغا، مەن ئاتا ـ ئانامغا، بالام ماڭا يۆلىنىپ ياشاش روھىنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئۆگىنىپ كەلدۇق، كېلىۋاتىمىز. بۇنداق ساق تۇرۇپمۇ ئۆلگۈچە بىر ـ بىرىگە يۆلىنىۋېلىپ ياشاش ئۇدۇمى

خۇددى توكۇر ھاسىغا تايىنىپ ئۆرە تۇرمىسا ماڭالمىغاندەك، ھەر بىرىمىزنى مۇستەقىل ياشاش ئېڭى ۋە ئىقتىداردىن ئايرىلغان روھىي مەجرۇھلارغا ئايلاندۇرۇپ قويماقتا. يولۋاس بالىسىنىڭ ئەھۋالىدىن ئەنسىرەپ قەيەرگە بارسا چىشلەپ كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، ئاخىرى ئۆلتۈرۈپ قويىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن 12 يىلدا ئاران بىر قېتىم تۇغقان بالىسىدىن ئايرىلىپ قېلىپ ئۆزىنى تالايدىكەن. كېيىك بالىسىنى تۇغۇپ ئۈچ كۈن بېقىپلا: «ئۆزۈڭ ياشا» دەپ كەڭ دالىغا قويۇپ كېتىدىكەن. ئەمما، يولۋاسقا قارىغاندا، كېيىك يەنىلا نەسلى قۇرۇماي ياشاۋاتىدۇ. ئىنگلىزلار، نېمىسلار، ياپونلار، يەھۇدىيلارنىڭ بالىلىرى 18 ياشقا كىرگەن كۈنىدىن باشلاپ ئاتا ـ ئانىسىغا يۆلىنىۋالماي، ئۆزىگە تايىنىپ ياشاش يولىنى تاپىدۇ. ئاتا ـ ئانىسىمۇ ئۇلارنى قۇشلار بالىسىنى ئۇچۇشنى ئۆگىتىپلا ئايرىغاندەك، مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈپ ئاندىن ئۆز ھالىغا قويۇۋېتىدۇ. بىز ئۇيغۇر خەق قىرىقىنىڭ قارىسىنى ئالمىغۇچە تېخى چوڭ بولمىساق، ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى تېپىپ قىلالمىساق، ھەتتا چىنە چاغلىق بىر نەرسە ئېلىشتىن تارتىپ كىيىم كىيىش، سەپەر جابدۇقىغىچە ئاتا ـ ئانىمىز قىلىپ بەرسە، ئۆزىمىز قىلاي دېمىسەك، بەزىدە قىلاي دېگىلى قويساق ئاتا ـ ئانىمىز باشقۇرغىلى تۇرسا، دېمەك، بىز 40 ياشقا كىرگىچىمۇ ئادەم بولۇپ بولالمىساق، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەقىلمۇ، كۈچ ـ قۇۋۋەتمۇ چېكىنىشكە باشلىسا، ئۆزىمىزغا قالماي ئۆلۈپ بەرسەك، بۇ خىل ياشاش ئادىتى بىزنى نەگە ئېلىپ بارار؟ مۇشۇنداق كېتىۋەرسەك، بىر ئادەم باشقۇرمىسا ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرالمايدىغان، ھەممە ئىشتا ئۆزىگە ئەمەس، باشقىلارغا

تايىنىشنى ئەلا بىلىدىغان، بىر ئادەم ئۆگەتمىسە قىلالمايدىغان، بىر كىم دەپ بەرمىسە يولىنى تېپىپ ماڭالمايدىغان، ھەممە ئەزايى ساق تۇرۇپ ئىشلىتەلمەيدىغان بولۇپ قېلىشىمىز مۇقەررەر.

مانا بىز مۇشۇنداق تەربىيە ۋە روھ بىلەن چوڭ بولدۇق. شۇڭا بىزنىڭ ئادەم بولۇپ يېتىلىشىمىز باشقا ھەر قانداق قوۋمدىن ئاستا بولۇۋاتىدۇ. ئەمدى بىز ئۆيقۇمىزنى ئاچمىساق، ئادەملىك قەدىر - قىممىتىمىزنى يېڭىۋاشتىن تونۇمىساق، پەرزەنتلەر تەربىيىسىنى قايتىدىن ئويلانمىساق بولمايدىغان يەرگە يەتتى. باللىرىمىز يىقىلسا ئورنىدىن ئۆملەپ تۇرالىغۇدەك بولسىلا ھەرگىز يۆلىمەيلى، يىقىلغان بالا قوپۇشنىمۇ بىلىدۇ، ئۇ ئۆزى ئورنىدىن تۇرسۇن. باللىرىمىز قاچىسىدىكى تاماقنى ئۆزۈم يەيمەن دېسە، تۆكۈۋېتىسەن، مەن يېگۈزۈپ قويمىسام بولمايدۇ، دەپ تارتىۋالمايلى، ئۇ ئۆزى يېسۇن! باللىرىمىز سەپەرگە چىقىمەن دېسە، چىقىپ كۆرسۇن. بىز ئاللاغا نالە - پەرياد قىلىپ يىغلاپ ئىسىلىۋالمايلى، ئۇ ئۆزى يول تالاپ مېڭىشنى ئۆگەنسۇن. بىر - ئىككى قېتىم بۇرنىغا يەيدۇ، ئاستا - ئاستا ئۆگىنىدۇ، پىشىدۇ. باللىرىمىز ئەقلىنى جورۇپ، ئۆزى مۇستەقىل بىر ئىش قىلغىلى قوپسا، ئاتا - ئانىلىق قىممىتىمىزنى تۆۋەنلىتىپ، ئۇنى قىلساڭ بولمايتتى، بۇنى قىلساڭ بولمايتتى، ئۇ ئۇنداق، بۇ بۇنداق دەپ، ھە دېسىلا ئەمىر - مەرۇپ قىلمايلى. بىز ھەممىنى بىلگۈچى ۋە ھۆكۈم قىلغۇچى خۇدا ئەمەس! باللىرىمىزنىڭ قىلغان ئىشى ئوڭۇشلۇق بولسا، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى تېخىمۇ ئاشىدۇ. ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسا بۇرنىغا سۇ كىرىپ ئىككىنچى قېتىم ئىشىنى

سوغۇققانلىق ۋە ئەقىل بىلەن قىلىپ بۇزمايدىغان بولىدۇ. مۇھىمى بىر قېتىم ئادەم بولۇشنى ئۆگىنىدۇ. بىزنىڭ قەدىرلەيدىغىنىمىز دەل مۇشۇ نۇقتا بولسۇن.

## ئوزۇقلىنىشىمىز ھەققىدە ئىككى كەلىمە سۆز

ئۇيغۇرلارنىڭ ئوزۇقلىنىش رىسالىدە رەسمىي ئېتىراپ قىلىنغان تائام 72 خىل دەپ خاتىرىلەنگەن، ئەمەلىيەتتە ئۇششاق تۈرلەر قوشۇلسا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئىكەنلىكى ئاتا - بوۋىلارغا ئايان پاكىت. ئەمما، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە پەقەت لەڭمەن تۈرىدىكى بىر قانچە خىل تاماقلا قاپتۇ. شۇڭا بەزىدە ئىشتىن چۈشۈپ نېمە تاماق ئېتىشىمىزنى بىلمەيمۇ قالىمىز. لەڭمەن قاتارلىق چاپلاشقاق، خېمىر تۈرىدىكى، رېزىنكىدەك بۇ تائاملارنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى تۆۋەن بولغانلىقى ئۈچۈن بۇلجۇڭ گۆش، پەيلىرىمىز بوشاپ، ئېزىلەڭگۈلىشىپ، بەدىنىمىزنىڭ جەڭگىۋارلىقى زەئىپلىشىپ، بىر تاغا لەقۋا گۆشكە ئايلىنىپ قېلىۋاتىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىزنىڭ ئۈچەي، ئاشقازىنىمىز دۇنيادىكى قاۋۇل مىللەتلەر بولغان نېمىسلار، رۇسلار، ئىنگلىزلارنىڭ ئاشقازان - ئۈچەيلىرىدىن چوڭ، ئادەتتە بىر ئۇيغۇر ئەر بىر ئولتۇرۇشتا يېگەن تاماقنى نېمىسلاردىن ئۈچى، رۇسلاردىن ئىككىسى تەستە يەپ بولۇشى، ھەتتا يەپ بولالماسلىقى مۇمكىن. دېمەك، بىر ئۇيغۇر ئەرنىڭ ئۈچەي - ئاشقازىنى ئۈچ ياكى ئىككى ياۋروپالىقنىڭ ئۈچەي - ئاشقازىنىدەك چىڭقامدۇ، قانداق؟ ئۇلار بىر ۋاخلىق تامىقىغا قۇۋۋەتلىك قىلىپ بىر پىيالە تاماق يەيدۇ، ئەمما بەدەن

قۇرۇلمىسى بىزدىن كۆپ تەرەققىي قىلغان. ئۇلاردا ئۇچەي كىچىك، تەن چوڭ، بىزدە قېرىن يوغان، تەن كىچىك. بىز خۇددى ھەلەپ يېگەن كالىدەك بىر ئولتۇرۇشىمىزدا ئۇچ، تۆت قاچا تاماق يەۋېتىمىز، ئەمما بەدىنىمىز قۇۋۋەتسىز. شۇڭا، خېمىرغا كەتكەن چىقىمنى ئازايتىپ، ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى ھەر خىل قۇشلار، ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرىگە، سۈتكە، تۇخۇمىغا ۋە ھەسەل، مۇراببالارغا كۆپرەك پۇل خەجلىسەك، ئاز ـ ساز، ئەمما قۇۋۋەتلىك ئوزۇقلىنالايمىز. كالىنى «سامانغا تۇرامسەن، دانغىمۇ؟» دېسە كالا ئاسمان ـ پەلەك سامان بىلەن يەر يۈزى دانغا قاراپ ئاچ كۆزلۈك قىلىپ سامانغا تۇرغاندەك، بىزمۇ ھەجمگە تويماي قۇۋۋەتكە تويۇشنى — خېمىرلىق تاماقنى ئازراق، سۈت، ھەسەل، تۇخۇم، ھەر خىل گۆشلەرنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىشنى ئۆيلىشىپ كۆرەيلى.

مەن 1982 ـ يىلى زوردۇن سابىر ئاكىدىن: «ياۋروپالىقلاردا نېمىشقا ئالىم كۆپ، بىزدە ئالىم بەكمۇ ئاز. ئۇلارنىڭ ئادەتتىكى ئادەملىرىمۇ نېمانداق بىزدىن ئۆتكۈر كېلىدۇ؟» دەپ سورىسام، زوردۇن ئاكا كۆپ ئويلانمايلا: «ئۇكام، بىز ئەتىگىنى تۇزدىن باشقا خۇرۇچى بولمىغان ئىككى مولۇق نان بىلەن تازىلىقى ناچار، سېسىغان ساماندەك چاينى ئىچىمىز. ئۇلار ئەتىگىنى مېغىز، مۇراببا، ھەسەل، سۈت، بولكا، تۇخۇم بىلەن ناشتا قىلىدۇ. بىز چۈشتە ھەلەپتەك، خۇرۇچى كېپەكتەك تاماق يەيمىز. ئۇلار بېلىق، كالا، توخۇ، قۇش گۆشىدىن ئېتىلگەن ئازغىنا تاماق بىلەن يېڭى مېۋە، يېڭى كۆكتات يەيدۇ. گۆش يېگەن ئادەم بىلەن ئۇماچ ئىچكەن ئادەم يول ماڭسا، ئۇماچ ئىچكىنى چوقۇم گۆش يېگەننىڭ كەينىدە

قالىدۇ. مېڭە قۇۋۋەت تاپمىسا قانداقمۇ كۆپ نەرسىگە ئەقلى يېتىدۇ؟» دېگەنىدى. بۇ بىر رېئال ھەقىقەت ئىدى. كېيىن ئويلاپ باقسام، ئەسلىدە ئىنساننىڭ ئەقلى ئوخشاش بولسىمۇ، تۈرلۈك سەۋەبلەردىن باشقا، ئوزۇقلىنىش ئادىتىنىڭ ناچار بولۇشىدىنمۇ ئادەم گومۇشلىشىپ ئەقلى توختاپ قالىدىكەن.

بىزمۇ تۇخۇم، سۈت، ھەسەلگە قۇربىمىز يەتمىگۈدەك نامراتمۇ ئەمەس، قولىمىز ئۈزۈراپ، ھال ـ كۈنىمىزمۇ بۇرۇنقىدىن كۆپ ياخشىلىنىپ قالدى. شۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ بىر خۇمرا ناننى خۇدانىڭ سۈيىگە چىلاپ يەپ، سەت كېكىرىپ، كالامپاي دەسسەپ يۈرگۈچە بىر پىيالە سۈت، بىر بۇردا نان، بىر تۇخۇم، بىر قوشۇق ھەسەل، بىر تال ياڭاق، بىر قوشۇق مۇراببا بىلەن ناشتا قىلساق، چۈشلۈك، كەچلىك تائاملىرىمىزدا بىرلا خىل تاماققا ئېسىلىۋالماي، غىزا تۈرلىرىمىزنى يېڭىلاپ تۇرساق، ئاللا بىزنىڭ ساخاۋەتلىك يۇرتىمىزغا ئاتا قىلغان شۇنچە كۆپ، مول نېمەتلەردىن لايىقىدا يەپ ھوزۇرلانساق، تېنىمىز قۇۋۋەت تېپىپ چىراي ـ شەكلىمىز، بوي ـ بەستىمىز بارغانچە ئادەم ئىسكەتىگە كىرىدۇ. مېڭىمىزمۇ ئادەمنىڭ مېڭىسىدەك تىرىلىپ ئاندىن ئۆزىمىزنى تونۇشقا باشلايمىز.

بىزدە گۆش يېيىش ئادىتى ئاساسەن قوي گۆشىگىلا مەركەزلىشىپ قالغان بولۇپ، ئەتراپىمىزدىكى نۇرغۇن گۆشلەرنى يېمەي كېلىۋاتىمىز. كالا، ئات، تۆگە، ئۆچكە، توخۇ، توشقان، قۇش گۆشلىرى ۋە سۇ مەھسۇلاتلىرىنىمۇ ئىستېمال قىلىشنى ئادەت قىلساق، پەقەت بىرلا خىل گۆش بىلەن ئوزۇقلىنىشتىن تولماي قالغان نۇرغۇن كەمتۈكلۈكلىرىمىز تولۇقلىنىپ، بەدەن سۈپىتىمىزمۇ

مۇكەممەللىششكە باشلىغان بولاتتى. مەسىلەن بىز يەۋاتقان قوي ئۇستىدە ئاددىيلا توختىلايلى: قوي هايۋانلار ئىچىدە ئەڭ دۆت، ياۋاش، ئىشكىتىن چىقىپ كەتسە ئېغىلىنى تاپالمايدىغان، قارشىلىق روهى يوق، ئېغىلىغا ئوت كەتسە كۆيۈپ ئۆلۈشكە رازىكى، قېچىپ قۇتۇلۇشنى بىلمەيدىغان، توختىماي مەرەيدىغان، غەلۋىسى تولا، ئۆلۈپ گۆش بولۇشتىن باشقىغا يارىمايدىغان هايۋان. بىز دۆت ئادەمنى كالىغا ئوخشىتىمىز، ئەمما كالا مىڭ كىلومېتىر يولدىن قويۇۋەتسە قوتىنىنى تېپىپ كېلەلەيدۇ. ئۇنىڭدا چىدام، كۈچ، ئېغىر ـ بېسىقلىق، سەۋرچانلىق، جاپاغا چىداپ ئىشلەش قاتارلىق قەهرىمانانە بىر خۇسۇسىيەت بار. قويدا بۇلارنىڭ هېچقايسىسى يوق. ئادەم قانداق نەرسىدىن ئوزۇقلانسا، ئۇنىڭدا شۇ مىجەز ـ روه، شۇ خۇسۇسىيەت چوقۇم يېتىلىدۇ. بىز قويىنىلا يەۋەرسەك شەكلىمىزلا ئادەم سىياقىدا بولغان بىلەن پۈتۈن ئالڭ ـ مىجەزىمىز، دۆتلۈك ـ ئەخمەقلىقىمىز چوقۇم قويغىلا ئوخشاپ قالىدۇ. بۇ قوي گۆشىنى كەمسىتكەنلىك، ئىنكار قىلغانلىق ئەمەس. نېمە يەيسەن دېسە، لەڭمەن بىلەن قوي گۆشى، دەپ خۇددى باشقا تامىقى ۋە گۆشى يوقتەك بىرلا خىل گۆشكە باغلىنىپ قالماي، بىزمۇ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدەك باشقا گۆشلەرنىمۇ ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلىشىمىز لازىم. قوي گۆشى تولۇقلىمىغاننى كالا گۆشى، كالا گۆشى تولۇقلىمىغاننى ئات گۆشى، ئات گۆشى تولۇقلىمىغاننى تۆگە گۆشى، ئۆچكە، توشقان، بېلىق ۋە هەر خىل قۇش، توخۇ گۆشلىرى تولۇقلايدۇ. چەت ئەلنىڭ 40 ياشلىق ئادەملىرى بىر قاراشقا بىزنىڭ 20 ياشلىق يىگىتلىرىمىزدىن ياش كۆرۈنىدۇ. سەۋەبى

ئۆز ۋۇقلىنىش ئادىتى ياخشى. ئەر - ئاياللىرى مېۋە، ھەسەل ۋە سۈتنى، بولۇپمۇ ئۈچ ۋاخ تامىقىنىڭ ھەممىسىدە ھەر خىل مېۋىنى كۆپلەپ ئىستېمال قىلىدۇ. مېۋە چىرايىنى ياشارتىش، پارقىراق قىلىش خۇسۇسىيىتى ئەڭ كۈچلۈك يېمەكلىك بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئاياللىرى، ھەتتا يۈزىنى يۇمىسىمۇ نۇر يېغىپ، ياشلىق جىلۋىسى جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. بىزدە نېمە تولا — مېۋە - چېۋە تولا. قىز - ئاياللىرىمىز چىرايىڭلارنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرىمىز، دەيدىكەنسىلەر، بۇنىڭ داۋاسى ئۆزىمىزدە — تېرىنى بۇزغۇچى خىمىيىلىك پەرداز بۇيۇملىرىنى يۈزۈڭلەردىن نېرى قىلىپ، ھەسەل بىلەن مېۋىنى كۆپ يەڭلار، رەڭگى - رۇخسارىڭلار شۇنچە نۇرلۇق بولۇپ، ياشلىقىڭلارنى يوقاتمايسىلەر.

ئۆز ۋۇقلىنىش ئادىتىمىزدىكى تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى، زەھەرلىك ئىچىملىك، چېكىملىكنىڭ يامراپ كېتىشى، يۇقىرى گرادۇسلۇق كۆيدۈرگۈچى ھاراق، تۈرلۈك ئىچىملىكلەر ئەرلىرىمىزنىڭ، بولۇپمۇ ياش يىگىتلىرىمىزنىڭ جىنسىي ئىنتىلىشلىرىنى زەئىپلەشتۈرۈپ ۋە تۈرلۈك جىنسىي ئاجىزلىق كېسەلىگە گىرىپتار قىلىپ، ئاجايىپ بەختسىزلىكلەرنى كەلتۈرۈۋاتىدۇ. بۇ سەۋەبلىك، ئۇلار ئازاب ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ نېمە بولغانلىقىنى دوختۇردىن سوراۋاتىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە ئۆز ۋۇقلۇق يېتىشمەسلىك، زەھەرلىنىشتىن ئىبارەت ئىككى سەۋەبتىن تۇغۇلغان سۈنئىي كېسەل. دۇنيانىڭ ھەرقانداق جايىدا بىزدەك يۇقىرى گرادۇسلۇق ھاراق ئىچمەيدۇ.

گېزى كەلگەندە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، ھاراقنى ئۆلگۈدەك ئىچىپ خۇدىمىزنى بىلمەي، ئەقلىدىن ئېزىپ،

گەلدى ـ گۇلدۇڭچىلىك، مەسىلىكتە تاپقان بالىلىرىمىز دەلدۇش، ئەقىلسىز، شەرم ـ ھاياسىز، غايىسىز، بۇ دۇنياغا يەپ ـ ئىچىش ئۈچۈنلا كېلىدىغان ئادىمىي ھايۋان بولۇپ تۆرىلىدۇ. چۈنكى ئاشۇ بەتبۇي، سېسىغان، زەھەرلەنگەن بەدەندىن ئېقىپ چىققان بالا ئۇرۇقىغا بىزنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى شەرمەندىلىكىمىز، مەست خىياللىرىمىز، پاسىق ـ گۇمراھلىرىمىز مۇجەسسەملەنگەن بولىدۇ. دادىغا چىققان بىر تال موي، قاش ـ كىرپىك، ھەتتا مەڭلەر ئاشۇ كىچىككىنە بىر تامچە سۇيۇقلۇققا ھۇجەيرە بولغان يەردە قاندىكى شۇنچىۋالا مەسىلىكنىڭ ھايۋانىي خۇيلىرى سىغماي قالامدۇ؟ بىز قەدىمكى مازارلىرىمىزدىن چىققان بوۋىلىرىمىزنىڭ سۆڭەكلىرىگە قاراپ باقايلى: ھازىرقى بويىمىز ئۇلارنىڭ پاچاق سۆڭىكىنىڭ ئۇزۇنلۇقىدا كېلىدۇ. ھاراقتىن ئىبارەت بۇ زەھەرنى زامانىۋى دۇنياغا يۇزلەنگەن ئىلغار مىللەتلەر بىزدەك ئىچمەيدۇ، ئۇلار مەسىلىكنى ئەقىلدىن ئېزىش مەشقى، ئۆزى خالاپ سارالىق بولۇش، ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈش، دەپ قارايدۇ. پەقەت نادانلىقتا، مەسىلىكتە ئەقلىنى ئۇپرانقان بىزلا ئۆلگۈدەك ئىچىۋاتىمىز. بۇ كەيپى نىجاسەت بىزنى كۈندىن ـ كۈنگە ئادىمىيلىك تەبىئىيتىدىن ئايرىپ، روھىيىتىمىز، تۇرقى ـ سىياقىمىز، يۇرۇش ـ تۇرۇشلىرىمىزنى پۇچەكلەشتۇرۇۋېتىۋاتىدۇ. شۇ سەۋەبلىك روھى بۇزۇلغان، ئەنئەنىۋى ئەخلاقى زاۋاللىققا يۈز تۇتقان، تېنى زەئىپلىشىپ كۈندىن ـ كۈنگە ۋىجىكلەۋاتقان بىر ئاپىرىدە قىلغان پەرزەنتلەر بىزدىنمۇ بەتتەر بولىدۇكى، ئۇشۇق بولمايدۇ.

يېمەك ـ ئىچمىكىمىزدىكى كەم قۇۋۋەتلىك، خىمىيىلىك

بۇلغىنىش، ھاراقتىن زەئىپلىشىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى 1940 ـ يىللاردىن كېيىن تۇغۇلغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆمرى قىسقىراپ، تېز قېرىپ، ئاسانلا كېسەلگە چېقىلىپ، بەزىلىرى ۋاقىتسىزلا ئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ. يۇرتىمىز دۇنيا ئېتىراپ قىلغان ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش چولپانلىرى ماكانى ئىدى، ئەمما ھازىر ئۇنداق بولماي قالدى. ئەمدى بىزنىڭ ئۆز جېنىمىزغا ئىچمىز ئاغرىيدىغان، ئەۋلادلىرىمىزنىڭ كېيىنلىكىنى ئويلايدىغان، زەھەرلىك چېكىملىك ـ ئىچىملىكلەردىن ئۆزىمىزنى تارتىدىغان، بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۇزۇقلىنىشتىكى ئالتۇن دەۋرىنى تېپىۋالىدىغان ۋاقتىمىز كەلدى.

## ئۆزى بىلەن كارى يوق مېھمان كۈتۈشنىلا ئويلاش

بىز ئۆزىمىزنى مېھماندارچىلىقتا دۇنياغا داڭ چىقارغان خەلق دېيىشىۋاتىمىز. «مېھماندوست» دېگەن سۆزنى بۈگۈنكى كۈنلۈكتە پەرداز قىلماي ئەقىل بىلەن ئىستېمال قىلساق، «مېھمان كۈتكۈچى» دېگەن مەنىنىمۇ بېرىدۇ.

مېھماندوستلۇق — ئوتتۇرا ئەسىردىكى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ گۈزەل ئەخلاقى ئىدى. ئۇ شۇ دەۋر مەدەنىيىتىنىڭ يادىكارلىقى بولۇپ قالدى، خالاس. بۈگۈنكى زامانىۋى ئىنسانلار بۇ ئادەتنى تاشلىۋەتكىلى نەچچە ئەسىر بولدى. ئۇلار دەل بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ۋە ماھىيىتىنى «مېھمان كۈتكۈچى» دەپ چۈشەنگەن ۋە ئىستېمال قىلغاندىن كېيىن ئاندىن تاشلىۋەتتى. ئەمما بىز ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئېسىل خىسلەتلىرىمىزنىڭ تولىسىنى، بولۇپمۇ ئالتۇنغا بەرگۈسىز

ئۇيۇشقاقلىق، جەڭگىۋارلىقىمىزنى تاشلىۋېتىپ، مانا شۇ «كۇتكۇچى» لىكىمىزنى ساقلاپ قالدۇق. بۇنىڭ ئەڭ روشەن بەلگىسى ئۆي تۇتۇش، مېھمان كۇتۇشلىرىمىزدىن «مانا مەن» دەپ چىقىپ تۇرىدۇ. بىزدىن باشقىلار تاماق يەۋاتقاندا ئۆيگە مېھمان كەلسە: «تاماق يەمسىز؟» دەپ سورايدۇ، مېھمان: «يەيمەن» دېسە بېرىدۇ، بولمىسا ئۇنى قارىتىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ تامىقىنى يەپ، گېپىنى قىلىۋېرىدۇ. چۈنكى ئۇلار مېھمان بولماقنىڭ ئاسان - ھۇزۇرلۇقلۇقىنى، خەقنى مېھمان قىلماقنىڭ تەس - قىيىن، جاپاسى، ھەشەم - دەردىمى تولا ئىشلىقىنى ئالللىقاچان چۈشىنىپ يەتكەن. ئۆمرىمىز مېھمان كۇتۇش بىلەن ئۆتكەچكە، بىزمۇ بۇنى خەقتىن ئوبدانراق بىلگەن، چۈشەنگەن يەردە، لېكىن بىلىپ، قاقشاپ، قىينىلىپ تۇرۇپ، قەرزدار بولساقمۇ، تېشىمىزدا ھېيت ئويناپ، ئىچىمىزدە روزا تۇتۇۋاتساقمۇ، چىشىمىزنى چىشىمىزغا چىشلەپ، يەنىلا مېھمان كۇتۇشكە ئادەتلىنىپ كەتكەنمىز. بۇ نېمىدېگەن زۇلۇم، نەقەدەر بىچارىلەرچە كۆنۈپ كېتىش - ھە! يانچۇقتىكى پۇل، ئائىلىۋى پىلان، ئالتۇندىن قىممەتلىك ۋاقىتنى ۋەيران قىلىش بەدىلىگە مېھمان كۇتۇپ بېلىمىز ئۇشتىلىپ كەتمەكتىن باشقا ئامال يوقمۇ، بىزگە؟

كۆپلىرىمىز ئۆي ياسىساق ئۆزىمىز ۋە بالىلار ياتىدىغان ئۆيلەرنى ئايرىم - ئايرىم ياسىمايمىز، ئەر - خوتۇن، بالا - چاقا، ھەتتا نەۋرىلەر پادىدەك بىر ئۆيگە تىقىلىشىپ ياتىمىز. نۇرغۇن ئائىلىلەردە ئاشخانا، مۇنچا، ھاجەتخانا يوق. چارۋىدەك كۆتىمىزنى تاماشا قىلىپ، ئۇدۇل كەلگەن يەرگە ئېسىپ تەرەت قىلىۋېرىمىز. يۇيۇندۇق دەپ بىر چۆگۈن سۇنى بېشىمىزدىن

قوغيۇپ، بەدەننى چالا ـ پۇلا نەمدەپلا: «ئى، پەرۋەردىگار، مېنى پاك قىل» دەپ دۇرۇت ئوقۇيمىز، خۇدايىم بىزنى دۇنياغا پاك يارىتقاننى ئاز دەپ ئەمدى قوپۇپ بەدىنىمىزنى يۇيۇپ قويسا بولامتى تېخى؟ ئۆزىمىز كىر ـ قاسماق يۇرۇپ، ئەت ـ يېنىمىز قىچىشىپ، سېسىق پۇراپ بولمىغاندا، يەنە يارىتقۇچىدىن پاكلىق تىلىگىلى نومۇس قىلمامدۇق؟ بىر چۆگۈن سۇدا بەدىنىمىز پەقەت نەملا بولىدۇكى، مەيىنتى ئېرىمىگەن كىر ـ توپىلا تېنىمىز جۇۋاز كالىسىدەك قىغ پۇراپ يۇرگىنى يۇرگەن. دېمەك، ئۆزىمىز شۇنچە رەزگى ـ پاسكىنا يۇرسەكمۇ، نامراتلىقتىن كۆتىمىز ئېچىلىپ قالسىمۇ، تاپقان ـ تەرگىنىمىزدە مېھمانخانا ياسايدىغان، خالىمىساقمۇ، ئىچىمىزدە مىڭنى تىللىساقمۇ، مېنى يۇندىپۇرۇشلۇققا سالىدىغان مېھمان قەيەردىن كېلەركىن، دەپ مېھماننىڭ يولىغا قاراپ تۇرىدىغان «كۇتكۇچى» لىك روھى قان ـ قېنىمىزغا سىڭىپ كەتكەن. خەقچۇ؟ مېھمانخانا ئۇچۇن تار ئۆيىنى ئاجرىتىپ، ئاددىيلا بېزەپ، ئۆزى، بالا ـ ۋاقىلىرى ياتىدىغان ئۆيلەرنى ئايرىم ـ ئايرىم تۇتۇپ، ئوبدان سەرەمجانلاشتۇرىدۇ، ئاشخانا، مۇنچا، ھاجەتخانا ياساپ، ئۆز تۇرمۇشىنى ناھايىتى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرىدۇ. لېكىن بىز جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئۆيلىرىگە قارايدىغان بولساق، مۇتلەق كۆپ ئائىلىلەردە مۇنچا ۋە ھاجەتخانا يوقلۇقىنى، شۇڭا ئۇدۇل كەلگەن يەر نىجاسەت بىلەن تولغانلىقىنى، ئادەملەرنىڭ بىر چۆگۈن سۇدىلا ئۇستۈشىنى چالا ـ بۇلا ھۆل قىلىپ «يۇيۇنىدىغان» لىقىنى، ياتىدىغان ئۆيىنىڭ كۆرۇمسىزلىكىنى، يوتقان ـ كۆرپە، كىگىز ـ پالاسلىرىنىڭ يىرتىق، كونا، كىرلىكىنى،

ئەمما مېھمانخانىسىنىڭ تولىمۇ پاكىزلىقىنى، لىققىدە گىلەم سېلىنغانلىقىنى كۆرىمىز. ئۇلار مېھماننىڭ ئالدىغا شۇنچە ئېسىل نازۇنېمەتلەرنى قويىدۇكى، داستىخاننىڭ يۈزى كۆرۈنمەيدۇ، ئەمما بۇ تائاملارنى مېھماننى دەپ ئەتمىسە، ئۇلارغا ئاي ـ يىللاپ يېيىش نېسىپ بولمايدۇ. دۇنيادا قەشقەرلىكلەردەك مېھمانخانىسىنى كاتتا ياسايدىغان خەق يوقتۇ، دەيمەن. ھەتتا نامرات ئائىلىلەرنىڭ مېھمانخانىسىمۇ پاكىز، چىرايلىق بولىدۇ. ئەمما بۇ شەھەردىكىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپىنىڭ، تېخى خېلى بايلىرىنىڭمۇ مۇنچا ۋە ھاجەتخانىسى يوق، ئۆگزىگە چىلەك قويۇپ تەرەت قىلىدۇ. سالقىن شامال چىقسىلا شەھەر كوچىلىرى نىجاسەت پۇرايدۇ. بۇمۇ دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرىدە ئۇچرىمايدىغان سەت ئادەتتۇر. بىز قاچانمۇ ھالىمىزغا باقماي ھال تارتىدىغان ئادەتتىن قول ئۈزۈپ، مېھمانخانا ياسايدىغان پۇلنى مۇنچا، ھاجەتخانا سېلىشقا سەرپ قىلىپ، پاكىز، راھەت ياشاشقا، مېھماننىلا ئەمەس، ئۆزىمىزنى ئويلاشقا ئىنتىلىدىغان ۋە شۇنداق قىلىدىغان بولارمىز؟!

## نەزىر ئۆز ئىگىسىنى تاپقىنى تۈزۈك

شۇ كۈنلەردە تۈرلۈك مېھماندارچىلىق، زىياپەت، ئولتۇرۇشلاردا ئاچ كۆزلەرچە يەپ ـ ئىچكەننى ئاز دەپ، ئۆلگەنلەرنىڭ ئۈچ نەزىر، يەتتە نەزىر، قىرىق نەزىر، يىل نەزىرلىرىنىمۇ يەۋاتىمىز. بۇ ئىسلام دىنىدا ئۆلۈككىمۇ، تىرىككىمۇ پايدىسى يوق ئىش ئىكەنلىكىنى، دىنىي ۋاجىبات ـ ئەمەل ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئالىي دەرىجىلىك پىكاپلاردا

نەزىرگە كېتىۋاتىمىز، لېكىن ئۇچ ۋاخ تاماق تېپىپ يېيىش داۋان ئاشماقتىن مۇشكۇل بولۇۋاتقان نامرات ـ يوقسۇزلار يەنىلا ئاچ ـ يالىڭاچلىقتا كېسەل بېسىپ يۈرۈۋاتىدۇ. لېكىن بىز دىنىي ئىسلام قائىدىلىرىنى بۇزۇپ، نەزىرنى ئەسلى يېيىشكە تېگىشلىك بولغان ئاشۇ ئاجىز ـ مۇستەرلەرگە بەرمەي، تويۇپ كېكىرىپ يۈرگەنلەرگە — نەزىر يېسە دۈرۈس بولمايدىغانلارغا بېرىۋاتىمىز. ئەسلى نەزىرنى ئاجىز ـ ئورۇقلارغا، بىقمىسىز، مىيىپ ـ بىقوۋۇللارغا، تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇللارغا، نامراتلىقتىن ئوقۇيالمىغان ئوقۇغۇچىلارغا بەرسەك، يەنىمۇ ئېشىنالىساق، نەزىرگە ئاتىغان پۇلنى بۇزۇلغان يوللار، كۆۋرۈكلەر، ئۆرۈلگەن مەكتەپلەرنى ياساش، رېمونت قىلىشقا، نامرات يېزىلارنىڭ داۋالاش، ئىچىملىك سۈيىنى ياخشىلاشقا ئېھسان قىلساق ئىككىلا ئالەملىك ساۋابنى — ئەل رەھمىتىنى ئالىدىغان خۇدالىق ئىشنى قىلغان بولاتتۇق. ئەپسۇسكى، بىز ئۇنداق قىلىش تۇگۇل نەزىرنى پۇل ـ مال يىغىش تىجارىتىگە، پولۇ ـ قورداق يەپ مېھمان بولۇۋالىدىغان زىياپەتكە ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتىمىز. نەزىرنى ئاچلار ئەمەس، توقلار يەۋاتىمىز، نەتىجە ـ ئاقىۋەتتە، ئۆلگەن ئادەم بىلەن نەزىر بەرگۈچىنى گۇناھكار قىلغاننى ئاز دەپ، توق تۇرۇپ نەزىر يېگەن سەۋەبلىك ئۆزىمىزنى تۆپلەپ گۇناھقا شېرىك قىلىپ، خۇددى ئۆلۈكنىڭ گۆشىنى يېگەندەك تولىمۇ نومۇسلۇق ئىش قىلىۋاتىمىز.

ئۆتكەن يىل قەشقەردىكى باي سودا ـ سانائەتچى زۇنۇن ھاجىمنىڭ جىيەن ئوغلى ھادىسىگە ئۇچراپ قازا تاپتى. ئۇ زات رەھمەتلىك ئوغلى يەرلىكىدە قويۇلۇۋاتقاندا قەبرە بېشىغا يىغىلغان ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلار، تەرەققىيپەرۋەر دىنىي

ئۆلىمالار ۋە ئەھلى جامائەتكە قاراپ: «جامائەت، ئوغلۇمنىڭ ئۈچ، يەتتە، قىرىق، يىل نەزىرلىرىگە بىزنى چاقىرمىدى، دەپ قالماڭلار، مەن بارلىق نەزىرگە كېتەرلىك چىقىمنى ھېسابلاپ، پۇلىنى قەشقەر يېتىم ـ يېسىرلار مەكتىپىنىڭ ئوقۇتۇش راسخوتى ئۈچۈن بەرمەكچىمەن» دەپ جاكارلىدى. تۇپراق بېشىغا يىغىلغان بارلىق جامائەت تەسىرلىنىپ كۆز يېشىمىزنى توختىتالمىدۇق. رەھمەتلىك بالىنىڭ روھىغا يەنە بىر قېتىم دۇئا قىلدۇق. زۇنۇن ھاجىم باي يەنە: «مەن يەنە شۇنى سەمىڭلارغا سېلىپ قوياي، بۇنىڭدىن كېيىن نەزىرنىڭ پولۇ ـ قوردىقىنى يېيىشكە بارمايمەن. مەن بىر باي، ئۇنى يەپ گۇناھكار بولسام بولمايدۇ. شۇڭا مېنى نەزىر قىلساق كەلمىدى، دەپ رەنجىمەڭلار ھەم ماڭا نەزىرنىڭ پولۇ باغىقىنى ئەۋەتمەڭلار» دېدى. ھەممىمىز بۇ گەپنى بىر ئېغىزدىن قوللىدۇق، ئەمما قايسىمىز ئۇ زات قىلغان ئىشنى قىلىشقا جۈرئەت قىلالىدۇق؟ بىزدە ئاشۇ زۇنۇن ھاجىمدەك بالدۇر ئويغانغان ئاقىللىرىمىزدىن نەچچىسى باردۇ؟!

## خاراكتېرنىڭ تەلۋىلىكى

ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن: «ئادەم قولاقتىن، ھايۋان تۇياقتىن سەمرىيدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز قالغانىكەن. بۇ ئاددىي، تولا ئاڭلايدىغان تەمسىل خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك ھايات كەچۈرمىشىدىن تاۋلىنىپ جۇغلانغان ئېسىل جەۋھەردۇر. ئىنسان ھەر تىنىقتا ياخشىلىققا، خۇشاللىققا، بەختكە ئېرىشىشنى ئىزدەيدۇ. ئادەم ھەر ئەتىگىنى ئۆيىدىن روھلۇق

ھالدا شۇ كۈنى قىلىدىغان ئىشىنىڭ ئوڭ، راۋان بولۇشىنى نىيەت قىلىپ چىقسا، پىلان قىلغان ئىشلىرى كۆڭۈلدىكىدەك بولسا، خۇشاللىق، بەخت دېگەن شۇ. ئەگەر ئەتىگىنىنى ئىشىكتىن چىقىپلا يامان گەپ ئاڭلىسا، كۆڭلى پاراكەندە بولىدۇ، ئىشى ئاقمىسا سەپراسى تۇتىدۇ. ئاڭلايدىغىنى كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان گەپ، كۆرىدىغىنى دىلنى رەنجىتىدىغان ئىش بولسا، بۇ ئادەمدە دەسلەپ پاراكەندىچىلىك، ئاستا - ئاستا بىزارلىق، كېيىن ئۆچمەنلىك تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ. ئادەم ھەر كۈنى ئىشىكتىن چىقىپ غەم - غۇسسە، ئەنسىزلىك، قورۇنۇش، ئازابلىنىشقا ئۇچراۋەرسە ئاۋۋال ئۇنىڭ خۇشخۇي، نۇر يېغىپ تۇرىدىغان چىرايى قورۇلۇپ، سەپرا مىجەز، چاچقۇن بولىدۇ؛ مىجەزى ئوساللىشىپ، بەتخۇيلىشىدۇ؛ كۈلۈپ گەپ قىلىشمۇ تېرىكىدۇ؛ ھاياتقا، ئىنسانغا، دۇنياغا، ئىشقىلىپ، ھەممىلا نېمىگە دۈشمەنلىك نەزەرى بىلەن قارايدۇ، بارغانسېرى قارا نىيەت، ئىچى تار، ھەسەتخور بولۇپ كېتىدۇ.

دائىملىق ئازاب، خاپىلىق ئەقىل تەرەققىياتىنى بوغۇپ دۆتلەشتۈرۈۋېتىدۇ، ئادەمنى ئىنساني ھېسسىيات - تۇيغۇدىن مەھرۇم قىلىپ، خار - بىئېتىبار ئادىمىي ھايۋانغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ.

مۇشۇ كۈنلەردە بىز ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ كەڭ قورساق، ئوچۇق - يورۇق، خۇشخۇي مىجەز - خاراكتېرىنى يوقىتىپ قويۇۋاتىمىز، بەزى ئادەملىرىمىز بىر - بىرىگە ئۆتتۈرۈۋەتكەن قىمارۋازدەك ھومىيىپ قارايدۇ؛ ۋۇجۇدىدىن مېھىر - شەپقەت كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن؛ كۆزلىرىدىن قۇۋۇلۇق - شۇملۇق يېغىپ تۇرىدۇ. بىراۋ ئىللىق سالام بەرسە، جۇۋاز كېرەكتىن چىقارغان

ئۆيدەك چەكچىيىپ قارايدۇ؛ گەپ سورىسا، توك - سەپرا جاۋاب بېرىدۇ؛ خەقنىڭ پۇتىغا دەسسىۋېلىپمۇ ئازابلانغۇچىدىن ئەپۇ سورىماقتا يوق هومىيىدۇ؛ بىر - بىرىنى ئېغىزغا ئالغۇسىز يامان - سەت تىللار بىلەن هاقارەتلەيدۇ؛ بىر - بىرىگە ياخشىلىق ئەمەس يامانلىق تىلەيدۇ. مەن خۇشاللىقتا ئېرىشسەم يېقىن دوستۇم خاپا بولۇپ قالىدۇ، ئىش تۈزەلسە ئەمەس، بۇزۇلسا كۆڭلى ئارام تاپقاندەك بولىدۇ. قارايدىغان بولساق، قولىدىكى بوتۇلكىنى يولغا ئۇرۇپ - چېقىپ، كۆرمەي دەسسىۋالغان ئادەمنىڭ «پۇتىنى يېرىۋەتسۇن» دەپ كېتىۋاتقان، يول بويىدا بىر چىرايلىق ئۆسكەن كۆچەتنى سۇندۇرۇۋېتىدىغان، بىرەر ئېغىز گەپ ئېغىزىدىن چىقىپ بولغۇچە پىچاق - قىغراقتا بىر - بىرىنى چاناۋاتقان ياشلارنى، هازىرلا سوقۇشۇپ قالىدىغاندەك بىر - بىرىگە چەكچىيىپ قاراپ ئۆتۈۋاتقان ئادەملەرنى قەدەمدە بىر ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. تەلۋە ئادەمدىن هەر بالا كېلىدۇ. بۇنداق قەبىھ ئىللەت داۋاملىشىۋەرسە، مىللەتكە، ۋەتەنگە ۋەيرانچىلىق - ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇكى، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا بىز ئۆز - ئۆزىمىزگە دەردىسەر بولۇۋاتقان نۇرغۇن تەلۋە خۇيلىرىمىزدىن قول ئۈزۈپ، هەممە ئىشقا خاپا بولىۋەرمەي، ئەقىل ئىشلىتەيلى.

## سۆزلەشتىكى ئۈچ ئادەت

قوتۇر كېسىلى بولغان ئىت يالىقىنى يالاۋېتىپمۇ غىڭشىغانىنى كۆرگەنىدىم. هازىر بىز خەقنىڭ هۆزۈرلىنىپ سۆزلەش تەپەككۇرى مۇنداق ئۈچ ئادەتنى ئۆزىگە بەلگە

قىلىدىكەن.

بىرىنچى، غەيۋەتخورلۇق ئادىتى: غەيۋەتخورلۇق بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ يىلىك يالىغاندەك تېتىشلىق، تاز بېشىنى قاشلىغاندەك يېقىشلىق ۋە ھوزۇرلۇق مۇئەدىشىش ئادىتىگە ئايلىنىپ كەتكەنكى، تۇنجى مۇئەدىشىشتىلا پەرىشتىدەك پاك، ئالىي ھۆرمەت ساھىبىمۇ، شەيتاندەك پاسىق مەلئۇنمۇ ئوخشاشلا غاجىلىنىپ سېسىق ئىسكىلىتقا ئايلىنىپ دەپنە قىلىنىۋېتىلىدۇ. مۇشۇ سۆھبەتتە بولغان ئەقىللىق، ئەقىلسىزنىڭ ھەممىسى خايى بۇ ئادەمنى تونۇسۇن ياكى تونۇمىسۇن، ئۇنى ئۆچ كۆرۈپ، ئۆزىنى ئۇنىڭ دۈشمىنى قىلىپ سايلىۋالىدۇ. شۇڭا بىزنىڭ مىللەتتىن پەيغەمبەر چىقسىمۇ، بىر قېتىملىق تاتلىق غەيۋەتتىلا ئۇ ئېشەكنىڭ تاپىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇلىدۇ.

ئىككىنچى، ماختىنىش ئادىتى: بىز خەق ھازىرقى كۈندە ماختانچانلىقتا ئىنسانىيەتكە ئەۋرىشكە بولغۇدەك ھالغا يەتتۇق. بۇ ئىش بۇرۇن ساپ ـ ساپچى، غىلتاڭ خوتۇنلارنىڭ يۈزىنى بوياپ، ئۆزىنى پەرىشتە كۆرسىتىدىغان قىلىقى ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە ئەر ـ ئايال ئوخشاش رەڭدە كىيىم كىيىشتىن نومۇس قىلمايدىغان بولغاندەك، بەزى ئەرلەرگىمۇ بۇ سەت قىلىق يۇقۇپ ماختىنىشتىن يۈزى قىزارمايدىغان بولۇشتى. ئەرلەرمۇ ئۆزىدىن باشقا ھەممە ئادەمنى ئىت ـ ئېشەكتىن بەتتەر سېسىتىپ بولۇپ، خۇلاسە كاللامغا كەلگەندە، ئادەمنىڭ ھۆ بولغۇسىنى كەلتۈرۈپ، ئۆزىنى بىر ماختىغىلى تۇرسا، قالغان ئەخمەقلەر ئۇنىڭ پۇللىرىغا دوست تارتىپ ئىشتىياق بىلەن ئاڭلايدۇ. بۇ بىچارە ماختانچاق ئۆز خىيالىدا قالتىس ئادەم بولۇپ كەتتىم، دەپ ئۆز كۆڭلىنى خۇش ئېيتىپ يۈرىدۇ، ئەمما شۇ دوست تارتىشقان

«قەدىناسلار» ھەپتە ـ ئون كۈندىن كېيىن بىر غەيۋەت بىلەنلا بۇ ماختانچاقنى يىراقلا ئېشەك ئۆپكىسى قىلىپ سېسىتىۋېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە، ھەتتا گۆرگە كىرىپ ھېساب بوغۇۋاتقان مەرھۇملارغىچە ھەممىمىزنىڭ جەددالىنىڭ توقۇمىدەك بىر يەردە بوغچىلىق غەيۋىتى بولىدۇكى، ھازىرغىچە غەيۋىتى يوق ئۇيغۇر تېخى بىزدە ياشاپ باقمىدى.

ئۈچىنچى، دادخورلۇق ئادىتى: ھەممىمىز ماختىنىپ، غەيۋىتىمىز پىشىپ سېسىپ بولغاندىن كېيىن بىر دادلىغىلى تۇرىمىزكى، بۇ دۇنيادا بىز قاقشىمىغان ھېچنېمە قالمايدۇ. ئەخمەقلىقتە شۇ دەرىجىگە يەتكەنمىزكى، بىز دادلاپ بەرگەن ھېچبىر ئىنسان تېرىقتەك دادىمىزغا يېتەلمىگەننىڭ ئۈستىگە بىرنى ئون قىلىپ غەيۋەت قىلىپ توقۇپ، ھەممە يەردە چاۋىمىزنى چىتقا يېيىپ تاماشا كۆرىدۇ. سەن ئۆيۈڭ، خوتۇنۇڭ، بالاڭ ھەققىدە ئۇچرىغان ئادەمگە دادلاپ بېرىپ، ئەپت ـ بەشىرەڭ چۈۋۈلىدىغان رەسۋاچىلىققا ئېرىشتىڭ، خەق بولسا تاماشىغا ئېرىشتى. ئۆزۈڭ رەسۋا، تۇتۇرۇقسىز بىر ئادەمگە ئايلاندىڭ. سەن ئاتا ـ ئاناڭ، خوتۇن ـ بالىلىرىڭ، قىلىۋاتقان ئىش ـ ئەمىلىڭ ئۈستىدىن خەققە دادلاپ بەرسەڭ، خەق ياخشى ئاتا ـ ئانا، خوتۇن ـ بالىلىرىنى، ئېقىش تېپىۋاتقان بىر ئوبدان ئىشنى ساڭا بېرەمتى؟ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز سەلتەنەت سۈرگەن دەۋرلەردە بېشىغا ھەرقانداق ئىش كەلسە، سەۋر ـ تاقەت بىلەن ئولتۇرۇپ، ئەقىل ئىشلىتىپ ئۇنىڭ چارىسىنى قىلىپ كەلگەن. ئىش قىلىدىغان ئادەم ھېچقاچان دادلاپ پاراڭ قىلمايدۇ. پەقەت ئىش قىلمايدىغان ئادەملا چىدىماسلىق قىلىپ،

تولا قاقشايدۇ. دېمەك بىزگە يۇقىرىقىنى دادخورلۇق كېسەلى، قىلىدىغىنىمىز ھەممە يەردە قۇرۇق پاراڭ سوقۇش بولغىنىكەن، بۇ بىزنىڭ ئىشتىن گەپكە ئامراقلىقىمىزنى كۆرسىتىدۇ. سەن بۇ دۇنياغا دادلاپ ئەمەس، ئىشلەپ ياشىغىلى كەلگىنىڭنى ئۇنتۇما.

## تەبىئەتنىڭ نېمەتلىرىدىن ساپ ئەقىل بىلەن پايدىلانماسلىق

بىزمۇ جاھاندىكى باشقا مىللەت، ئىرقلاردەك ئۇلۇغ ئادەملەر توپى بولغاندىكىن، زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئىنسانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن يارىتىلغاندىكىن، تەبىئەتنىڭ نېمەتلىرىدىن ساپ ئەقىل بىلەن پايدىلىنىپ ئادەمدەك ياشىشىمىز كېرەك ئىدى، لېكىن بىز بۇ قانۇنىيەتكە خىلاپ ھالدا ئۆز - ئۆزىمىزنى قىيناپ، سېرىقتال جاھاندارچىلىق قىلىۋاتىمىز. دەپ كەلسەك گەپ تولا: بىز ياشىغان بۇ زېمىندا ئىنسانلارنىڭ رىزقى سۈپىتىدە تۇرلۇك - تۈمەن بايلىقلار كۆمۈلۈپ يېتىپتۇ، ئۇنىڭدىن زادى قانچىلىك پايدىلاندۇق؟ ئەدناسى، سەھرالاردا شارقىراپ ئېقىۋاتقان سۇلاردىن توك چىقىرىپ چىراغ يېقىپ، ئۆزىمىزنى زۇلمەت قاراڭغۇدىن قۇتقۇزاي دېمەيمىز. باغلاردا مېۋىلەر سېسىپ كېتىدۇكى، ئۇنى ۋاقتىدا تېرىپ مۇراببا سېلىشنى ئادەت قىلمىغانمىز. بىزدە نېمە تولا، يۇڭ - تېرە تولا، لېكىن ئۇنى ئۆزىمىز پىششىقلاپ ئىشلىمەستىن، خەققە ئەرزان سېتىپ، خەق ئۇنىڭدىن ئېسىل مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپ ئۇن - يىگىرمە ھەسسە قىممەت باھادا

بىزگە ساتسا، باس ـ باستا ئېلىپ ئىشلىتىمىز. نۇرغۇن يېمەكلىكلەردىن ئۆزىمىزنى چەكلەپ، ئۇنى يېسەك قارنىمىزدىن تېشىپ چىقىدىغاندەك ھەزەر ئەيلەپ، بەدەنىنىڭ خورىغان، مېڭىنىڭ ئۇپرىغان قىسمىنى تولۇقلىمايمىز. شۇنىڭ بىلەن ئەقلىدىمۇ، جىسمانىي قۇۋۋەتتىمۇ تېز ئۇپراپ قېرىپ، بالدۇرلا كېرەكتىن چىقىۋاتىمىز.

ئۆزىنى كۆرگەنلا نەرسىدىن چەكلەش، پەرھىز تۇتۇش ئادىتى بىزنى ھەممىدىن ئەنسىرەيدىغان، قورقىدىغان، ھېسابسىز مەنىۋى زەنجىرلەر بىلەن ئۆزىنى چۇشەپ، دۇنيادىن بىخەۋەر ياشايدىغان «غىلاپ بەندىسى» گە ئايلاندۇرۇپ قويماقتا.

بۇلتۇر بىر يەكشەنبە كەچتە ئاشخانىدا تاماق يەپ ئولتۇراتتىم. ئەركىن ئىسىملىك بىر تىجارەتچى بىر تەخسە دېڭىز مەھسۇلاتى قورۇمىسىنى بىخارامان يەۋاتسا، بىر دوستى قوپۇپ: «نېمە كەلسە يەۋېرىدىغان بوپسەن، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرۇپ» دېۋىدى، ئۇ قايناپلا كەتتى: «بۇنى خۇدايىم ئىنسانلارنىڭ مۇشۇنداق قورۇما قىلىپ يېيىشى ئۈچۈن ياراتقانىكەن، يەيمەن شۇنداق. مەن ئاغىنەمنىڭ ئەمەس، ئاللانىڭ سۆزى بويىچە ياشايمەن. ساڭا دەپ قويا. موسكۋا بىلەن سوفىيە ئوتتۇرىسىدا پويىزدا كېتىۋېتىپ 36 سائەت ئاچ قالدىم. نېمىشقا دەمسەن، پەقەت تەكلىماكان بويىدا دۇنيادىن بىخەۋەر ياشىغان ئۇيغۇر بولغىنىم ئۈچۈن بولمامدۇ. ئەتراپىمدىكى ئەرەب، ئوردۇ، ئۆزبېك، تۈرك، تاتار قاتارلىق مۇسۇلمانلار پويىز ئاشخانىسىنىڭ تامىقىنى يەۋەردى. دەل شۇلار يېگەننى مەن يېمىدىم. يېسەم ‹كاپىر› بولۇپ، ئىمانىمدىن ئاجراپ كېتەرمەنمۇ، دەپ قورقۇپ يېمەي ئاچلىقتىن ئۆلگىلى

تاس قالدىم. ئاللا بەرگەننى يېمەي ئاچلىقتىن ئۆلسەم ياخشىمۇ ياكى يەپ تۇرۇپ مۇسۇلمانچىلىق قىلساممۇ؟ باشقا مۇسۇلمانلار يېسە، قىلسا يامان بولمايدىغان ئىشلار نېمىشقا بىزگە كەلگەندە يامان بولغۇدەك؟! شۇ چاغدا ئۇيغۇر مۇسۇلمان بولغىنىمغا جېنىمدىن جاق تويۇپ، ئاخىر ئۇلار يېگەن تاماقلارنى يېدىم. بولىدىكەن. پەقەت ئۆزىمىز كۆرمىگەن، بىلمىگەن نەرسىلەرنى: «بولمايدۇ»، غا چىقىرىش نادانلىقتا قالغان بىز خەقنىڭ ئاللا يولىدىن چەتنەپ تېپىۋالغان پەتىۋارىمىزكەن، ئايىغى چىقماس «يامان بولىدۇ» لار بىلەن، توي - تۆكۈن، ئولتۇرۇش، نەزىر - نۇزرەت، تۈگىمەس غەيۋەت - شىكايەتتىن باشقىنى بىلمەيدىغان بۇنداق ئۇيغۇرچىلىقتىن ئەجەبمۇ زېرىكتىم» دەپ تېرىكىپ قايناپلا كەتتى.

مەن بۇ تىجارەتچىنىڭ گەپلىرىنى ھازىرغىچە تەكرار ئويلاپ كېلىۋاتىمەن. راست ئەمەسمۇ؟ بىز تەكلىماكان، تەڭرىتاغدىن ئىبارەت دېڭىزدىن تولىمۇ يىراق بۇ بېكىنمە ماكاندا ئۆزاقتىن بۇيان «جاھان دېگەن مۇشۇ» دەپ ئۆز - ئۆزىمىزنى تۈگىمەس مەنىۋى بويۇنتۇرۇقلار بىلەن چۈشەپ، دۇنيادىن بىخەۋەر ھالدا ياشاپتۇق. ئاللا بەرگەن بىھېساب نېمەتلەردىن پايدىلانماي، نامراتلىق ئىچىدە جېنىمىزنى قىيناپ، قاقشاپلا ئۆتسەك، بىركىم كېلىپ بىزنىڭ ھالى - كۈنىمىزنى ئوڭشاپ قوياتتىمۇ؟

## ئۆلۈۋاتقان ئەرلىك روھى

بىر يىلى قىشتا ئۇششاق باللار مۇز تېيىلىپ

ئويناۋاتاتتۇق. ئارىمىزدىن بىرى تۇيۇقسىزلا مۇزنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ كەتتى. بۇ ھادىسىنى كۆرۈپ تۇرغان بىر مۇنچە ياشلار قىقاس ـ چۇقان سېلىپ ۋارقىراپ كېتىشتىيۇ، كاچكۆلدىن مۇزنىڭ تېگىگە شۇڭغۇپ كىرىپ ھېلىقى بالىنى سۇزۇۋالىدىغان بىرەر يۇرەكلىك ئوغۇل بالا چىقمىدى. شۇ چاغدا كەتمەننى ئالدىغا قويۇۋالغان بىر ئېشەكلىك بوۋاي كېلىپ قالدى ـ دە، ئۆزۈن پاختىلىق تونىنى سېلىپ تاشلاپ، پاختىلىق تامبال بىلەنلا كاچكۆلگە سەكرىدى. ئۇ سەكرەش ئالدىدا ھېلىقى يىگىتلەرگە: «بېشىڭلارغا رومال سېلىپ تۇۋلىغان بولساڭلار يارشاتتى» دېدى. بوۋاي بالىنى سۇزۇپ چىقتىيۇ، ئەمما ئۆزى كۆكىرىپ كەتكەن چىرايىدىن تەبەسسۇم ياغدۇرغان ھالدا كۆز يۇمدى. بوۋاي ئۆلدى، لېكىن ئەركەكتەك ئۆلدى، ئەمما كاچكۆل بېشىدىكى قىران يىگىتلەر خەۋپ ـ خەتەر ئالدىدا ئاشۇ ناپىئاق ساقاللىق مويسىپىتچىلىك بولالمىغىنىغا بەك ئازابلاندى.

بىراق، ھازىرقى يىگىتلىرىمىزچۇ؟ مۇشۇنداق ئىش بولسا ئازابلىنىشى ناتايىن. چۈنكى بۇنداق ئەرلىك روھى بىزدە كۆچىيىش تۈگۈل ئۆلۈۋاتقىلى خېلى بولدى. ئۇ بوۋاي شۇ چاغدىلا ئۆزىدە بار روھنىڭ ئۆزىدىن كېيىنكىلەردە يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ئىسپاتلاپ تۇرۇپ ئۆلگەنىدى.

ئەرلىك دېگەن ئىنساننىڭ قېنىدا بولىدىغان، ئۇنىڭ ئادىمىلىك تەبىئىيتى، غۇرۇرى، ۋىجدانىنىڭ مەنبەسى بولغان مۇقەددەس روھكى، تەقلىد قىلىپ ئۆگىنىۋالىدىغان نەرسە ياكى ئارىيەت ئالغان ئىدىيە ئەمەس!

بىز ھازىر تېلېۋىزورلاردا غەربلىكلەرنىڭ تاغ چوققىسىدىن

دېگىنىمىزغا، ئېگىز بىنادىن يەرگە سەكرەۋاتقان، دېڭىز - ئوكيانلاردىن يالغۇز كېسىپ ئۆتكەن تەۋەككۈلچىلىكلىرىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى: «قانداق ئەخمەقلەردۇ» دەپ كۈلىمىز. ئەگەر ھېلىقى بوۋىمىز بولغان بولسا ھەرگىز كۈلمەيتتى. چۈنكى ئۇ ئەرلىك غۇرۇرى (ئەركەك توكى) بار ھەقىقىي ئەركەك ئىدى. ئەر كىشى دېگەن ئاشۇنداق چېنىقىشى، روھىنى تاۋلىشى، ئەرلىكىنى سىناپ تۇرۇشى زۆرۈر، دەپ قارايتتى. شۇنداق! ئەسلىدىلا روھىمىزدا بار بولغان بۇ غەيۇر روھ ئەمدىلىكتە كۈل ئاستىدا قالغان قوقاستەك ئۆچۈپ بارماقتا. مۇبادا شۇ ئەرلىك روھىمىزنى قۇتقۇزمىساق، بارا - بارا ناجىنسلىشىپ كېتىدىغانلىقىمىز ئېنىق. ھەقىقىي ئەر — خېيىمخەتەر ئالدىدا تەۋەككۈل قىلغۇچى دېمەكتۇر.

## نامەردلىكنىڭ باش كۆتۈرۈشى

ئاتام زامانىسىدىن مومىلىرىمىز ئوغۇللىرىنى جەڭگە ئۇزاتقاندا: «ئارقا تەرىپىڭدىن ئوق يېسەڭ بەرگەن سۈتۈمگە رازى ئەمەس» دەيدىكەنتۇق.

كىچىك چاغلىرىمىزدا بىزدىن چوڭلار مۇشتلاشماقچى بولسا، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، يېنىدىكى پىچاق - تىغلارنى بەلۋاغ - يەكتەكگە يۆگەپ يېنىدىكىلەرگە بەرگەندىن كېيىن: «مۇشتنى سەن ئاتە» دېسە، «ئۆزۈڭ مۇشتلىشمەن دېدىڭ، ئاۋۋال سەن ئات» دېيىشىپ، خېلى ئۇزۇن بىر - بىرىگە يول قويۇپ، ئاندىن تازا مۇشتلىشىپ كېتەتتى. مۇشت يېگىنى يىقىلىپ چۈشسە، ئۇرغىنى كېلىپ ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ:

— بولدىمۇ، يەنە قويۇشامدۇق؟ — دەپ سورايتتى.

— بولدى، مەن پاخشى بولدۇم، — دەيتتى يىقىلغىنى.

ئۇرغىنى يېنىدىن پۇل چىقىرىپ:

— ئەمىسە ماۋۇ پۇلغا كاۋاپ، توخۇم ئېلىپ يەپ، ھوشۇڭغا كېلىۋال. بۇندىن كېيىن مەن بىلەن ئېتىشما، — دەپ ئۇنىڭ باش - كۆزىدىكى قاننى بەلۋېغى بىلەن سۈرتۈپ، توپىسىنى قېقىپ قويياتتى. تاياق يېگىنى بولسا:

— بولدى، ساڭا چېيىم بار، — دەپ ناماقۇل بولاتتى.

15 ياشقا كىرگەن چېغىمدا، ئىككىيلەننىڭ ئاشۇنداق رازىلىق ئېلىپ مۇشتلىشىپ بولغاندىن كېيىن تاياق يېگۈچى ئۇرغۇچىنىڭ كەينىدىن تۇيۇقسىز پىچاق تىقىۋەتكىنىنى، ئەتراپتىكىلەرنىڭ ئولىشىپ كېلىپ ھېلىقى نامەردنى ئۇرۇپ ئۆلەمجان قىلىپ قويغىنىنى كۆرگەنىدىم. كېيىنكى ۋاقىتلاردا، بەزى ئەرلەر خوتۇنىنى قويۇۋېتىدىغان چاغدا خوتۇنىنىڭ ئىشتىنىنى تالىشىپ، ئۇنىڭغا پىچاق سىلىۋەتكىنىنىمۇ كۆردۈم. ئەمدىلىكتە بولسا، بىر كىچىك بالىنى توپاقتەك يەتتە - سەككىز ئادەم كالتەك - قىڭراق بىلەن ئۇرۇپ - چاناپ ئۆلتۈرگىنىنى، ھەتتا تۇل خوتۇن، يېتىم بالىلارنى ھەر غۇناندەك ئادەملەرنىڭ بوزەك قىلىپ، ئۆيىنى، پۇل - مېلىنى تارتىۋېلىۋاتقىنىنىمۇ كۆرۈۋاتىمىز.

يۇقىرىقىلار، بىزنىڭ ئەسلىدىكى مەردانە مىللىي روھ، كامىل ئېتىقاد، ئالىيجاناب ئەخلاقىي پەزىلىتىمىزدىن بارغانسېرى مەھرۇم قېلىپ، روھىي جەھەتتىن چۈشكۈنلىشىۋاتقانلىقىمىزنى كۆرسەتمەكتە. مۇشۇنداق كېتىۋەرسەك، بارا - بارا نامەردلىكنىڭ مىجەزىمىزگە سىڭىپ ئادەت شەكلىنى ئېلىشىمۇ كۆز ئالدىمىزدىكى كەلمىشتۇر، خالاس.

## ئۇلۇغۋاتقان ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى

«ئاچنىڭ كۆزى ئاشتا، تازنىڭ كۆزى چاچتا» دەپ، ئادەمدە نېمە كەم بولسا، شۇنىڭ گېپىنى تولا قىلغاندەك، بىز خەقتە ۋەتەن ھەققىدە شوئارلاشقان دەبدەبىلىك ئۇلۇغ قۇرۇق گەپلەر سامان نەرقى؛ ھازىرغىچە ئېيتىلىۋاتقان سان ـ ساناقسىز ئىجادىي ۋە شالغۇت ناخشىلىرىمىزدا «ۋەتەن ئۈچۈن جېنىم پىدا» دەيدىغان يالغان قەسەم تولا چاينالغانلىقتىن، بۇ مۇقەددەس سۆزمۇ لاۋزىلىشىپ، تېتىماس بولۇپ كەتكەن. ئىش يۈزىدە بولسا ئەسكى چاپان، پۇچۇق تامدا ياشاپ كۆنگەن بۇ سېسىق جېنىمىز ئۆزىمىزگە بەكمۇ تاتلىق. شۇڭا، ۋەتەنگە جان پىدا قىلىشقۇ بۇياقتا تۇرسۇن، ۋەتەن، مىللەتنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك چوڭ ئىشى بولغان مائارىپقا پۇل ئىئانە قىلىشقا توغرا كەلسە، بىزدىن ئىككى ـ تۆت تال پۇچۇق يارماق چىقمىقى بەسىي مۇشكۈل. ئۇنداق چاغلاردا بىر تىيىننىڭ تۆشۈكىدىن مىڭ ئۆتۈپ، قولىمىز بىلەن يانچۇقىمىزنىڭ ئارىلىقىدا ئالتە ئايلىق يول پەيدا بولىدۇ. شۇڭا، بىز خەقنىڭ ئەۋلىياسىمۇ ستالىن بىزنى چۈشەنگەندەك چۈشەنمىگەنىكەن.

زامانىسىدا، ئەل ئىچىدە تارالغان ئىبرەتلىك پاراڭلاردىن بىلىشىمىزچە، شىڭ شىسەي ئىلغارلىق بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئاقارتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بارغاندا، ستالىنغا: «مەدەنىيەت ئاقارتىشى ئېلىپ باراي دېسەم، بۇ خەق بەك نامراتكەن، خېلى بايلىرىمۇ پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتقىلى بەرمەي، ساپلا كەمبەغەل ـ

يوقسۇللارنىڭ بالا ـ ۋاقىلىرىنى ھاشارنىڭ ئورنىدا ئوقۇشقا تۇتۇپ بېرىۋاتىدۇ. سىزدىن ئالغان قەرزنى قانداقمۇ قايتۇرارمەن؟» دەپ قاقشىسا، ستالىن كۈلۈپ قويۇپ: «كىم سىزگە ئۇيغۇرلارنى نامرات دەيدۇ، ئۇلار ئەسكى چاپان كىيىپ ۋەيرانە تاملىقلاردا ئولتۇرۇشنى ئادەت قىلىۋالغان جاھىلىيەت ئىچىدىكى نادان خەلق. ئاشۇ ئەسكى چاپانلىق بايلار تاملىرىنىڭ ئۇلىغا كۆمۈپ ساقلاۋاتقان ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىنى چىقىرىدىغان بولسا، موسكۋادەك چوڭ سانائەت شەھىرىدىن نەچچىنى قۇرۇشقا قۇربىتى يېتىدۇ. ئىشەنمىسىڭىز ئۇلارنىڭ تاملىرىنى كولاپ بېقىڭ» دېگەنىكەن. دېگەندەك، شېڭ شىسەي بايلارنى تۇتۇپ سولاپ، ئالتۇنلىرىنى ئىقرار قىلدۇرۇپ يىغقاندا ھەيران بولغىنىدىن ھوشىدىن كەتكىلى تاسلا قالغان. بۇ گىرى بايلار سىقىپ ئالغىنىدىن چىققاننى يالاپ، يېمەي ـ ئىچمەي يىغقان ھەددى ـ ھېسابسىز ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىدە زاۋۇت قۇرماي، پەن ـ مائارىپ بىلەن شۇغۇللانماي ئاخىر ھەممىنى شېڭ شىسەيگە تاغدەك دۆۋىلەپ بېرىپمۇ ئاشۇ ئەسكى چاپان ئىچىدىكى سېسىق جېنىنى ساقلاپ قالالمىدى. ئۇلار ئاللا پايدىلان، دەپ بەرگەن ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىنى ئەسكى تاملىرىنىڭ ئۇلىغا قانداق كۆمگەن بولسا، شېڭ شىسەيمۇ ئۇلارنى ئەسكى تاملارنىڭ ئۇلىغا تىرىك پېتى شۇنداق كۆمۈپ، ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنىڭ ئۇلىغا قورال ـ ياراغ ئېلىپ، ھېلىقى بايلارنىڭ بالا ـ چاقا، قوۋم ـ قېرىنداشلىرىنى قىردى.

ھازىر شىياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنلىك بايلار ئىچكى ئۆلكىلەردە، ھەتتا شىنجاڭدا كاتتا زاۋۇتلارنى قۇرۇپ، يۇرتىنىڭ گۈللىنىشى، قېرىنداشلىرىنىڭ شۇ زاۋۇتلاردا ئىشلەپ

نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ئۆزىنى روناق تاپقۇزۇشى ئۈچۈن يار ـ يۆلەك بولۇۋاتىدۇ. بىزدە بايلار يوقمۇ؟ چەت ئەللەردىچۇ؟ بايلارغۇ بار، ئەمما ئۆز خەلقى ئۈچۈن جان قاقىدىغان ۋەتەنپەرۋەر بايلار زادى قانچىلىك؟ ئەدناسى، كۆز ئالدىمىزدىكى ئىشلارغىلا نەزەر سالايلى: بىزدىكى ئىنسانىي غۇرۇر، ئەرلىك ۋىجدانىنى يوقاتقان بىر قىسىم سولامچى هارام تاماقلار يۇرتىمىزدىكى چىرايلىق قىزلارنى جەنۇبىي جۇڭگو تەرەپلەردىكى مەيخانا، رېستوران، كېچىلىك ئىشرەتخانىلارغا ئالداپ ئاپىرىپ سېتىپ ياكى شۇ يەردىكى بايلارغا ۋاقىتلىق خوتۇنلۇققا تۇتۇپ بېرىپ باي بولۇۋاتامدۇ؟ ئۆتكەندە قۇمۇلدىن شىنجېنغا كوماندىروپكىغا بارغان ئۈچ نەپەر خەنزۇ يىگىت بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ: «نەگە بارساق بىزنىڭ شىنجاڭلىق قىزلار مەيخانىلاردا ئاياغ ئاستى بولامدۇ. ئىسىت، سېنىڭ شىنجاڭلىق بولغىنىڭغا» دەپ بەزى ئۇيغۇرلارغا لەنەت ئوقۇپ مەيخانىدا جېدەل چىقارغانلىقتىن، تاياق يەپ سولاقخانىغا كىرىپ قالغانلىقىدەك تەسىرلىك هېكايىمۇ تارقالدى.

ئەنە شۇنداق يىرگىنچلىك پەسلىك بىلەن پۇل تاپقان بىزدىكى هارامزادىلەر يەنە شۇ پۇلغا خروئىن ئەكېلىپ، ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرىغا، ئىنى ـ سىڭىللىرىغا چەكتۈرۈپ باي بولۇۋاتىدۇ. ئۆز خەلقىنى خانىۋەيران قىلىش بەدىلىگە باي بولۇپ، بۇ بايلىققا هەشەمەتلىك تويلارنى قىلىپ، ئۇسسۇلچىلارنىڭ بېشىدىن تۇتاملاپ پۇللارنى ئۆرۈپ بۇزۇپ ـ چېچىۋاتقانلار دەل ۋەتەننى، ياۋاش، ساددا خەلقنى كۆيدۈرۈپ كۆلىنى سورۇۋاتقانلار، خالاس. هالالدىن پۇل تاپقانلار هەرگىزمۇ بۇنداق هارام تاماقلىق، بەتخەجلىك قىلمايدۇ.

كۆز ئالدىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئىشلارغا ئاۋام خەلق بېشىنى كۆتۈرمەي ئوتلاۋاتقان قوي پادىسىدەك پەرۋا قىلماي ئۆز قورسىقىنىڭ غېمىدە بولۇۋاتىدۇ. ئىش مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، خەلق بۇ ئىشنى خۇداغا قويۇپ قويسا، خۇدا بۇ ئىشنى «يارىتىشنى مەن ياراتتىم، يارىلىشىڭ ئۆزۈڭدىن» دەپ خەلققە تاشلاپ كۈنلەر ئۆتىۋېرىدۇ. بىزنىڭ تۈگەشكىنىمىز تۈگەشكەن. يۇقىرىقىلار دەل ئۆلۈۋاتقان ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى ياراتقان رېئاللىقتىن بىر قىسقا كۆرۈنۈشتۇر. خالاس.

## هاراق - شارابقا بېرىلىشنىڭ جەمئىيەتلىشىشى

بۇنىڭدىن 20 يىل بۇرۇن ئۇيغۇرلىرىمىز هاراق ئىچمەكچى بولسا، «ئەل - جامائەت كۆرۈپ قالسا، سەت تۇرىدۇ» دەپ نومۇس قىلىپ، يوشۇرۇن ئىچەتتى. بۇگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلار هاراق ئىچمىسە ئەل قاتارى ئولتۇرۇش - قوپۇشلاردىن قېلىپ، جامائەتتىن ئايرىلىپ قالىدىغان غەلىتە ئادەت شەكىللەندى. قىزلارمۇ ئىچىدىغان بولغاندىن بۇيان هاراق ئىچمەيدىغان يىگىتنى يىگىت هېسابلىمايدىغان بولغانمىش. شۇڭا، هازىر ئۇيغۇرلىرىمىز هاراق جامائىتى ۋە مەسچىت جامائىتى، دەپ ئىككى جامائەتكە بۆلۈنمەكتە. كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلار ئائىلىلىرىدە ئاتا بىلەن ئانا مەسچىت جامائىتى، ئوغۇل بىلەن قىز هاراق، تانسا جامائىتى بولۇپ قالدى. ئىككى جامائەتنىڭ بىرىگە تالىلاپ قاتناشمىغان ئادەم چوقۇمكى جەمئىيەتتە قاتارغا ئۆتمەيدۇ. مۇشۇ كۈنلەردە بىز خەقنىڭ سورۇنلىرىدا، هاراق جامائىتى ئۆزلىرىنىڭ ئىچكەن هاراقلىرى، ئىچىپ

قېلىنلىشىۋېلىپ قىلغان بۇزۇقچىلىقلىرى ھەققىدە لاۋزىلىق بىلەن ماختىنىپ سۆزلەشسە، مەسچىت جامائىتى ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ئىبادەتلىرىدىن ماختىنىپ، دىن ھەم قىنىدىن چىققان ھاراقكەشلەر، بۇزۇق ـ زىناخورلار ئۈستىدە دادلاپ قاقشاش بىلەن ئۆتۈشۈۋاتىدۇ. ئادەملىرىمىزگە قىلىدىغان باشقا ئىش، گەپ، غەم بولمىغاندەكىن مۇشۇ ئىشلارنىلا سۆزلىشىدۇ. بولۇپمۇ ھاراقكەشلىك ئاپىتى شەھەرلەردىنمۇ كۆرە يېزىلاردا ئادەمنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىدە ئەۋج ئېلىۋاتىدۇ.

مەن بىر خەقنىڭ نى ـ نى زىيالىيلىرى بىلەن ئولتۇرغان سورۇنلاردا ئۇلار مېنى: «سەن ھاراق ئىچمىسەڭ يا تاماكا چەكمىسەڭ، يا تانسا ئويىنىمىساڭ، بۇ دۇنيادا ياشىغىنىڭنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟» دەپ ئەيىبلەشتى. مانا بۇ ھاراق جەمئىيىتىنىڭ بۇ دۇنيادا ياشاشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ھاياتلىقنىڭ ھۇزۇر ـ ھالاۋىتى ئۈستىدە چىقارغان خۇلاسىسى.

بۇ دۇنيادا ئادەمگە ئەمگەك قىلىش، بالا تەربىيىلەش، ئىبادەت قىلىش، ئىلىم ـ ھۇنەر ئۆگىنىش، بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش، بىر كىمگە ياخشىلىق قىلىشتەك چىن مەنىسى بىلەن ھۇزۇرلىنىدىغان خەيرلىك ئىشلار كۆپ تۇرۇپ، بەزى كىشىلەر ئاشۇ مەستلىكتىن ھۇزۇرلانسا، خەلقىمىز راۋاج تاپماقچىمۇ ياكى ھاراق بىلەن زەھەرلىنىپ ئاۋۋال ئەقلىنى، بارا ـ بارا ئۆزىنى ھالاك قىلماقچىمۇ؟ بۇ يەردە ئارتۇقچە سۆزلەشنىڭ ئورنىغا مۇنداق ئىچىنىشلىق ئىككى تارىخىي ساۋاقنى ئەسلەپ ئۆتۈش كۇپايە، رۇسىيىلىك بىر ئالىم رۇس مىللىتى ئۈستىدە توختىلىپ: «ناپالىئوننى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن روھى كۆتۈرۈلۈپ، تەرەققىياتنىڭ يۇقىرى

پەللىسىگە ماڭغان رۇس مىللىتى هاراقـقا، بۇزۇقچىلىـــققا بېرىلىش نەتىجىسىدە چۈشكۈنلەشتى» دەپ هەسرەت چەككەن؛ ئامېرىكىدىكى ئىندىئانلار هەققىدە يېزىلغان بىــر كىــتابتا ئېيتىلىشىچە، ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمىي مەدەنىيىتـــى ئۈچۈن ئاجايىپ بۈيۈك، ئۆلمەس تۆهپىلەرنى قوشقان ئىندىئانلار هاراققا بېرىلىش نەتىجىسىدە ۋەيران بولۇپ، بارا ـ بارا مەهكۇملۇققا چۈشكەن. ئەسلىدە ئۇلار ئەڭ دەسلەپ ئەنگلىيىدىن بارغان دېڭىزچىلارغا ئامېرىكىنىڭ يېرىمىنـــى 500 بوتۇلكا هاراققا تېگىشكەنىكەن.

شۇڭا بىز هاراقتىن ئىبارەت بۇ شېرىن، ئەمما، تۇيدۇرماي زەئىپلەشتۈرۈپ جېنىمىزنى ئالغۇچى دۈشمىنىمىز بىلەن دوست تارتىشنى ۋاقتىدا يىغىشتۇرمىساق، راۋاج تېپىشىمىزدىن ئۈمىد يوق. ناپالىئون، گىتلېرلارمۇ مەغلۇپ قىلالمىغان رۇسلارنى ئاشۇ هاراق مەغلۇپ قىلغان تارىخىي پاجىئەدىن بىز ئۇيغۇرلارمۇ قاتتىق ئىبرەت ئېلىشىمىز كېرەك.

## پۇرسەتپەرەسلىك

بىر ئىسىل ئادەم ئەدىبلەر ساهەسىنىڭ باشلىـقـــى بولىدىغانلىقى هەققىدە گەپ چىقىۋىدى، مەي باغلىغان مېۋىگە چىۋىن ئولاشقاندەك، بىر توپ كۆتۈرمىكەش قەلەمكەشلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. چىۋىن دېگەن بۇ نىجىس دۇنيادىكى ئەڭ شېرىن، تاتلىق يېمەكلىككىمۇ، نىجاسەتكىـــمۇ ئوخشاشلا قونىدىغان بولغانلىقتىن، ئۇزاققا بارماي بۇ مېۋىنى سېسىتىپ يېگۈسىز قىلىۋېتىـــپ، ئۆمرىدە بۇنداق بىـــر مېۋىنـــى

كۆرمىگەندەك، بىلمىگەندەك يەنە باشقا پىشقان مېۋىنى ئىزدەپ كەتتى. بۇ ئادەم بۇ بىر توپ چىۋىن سوپەت نىجاسەت زىيالىيدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن ئاندىن ئادىمىي مۇھىتقا ئېرىشتى.

مېنىڭ بىر ئەمەلدار ئاغىنەم بولىدىغان، ئۇنىڭغا تېخى مەنسەپ تەگمىگەن چاغلاردا ئۇنى تونۇيدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. ئامەت قۇشى ئۇنىڭ بېشىغا قونۇپ، كىچىكرەك بىر مەنسەپكە ئولتۇرۇۋىدى، نۇرغۇن ئادەم ھاجەتمەن بولۇپ ئالدىغا كەلدى. مېنى ئۇنىڭ ئاغىنىسى دەپ بىر قانچە ئادەم سوۋغا ـ سالاغا ئىتتەردى. ئاخىر تەڭقىسلىقتا قېلىپ، بۇ ئاغىنىمىزنى ئىزدەپ بارسام، ئۇ يالاق يالاۋاتقان بىر توپ لالما ئىتقا ئوخشاش بەتخوي، ۋىجدانسىز، ھارام تاماق خۇشامەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا گىدىيىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئەسلىدە مىجەزى بىر تۈزۈك بۇ ساددا ئاغىنەم شۇ تاپتا كۆزۈمگە بەئەينى تەرەت قاچىسى تۇتۇپ تۇرغان بىر توپ مۇلازىمنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىنجىقلاپ تەرەت قىلىۋاتقان قورچاق پادىشاھ قىيىدەك كۆرۈندى، شۇنداقتىمۇ ئاغىنەم بولغاندىكىن دەپ گەپنى ئۇدۇللىغا ئېيتىۋەردىم.

— مېنى كۆن ئالغىلى قويۇڭلا، — دېدى ئۇ ئۈگۈپ.

— خەقنىڭ ئۇنلاپ ئىشىنى يالۋۇرتماي قىلىپ بېرىپ، ئەجەب ماڭا كەلگەندە كۆن ئالغىلى قوي، دەيسەنغۇ؟ — دېدىم مەنمۇ چىڭقىلىپ.

— بىزمۇ ×× نىڭ ئاغىنىسى. ئۆزۈڭلىمۇ كۆردۈڭلا، ھازىر ئۇنىڭ كۆڭلى ئارامىدا ئەمەس، شۇڭا سىلىمۇ چىرايىغا قاراپ گەپ قىلمامسىلە، ئاداش، — دېدى خۇشامەتچىلەردىن بىرى.

— سىلە بۇ باشلىقنىڭ ئورنى بىلەن ئاغىنە، شۇڭا چىرايىغا

قاراپ گەپ قىلىسىلە، مەن ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن ئاغىنە، شۇڭا گېپىم بولسا ئۇدۇل دەۋېرىمەن.

— بۇنىڭدىن كېيىن مېنى ئىزدىمەڭلا، — دېدى ئاغىنەم قىزىرىپ - تاتىرىپ.

— ئاغىنەڭلا يوق ۋاقىتىدا مەن ئاغىنەڭلا ئىدىم، ھازىر ئاغىنەڭلا ئىتىنىڭ تۇكىدىن تولىكەن. يەنە مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن سىلىگە خەقنىڭ ھاجىتى چۈشمەيدىغان بولىدۇ، شۇ چاغدا بۇ ئاغىنىلىرىڭلار قانداق تېز پەيدا بولۇپ كۆپىيىپ كەتكەن بولسا، شۇنداق تېز غايىب بولىدۇ، شۇ چاغدا سىلىمۇ مېنى ئىزدىشىڭلا، مەنمۇ سىلىنى ئىزدىشىم مۇمكىن، — دەپ كەيپسىزلىك ئىچىدە قايتىپ چىقتىم.

مانا بۇ — ئىنسانىي ھېسسىيات ۋە ئادىمىيلىك تۇيغۇسىدىن مەھرۇم بولۇپ، مەلۇم مەنپەئەت، غەرەز ئۈستىگە قۇرۇلغان دوستلۇق، ھارام نىيەتتىن بازار تاپقان پۇرسەتپەرەسلىك! بۇ خىل پۇرسەتپەرەسلىك ۋە ئاتالمىش دوستلۇق پۈتكۈل جەمئىيەت خاراكتېرلىك جامائەت ئەخلاقى شەكلىگە ئۆرلەپ ۋە يامراپ، يۇقىرىدىن - تۆۋەنگىچە ئەمەلدار - بايلارنىڭ ئەتراپىدا قۇلچىلىق - يالاقچىلىق بىلەن ياشاش ئادىتى بۇ ئەركەك مىللىتىمىز ئەزالىرىنىڭ خاراكتېرىدە خۇشامەتچىلىك - غالچىلىق خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈپ، ئادەملىك قەدىر - قىممىتىنى بارغانسېرى پەسلىتىپ بارماقتا.

## مىجەزدىكى سوغۇقلۇقتىن ئىككى مىسال

بىزدە كۆپىنچە ئەركەكلەرنىڭ مىجەزى سوغۇق كېلىدۇ. ھەر قانداق تەمكىن، سالاپەتلىك ئەرمۇ سەل قاملاشقان

ئايالنى كۆرگەن زامات قىلىۋاتقان ئىشىنى ئۇنتۇپ، ئەقلىنى يوقاتقان هالدا ئۆزىنى ئالدىرۇپ قويىدۇ. قولىدىكى ئىش بىر ئادەمنىڭ هاياتىغا، تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ ئۇنى ئۇنتۇيدۇ. شۇڭا، خەلقىمىزنىڭ ئەقلىنى مۇشۇ سۇيۇق مىجەزلىك بېسىپ كېتىپ، تارىختا تالايلىغان ئېچىنىشلىق پاجىئەلەر يۈز بەرگەن، خەلقىمىز تولدۇرغۇسىز زىيانلارنى تارتىپ ۋەيران بولغان هەم بولۇۋاتىدۇ.

كۆپ ساندىكى ئادەملىرىمىز بىرەر ئىشنىڭ ئېتىنى ئاڭلاپ بولغۇچە باش ـ ئاخىرىنى ئەقىل ۋە سەۋرچانلىق بىلەن ئويلاپ، قەدەمنى قانداق ئېلىش، ئاخىرىنى قانداق تاماملاشنى دىتلاپ باقمايلا ئىش باشلاپ قويىدۇ. نەتىجىدە پىلانسىز، ئالدىراش باشلانغان ئىش قىلار ـ قىلماي كۆڭلىدىكىدەك بولمىسا ياكى سەل ـ پەل چىپىگە تارتقۇدەك بولسىلا خۇددى ئوتنى تارتىۋەتكەن قازاندەك ۋاراقلاپ قايناپ تۇرغان قىزغىنلىقى تېزلا بېسىلىپ سوۋۇپ يالتىيىۋالىدۇ. شۇ چاغدا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ: توختا، مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەبى زادى نەدە؟ باشقىچە ئۇسۇلدا قىلىپ باقاي، ئالدىنقى قېتىم قاملاشمىغان بولسا، ئەمدى قاملىشىپ قالار، دېمەي يېنىۋالىدۇ. مانا بۇ بىزنى سالقىن قانلىق، ئەقىل ـ پاراسەت، تەمكىنلىكتىن مەهرۇم قىلىۋاتقان ئىللەت — ئاسان قىزىپ، تېز سوۋۇيدىغان روهىي ئاجىزلىقىمىز، مەنىۋى پۇچەكلىكىمىزدىن كىچىككىنە بىر مىسالدۇر، خالاس.

## هەسەتنىڭ تەتۈر تۇتۇشى

بىزدەك هەسەت ئوتى تېز تۇتىشىدىغان خەق بۇ دۇنيادا كەم تېپىلىدۇ، ئادەملىرىمىز شۇ هەسەتنىمۇ قاملاشتۇرۇپ قىلالماي

ئاسانلا چاندۇرىدۇ.

ئالايلۇق، خوتۇنلاردىن بىرەرى يېڭى كىيىم كىيگۈدەك بولسا، ئالتىسىنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىدۇ، ئۇچى ماي تارتىدۇ، ئىككىسى ئۆڭۈپ ـ تاتىرىپ تۇرۇپ مۇبارەكلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايال قورۇنۇپ، يېڭى كىيىم كىيگەنگە تويىدۇ. بۇنداق ئىچى قوتۇرلۇق ـ چىدىماسلىق يېزا ـ سەھرالاردىكى ئەر ـ ئاياللار ئىچىدە تېخىمۇ رەزىل تۈس ئالغان بولۇپ، يېڭى كىيىمگە قەستەن ماي ـ پاتقاق چېچىۋېتىش، چىدىمىسا سەتلەپ تىللاپ، زورلاپ جېدەل قىلىش، ھەتتا ئېپىنى تېپىپ شۇ كىيىمنى پىچاق ـ بىرتۇادا تىلىۋېتىش، تاماكىدا كۆيدۈرۈپ تۆشۈك ئېچىپ قويۇش، سۇمبۇل چاچ ئاياللارنىڭ چېچىنى تۇيدۇرماي كېسىۋېتىشتەك دۈشمەنلىكلەر دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ.

ئەرلەر ئىچىدىكى ھەسەتخورلۇقمۇ ھەرگىز ئاياللارنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ. تەڭ دىمەتلىكلەر، ھەتتا دوستلىشىپ ئۆتكەنلەر ئارىسىدا بىرەرىنىڭ بىرەر ئىشى سەل ـ پەل ئوڭغا تارتىپ يۈرۈشۈپ قالغۇدەك بولسا، تۇرۇپلا ئەل ـ ئاغىنىلەر دەسلەپتە ئۇنى گەپتە چېقىپ كەمسىتىش، چاقچاققا يۆلەپ تىللاپ دەردىنى چىقىرىش، ئۆزلىرىچە ئۆچ بولۇپ قېلىپ ئاستىرتتىن قەست قىلىش، چېقىش يولىغا تۇزاق قۇرۇش، سورۇندا ھاراققا زورلاپ مەست قىلىپ ئۇرۇۋېتىشلار دائىملا بولۇپ تۇرىدۇ.

زىيالىيلار ئارىسىدىكى ھەسەتخورلۇق ئۇندىن ئۆتە چاكىنا تۈس ئالغان بولۇپ، بەزىلەر ئۆزى بىرەر ئىشنى قاملاشتۇرۇپ

قىلمايدۇ، خەق قىلسا ئۆزىچە ئاچچىقى كېلىپ، ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك كۆزىدە قارايدۇ؛ كەسىپداشلىرىدىن بىرەرى سەل - پەل ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكۇدەك بولسا، ھەر قانچە يېقىن دوستى بولسىمۇ ئۇنى ئۆچ كۆرۈپ خوتۇن خەقتەك ماي تارتىپ يۈرىدۇ. «سەن قىلغان ئىشنى مەن نېمىشقا قىلالمىغۇدەكمەن، چۈنكى مەنمۇ ساڭا ئوخشاش ئادەم» دەپ بەل باغلاپ، مەيدانغا چۈشۈشنىڭ ئورنىغا، «سەن قانچىلىك نېمىتتىڭ، بۇ ئىشنى مەن تۇرۇپ سەن قىلىپ كېتەمتىڭ، ئەل نەرقى ئىش قىلمىغاندىكىن پېيىڭنى قىرقىيمەن شۇنداق» دېگەن تەتۈر، چاكىنا، جاھىل، خۇمسىلارچە ئاڭ بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ. شۇڭا بىز بىرەرىمىزگە ئامەت كەلسە، «ساڭىمۇ يوق، ماڭىمۇ يوق» بولسا ياكى ئۇ ئامەت ياتقا كەتسە كۆڭلىمىز ئېمىن تاپىدىغان، ھەرگىزمۇ بىرەر ئادەمنىڭ خۇشاللىقىغا چىن دىلىمىزدىن سەمىمىي ئورتاق بولىدىغان خەلق ئەمەسمىز.

## ئۇششاق ئىشلارغا خامان ھەيدەش، چوڭ ئىشلارنى خىيالىغا كەلتۈرمەسلىك

شۇ كۈنلەردە بەزى ئادەملىرىمىزنىڭ كۆزلىگەن مەقسەت - مۇددىئالىرى تولىمۇ تار - چاكىنا بولغانلىقى، مىسالى بىرەر ئۆي سېلىش، مەلۇم بىر مەنسەپكە ئېرىشىشتەك ئادەتتىكى ئىشلارنى ئۆمۈرلۈك غايىسى بىلىپ، شۇ يولدىلا كۆيۈپ - پىشىپ ئۆتىدىغانلىقى، كۆيۈش قىلىدىغانلىقى سەۋەبلىك كۆپ ھاللاردا تىلىگىنىگىمۇ ئاسانلا ئېرىشىدۇ. بۇ خۇددى ئىشەكنىڭ

ئويلايدىغىنى بىرە، كالىنىڭ ھەلەپ بولغىنىغا ئوخشاشلا بىر گەپ. بىرەرىنىڭ تىخىنى: پۇل تېپىپ باي بولسام، مەھەللىمىزنىڭ كوچىسىنى ئاسفالتلاپ ياساپ، ئەھلى ـ جامائەتكە كاتتا مونچا سالدۇرۇپ بەرسەم، ئېتىزلارنى پۇركۈپ سۇغىرىدىغان قىلسام، مونچە ئوقۇغۇچىنى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرگە ئوقۇشقا چىقىرىپ، ھازىرقى زاماندىكى ئەڭ ئىلغار پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگەتسەم، يۇرتۇمغا مونداق بىر كاتتا زاۋۇت قۇرسام، ئۇنىڭغا يۇرتداشلىرىمدىن مونچىلىك ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشسا، يۇرتمۇ، خەلقمۇ سانائەتلەشسە ئاڭ تەرەققىي قىلاتتى، دەيدىغان غايىلىك پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ باقمىدۇق. ئەكسىچە، ئادەملىرىمىز ناھايىتى بىر ئىككى ـ تۆت تەڭگە پۇل ۋە ياكى «سامانلىقنىڭ ئاچقۇچى» تەگكەنچىلىك ئەرزىمەس مەنسەپكە ئېرىشسىلا، كېرىلىپ خۇدىنى يوقىتىپ، تۆت ئادەمنىڭ ئالدىدا چوڭچىلىق بىلەن غادىيىپ ياشاشنى باشلايدۇ. تۆگىمەس مېھماندارچىلىق، تاغارغا سامان تىققاندەك، بۇگۈنلا يەۋالمىسا ئەتە قىيامەت قايىم بولىدىغاندەك كەپلەپ يېمەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىچىلگەن كۆيدۇرگۈچى — كىسلاتالىق ھاراقتىن كاللا ئېلىشىپ، ئەقىلدىن توختاپ، مەلۇم ۋاقىت ئادەم قىلىپىدىن چىقىپ ئادىمىي ھايۋانغا ئايلانىماق، شەھۋانىي نەپسى قۇتراپ، شەرمىي ھايانى ئۇنتۇماق — بۈگۈنكى بىر بۆلۈك ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ قىلىدىغان ئىش ـ ئەمەلى، ماختىنىپ، لاپ ئۇرۇپ سۆزلەيدىغان يوغان ئىشلىرىغا ئايلىنىپ قالغان. ئۇلارغا بۇنىڭدىن باشقا ئىش، دەيدىغان گەپمۇ يوق. دېمەك، بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ ئېگى ئولتۇرۇش ـ

مېھماندارچىلىق، بوزۇقچىلىق، ھاراق ئېچىدىن، ئاياللارنىڭ بولسا گىرىم ئېچى، كىيىم ئېچىدىن ھالقىپ ئۆتەلمىگەن تولىمۇ بىچارە ئاڭدىن ئىبارەت، خالاس. بۇ سورۇنلاردا بولىدىغان پاراڭلارنىڭ تېمىسى تولىمۇ چاكىنا بولۇپ، تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ــ چۈششەك، ئەرزىمەس ئىشلارنى تالاش ــ تارتىش قىلىش، ئۆزىنىڭ ئەيىبى بىلەن كارى يوق كەچكىچە خەقنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش، ھەتتا ئۆلگەنلەرنىمۇ گۆردە تىنچ ــ ئامان ياتقىلى قويماي روھىنى داستىخانغا سۆرەپ كېلىپ ئۇنى قارىلاش، ئۇنىڭ قارىشىسىدىكى ئاياللار سورۇنلىرىدا بولسا، بۇ غەيۋەتلەرگە ئۇلاپ كىمنىڭ قەرزگە بوغۇلۇپ تۇرۇپ ياسىنىپ ــ تارالغانلىقى ھەققىدە سۆزلەشنىڭ نېرىسىغا ئۆتەلمەيدۇ. مىللىتىمىزنىڭ ئاتىلىرى ھاراقكەش، ئانىلىرى كىيىم ــ گىرىمكەشلىك بىلەن بولۇپ، بالا تەربىيىلەش ئېڭىنى يىتتۈرۈپ قويغانلىقتىن، ئادەملىرىمىز بارغانچە سوپەتسىز، پوچەك، تۇترۇقسىز، كۆرۈمسىز، پاكار، كالتە پەم، زەئىپ، ئۆز مەدەنىيىتىنى ئۇنتۇشقا قاراپ يۈزلىنىۋاتقان، بوزۇلۇپ كەتكەن كونا يادىكارلىقتەك بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. يامغۇر يېغىپ كەتكەن، بىر كىمنى ماشىنا سوقۇۋەتكەن، تاماق ئوخشىمىغاندەك كىچىك ئىشلار ئۈچۈن ئۆز ئارا مۇنازىرە قىلىشىمىز، خەلقنى ھالاكەتكە باشلاۋاتقان ئىللەتلەر بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق. ئەدناسى يۇرت ــ كوچا ئىسىملىرىنى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز شۇنچە چىرايلىق قالدۇرۇپ كەتكەنىدى، ئەمما بۇنى ئۇششاق ئەرزىمەس ئىش، دەپ قاراپ ھازىر ئاغزىمىزغا كەلگەنچە ئاتايمىز. مانا بۇ ئەڭ چوڭ ئىشلارنىڭ بىرى ئىدى. ئىسىم قويۇشنى كىچىك

ئىش، دەپ قاراپ، تېخىمۇ ئەرەبنىڭ ئىسمىغا ئېسىلىۋالساق، تېخىمۇ ئاغزىمىزغا كەلگەننى، كىنودا ئاڭلىۋالغاننى ئويلىماستىن، مەنىسىنى بىلمەستىن بالىمىزغا قويۇۋالىمىز، مانا بۇمۇ چوڭ ئىشنى كىچىك ئىش، دەپ سەل قارىغانلىق. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز كۈن، ئاي، يۇلتۇز، كۆك، دەريا، كۆل، بۇلاق. . . دېگەندەك، كائىنات ۋە هاياتلىقنىڭ ئۇلۇغ كاپالەتلىرىنىڭ ئىسمىنى ئەۋلادلارغا قويغانىدى. ئەمما بۇنداق مەنىلىك ئىسىملار بارا ـ بارا كىچىك ئىش دەپ قارىلىپ پەيدىنپەي يوقالغىلى تۇردى، پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۆز ئىسىم ـ فامىلىسى ئارقىلىق تارىخنى بىلىشكە ئادەتلەنسە، بىز خەق فامىلە ئىشلىتىپ، ئىسىم مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا سەل قاراپ، چوڭ دادىمىزدىن يۇقىرىسىدىكى بوۋىمىزنىڭ ئىسمىنى بىلمەيدىغان هالغا چۈشۈپ قالدۇق. يۇرت، ئادەم ئىسمىنىڭ فامىلە، مەنە قانۇنىغا كىرىشى يۇرتنىڭ، هەتتا بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ لوغەتتەك روشەن تارىخىي پاكىتى ئىدى. ئەپسۇسكى، بۇلارنىڭ پەيدىنپەي ئۇنتۇلۇپ بېرىشى نەتىجىسىدە ئەۋلادلىرىمىز بۈگۈنكى كۈنلۈكتە «دادام قانداق كىشى ئىدى؟» دەپ يولدىن ئۆتكەن ناتونۇش كىشىدىن ئۆز پەدەرىنى سورايدىغان يېتىم ئوغلاقنىڭ هالىغا قېلىۋاتىدۇ. بۇ هالدا ئۆتكۈنچىلەردىن بىرىنىڭ: «دادىڭ قارا ئادەم ئىدى»، يەنە بىرىنىڭ: «دادىڭ دوڭغاق ئادەم ئىدى» دېگەن پەلەپەتىش گەپلىرىدىن خاپا بولغىلى بولمايدۇ. شۇڭا بىز ئۆز ئىسمىمىزغا فامىلە ئىشلىتىلىش ئارقىلىق ئىز قالدۇرمىساق ئەۋرە ـ چەۋرىلىرىمىزمۇ بىزدەك يارىماس بوۋىلىرىنىڭ قانداق ئادەملىكىنى يەنە خەقتىن

سورايدىغان ھالغا قالىدۇ. مانا بۇنىڭغا ئوخشاش چوڭ ئىشلار بىزگە كىچىك تۇيۇلۇپ، نەدىكى لەخمەن ئوخشىمىغان، توك قېچىپ كەتكەندەك ئىشلارغا باش قاتۇرۇپ ئۆتتۇەرسەك، بىزنى جاھىلىيەت ــ نادانلىق قۇچىقىغا تېپىپ، تۇغۇپ، جاھاندىن كەتكەن سوپىزىم دەۋرىدىكى چوڭ دادا، چوڭ ئانىلىرىمىزدەك يىغلاپ ــ قاقشاپ ئۆلۈپ تۇگەيمىز شۇ.

## ئۆزىنى بىلمەسلىك

ئاتا ــ بوۋىلىرىمىز «ئۆزىنى بىلگەن خاندىن قورقماپتۇ»، «يولدىن چىقما، خاندىن قورقما»، «ئۆزىنى سورىغان شەھەر سوراپتۇ» دېگەن ھېكمەتنى ئەڭ كۆپ ئىشلىتىپ كەلگەن، ھازىرمۇ بۇ گەپلەر ئاغزىمىزدىن چۈشمەيدۇ. بۇ سۆزلەر ئۇنىڭ كۆپ دېيىلىشى بىزدە ئۆزىنى بىلىشنىڭ كەملىكىگە بىر مىسالدۇر. بەزى ئادەملىرىمىز بىرەرىگە ھاجىتى چۈشسە كۈچۈكتەك ئەركىلەپ، سوك قوزىسىدەك ئىچ ئاغرىتارلىق قىلىپ كېتىدۇ، ھاجىتى چۈشمىسە ئۆگزىگە چىقىۋالغان ئىتتەك گىدىيىپ قاۋايدۇ. ياخشىلىققا بېرىلىدىغان جاۋابمۇ كۆپ ھاللاردا ئۆزىگە ياخشىلىق قىلغان، بېشىنى سىلىغان ئادەمگە نامەردلىك قىلىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بەزىلەر بىر كىملەردىن قەرز سورايدۇ، بەرگەندە بەك خۇش بولىدۇ، قايتۇرىدىغاندا يولى بىلەن چىرايلىق رەھمەت ئېيتىپ ياندۇرمايدۇ. قەرز بەرگۈچى خىجىللىق ئىچىدە قەرزنى سۈيلىسە خاپا بولىدۇ ياكى مۇتتەھەملىك بىلەن ئۇ كىشىنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىپ، قەرز

بەرگەنگە تويغۇزۇۋېتىدۇ، ئۆز پۇلىغا يالۋۇرتۇپ، «ئېلىشتا ياپىر، بېرىشتە كاپىر» قىلىپ بېرىدۇ. مانا بۇنداق مۇناپىقانە ياشاش ئۇسۇلى بىز ئۇيغۇرلار ئارىسىغا چوڭقۇر سىڭىپ، بەزى ئادەملەر ئۆز ئارا ئىشەنچ، مېھىر ـ مۇھەببەت، توغرۇلۇق ھېسسىياتىدىن مەھرۇم قىلىپ، ئۇلارنى رەھىمسىزلىك، ھەسەتخورلۇق، ئىچى تارلىق، ئىككى يۈزلىمىلىك، ساختىپەزلىك، بىر ـ بىرىنى ئالداپ خۇمسىلارچە، دۈشمەنلەرچە ياشاشقا باشلىماقتا. شۇڭا بىزگە خارلىق ـ زەبۇنلۇق خۇددى سايىمىزدەك ئەگىشىپلا كەلدى.

ئۆزىمىزنى بىلىش نىيرۇمىزنىڭ كەملىكىدىن كۆپلىرىمىز پېشانىمىزنى سىلىۋېتىپ تۇرۇپ، «مەن زادى قانچىلىك ئادەم، ئۆزۈم ياشاۋاتقان جەمئىيەت ۋە جامائەتكە قانچىلىك ئىش قىلىپ بېرەلىدىم؟» دېگەنلەر بىلەن ھېسابلاشماستىن، قىلىدەك ئىشىمىزنى پىلدەك كۆرسىتىپ ۋالاقلاپ، خۇددى تاغ يۆتكەپ بەرگەندەك قەھرىمانانە، داھىيانە سۈنئىي سالاپەت پەيدا قىلىپ، ئۆزىمىزنى دۇنيادا بىر ساناپ مەغرۇرلىنىشلىرىمىز قالتىس. ئاز ـ تولا تۆھپىسى بار بەزى ئادەملىرىمىز بولسا، كەمتەر بولدۇم، دەپ تولا ئېگىلىپ ھىجىيىپ، ئۆزىنىڭ يالاقچى سىياق بولۇپ قېلىۋاتقىنىنى تۇيماي قېلىشىۋاتىدۇ.

قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان ۋالاقتەگگۈر، مەمەدان، بىكار تەلەپ، ھارام تاماقلار خۇددى ئاللا ئەۋەتكەن پەرىيومچى قازىدەك «ئۇ ئۇنداق، بۇ بۇنداق» دەپ خەقنىڭ ئۆمۈر بويى قان ـ تەر سىڭدۈرۈپ قىلغان ئەمگىكىنى بىر لاپ گەپ بىلەنلا سېسىتىپ، زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇزۇرلىنىدۇ. بىزنىڭ بەزى

نادان، ئەقلى گۆدەك ئادەملىرىمىز يەنە ئەمگەك قىلغۇچىغا ئەمەس، لاپچىغا ئىشىنىدۇ. ئاغزىدا شەھەر ئالغۇچى بۇ پوچىلار «ئۇغۇ شۇنچىلىك بولسىمۇ قىپتۇ، مەنچۇ؟ ئۇنىڭ قولىدىن كەلگەن ئىش مېنىڭ قولۇمدىن كېلەمدۇ؟ ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا مەن قانچىلىك ئادەم؟» دېگەن سوئالنى ئۆزىگە قويۇپ باقمايدۇ.

ئەگەر بىز ئۆزىمىزنى ھەقىقىي تونۇپ، ئادىمىلىك تەبىئىيتىمىز بىلەن ھايۋانىلىق تەبىئىيتىمىزنىڭ سالمىقىنى دەڭسىيەلىسەك، ئىلغار، دۇنياغا يۈزلەنگەن مىللەتلەر بىلەن بولغان پەرقىمىزنى ئېتىراپ قىلالىساق، ئاندىن تەرەققىي قىلىپ گۈللىنەلەيمىز. بولمىسا مەۋجۇت بولۇپ ياشاش ئىستىقبالىمىز غۇۋادۇر.

## ئادىمىلىكتىن مۇناپىقلىققا يېقىن

بىر كىشى بىلەن يامان ئەمەس ئەقىدە قىلىشىپ، نورمال مۇناسىۋەتتە ئۆتەتتۇق. كۆڭلەرنىڭ بىرىدە يەنە بىر يېقىن ئاغىنەم ئۇنىڭ ماڭا ئورا كولىغانلىقى ھەققىدە پاكىتلىق گەپلەرنى يەتكۈزدى. ئەجەبلىنىپ تۇرسام، بۇ ئىش بىرقانچە تەرەپلەردىن ئىسپاتلىنىپ قالدى. ئەمما تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ ئۇ كولىغان ئورىغا چۈشمىدىم، ئەمما ئۇ ئادەمگە قىلغان ئەقىدەمگە بەك پۇچۇلاندىم.

كۆڭلەر ئۆتۈپ قارىسام، ئۇ كىشىنىڭ مۇناپىقلىقىنى ماڭا ئىسپاتلىشىپ بەرگەن ئاغىنەم ئۇنىڭ بىلەن مەندىن يېقىن

ئۆتىدىكەن ئەمەسمۇ. بۇ خىل ئىللەت ئەمەلىيەتتە بىر قىسىم ئادەملىرىمىز مۇناسىۋىتىدىكى ئورتاقلىق ۋە ئومۇمىي خاراكتېر بولۇپ، ئۇنىڭ مەنبەسى خۇددى هاراقنىڭ ئازابىدىن قاقشاپ، زىيىنىنى بىلىپ، سۆزلەپ تۇرۇپمۇ هاراقتىن ئۈمىد ئۈزەلمىگىنىمىزدەك، دوستلار ئارا ئالا كۆڭۈللۈك، ئىككى يۈزلىمىلىك («تىلى تۈزۈك، دىلى بۇزۇق» لۇق) تىن زارلانساقمۇ، ئاغزىمىزدىلا دوست بولىدىغان مۇناپىقلىق ئىگى روھىيىتىمىزدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىدا ئىكەن.

ئادەملىرىمىز ئارىسىدا ئۆز ئارا ئىشەنچ، دوستلۇق، مېھىر - مۇھەببەتنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى بىزنى بىر پۈتۈن مىللەت سۈپىتىدە بارغانسېرى ئادىمىيلىك تەبىئىيىتىدىن چەتنەشتۈرمەكتە. كىچىك چاغلىرىمدا كىنو كۆرسەم، كىنودا بىر كىم بىر كىمنى بوزەك قىلسا، پەسكەشلىك بىلەن ئازابلىسا، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىغا هېسداشلىق قىلىپ كۆزۈمدىن ياش چىقاتتى، ئەسكىلىك قىلغان رەزىل ئادەمنى چايناپ پۇركۇۋەتكۈم كېلەتتى. هازىر ئۇنداق كىنولارنى كۆرسەممۇ ئانچە تەسىرلەنمەيدىغان، ئىچىم ئاغرىمايدىغان بولۇپ قالدىم، ئەمدى ماڭا ئەسلىدە شۇنداق بولۇشى كېرەكتەكلا بىلىنىدۇ، هەتتا زىيانلانغۇچىنى باغلاپ قويۇپ ئۇرۇۋاتسا، ئادەملەر ئېلىشقاندا تاياق، مۇشت، كالتەك دەل جايىغا قانچە ئەپچىل تېگىپ، بىر - بىرىنىڭ ئاغزى - بۇرنىنى ماكچايتىۋەتسە ۋە ياكى بىر مۇشت بىلەن تىك موللاق چۈشۈرۈپ قىرقىرىتىۋەتسە، تاياق يەپ ئازابلانغۇچىغا ئىچ ئاغرىتىشتىن كۆرە ئۇرغۇچىنىڭ مۇشتنى ئەپلەپ تۇرۇپ چاققانلىق بىلەن

ئاتالغان «نوچى» لىقىدىن ھوزۇرلىنىدىغان بولۇپ قالدىم. خەقنىڭ ئازابىدىن ھوزۇرلىنىش مەندىكىلا ئىشمىكى دېسەم، ئەدناسى بىرەر ئادەم يولدا كېتىۋېتىپ تېيىلىپ يىقىلىپ كەتسە ۋە ياكى ئۇ قاتتىق چۈشكەنلىكتىن ئورنىدىن تۇرالمايۋاتسا، يۆلەپ قويماقتا يوق، توپلىشىپ تاماشا كۆرىدىكەنمىز.

باشقىلار بەختسىزلىككە ئۇچرىسا زاڭلىق قىلىپ كۈلۈش، ياماندىن قورقۇپ، ياۋاشنى ئالداپ ياكى بوزەك ئېتىپ قىيناپ، دىلىغا ئازار بېرىپ ھوزۇرلىنىش بۈگۈنكى ئۇيغۇر خاراكتېرىگە يېڭىدىن يامراپ چاپلىشىۋاتقان ياكى بۇرۇندىن يىلتىزى چوڭقۇرلاپ كېلىۋاتقان خاراكتېر ئاجىزلىقى بولۇپ قالدى. بۇ خىل رەزىل ئىللەت بىز خەقنى ئادىمىيلىكتىن تېخىمۇ يىراقلاشتۇرۇۋاتقان ئەجەللىك ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ قالماقتا.

## يۇرتۋازلىق، مەزھەپچىلىك، ئىناقسىزلىقنىڭ ساۋىقىنى مەڭگۇ قوبۇل قىلماسلىق

مۇشۇ كۈنلەردە ئادەملىرىمىز، بولۇپمۇ بىرقىسىم يۇقىرى دەرىجىلىك زىيالىيلىرىمىز ھە دېسىلا يۇرتۋازلىقتىن ۋايساپ ـ قاقشاپ قويىسمۇ، ئىش يۈزىدە دەل شۇلار يۇرتۋازلىقنىڭ تۈگمىنىگە سۇ قۇيۇۋاتىدۇ.

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى مۇناسىۋەت ئادىتىگە شۇنداقلا قارايدىغان بولساق، مىللىتىمىزنىڭ بىر تۈركۈم داھىي شەخسلىرى — ئالىملار، ئەدىبلەر، جامائەت ئەربابلىرىدىن

تاكى ئاۋام پۇقرالارغىچە ئورتاق مىللىي ئالاھىدىلىك بويىچە ئەمەس، مەھەللە - قەبىلە ئېڭىدىن ھالقىپ كېتەلمىگەن يۇرتۋازلىق ھېسسىياتىدا ياشاۋاتىدۇ. مەلۇم بىر يۇرتتىكىلەر نىسبەتەن كۆپرەك توپلاشقان بەزى ساھەدە، مۇبادا يات يەرلىك بىرەر ئادەم بوپقالسا، ئۇ ھەر قانچە قابىل، ئىقتىدارلىق ئادەم بولسىمۇ، ئۆچكە پادىسى ئىچىگە كىرىپ قالغان قويدەك يەكلىنىدۇ، سىغمايدۇ. ئۇ ھامان ھە دېسە ھارۋا سوقۇپ، مەستلەر يۆلىنىۋېلىپ، ئۇششاق باللار ئېگىپ - سۇندۇرۇپ دوڭغاق بولۇپ قالغان دوقمۇش دەرەخدەك ئاينىمايدۇ. «ئۆز يۇرتلۇق» ئاتالغانلار ھارام تاماق، دۆت بولسىمۇ، مەھەللىسىنىڭ ئايغىغا سۈيى ئۇلىشىپ قالغانلا بولسا، ئۆزئار ياپسالاپ، پەردازلىشىپ، بىر - بىرىگە قولتۇق تايىغى بولۇشۇپ دوست تارتىشىدۇ. نەتىجىدە قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئەزىمەتلەر ھارۋا شوتىسىغا كىرەلمىگەندىكىن، ئىش بېشىغا چىقىۋالغان قابىلىيەتسىزلەر ھارۋىنى سۆرىيەلمەي پاتقاققا تىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەلنىڭ ئىشى ئىلگىرى باسماي، خەلق نەسلىكتىن ئۆرە كەلمەيدۇ.

ئادەملىرىمىز يۇرتۋازلىقتا شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، بىزدىن بىرەر دۇنياۋى چولپان چىقسا ۋە ياكى ئىمان - ئېتىقادلىق، خەلقپەرۋەر ئوغلانلىرىمىزدىن بىرەرى چىقىپ، ئەل - ۋەتەن پايدىسىغا تىلدا داستان بولغۇدەك خەيرلىك ئىشتىن بىرەرنى قىلسا، «كىم قىلىپتۇ» دېيىشنىڭ ئورنىغا «ئۇ نەلىك ئىكەن؟» دەپ سورايدۇ، تۆھپىسى بىلەن ھېسابلاشماي، يۇرتى بىلەن ھېسابلىشىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۆز يۇرتىدىن بولسا، خۇددى ئۆزى شۇ ئىشنى قىلغاندەك ماختىنىپ، بېشى ئاسمانغا

يېتىدۇ. ئەگەرچەندە ئۇ باشقا يەرلىك بولسا، ئاۋۋال جىم بولۇشىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ بار ـ يوق كەمچىلىكىنى سۆزلەپ، ئاخىرىدا ئۇ خەيرلىك ئىشتىن قۇسۇر تېپىشقا باشلاپ، بىردەمدىلا شۇ ئىشنى قىلغان ئادەمنى يوقىقا چىقىرىدۇ. ئۇنى ئاز دېگەندەك، بىرەر ياخشى ئادەم، خەيرلىك ئىشمۇ ئۆز مەزھىپى ـ گورۇھىدىن چىقمىسا، ئۇمۇ ھېسابقا ئۆتمەيدۇ. مۇبادا بىرەر ئىش بۇزدى چىقسا (ياكى شۇ يەرلىك ئەمەس بىرىدىن رەنجىسە، مەنپەئەت تەگمىسە)، شۇ يارىماس ـ ناباب مەلئۇنىنىڭ ئۇساللىقىدىن نەپرەتلەنمەي، «پالانى يەرلىك دېگەن زادى ئۇسال خەق، ئۆزى پەس يۇرت، ئۇ يەرلىكنى ئادەم دېگىلى بولمايدۇ» دەپ نادانلارچە شالىنى چېچىشىدۇ؛ ئۆزلىرىچە شۇ ناجىنس ئادەمنى شۇ يەرلىك ئەھلى يۇرت ۋە شۇ يۇرتنىڭ ئۆزى قىلىپ، ئۇ يۇرتنى، ئۇ يۇرتتىكى مىڭلىغان ـ مىليونلىغان خەلقنى دۇنيادىكى ئەڭ رەزىل، قاباھەت تىل بىلەن ھاقارەتلەپ تىللايدۇ. ئۆزلىرىچە ئۇلارنى ئۆز مىللىتىنىڭ تەركىبىدىن چىقىرىۋەتكۈسى كېلىدۇ. ياخشى ـ يامان ئادەمنىڭ ھەممە يۇرتتىن چىقىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئەڭ ئەقەللىي تەبىئىي قانۇنىيەتنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. مانا مۇشۇنداق تولىمۇ تار ئاڭدىكى خەلقتىن قانداقمۇ ياخشى ئۈمىدلەرنى كۈتكىلى بولسۇن؟ ئەجەب ئامېرىكىدىكى ئاق تەنلىكلەر نېگىر تەنەھەرىكەتچىلەرنىڭ غەلىبىسىدىن شۇنچە خۇشاللىنىپ، ئۇلارغا گۈل تۇتۇپ، ئۇلارنى سۆيۈپ قۇچاقلاپ، كۆتۈرۈپ ئاسمانغا ئېتىپ، تەنتەنە قىلىشىدىكەنغۇ؟ ئۇلارمۇ ئادەم، بىزمۇ ئادەم، ھەممىمىز ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ پەرزەنتلىرىغۇ؟ بىرەر

ئۇلۇغلۇق ياكى يېگىلىق ئىنگلىز ياكى ئەرەبتىن چىقسا، چوڭ بىلىپ چوقۇنىدىكەنمىزۇ، ئۇ ئۆز قېرىنداشىمىزدىن، تۇتاش كەتكەن ئۇيغۇر يۇرتلىرىنىڭ بىرەرىدىن چىقسا، ئۇ پەقەت مەھەللىمىزدىن چىقمىغىنى ئۇچۇنلا كەمسىتەمدۇق؟ بۇ ئۆزىمىزنى كەمسىتكەنلىك، پەس كۆرگەنلىك بولماي نېمە؟ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىختىن بۇيان يۇرتۋازلىق، مەزھەپچىلىك، «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق» لار تەپرىقىچىلىكى سەۋەبىدىن دەريا ـ دەريا قانلار ئېقىپ، نى ـ نى خانلىقلار غۇلاپ، ئاز خانۇ ـ ۋەيرانچىلىق تارتتۇقمۇ؟ سۆزلەڭ دېسە، بۇنى نى ـ نى تارىخىي پاجىئەلەرنى مىسالغا كەلتۈرۈپ تۇرۇپ، قان ـ ياشلىق شىكايەتلەر بىلەن سۆزلەيمىز، ئىش يۈزىدە قىلىۋاتقىنىمىز خۇددى ئۇغرىنىڭ ئوغرىنى تۇت دەپ ۋارقىرىغىنىدەك بىر مۇناپىقانە ئىش بولۇۋاتىدۇ. يۇرتۋازلىق، مەزھەپچىلىك ـ گۇرۇھۋازلىقنىڭ پاجىئەلىك ساۋاقلىرىنى قوبۇل قىلىش تۇگۇل، بىز بىر قېرىنداش تۇرۇپ، بىر يۇرتلۇق يەنە بىر يۇرتلۇقنى ئەشەددىي دۈشمەندىنمۇ بەتتەر يامان كۆرۈۋاتىمىز. بىز بۇ ھالاكەت يولىدىن ۋاقتىدا يانمىساق، جېنىمىزنى ساقلاپ قېلىش تۇگۇل، بىر ـ بىرىمىزنى «يەپ»، زاۋال تاپقىنىمىز تاپقان.

## ئەقىلدىن ھېسسىياتى ئۇستۇنلۇك

يېقىنقى زامان دۇنيا تارىخىدىكى قالتىس پەن ـ تېخنىكا مۆجىزىلىرى ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل ـ پاراسەت ۋە ھۈنەر ـ

سانائەتكە تايىنىپ جاپالىق ئىشلىشىدىن روياپقا چىققانلىقى ھەممىگە ئايان بولمىش پاكىت. بۈگۈن جاھاندا ئالغا كېتىۋاتقان ئىلغار مىللەتلەرگە نەزەر سالساق، ئۇلار قۇرۇق شوئار، پوچىلىق، ناخشا - مۇزىكىغا بولغان ئەسەبىي ھېرىسمەنلىك بىلەن ناياقلاپ، پۇرۇچ قورچاقتەك ئۇسسۇل ئويناش ۋە ياكى ئۆزىنى ئاللاغا تاشلاپ مازارغا سېغىنىش بىلەن ئەمەس، سوغۇققانلىق، سەۋر - تاقەت، چىدام - غەيرەت، تىرىشچانلىق، زامانىۋى ئىلىم - پەن، مائارىپ، يۇكسەك تەپەككۇر قابىلىيىتى مۇجەسسەملەشكەن ئەقىل - پاراسىتىگە تايىنىپ، ئۆزىنى راۋاج تاپقۇزۇۋاتقانلىقىنى قايىللىق بىلەن كۆرىمىز.

جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تارىخى ئىسپاتلىدىكى، ئەقىلگە تايىنىپ ئىش قىلغان ئادەمنىڭ غەلىبە قىلىش نىسبىتى ھېسسىياتقا بېرىلىپ ئىشلىگەن ئادەمنىڭكىدىن دائىم مۇتلەق ھالدا ئۈستۈن بولىدۇ. ھېسسىياتقا بېرىلگەن ئادەم مۇقەررەركى، كۆپ ھاللاردا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. بىز ھازىرقى ياشاش، تەپەككۇر قىلىش، ئىشلەش ئۇسۇلىمىزغا ياكى يېقىنقى زاماندىكى تارىخىمىزغا نەزەر سالساق، بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ كەلگەن نى - نى ئېغىر تارىخىي قىسمەتلەر، پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتلەر، قالاقلىق، نادانلىق، قاشاقلىقلارنىڭ ماھىيەتتە ھېسسىياتقا بېرىلىپ، ئەقىلنى ئىشلەتمەي ئىش قىلغانلىقىمىزدىن بولغانلىقىنى تاۋاقتىكى ئاشتەك كۆرۈۋالالايمىز. قارىساق، تارىختىن بېرى بىزدە «ناخشا - قوشاقچى»، «شائىر» نىڭ كۆپلۈكىنى، پەيلاسوپ - مۇتەپەككۇر ۋە تەبىئىي پەن ئالىملىرىنىڭ تولىمۇ ئاز ياكى يوق

ھېسابىدا ئىكەنلىكىنى، ئادەملىرىمىزنىڭ ئەقىل - پاراسەت، تەپەككۇردا ئارقىدا قېلىپ، كۆپ ھاللاردا ھېسسىياتنىڭ تىزگىنلىشىدە ياشاپ كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز. دۇنيا ئاللىقاچان ئەقلىيلىك دەۋرگە كىرگەن، خەلقىمىز زامانىۋىلاشتۇرۇشقا يۈرۈش قىلغاندىمۇ بىزدە دېھقاندىن تارتىپ يۇقىرى قاتلامغىچە ئەقىلگە قارىغاندا يەنىلا ھېسسىياتقا تايىنىپ ئىش قىلىش ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىۋاتىدۇ. ئەقەللىيسى دېھقانمۇ يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى، يەر، ئۇرۇق دېگەنلەردە ئەگەر ھۆكۈمەت ھەيدەپ تۇرمىسا، «تاشقا چاچ، بەختىڭدىن كۆر»، «خۇدانىڭ بەرگىنى ھېساب» دەپ تەۋەككۇلچىلىك ۋە تەلەي سىناش روھى بىلەن يەر تېرىۋاتىدۇ. يۇقىرى قاتلامدا بولسا، نى - نى ئىختىرا - كەشپىياتلار، ئالىملارنىڭ پەن تەتقىقات، ئىجادىيەت ئىشلىرى ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغان (بۇ ئىشلار بېسىلىپ قېلىپ)، نەدە ھاراق - شاراب، ناخشا - ئۇسسۇل، سەنئەتلەر بولسا شۇ يەر قالتىس ئاۋاتلىشىپ كېتىدۇ، بەزى جايلاردا 50 - 60 يىل بالا ئوقۇتۇپ پۈتۈن ھاياتى ۋە يۈرەك قېنىنى دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئىشقا سەرپ قىلغان مائارىپچى ئۆمۈر بويى ئېتىبارغا ئېرىشەلمەي، سەھنىدە بىر قېتىم بەل تولغىغان سەنئەتنىڭ خېنىمىنى شاھتىن گادايغىچە ئەتىۋارلايدۇ. ئالىم قېقىندى - سوقۇندى بولۇپ تۇرمۇشىنى قامدىيالماي گاداي مەدىكار ۋە ياكى ھۆپىگەرگە ئايلىنىپ كېتىدۇكى، ئادەملىرىمىزدىن بىرەرىمۇ ئۇنىڭ ئەتراپىنى چۆرگىلىمەيدۇ، بىر ساۋاتسىز زالىمنىڭ چۆرىسىدە مىڭلاپ ئىنسان قۇرتتەك مىغىلداپ ئۇنى ئىلاھلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ نىجىس تاپىنىنى يالاپ

ياشايدۇ.

مانا بۇ ئەقلىي كۆچىمىز ئاجىزلاپ، ھېسسىياتىمىز قۇلچىلىقىنىڭ چەكسىز بوشلۇقىغا قاراپ ئىلگىرىلەپ كەتكەن ھالىتىمىزدىن بىر مەسخىرىلىك كۆرۈنۈش.

## ئىشتىن گەپكە ئامراقلىق

دۇنيادا ئىشنىڭ ئەڭ ئاسىنى گەپ قىلىش، ھەممىدىن قىيىنى ئىش قىلىشتۇر. خېلى كۆپ ساندىكى ئادەملىرىمىز روھىيىتىدە تەلەي سىناش پسىخىكىسى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغىنى ئۈچۈن، ئۇلار بىر-بىر نەرسىگە ئەقىل ئىشلەتمەي، قان - تەر ئاققۇزماي، بەدەل تۆلىمەي ئاسان ئېرىشىشكە ئادەتلەنگەن؛ خۇددى يۇرتىمىزنىڭ جۇغراپىيىلىك تۇزۇلۇشىدە چۆل - باياۋان كۆپ، بوستانلىق ئاز بولۇشتەك ئېكولوگىيە شەكىللەنگەندەك، بۇ خاراكتېر بىزدە جەمئىيەت خاراكتېرلىك ئىشتىن گەپكە ئامراقلىق ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن. شۇڭا قارىسىڭىز، ساناقلىق ئادەملەرلا باش چۆكۈرۈپ ھالاللىق بىلەن مىننەتسىز، ئۈن - تىنسىز، جاپالىق ئىشلەۋاتقان، خۇددى «كۆڭلى بۇزۇق ھەمىشە باشقىلاردىن ئەيىب ئىزدەر» دېگەندەك، ئۆزى بىر ئىشنى قاملاشتۇرۇپ قىلالمايدىغان، خەق قىلسا كۆرەلمەيدىغان بىر توپ ئاغزى قىچىشقاق زوغۇيلار تومۇزدا تىرەجەپ ساپان تارتىۋاتقان ئايغىرنىڭ ساغرىسىغا قونۇۋالغان كۆكۈيۈنلارغا ئوخشاش، ئىش قىلغانلارغا ئارام بەرمەي غاجاپ، يېگىدىن - يېڭى غەيۋەت، پىتنە - ئىغۋالارنى توقۇۋاتقان

روھىيەت پاجىئەسىنى قەدەمدە بىر ئۇچرىتىمىز.

بىر كۈنى سورۇندا بىزدىكى ياخشى بىر ئەدىب ھەققىدە گەپ باشلاندى. بىرەيلەن ئۇنىڭ ئەسەرلىرى، ئائىلە تۇرمۇشى، بالا - چاقىلىرى، مىجەز - خاراكتېرى ھەققىدە ئۇزاقتىن - ئۇزاق سۆزلەپ ھەممىنى ئاغزىغا قاراتتى. سورۇن ئەھلى ئۇنىڭ سۆزلىرىنى بەكمۇ ھوزۇرلىنىپ ئاڭلاشتى. شۇ تاپتا ئۇلار بۇ ئەدىبتە ئالالمىغان بىرەر قىساسى باردەك، مانا ھازىر شۇ قىساس ئېلىنىۋاتقاندەك، دۈشمىنى بىرىدىن تاياق يېسە دەردى چىققاندەك خۇشاللىققا چۆمۈلگەنىدى. ئاخىر ئۇ ئادەم بۇ ئەدىبنىڭ ئۆمۈر بويى يازغان ئەسەرلىرىنى بىر تىيىنغا ئەرزىمەيدىغان ئەخلەتكە چىقىرىۋەتتى، ھەممەيلەن خۇشاللىقتىن تويى بولغان قىز - يىگىتتەك يايراپ كېتىشتى. شۇنداق قارىسام، سۆزلەۋاتقان بۇ ئادەم ھېلىقى ئەدىبنى ئۆمرىدە كۆرۈپمۇ باقمىغان، ئۆزى ۋە خوتۇن - بالىلىرى بىلەن ئەسلا تونۇشمايتتى، شۇنداقلا سورۇندىكىلەرنىڭمۇ بۇ ئەدىب بىلەن ھېچقانداق تونۇشلۇقى ۋە قىلچە پايدا - زىيان توقۇنۇشمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە كەلسەك، ئەدەبىياتىمىزغا تۆھپە قوشسا قوشقانكى، پاخال قىلمىغانىدى. ئەمما، سورۇن ئەھلى نېمىشقا بىكاردىن - بىكار بۇ بىگۇناھ ئەدىبكە ئۇۋال قىلىپ قىساسكار ھېسسىياتتا بولىدۇ؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ، ئىچىم ئاچچىق بولدى - دە، سورۇندىن كەيپسىزلىك ئىچىدە چىقىپ كەتتىم.

دېمەك، بىزدە ئىش قىلىدىغانلار ئاز، گەپ قىلىدىغانلار جىق ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىش قىلىدىغانلارغا گەپ

قىلىدىغانلار ئۈچ ئىكەن. بۇ ھالاكەت پىسخىكىسى بىزنىڭ ئورتاق ئاجىزلىقىمىز ئىكەن. مەن بۇ يەردە رەھمەتلىك شائىرىمىز ئىبراھىم تۇردى ئاكىنىڭ: «بىزنىڭ ئادەملەر ھاراق سورۇنىدا يولۋاس، ئىشخانىلاردا تۈلكە، ئىشقا كەلگەندە يېرىمى چۈجە ئالالماس ئاق سار، يېرىمى ئىشتىن قاچىدىغان توشقان» دەپ زارلىغان گېپىنى ئەلەم بىلەن ئەسلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دانىشمەنلىرىمىز گەپنىڭ مېغىزىنى چاققانلىقى ئۈچۈن ئوقۇرمەنلىرىمىزگە يەنە سۆزلەشنى ئارتۇقچە ھېسابلاپ، خۇلاسە كالامنى مۇنۇ ئىككى ئىبرەتلىك ھېكمەت بىلەن چۈشۈرۈشنى مۇۋاپىق تاپتىم: قايسى ئەلدە گەپ تولا بولسا، بەرىكەت ئاز، قايسى ئەلدە ئىش تولا بولسا، بەرىكەت ساز (مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا فارابى)؛ قەيەردە ئىش خۇشياقماسلار، بىكار تەلەپلەر كۆپ بولسا، شۇ يەردە قۇرۇق گەپ، غەيۋەت - شىكايەت كۆپ بولۇر.

## سەھەر تۇرۇشتىن قېلىۋاتقانلار

قەشقەردىكى چېغىمدا سۈت ئەكىرىش سەۋەبىدىن ئەتىگەن سائەت تۆت - بەشلەردىلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ كېتەتتىم. شۇ چاغدا ئۆزۈمچىلا ئۈچ خىل ئادەملەرنىڭ سەھەر تۇرۇپ كېتىدىغانلىقىغا دىققەت قىلدىم. قارىسام بۇلاردىن شەھەرگە كۆكتات، ئوتۇن - سامان سانىقلى كىرىدىغان دېھقانلار بىلەن شەھەردىكى ئاشپەز - ناۋاي، كۆكتات تىجارەتچىلىرى ئاساسەن كېچە سائەت ئىككىلەردىلا ئىسسىق ئورنىدىن قوپۇپ «بۇگۈن»

ئۇچۇن جان پىدالىق بىلەن ئىشلەشكە كىرىشىپ كېتىدىكەن. سائەت تۆت بولغاندا، دىيانەتلىك مۇسۇلمانلار ناماز ئوقۇشقا مەسچىتكە، خەنزۇلار ئائىلە بويلاپ چېنىقىش ئۇچۇن بىنا ئالدى ۋە باغچا ـ مەيدانلارغا ماڭىدىكەن. سەھەرنىڭ ساپ ھاۋاسىدا خەنزۇلارنىڭ بەش ياشلىق بالىلىرىدىن تارتىپ 80 ـ 90 ياشلىق بوۋاي ـ مومايلىرىغىچە تەنھەرىكەتنىڭ تۈرلۈك شەكىللىرى بويىچە شۇنچە روھلۇق، جەڭگىۋارلارچە ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، چوڭقۇر خىياللارغا پېتىپ قالىدىغان بولۇپ قالغانىدىم. دېمىسىمۇ ئادەم سەھەردە تۇرۇپ بىر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتسا بىر كۈن كەچكىچە ناھايىتى روھلۇق، تېتىك، جەڭگىۋار، خۇشخۇي، تەپەككۇرى ئۇچۇق ئاسماندەك كەڭ ھەم سۈزۈك بولىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان بولمىش ئەقەللىي پاكىتقۇ؟ بوۋىسىغا ئەگىشىپ قىلىچ ئويناتقۇاتقان خەنزۇ بالىغا چوڭقۇر زوقمەنلىك بىلەن قاراۋاتقىنىمدا ئاۋۋال يوتقاندا بەخىرامان ئۇخلاۋاتقان ئىككى ئوغلۇم ئېسىمگە كېلىپ، كۆڭلۈم ئاجايىپ يېرىم بولغانىدى. بۇ بوۋاي نەۋرىسىگە سەھەر تۇرۇپ، ھەر كۈنلۈك ھاياتىنى جەڭگىۋارلىق بىلەن باشلاشنى ئۆگىتەتتى، مەن بولسام بالامغا غەپلەتكە پېتىپ ئۇخلاش روھىنى سىڭدۈرەتتىم. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ئۇنلىغان قوشنىلىرىمنىڭ دېرىزىلىرىمۇ قاپقاراڭغۇ ئىدى، دېمەك ئۇلارنىڭ بالىلىرىلا ئەمەس، ئۆزلىرىمۇ تاڭ سەھەرنىڭ غەپلەت ئۇيقۇسىدا مەست ئىدى.

مەن نۇرغۇن ئەل ـ ئاغىنىلىرىمنىڭ، جۈملىدىن مىڭلىغان ـ ئون مىڭلىغان ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئاخشىمى ھاراق ـ شاراب، ئويۇن ـ تاماشا بىلەن ۋاقتىدا

ياتمايدىغانلىقىنى، ئەتىگىنى ۋاقچە قوپىدىغانلىقىنى، ھەتتا خىزمەتكە چۈشۈشكە پەقەت 5 ـ 10 مىنۇت قالغاندىلا ئاران ئورنىدىن تۇرۇپ، يۈزىنى چالا ـ بۇلا يۇيۇپلا ئىشقا ماڭىدىغانلىقىنى، سائەت ئونلاردا ئاندىن ئىش ئورنىدا ئاز ـ تولا ناشتا قىلىدىغانلىقىنى بىلىمەن. دېمەك، بىزنىڭ ھەقىقىي ئىنساندەك ياشاش غايىمىز بولىدىغان بولسا، ئورنىمىزدىن سەھەر تۇرغان، بىر كۈنلۈك ئېنىق ھەرىكەت پىلانىمىز بار بولغان بولاتتۇق. غايىمىز غۇۋا، ئىشىمىز پىلانسىز بولغاچقا، خورەكنى بولۇشىغا تارتىپ ئۆلۈكتەك ئۇخلاپ، بۇ دۇنيادىن غەمسىز ئۆتۈۋاتىمىز، يەنى بىر ئادەم 70 يىل ياشىدى دېسەك، باشقا مىللەتلەر شۇ 70 يىلنىڭ 35 يىلىنى ئويغاق بىلەن ئۆتكۈزسە، بىز ئۇيغۇرلار ئەللىك يىلىنى ئۇخلاپ، شۇ ئويغۇنمۇ قانماي، قالغان 20 يىلنىمۇ ئويقۇچان ـ خامۇش، يېرىم تىرىك ھالەتتە سۆرۈلۈپ ئۆتكۈزۈۋاتىمىز. ئاتا ـ بوۋىلار: «ئويقۇ دېگەن ئۆلۈك» دەپ بىكار ئېيتمىغان. ئەپسۇسكى، مىللىتىمىزنىڭ ئەڭ ئويقۇچان ئەزالىرى زىيالىيلار بىلەن كۈچتۈڭگۈر ياشلار بولۇۋاتىدۇ. ئەمما، ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئەزەلدىن ھاسىلاتى شۇكى، ئويقۇ ئۆلۈمنىڭ ھەمراھى بولغاچقا، ئەلمىساقتىن بۇيان ئۇخلىغاننىڭ رىزقىنى ئۇخلىمىغان يەپ كەتكەن!

## تەربىيە سىڭمەسلىك

80 ـ يىللار ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلار تارىخىدا پەن ـ مائارىپ، ئاخبارات ـ نەشرىيات، كىنو ـ تېلېۋىزىيە يېرىم

زامانىۋىلاشقان قالتىس جانلىنىش دەۋرى بولدى. ئازادلىقتىن كېيىنكى ئوتتۇز نەچچە يىلدا ئېچىلمىغان مەكتەپلەر ئېچىلدى، مەسچىتلەر سېلىنىدى؛ يېڭىدىن نەشرىياتلار، ژۇرناللار تەسىس قىلىنىپ، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى قۇرۇلدى. مىليونلىغان كىتاب ـ ژۇرناللار نەشردىن چىقتى. كىنو ـ تېلېۋىزىيىدىن ئىبارەت جانلىق، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى زور، تارقىتىشى ئەڭ ئىلغار مەنىۋى ئۆزنەك ۋە دەرسلىك بولغۇدەك مەدەنىيەت جەۋھەرلىرى تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئۇيغۇرلار بىلەن دىدارلاشتى. يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك بېكىنىپ ياتقان ئۇيغۇرلاردىن بەزىلىرى چەت ئەللەرگە چىقتى. چەت ئەللىكلەرمۇ بىر ـ بىرلەپ ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە كىردى. ئۆزئارا بېرىش ـ كېلىشنىڭ كۆچىيىشى، ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن بۈگۈنكى زامانىۋى دۇنياغا يۈزلىنىش ھەققىدە گېزىت ـ ژۇرنال، كىتابلاردا ئاز سۆزلەنمىدى؛ مەسچىتلەردە ئاز ۋەز ئېيتىلمىدى. ئەمما، كۆزى ئوچۇق تۇرۇپ كۆرمەيدىغان، قۇلىقى ساق تۇرۇپ ئاڭلىمايدىغان، ۋىجدان ـ ۋۇجۇدىغا قۇلۇپ سېلىنىپ كەتكەن بەزى ئادەملىرىمىزگە ھېچقانچە تەسىر قىلمىدى؛ خۇددى «ئوپقان كېسىلى» گە گىرىپتار بولغان ئادەمگە بەرگەن قۇۋۋەتلىك ئوزۇقلۇق نىجاسەت بولۇپ چىقىپ كەتكەندەك، ئۇلارنىڭ بەدىنىگە تەپمىدى، چىرايىغا چىقمىدى؛ «تولا يېگەن بۆرىنىڭ كۆتى كامار» دېگەندەك، بۇ نادان ئادەملىرىمىزگە ھېچ نەرسىنى بىلدۈرەلمىدى؛ جاھاندىكى ئالەمشۇمۇل ئىشلار ئۇلارنىڭ قىسىلچىلىقىغا كەپمۇ قويمىدى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىدى، يېڭىلىقلارنى ئاز ـ تولا قوبۇل قىلدى، دېگەندىمۇ، ئورۇق مالغا

يەم ئېغىر كەلگەندەك، ئاجىز بەدەنگە كېسەل يېقىن بولغاندەك، چەت ئەللەر مەدەنىيىتىنىڭ مېغىزىنى قوبۇل قىلماي شاكىلىدىن زەھەرلەندى (تەتۈرلۈكنىڭ دەستىدىن قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى قوبۇل قىلماي، قوبۇل قىلماسلىققا تېگىشلىك نەرسىلەرنى قوبۇل قىلدى). چەت ئەللەرنىڭ چىرىك، چاكىنا، پەسكەش نەرسىلىرىنى دوراپ، نەتىجە ـ ئاقىۋەتتە يا ئاتا ـ بوۋىسىدىن قالغان ئېسىل مەنىۋى بايلىقنى ساقلاپ قالالماي، يا زامانىۋى مەدەنىيەتنى ئۆزلەشتۈرەلمەي، مەنىۋى گادايلىقتا تېخىمۇ زەئىپلەشتى. كالا قوناق يېسە كۆتىدىن پۈتۈن چىققاندەك، مىليونلىغان ئېسىل كىتابلارمۇ بىر خەقنىڭ خارلىشى بىلەن قەغەز زاۋۇتىغا كەتتى. «بەرسەڭ يەيمەن، ئۇرساڭ ئۆلىمەن» گە تۇرغان ئادەملىرىمىز نېمىنى ئويلسام خۇدا شۇنى قولۇمغا سېلىپ بەرمىسە ياشىمايمەن، دەيدىغان يەرگە يەتكەندەك قىلىدۇ.

بىز ئۇيغۇرلار شۇ ئاچچىق ساۋاقنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەككى، ئەجدادلىرىمىز بۇددا دىنىدىن ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغاندا، ئاتا ـ بوۋىسىدىن تەۋەررۇك قالغان كىتابلارنى كۆيدۈرۈپ تۈگىتىشۈەتكەچكە، بۈگۈنكى كۈندە: «ئاتا ـ بوۋام قانداق كىشى ئىدى؟» دەپ ئۆز ئەجدادلىرىمىزنىڭ تېگى ـ زاتى، قانداق ياشىغانلىقىنى خەقتىن سوراشتەك ئۇياتلىق ھالغا چۈشۈپ قالدۇق. ئەرەبلەر، مۇھىمى پەيغەمبىرىمىزنىڭ قەبىلىسىمۇ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى تارىخىي كىتابلىرىنى كۆيدۈرۈش تۈگۈل ئەتىۋارلاپ ساقلىغانلىقى، تا ھازىرغىچە ئوقۇپ تەۋەررۇك بىلىپ كەلگەنلىكىنى (دۇنيادىكى بىزدىن باشقا پۈتكۈل مۇسۇلمانلارمۇ ئەلۋەتتە شۇنداق) پەقەتلا

ئويلىمىدۇق. شۇ چاغدا كۆيدۈرگىنىمىز ئاز كەلگەندەك، قالغان ئاز ـ تولا كىتابلارنىمۇ ئاپپاق خوجىغا ئەكىشىپ كۆيدۈردۇق. ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى تالاي ـ تالاي بىباھا ـ ئېسىل كىتابلارنى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەپ ئاتالغان مەدەنىيەتنى يوقىتىش ھەرىكىتىدە ھەممىمىز يەڭ شىمايلاپ سەپكە ئاتلىنىپ كۆيدۈرۈپ تۈگەتتۇق. ئاتا ـ بوۋىمىز سالغان ئىزنى داۋام قىلماستىن، توز ئۆز ئىزىنى قۇيرۇقىدا ئۆچۈرۈپ ماڭغاندەك ماڭدۇق. كالۋالىق ۋە كۇپۇرلۇقىمىز شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، بۈگۈنكى كۈنلەرگە كەلگەندە ئاشۇ قىلىقلىرىمىزدىن خىجىل بولۇش، نومۇس قىلىش، ۋىجدانىمىز ئاز ـ تولا ئازابلىنىش تۈگۈل، ئۇيغۇرلار تارىخىدا ئاران بىر كەلگەن مىليونلاپ كىتابقا ئېرىشىشتەك تېپىلغۇسىز كاتتا پۇرسەتنىڭ قەدرىنى بىلمەي دەپسەندە قىلىۋاتىمىز. 7 مىليون 200 مىڭ ئۇيغۇر ئاھالىسى (ھۆكۈمەت 1990 ـ يىلى ئېلان قىلغان سان) دىن شۇنچە ئېسىل ـ نادىر كىتابلارغا ئاران مىڭدىن ئۈچ مىڭغىچە تىراژ كېلىۋاتسا، ھەتتا شۇنچىلىك كىتابلارمۇ تولۇق سېتىلمايۋاتسا؛ بىر مىليون ئادەمدىن كىتاب ئوقۇيدىغىنى يۈزگە، كىتاب ئالىدىغىنى ئونغا يەتمىسە؛ دېمەك ئۇيغۇرلىرىمىز پەن ـ مەدەنىيەت ئىگىلەش، بۈگۈنكى تەرەققىي تاپقان زامانىۋى دۇنياغا يۈزلىنىش تۈگۈل، ئەدناسى ئۆز ھالىنى چۈشىنىشنى خالىماي، يىغلاپ مەسچىتكە كىرىۋالسا، مەسچىتكە كىرىشىمۇ ئاللا بەرگەن دىنىنى چۈشەنمىسە، ئەقلىنى ئىشقا سالماي، پۇل تاپىمەن دەپ پۇلنى قوغلىغانچە ئۇنىڭغا ئېرىشەلمىسە؛ يەپ ـ ئىچىشكە ئامراق بولغانسېرى يېمەك ـ ئىچمەكمۇ لاۋزىلىشىپ كېسەل باسسا؛ ھەممىسى ھاراقتىن قاقشاپ تىللىغانچە

ھاراقكەشلىك جەمئىيەتلىشىپ، ئاپەتكە ئايلانسا، تەھقىقكى كىتابنى خارلىغان گۇناھىمىز ئۇچۇن خۇدانىڭمۇ بىزنى خارلايدىغانلىقى ئېنىق.

خوش، قاراپايمە، ساۋاتسىز دېگەنلەرغۇ كىتاب ئېلىش تۇگۇل، ئوقۇمىسۇن، ھەتتا 20 يىللاپ مەكتەپتە ئوقۇپ ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئاتالمىش زىيالىي تونىغا ئورىنىۋالغان كۆپلىگەن «بىلىمدان» لار چېغىدا نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ۋاقتىنى بىر ــ بىرىنى غاجاش ــ غەيۋەت قىلىشقا سەرپ قىلىدۇكى، بىر ــ ئىككى بەت كىتاب ئوقۇشنى خالىمايدۇ. بەزى ئادەملىرىمىز يەپ تويماس قارنىغا كەپلەپ تىقىپ، پاتقۇدەك يەر قالمىغاندا ئاشقان نى ــ نى ئېسىل تائام ۋە كاۋاپلارنى تاماق شىرەلىرىدە شۇ پېتى ئاشۇرۇپ تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە رازىكى، شۇ ئېشىپ قالغان يېرىم قاچا لەڭمەن ياكى ئىككى زىخ كاۋاپنىڭ پۇلىغا كېلىدىغان ئىلمىي قىممىتى زور، ئېسىل كىتابتىن بىرنى سېتىۋېلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ. شۇڭا بىزدە كىتاب دۇكىنىدىن ئاشپۇزۇل ۋە قاۋاقخانىلار ئاۋات. ئادەملىرىمىز بىكار بولسا نېمە ئىش قىلىدۇ؟ ئەتە قىيامەت بولۇپ قالغۇچە يېۋالايلى، دېگەندەك بىر دۈۋلەڭ تاماقنى ئاغزى ــ بۇرنىغا كەپلەپ يەپ، زەھەردەك ئاچچىق، كىسلاتالىق ھاراقنى ئاشقازىنى چىلاشقۇچە ئىچىپ، تۇگىمەس غەيۋەتنى بىر باشلىۋالسا ئۆزىدىن باشقا ھەممە ئادەمنىڭ يامان گېپىنى قىلىپ كۈن ئۆتكۈزىدۇ. نەتىجىدە ئۇلار «ھاراق بىلەن دوستلىشىپ، ئەقىل بىلەن خوشلاشقان» لىقى ئۇچۇن مىڭلىغان ئېسىل كىتابلارنى ئايلاپ ــ يىللاپ توپا بېسىپ يېتىپ، ئاخىر ئۇلار خارلىق ئىچىدە قەغەز زاۋۇتىغا ماڭىدۇ.

ئەي نادان، تەربىيە سىڭمەس، تەتۈر، غەپلەت باسقان، جاھىلىيەت ئېڭىغا ئەسىر بولغان ئادەملىرىمىز، ئۆيقۇمىزنى ئېچىپ شۇنىڭغا ئاگاھ ۋە دانە بولايلىكى، بۇ ئۆتنىگە لاپقۇت ئالەم. بىز كىتابنى خارلىغانىكەنمىز، تەھقىقكى، كىتابمۇ بىزنى خارلايدۇ. چۈنكى، ئاللا «قۇرئان كەرىم» نىڭ بىرىنچى جۈملىسىنى «ئوقۇ» دېگەن كەلىمىدىن باشلىسا، بىز ئەمەل قىلمىدۇق. بىز ئاللانىڭ دېگىنىنى قىلمىغاندىكەن، ئاللامۇ بىزنىڭ دېگىنىمىزنى قىلمايدىغانلىقى ئېنىق!

## بىر پۇل خەجلەۋاتقان ئىشلار

بىر كۈنلەردە، مەن شاڭخەيدە ئوبۇلقاسىمئاخۇن ئىسىملىك ئاق كۆڭۈل، مەرد بىر تىجارەتچى بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ قالدىم. ئۇ ئۆز يۇرتىدىكى تەتۈرلۈكلەرگە چىداپ بولالماي شاڭخەيدە ئولتۇراقلىشىپ قالغانىكەن. ئوبۇلقاسىمئاخۇن بۈگۈنكى ياشلىرىمىزنىڭ ئىشسىزلىق تۈپەيلىدىن چۈشكۈنلىشىپ، ئىچىملىك ـ چېكىملىككە بېرىلىپ، بۇزۇقچىلىق ئىچىدە نابۇت بولۇپ تۈگىشىپ كېتىۋاتقانلىقى ھەققىدە ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق قاقشاپ، كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا گېپىنىڭ خۇلاسىسىنى مۇنداق تاماملىدى: «. . . مانا بۇ بىزنى تاپقانلارنىڭ مۇشۇ كۈنلەردە ئەقىل ـ ئىدراك، پەم ـ پاراسەتلىرىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتى. بالىنى ئۆزۈڭ تاپقان، بېقىپ چوڭ قىلغان تۇرۇقلۇق ئۇنى ئوبدان تەربىيىلەپ، ياخشى ئادەم بولۇش يولىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە يوق، ھە دېسە، بالىلىرىمىنىڭ ئىنساپىنى، بەخت ـ تەلىيىنى

بەرگەيسەن، دەپ ئاللاغا يېلىنىپ يىغلايسەن. ئاللا يالغۇز ئۇيغۇرلارنىڭلا ئاللاسىمۇ؟ ئاللا تەربىيىلىنىڭلار، دەپ پۈتكۈل ئۇممەتلىرىگە تۆت مۇقەددەس كىتابنى بەرگەن. شۇنداقلا «يارىتىش مېنىڭدىن، يارىلىش ئۆزۈڭدىن» دېگەن. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، قانداق ئادەم بولۇش، ئۆزىمىزنىڭ ئىشى، شۇڭا ئۆزىمىزنى تەربىيىلەشكە كۆڭۈل بۆلۈشىمىز لازىم، شۇڭا ئاللادىن بىزنى تەربىيىلەپ قوي، دەپ ئۇنىڭدىن ئارتۇق كۆپۈرانە ئۈششۈقلۈق قىلىدىغان ھېچقانداق ھەققىمىز يوق. خەقنىڭ ئۆزىنى ئۆزى تەربىيىلەۋاتقانلىقىنى كۆزىمىز كۆرۈپ تۇرۇپمۇ يەنە: «سەن بىزنى يارىتالىدىڭىكىن تەربىيىلەپ قاتارغا قوشۇپ قوي»، دەپ قىيامەتنىڭ مۇشۇكىدەك كۆزىمىزنى يۇمۇۋېلىپ ئۈششۈقلۈق قىلىدىغانغا يەنە نېمە ھەققىمىز بار؟! بۇ خۇددى ئىككى ئادەم ئۇرۇشۇپ قېلىپ، بىرى يەنە بىرىنى تېگىگە بېسىۋېلىپ ئۇرغىلى تۇرسا، ئاستىدىكىسى ئەقلى ۋە كۈچىنى ئىشلەتمەي: «ئى خۇدايىم، مېنى يۆلەپ قوپۇرۇپ قويغىن، بولسا ما گۆينى يىقىتىپ ئاستىمغا باسۇرۇپ بەر، تازا ئۇرۇۋالاي»، دەپ ئاللاغا تىلەنگەندەك بىر قىلىق. ئادەملىرىمىز مۇشۇ ئەقەللىي قائىدىنى ئادىللىق بىلەن ئويلاپ باقسا بولاتتى. بۇنداق قىلىشنىڭ ئەكسىچە، بەزىلىرىمىز بار دۇنيالىقتا ئاران ئىككىدىن بالىمىزنى تۈزۈك تەربىيىلىيەلمەي، بىرى لاتا غىلاپ، بېلى بوش، ناتىۋان بولۇپ، ھېچ ئىشقا كېرەككە كەلمەي سۆرۈلۈپ يۈرسە، يەنە بىرى بەڭگە ـ خرويىنكەش، ئاخىرىدا ئوغرى ـ بۇلاڭچى بولۇپ، پىچاقتا ياكى ئوقتا ئۆلسە، ئەمدى بۇنىمۇ خۇداغا قويۇپ يىغلاپ قاقشاۋاتىمىز؛ تېخى بەزىلىرىمىز خۇدايىم تىلەك ـ ئىلتىجالىرىمىزنى ئاڭلىماي

قالدىمىكىن، دەپ ھەر يىلى توپ ـ توپ بولۇپ ھەرەمگە بېرىپ يىغلاپ كېلىۋاتىمىز. بۇ يىغلاپ كېلىش پۇل تاپقان بەزى ھاكىزا بايۋەچچىلەرنىڭ بايلىقىنى كۆز ـ كۆز قىلىدىغان، ھاجى بولۇپ خەقتىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان مودىسىغا ئايلاندى. پۇل تاپقانلارنىڭ چوڭلىرى ھەرەمگە، ياشلىرى قاۋاقخانا، كەچلىك بەزمىلەرگە يۈگۈرسە، بۇنىڭ ئاقىۋىتى بىزنى نەگە ئېلىپ بارماقچى؟! باشقا مىللەتلەرگە قاراقنى، تاماكىنى خۇدايىم تاشلاتقۇزمىدى، ئۆزى تاشلاۋاتىدۇ. ئەجەبا، ئۇلار ئادەم، بىز ئادەم ئەمەسمۇ؟» ئوبۇلقاسىمئاخۇن سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئادەمنى چۆچۈتىدىغان، شۇنداقلا جىددىي ئويغا سالىدىغان، ئەمما بىز دىققەت قىلمىغان مۇنداق بىر پاكىتنى ئوتتۇرىغا قويدى: «ھەر يىلى تەخمىنەن ئالتە مىڭ ئۇيغۇر ھەرەمگە بارىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىرى ئەڭ ئاز دېگەندە 20 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى سەرپ قىلىدۇ. دېمەك، ھەر يىلى ئالتە مىڭ ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ مىڭ بىر جاپادا تاپقان 120 مىليون يۈەن پۇلىنى ئەرەبلەرگە ئاپىرىپ بېرىپ، ئاللادىن بەختىنى تىلەيدۇ. ئاللا سېنى ئۆزۈڭ ياشاۋاتقان مۇشۇ زېمىنغا ياراتقانىكەن، دىلىڭدىكىنى بىلگەن يەردە، سەن ئاتايىن ئۇ يەرگە بېرىپ تىلىمىسەڭمۇ، نىيىتىڭنى خالىس تۇتۇپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تىلەپ، ھەر يىلى ھەرەمگە ئاتىغان ئاشۇ 120 مىليون يۈەن پۇلدا زاۋۇتتىن نەچچىنى قۇرۇپ، مىڭلىغان ئىشسىز باللىرىڭنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرساڭ ۋە ياكى باللىرىڭنى چەت ئەللەردىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇتساڭ، پەرزەنتلىرىڭ بەختىنى تاپماسمۇ؟ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە شۇ پۇللار بىلەن يوللىرىڭنى ياسىساڭ، ئېرىق ـ ئۆستەڭلىرىڭنى سېمونتلاپ، تۈگمەس

ھاشار زۇلمىدىن قۇتۇلساق، بۇ ھىممەتلىرىڭنى خۇدايىم مەقبۇل كۆرۈپ، ساۋابىنىڭ ئەڭ چوڭىنى تاپماسسەنمۇ؟ سەن ئاپىرىپ بەرگەن شۇ پۇللاردا ئەرەبلەر يول ياساپ، زاۋۇت قۇرۇپ، كاتتا بىنالارنى سېلىپ، بالىلىرىنى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ھەقسىز ئوقۇتۇپ، بۇ پۇلنىڭ مېغىزىنى چېقىشۋاتىمدۇ. پۇل تاپماقنىڭ تەسلىكىدە، مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىپ تاپقان پۇلىمىزنى ئەرەبلەرنىڭ ئېتىكىگە تۆكۈپ بەرمىسەك ئاللا بىزنى گۇناھكار قىلارمۇ؟ شۇنچە پۇلنى بىز ئەرەبلەرگە بەرسەك، ئەرەبلەر بىزگە نېمە بەردى؟ ئىسلام دىنىنى بىزگە ئەرەب ئەمەس، ئاللا بەرگەن ئەمەسمۇ؟»

ئوبۇلقاسىمئاخۇننىڭ شۇ گېپىدىن كېيىن مەن خېلى ئۇزاققىچە ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، چوڭقۇر خىيالغا پاتتىم. دېمىسىمۇ مىڭ بىر جاپادا ئاز ـ تولا پۇل تاپىدىكەنمىزۇ، نامراتلىقىمىزغا باقماي، جايىدا سەرپ بىلەن خەجلەشنى بىلمەيدىكەنمىز. 7 مىليون 200 يۈز مىڭ ئۇيغۇرنىڭ يېرىمى يا تاماكا چېكىدىكەن، يا هاراق ئىچىدىكەن، بۇ ئۈچ مىليوندىن كۆپرەك ئۇيغۇر يا هاراقكەش، يا بەڭگە دېگەن گەپ. ھەر كۈنى بىر مىليون ئۇيغۇر هاراق ئىچتى دېسەك، ھەربىرى ئىچمىدى دېگەندە بەش يۈەنلىك هاراق ئىچسە، كۈنىگە بەش مىليون يۈەنلىك، ئېيىغا بىر يۈز ئەللىك مىليون يۈەنلىك هاراق ئىچىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ پۇلنى هاراقتىن باشقىغا خەجلەشكە قورسىقى ئاغرىيدۇ. بەڭگىلىرىمىز كۈندە ئادەتتىكى ناچار ـ ئاچچىق تاماكىغا ئاز دېگەندە بىر مىليون يۈەندىن كۆپرەك پۇل خەجلەيدۇ. باھاسى ئالتۇندىنمۇ قىممەت بولغان خىرونىنغا كېتىشۋاتقان پۇلچۇ تېخى!

دەرىخا، خۇددى «يامبۇغا دەسسەپ، توقۇمنــــى ئاپتۇ» دېگەندەك، بىز قاچانمۇ پۇل تېپىشنى بىلىپ، خەجلەشنــى بىلمەيدىغان ئەخمەقلىقتىن قول ئۈزەرمىز؟!

## سېيت نوچىنىڭ خاراكتېرى ھەققىدە قايتا ئويلىنىش

سېيت نوچى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن چىققان كۈچتۈڭگۈر، مەرد، ئاق كۆڭۈل، تىز پۇكمەس باتۇر، «XIX ئەسىردىكى ئۆلچەملىك ئۇيغۇر ئەركىكى» دەپ قارالدى. مانا بۇ ھازىرغىچە خەلق ئارىسىدا ياشاۋاتقان روھ.

يۇقىرىقىلار تارازىنىڭ بىر تەرىپىدىكىسى، يەنە بىــر تەرىپىدە بولسا، ساۋاتسىز، ئىلىم ـ تەربىيىدە يوق، ئۆزىنىڭ ئۆلۈم خېتىنى ئاپارغۇچى نادانىنىڭ ھېيلىگەر، تەدان، ھىجىيىپ تۇرۇپ جان ئالىدىغان دۈشمىنىــــگە ئۆزىنــى ئاتقۇزۇپ ئۆلتۈرۈلىشىدىن ئىــبارەت پاكىــت تۇرۇپتۇ. بۇ ئەخمەق نوچىلىرىمىزنىڭ نەزىرىدە، تۇرمىدىن ياكى جازا مەيدانىــدا چېرىكلەر تىترەپ ئاتالمايۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قېچىش (شۇ چاغدا بۇ تامامەن مۇمكىن ئىدى!)؛ ھېچ بولمىغاندا ئاشۇ تاغدەك بەستى بىلەن ئۆزىنــى ئاتماقچــى بولغان چېرىككە تاشلىنىپ، ئۇنى مىجىۋېتىپ، ئاندىن ئوق يەپ ئۆلۈش — نامەردلىك ئىدى.

خۇدا دۈشمەنلىرىڭ ئەيمەنسۇن، دەپ ساڭا تاغدەك بوي ـ بەست؛ ئۇلارغا بوزەك بولمىسۇن، دەپ بىر تېنىڭگە ئون، ھەتتا ۋاقتى كەلگەندە بىرەر يۈزىگە تېتىغۇدەك كۈچ ـ قۇدرەت؛ ئوقۇ،

تەربىيىلەن، دەپ كۆز، ئەقىل، ئاڭ؛ ئىمان ـ ئېتىقادلىق ئادەم بول دەپ ھەممىدىن ئۇلۇغ، ئىلغار دىن بەرگەنىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، روستەمى داستاندەك تەكداشسىز پالۋانلىقىڭ بىلەن ئۆزۈڭنى قوغداشنى بىلمىسەڭ، ھەتتا سەندىن ئاجىز ـ رەزگى دۈشمىنىڭگە ئۆزۈڭنى تۇتۇپ بېرىپ، ئۇ ئۆلتۈرمەيمەن دېسە، «نوچىلىقىمنى كۆرسەتتىم» دەپ ئۆلتۈرگۈزسەڭ، شۇنچە باتۇرلۇقۇڭ، كۈچ قۇدرىتىڭ بىلەن، سېنى بېقىپ چوڭ قىلغان 70 ياشتىن ئاشقان قېرى، تۇل ئاناڭ، ئەل ـ يۇرتۇڭ، قوۋم ـ جامائىتىڭنىڭ تۈزۈك خىزمىتىدە بولماي، نامەرد دۈشمىنىڭگە قىيداپ: «مانا، مەن بالدۇرلا مەردلەرچە ئۆلەلىدىم» دەپ ۋاقىتسىزلا ئاللانىڭ دەرگاھىغا كەتسەڭ، بىز بۇنى كەچۈرگۈسىز نادانلىق، ئۆتۈپ كەتكەن ھاماقەتلىك دېمەي، نېمە دەيمىز نوچى؟

ئەپسۇسكى، بىز سېيىت نوچىنىڭ بۇ نادانلىق پاجىئەسىدىن ئىبرەت ئالماقتا يوق، تارىختا بىزدىن مۇشۇنداق مەرد ئوغلان چىققان، دەپ داستان ـ قىسسىلەر يېزىپ، ئۇنىڭ ئوبرازىنى سەھنىلەرگە ئېلىپ چىقىپ، پەخىرلىنىپ ياشاۋاتىمىز. قارىغاندا، ئەقىل بىلەن ئەمەس، قارام نوچىلىق بىلەن ياشاش يولىنى تاللىۋالغان خەلق ئوخشايمىز. سېيىت نوچى پاجىئەسىنىڭ ساۋاقسىز، نادان بولساڭ ئاشۇنداق تۈگىمەس پۇشايمانغا قالىسەن، دېگەن ئاچچىق ساۋىقىدىن كۆرە ئۆزىنى ئەخمەقلەرچە ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىش روھى بىزگە ئەڭ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن چېغى. يالغان دېسەڭلەر، كونىلارغۇ مەيلى، ھەتتا ھازىرقى مودا ياشلارمۇ سېيىت نوچىنى ئالىتاغىل، شالغۇت ناخشىلىرىدا ئاغزىدىن چۈشۈرمەي مەدھىيىلەۋاتامدۇ؟

## ئەرلىك سالاپەتنىڭ گۇمران بولۇشى

بىزدە ئەركەك تۇكى (ئەرلىك غۇرۇرى) بار ئادەملەر ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ ئەرلىك ئەخلاقى زاۋاللىققا يۈز تۇتۇپ، خاھى جىسمانىي جەھەتتىكى، خاھى ئائىلىدىكى، خاھى ئايالى، بالىلىرى، ئاتا ـ ئانىسى ئالدىدىكى بۇرچىنى تۇزۇك ئادا قىلالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. شۇ سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ ئانىلار، ئاياللار، بالىلار ئالدىدىكى ئورنى تۆۋەنلەپ، ئەرلىك سۈر ـ سالاپىتى، تىلدىكى ئۆتكۈر ـ كەسكىنلىكى يوقاشقا باشلىدى. ئەمدىلىكتە بەزى ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ ئالدىمىزدا قىلچە تەپتارتماستىن ئاغزىغا كەلگەن گەپ، خىيالىغا كەچكەن ئىشلارنى قىلىۋېرىشى ئادەتتىكى نورمال ئىش بولۇپ قالدى. ئەسلىدە بالىلارنىڭ ئاتىسىغا گەپ ياندۇرۇشى، ھاقارەتلىشى، ھەتتا مۇشت كۆتۈرۈشى، قىزلارنىڭ دادىسى ئالدىدا يېرىم يالىڭاچ نايناقلاپ يۈرۈشى، پۇتلىرىنى يىغىپ ئولتۇرماستىن سەت كېرىپ ئولتۇرۇشى، دادىسىدىن خىجىل بولماستىن ئەينەككە قاراپ ئولتۇرۇپ، بىر چىرايلىق يۈزىنى ھەر خىل بوياقلار بىلەن بويىشى، دادا بىلەن توي ھەققىدە، مۇھەببەت ھەققىدە سۆزلىشىشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەرلەر ئەخلاقى قانۇنىيىتىگە مۇتلەق خىلاپ كېلىدىغان ئىشلار ئىدى. نېمە ئۈچۈن بۇ قىلىقلار بارغانسېرى ئادەت شەكلىگە ئۆرلەپ، جەمئىيەتلىشىشكە قاراپ يۈزلەندى؟ بۇنىڭدا، بىرى، غەربتىكى يېڭى مەدەنىيەت ئېقىملىرىنىڭ مەيلى ئىلغار بولسۇن، مەيلى قالاق بولسۇن، ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتكۈل ئەخلاقىغا قاراقويۇق

سىڭىپ كىرىۋاتقانلىقىدىن بولسا، يەنە بىرى، بىزدىكى بەزى ئەرلەرنىڭ سالاپىتىدە شۇ قىلىقنى چەكلەش سۈر ـ ھەيۋىسىنىڭ سۇنۇپ يوقالغانلىقىدىن بولدى.

مەن ھازىر بەزى ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ كوچىدا كېتىۋېتىپ، بىر توپ ئەرلەر قاراپ تۇرسا ئەل كۆزىچە يۈزىنى بوياۋاتقانلىقىنى پات ـ پات ئۇچرىتىپ قالىمەن. بۇنىڭدىن ئون يىل بۇرۇن قىزلار كەچتە ئوسما قويسا، ئەتىگىنى يولدا مېڭىشتىن خىجىل بولۇپ يۈيۈۋېتىپ ماڭاتتى. كوچىدا يۈزىنى پەردازلاپ ماڭغان چوكاننىڭ كەينىدىن «خۇمدان دەزى بار» بىر توپ بىكار تەلەپ ياشلار كۈسۈكتەك ئەگىشەتتى. ھازىر ئۇ ئىشلار ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ قالدى. بىر قىسىم ئانىلاردا قىزلىرىغا بەرگۈدەك مىللىي ئەخلاق ئېڭى بولمىغاندىكىن، قارىغۇجا نېمىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسا شۇنى دوراپ سايرىغاندەك، بەزى قىزلىرىمىز تېلېۋىزوردىن نېمىنى كۆرسە شۇنى دورايدىغان روھىي گادايلىق پاجىئەسى يۈز بەردى.

مىللىي تەربىيىلىنىشىمىزنىڭ كۈنسايىن يىمىرىلىشىگە يۈز تۇتۇشى بىلەن، بەزى ئانىلار ئوغۇل تەربىيىلىگەندە ئەرلىك سۈر ـ سالاپەتنىڭ قانداق بولۇشى؛ ئەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا، خوتۇن ـ بالىلىرىغا، جەمئىيەتكە، ۋەتەنگە، خەلققە نېمە قىلىشى كېرەكلىكى؛ ئۇنىڭ مەرد، قولى ئوچۇق، پىداكار، قۇربان بېرىش روھىغا باي بولۇشى؛ قىزلارنىڭ ئۆينى پاكىز، رەتلىك تۇتۇپ، بالىنى پاكىز بېقىشى؛ ئەر ئۇچۇن نازۇك ھەرىكەت، تاتلىق سۆزلۈك، كۆيۈمچان ئايال، بالىلارغا مېھرىبان ئانا بولۇشى ھەققىدىكى تەربىيىسى بارغانسېرى سۇسلاشتى. نەتىجە ئاقىۋەتتە بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق

ئەسىرلىك تارىخىدا يېتىلدۈرگەن ئەر ـ ئاياللىق مىللىي ئەخلاقى زاۋاللىققا يۈز تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ ئەخلاق خەزىنىسىدىن مەھرۇم بولۇۋاتقان بۇ خەلقىمىز ئەخلاق دىۋانىسى بولۇپ، ھېلى ئۇنىڭكىدىن، ھېلى بۇنىڭكىدىن پۇرۇچ تېرىپ، قۇراق چاپان تىكىپ كىيىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى.

ھازىر جىنسىي پەرقنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۆزىنىڭ ئەرلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتقانلارمۇ ئاز ئەمەس. شۇ ئاي، شۇ يىللاردا بەزى ئەرلەر ھاراققا بېرىلىش نەتىجىسىدە توپلىشىپ خوتۇن خەقتىن ئاشۇرۇپ غەيۋەت قىلىدىغان؛ گورۇھ، مەزھەپ بولۇپ ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى سېستىدىغان؛ ساقال ـ سۇمباتلىق ئەركەكلەر تۇرۇقلۇق ئەر كىشىدەك تىك قارىشىپ تۇرۇپ بىر ـ بىرىگە گېپىنى ئوچۇق دېمەي، ئارقىسىدىن پىتنە قىلىدىغان؛ ئۆزى بىلەن ياخشى ئۆتىدىغان ئاغىنىلىرىدىن بىرەرى ئۆزى چويلىغا چىقمايدىغان ئەرزىمەس گەپ بىلەن ئۆزىگە دۈشمەن سايلىۋالغان يەنە بىرى بىلەن سالاملىشىپ، شۇنداقلا پاراڭلىشىپ قالغۇدەك بولسا، ئۆزىچە بۇ ئىككىسىگە خۇدۇكسىنىدىغان، باتناپ ـ ماي تارتىپ تەتۈر قارايدىغان؛ ئۇ ئاغىنىسىنىمۇ ئۆزىگە دۈشمەن سانايدىغان؛ گەپ بولسىلا ئۆزىنى ئالىيجاناب، ئۆزىدىن باشقىنى ئوسال كۆرسىتىپ سۆزلەيدىغان قىلىق رەسمىي باش كۆتۈرۈپ، ئەرلەرنىڭ قان ـ قېنىغا سىڭمەكتە. بۇ ئوسال قىلىق ئەسلىدە بىشەم، كوت ـ كوت، غەيۋەتخور، ساپ ـ ساپچى خوتۇنلارنىڭ قىلىقى ئىدى. مانا بۇ بەزى ئەرلىرىمىزنىڭ ئەرلىك غورۇر، ئەركەك مىجەز، ئەرلىك سالاپىتىنىڭ گۇمران بولۇۋاتقانلىقىنىڭ، ئەر كىشى تۇرۇپ ئەر كىشىدىن كۈنلەيدىغان

خوتۇن مىجەزلىككە ئۆزگىرىشۇاتقانلىقىنىڭ بىر بەلگىسىدۇر.
ئەرلىرىمىز ئاياللارنىڭ ئۆمۈر يولدىشلىق ھۆرمىتى، ئانىلىق ئۇلۇغلۇقىنى چىن مەنىسىدىن چۈشەنگەن، جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ئورنىغا ھەقىقىي ئېتىبار بەرگەن ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ئەر كىشىگە خاس قوپاللىقى، بۇزۇش، تۈزۈش، قۇرۇش روھىغا ئىگە جەڭگىۋار ئەرلىك ھېسسىياتىنى تېپىۋالغىنى، ئەر ـ ئاياللار ئائىلە ۋە جەمئىيەت ئالدىدىكى ئۆزىگە مۇناسىپ بۇرچىنى توغرا تونۇپ، ئۆز نۆۋىتىدە ئەر ئەردەك، ئايال ئايالدەك بولغىنى تۈزۈك.

## ئۆز ئۇلۇغلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىش ۋە ھالاكەت تىلەشتىن ھۇزۇرلىنىش

ھەر قانداق يۇرتنىڭ ئۆزلىرى چوڭ بىلىدىغان ئاسمان ـ پەلەك بۈيۈك تېغى، قۇچاق يەتكۈسىز ھەيۋەتلىك قەدىمىي دەرىخى، سۆيۈنىدىغان ئانا دەرياسى ۋە خاسىيەتلىك بۇلاقلىرى بولىدۇ. بۇ يۇرت ئاشۇ ھاياتلىق مەنبەلىرى بىلەن ياشاپ، ئاتىلىپ، خەلقئالەم ئالدىدا ئاشۇ مۇبارەك نام ـ بەلگىلىرى بىلەن تونۇلۇپ، ھازىرقى زامان تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇق بەلگىسى بولغان ئاشۇ ماركىسى بىلەن ئۆزىگە يول تاپالايدۇ.
بەزىلىرىمىز خۇي ـ پەيلىمىزنىڭ ئوساللىقىدىن ئارىمىزدىن چىققان تاغدەك ئاتىلارغىمۇ، باغدەك ئانىلارغىمۇ، خاھى دەريا، خاھى بۇلاق ئاتالغانلارغىمۇ، ئىشقىلىپ بىزگە ماركا بولماق بولغانلارنىڭ ھەر قاندىقىغا ھېچ ھېيىقماستىن

گەندە سۇۋاپ، بۇ ماركىنىــــى ئامال بار ئۆچۈرۈپ تاشلاشقا ئۇرۇنىمىز. شۇ سەۋەبلىك مىللىتىمىزنىڭ تارىختىــكى ئىپتىخارلىق نامۇ نىشانى ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ، ھازىر ئېنىق ماركىسى بولمىغاچقا، سىدام ئىپتىدائىي سۈپىتى بىلەن بۈگۈنكى ئىنسانىيەت ئالىمىدە بىزنى تونۇيدىغانلار يوق ھېسابىدا بولماقتا. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمى تەگكەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى دۆلەتلەردە ئاز ـ تولا تونۇلدۇق، دېيىش توغرا كەلسە، مەلۇم دەرىجىدە سېسىق نامىمىز، بەتخۇيلۇقىمىــز، ھەممە سەسكىنىپ يىرگىنىدىغان، كەمسىتىپ پەس كۆرىدىغان ماركىمىز بىلەن تونۇلدۇق، ئۇلار ئۆز دۆلەتلىرىگە ناگان ـ ناگاندا بېرىپ قالغان تەربىيە كۆرگەن، مەدەنىيەتلىك ئۇيغۇرلارغا مۇئامىلە قىلغاندا: «سىــز ئۆزبېكمۇ؟» دەپ سورىسا، ئادەملىرىمىــز: «ياق، مەن ئۇيغۇر» دېسە ھەيران قېلىپ: «ياق، ئۇيغۇر دېگەن سىزدەك بولمايتتىغۇ» دەپ ئىشەنمەيدىغان دەرىجىدە ئۆزىمىزنى تونۇشتۇردۇق. يۈرۈش ـ تۇرۇش، ئىش ـ ھەرىكەتتە ياخشى بولساق خەق بىزنى ياخشى دەيدۇ، يامان بولساق يامان دەيدۇ، ھەرگىز ياخشى دېمەيدۇ. بۇ بىر ئەقەللىي ساۋات. خۇي ـ پەيلىمىز ئوسال، قىلىقىمىز سەت تۇرۇپ، مېنى نېمىشقا ياخشى دېمەيسەن، دەپ يەنە خەقتىن يامانلاشقا ھېچقانداق ھەققىمىز يوق.

خوش، گەپنى شاخلاتماي يەنە ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى. بىز ئامال قىلىپ كۆزگە كۆرۈنگەن ئادەملىرىمىزنىڭ ئەمدىلا شەكىللىنىۋاتقان ماركىسىنىڭ نوپۇزىنى تىكلەش ۋە زورايتىشقا چىن دىلىمىزدىن ئىلھام ۋە مەدەت بەرسەك، ئۇنىڭ مىللىي ۋە دۇنياۋى ماركا بولۇشىغا يار ـ يۆلەكتە بولساق، بۇ ماركا بىلەن

بىزنى ئاستا ـ ئاستا ھەر قايسى ئەللەر تونۇسا، ئاندىن بىزگە خەقنىڭ كۆزى چۈشۈپ، ھە، ئۇيغۇرلار مۇنداق ئادەملەر ئىكەن، دەپ بىزگە قىزىقسا، ئۇنتۇلۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان بۇ مىللىتىمىز بۈگۈنكى دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىغا كىرەلىگەن بولاتتى. ئەپسۇسكى، بەزىلىرىمىزنىڭ كۆرگىنىمىزمۇ، كۈتكىنىمىزمۇ، ئويلايدىغىنىمىزمۇ، ئادەتلەنگىنىمىزمۇ يامانلىق بولغاچقا، مەيلى قانداق ئىسىل ماركىلىق بۈيۈك ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ھەققىدە ھالاكەتلىك سۆز تارقالسا (شۇ گەپنىمۇ ئۆزىمىز تارقىتىمىز)، قىچىشقاقتا مەدەك خۇشياققاندەك بەزىلىرىمىزگە شۇنچىلىك خۇشىيىقىپ ھۇزۇرلىنىمىزكى، خۇددى بىر توپ چىلبۆرىدەك ئۇنىڭ ئۇستىخانلىرىنى تالىشىپ غاجاپ، يىلىكلىرىنى بەس ـ بەستە شۈمۈپ كېتىمىز؛ ئۇلۇغلىرىمىزنى سېسىتىۋەتمىگۈچە كۆڭلىمىز ئارام تاپمايدۇ. قېنى دەپ باقايلى، بىز كۆزگە كۆرۈنگەن قايسىبىر ئىسىل ئادىمىمىزنىڭ كەينىدىن يامان گەپ تېپىپ، ئۇنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرمىدۇق؟ ھېلى دىلبەر يۇنۇس ئۇنداق قىپتۇ، ئىززەت ئىلياس مۇنداق بوپتۇ، دەپ سۆز ـ چۆچەك تارقىتىپ، ئۇنىڭ ئەل ئىچىدىكى ئابرۇيىنى بۇلغاشقا ئۇرۇنساق، ھېلى ئۆتكۈر ئەپەندى مۇنداقكەن دەپ پىتنە قىلىمىز؛ تۇرۇپلا قۇربان باراتنى بىر نېمە دەپ سېسىتساق، يەنە تۇرۇپلا يا ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ، يا زوردۇن سابىرنىڭ كەينىدىن تۈكى يوق گەپتىن بىرنى تاپىمىز. . . سەن ئاشۇ تاغۇ دەريا، بۇلاقلىرىمىز ھەققىدە پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىپ، ئۇلارنىڭ خەلق قەلبىدىكى ئىسىل ماركىلىق سالاھىيىتىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ، نامىغا گەندە سۇۋاپ

نېمىگە ئېرىشمەكچى؟ نېمىگە ئېرىشتىڭ؟ ئۇلارنىڭ مۇبارەك نامىنى بۇلغىغىنىڭ بىلەن ئەل - يۇرتقا تاغ - دەريا، باغ ۋە بۇلاق بولۇش قولۇڭدىن كېلەمدۇ؟ ياكى ھەسەتخورلۇقۇڭدىن ئىچىڭدە توڭگۇز قاتراپ، خۇدا بۇ شان - شەرەپنى ماڭا بەرمىگەندىكىن ساڭىمۇ يوق بولسۇن، دېمەكچىمىدىڭ؟

ئۇنداق كىشىلەرنىڭ ئۆز ئۇلۇغلىرىغا ھالاكەت تىلەپ ھۇزۇرلىنىشى ئەمەلىيەتتە ئۆزىگە ئۆلۈم تىلەپ ھۇزۇرلىنىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇنىڭغا قاراپ ئادەملىرىمىزگە جان ئېغىر كېلىپ قالغان ئوخشايدۇ، دېسەك دۇنيادا بىزدەك جېنى تاتلىق خەلق يوق.

ھەسەتخورلۇق كۆزلىرىنى كور، دىللىرىنى قارا قىلىۋەتكەن ئەي غاپىل بۇرادەرلىرىمىز، شۇنىڭغا ئاگاھ ۋە دانا بولايلىكى، خۇدا بىر قوۋمگە غەزەپ قىلماقچى بولسا، شۇ قوۋمدىكى ياخشىلارنى ئېلىپ كېتىش بىلەن جازالاپ كەلگەن. شۇڭا بىز ئۇيقۇمىزنى ئېچىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئۇلۇغلىرىنى قەدىرلەيلى، ئاللادىن ئۇلارغا نۇسرەت تىلەيلى. بىر ئوچۇم ھارامتاماق - بەدنىيەتلەرنىڭ پىتنە - سەنەملىرىگە ئۇسسۇل ئويناپ، ئۇلارغا ئىلاھىيلاشقان قاتتىق تەلەپ قويمايلى، ئۇلارنىڭ ئەمگىكىنى قەدىرلەپ، ئۆزىنى ھۆرمەتلەيلى. ئۇنتۇمايلىكى، ھەر قوۋمگە ئاللانىڭ رەھمىتى تۇتقان قانچە يۈز يىلدا ئۇلۇغ ئادەمدىن بىر ياكى بىرقانچىنى بېرىدۇ. بىز ئۇيغۇرلار ئىسىل ماركىلىق ئادەملىرىمىزنى سېستىمىپ، ھالاكەت - ئۆلۈم تىلەپلا يۈرگەچكە، 400 يىلدىن بېرى بىزگە ئىسىل ئەردىن بىرنى بېرىشنى ئاياپ كېلىۋاتىدۇ. بىز قاچانكى ئەقلىمىزگە كېلىپ، ئاللادىن ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ ئىشىنىڭ

ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى تىلەپ، ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى چۆرگىلىگەندە، ئاندىن ئېسىل ئادەملەرنى كۆپرەك بېرىپ، شۇلارنىڭ قولى ئارقىلىق بىزگە نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ.

## ئادەمنىڭ قەدىر - قىممىتىنى تىرىكلىكىدىكى تۆھپىسى بىلەن ئەمەس، ئۆلگەندىن كېيىنكى دەپنىسى بىلەن ئۆلچەش

ئوتتۇرا ئەسىردە، شەرق ئەللىرىدە بىر كىمنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە قەدىر - قىممىتى ئۇنىڭ توي مۇراسىمىنىڭ داغدۇغىلىق ئۆتكەن - ئۆتمىگەنلىكى، تويى ياكى مېيىت نامىزىغا كەلگەنلەرنىڭ ئاز - كۆپلۈكى بىلەن ئۆلچىنەتتى؛ بىر توپ ئادەم توي ياكى هازىدار پاتىپاراق بولۇشۇپ مىغىلداپ يۈرسە، ئۇ ئەڭ هۆرمەتلىك سانىلاتتى. ئەكسىچە بولغاندا، قاتاردا يوق ئادەم دەپ قارىلىپ كەمسىتىلەتتى. بىز ئۇيغۇرلار شەرقنىڭ قىزىق قان، ئەمما هىممەتلىك تايىپىلىرى سۈپىتىدە بۇ خىل مەدەنىيەتنى ياقتۇرۇپ، قۇچاق ئېچىپ تۇرۇپ قوبۇل قىلدۇق ۋە تەۋەررۇك سۈپىتىدە قەدىرلەپ، ۋارىسلىق قىلىپ تېخىمۇ بېيىتىپ كەلدۇق ۋە كېلىۋاتىمىز.

دۇنيانىڭ تەرەققىي قىلىشى، شەرق - غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزئارا بىر - بىرىگە سىڭىشىپ، سەلبىي، ئەهمىيەتسىزلىشىپ تۇرغان ئادەت - يوسۇنلارنىڭ تەبئىي تۈردە شاللىنىشى نەتىجىسىدە شەرق ئەللىرىمۇ زامانغا، مەرىپەتكە، زامانىۋى دۇنياغا يۈزلەندى. ئۇلارمۇ ئەمدى ياۋروپالىقلاردەك

تويىنى ئەڭ يېقىن تۇغقانلىرى ۋە دوستلار ئارا ئاز ئادەم بىلەن داۋراڭسىز، مول، ئەمما ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈزىدىغان، بىر توپ ئادەم بىلەن داۋراڭ قىلىپ ئائىلەمنى بېشىغا كىيىشكە قارشى تۇرۇپ، بۇزۇپ - چېچىپ ئىسراپ قىلىشقا كېتىدىغان پۇلنى تېجەپ، ئۇنى قىز - يىگىتنىڭ ئۆيىنى پۇزۇر، سەر خىل سەرەمجانلاشتۇرۇشقا سەرپ قىلىدىغان، ئۆلگەندىمۇ جاھانغا داد سېلىپ ئەمەس، خۇددى ئاشۇ تويدەك جىمجىت، داۋراڭسىز، سوكۇت بىلەن تىنچ - رەتلىك ئۆزىتىدىغان، نەزىردىكى «يەپ - ئىچىۋېلىش مۇسابىقىسى» غا كېتەرلىك ئىقتىسادنى مەرھۇمنىڭ نامىدا مەسچىت، مەكتەپ، يول، تەتقىقات، ئالىي بىلىم يۇرتلىرى، يېتىم - يېسىر، ئاجىزلارغا ھەدىيە قىلىدىغان بولدى. ئەمما بىز ئۇيغۇرلار بىر ئەسىرگە يېقىن ئېغىلدا سولانغان چارۋىدەك جاھان بىلەن ئارىلاشماي، ئۆيدە يەپ، ھويلىغا تەرەت قىلىپ، تالانى كۆرمىگەچكە ئۆزىمىز XX ئەسىردە تۇغۇلغان بولساقمۇ ئەقلىمىز ئوتتۇرا ئەسىردە توختاپ قالغاچقا، ھازىرغىچە ئادەملىرىمىزنىڭ قەدىر - قىممىتىنى تىرىكلىكىدىكى تۆھپىسى بىلەن ئەمەس، ئۆلگەندە — مېيىتىنىڭ كۆپ ئادەملەر بىلەن ئۇزىتىلىشىدا ئۆلچەۋاتىمىز. بۇ ئادەم بىرەر ئىشتا يۈز تاپقان ھامان ئىناۋىتىنىڭ بارىدا ئۆلۈۋالسا تازا ئوبدان بولاتتى، دەيدىغان تىرىكلەرنىڭ ئۆلۈمنى تىلەش مەنتىقىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

«ئوقۇتقۇچىلار ئون قەدەم يىراقتىن سالام بېرىشكە لايىق ھۆرمەتلىك كىشىلەر» دېگەن سەلتەنەتلىك شوئارنى ھەممە ئادەم توۋلاپ قويۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىغاندەك، بىزدىكى نۇرغۇنلىغان تۆھپىكارلارمۇ ھايات

چېغىدا يىراقتىن قۇرۇق غايىبانە سالام، ئالدىدا يالغان ماختاش بىلەن ساختا ھۆرمەتكە ئېرىشمەكتە. ئىش يۈزىدە بولسا، بەزىلىرىمىز ئۇلارنى ئارقىسىدىن تىللاپ، غاجاپ ـ غەيۋەت قىلىپ، ھەتتا تۆھمەت چاپلاپ، مۇناپىقلارچە سېتىپ كەلدۇق. بىز يالغان ھۆرمەت، راست ھاقارەت بىلەن تۆھپىكارلارغا زىيانكەشلىك قىلىپ، ئۆلگەندە، خۇددى قاچان ئۆلەركىن دەپ تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ تۇرغاندەك ھەممىمىز ئولىشىپ كېلىپ كۆمىمىز ـ دە، دۇنيادىكى جىمىكى ئۇلۇغ قۇرۇق گەپلەر بىلەن ئۇلارغا ھەمدۇسانا ئوقۇشنى باشلايمىز. بىز ھەقىقەتەن دۈشمىنىمىزگە قانداق نەپرەتلىنىشنى، ئەدىپىنى قايسى يول بىلەن بېرىشنى؛ قەدىرلەپ چوڭ بىلگەن ئادەمنى قانداق ئۇلۇغلاپ، ھۆرمەتلەشنىمۇ بىلمەيدىغان كالۋالىق، قورقۇنچاقلىق، لامزەللە ـ مازلىقتا ئىنسانىيەتكە ئەۋرىشكە بولغۇدەك ھالغا كېلىپ قالدۇق. بىر ئادەمگە ئاچچىقىڭ بولسا ئارقىسىدىن كوت ـ كوت خوتۇندەك غەيۋەت قىلىپ، غاجىلاشنىڭ ئورنىغا ئوغۇل بالا بولغاندىكىن قورقماي ئالدىغا بېرىپ گېپىڭنى ئوچۇق ـ يورۇق دە ياكى مەيدانغا چۈشۈپ، رەسمىي تۇتۇشۇپ پۇخادىن چىق. مۇبادا بىراۋنى چىن دىلىڭدىن ھۆرمەتلىگۈڭ بولسا، يىراقتىن قۇرۇق سالام قىلماي، يالغان كۈلكە، ساختا ھېسسىيات بىلەن شوئار توۋلىماي، ئۇنىڭ سېنى قايىل قىلغان، ھۆرمىتىڭنى قوزغىتالىغان ئىشىغا قولۇڭدىن كېلىشىچە ھەمدەمدە بول. شۇ چاغدا سەن ئادىمىلىك ئۆلچىمىگە يېتەلەيسەن.

گەپ گەپكە كەلگەندە شۇنى تەكرار تىلغا ئالماي بولمىدىكى، بىز يەنىلا ئىنسانلار تاشلىۋەتكەن ئوتتۇرا ئەسىر

قىممەت قارىشى بويىچە، ئاسار ئەتىقىگە ئايلانغان قائىدە ـ يوسۇنىمىز بىلەن ياشاۋاتىمىز. ۋاقتى ئۆتكەن بۇ قائىدە ـ يوسۇنلار بۈگۈنكى تۇرمۇش رىتىمى، رىقابەت ئېڭى، ئىجتىمائىي ئالاقە، مەدەنىيەت ـ مائارىپ، بالا تەربىيىلەش، ئىجادىيەت، تەتقىقات ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا ماسلاشمىغانلىقتىن، دەۋرنىڭ قەدىمىگە يېتىشەلمەي سۆرۈلۈپ ھالىمىزدىن كېتىۋاتىمىز. ئاللىقاچان قىممىتىنى يوقاتقان بۇ سەلبىي قائىدە ـ يوسۇنلاردىن كۆزىمىز قىيىمىغاچقا، بۇ رودۇپاي ئادەتلەرنىڭ قۇلى بولۇپ، نۇرغۇن قىممەتلىك ۋاقتىمىزنى توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغ دېگەنلەرگە قۇربان قىلىش ئارقىلىق ئۆمرىمىزنى ھېچ مەنىسىز، مۇددىئا ـ مەقسەتسىز ئۆتكۈزۈپ، بۇ دۇنيادىن نامۇ نىشانىسىز كېتىۋاتىمىز. ھازىر ئۇيغۇر دېگەن نېمە ئىش قىلىدىغان خەلق دېگەن سوئالغا ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، توي ـ تۆكۈن، ئولتۇرۇش، نەزىر ـ چىراغ بىلەنلا كۈن ئۆتكۈزىدىغان خەلق، دەپ جاۋاب بەرسە تولۇق توغرا بولمىسىمۇ ھېچكىم خاتا دېمەيدۇ. خەلقئالەم سىگانلار قانداق دېسە، دەرھال كۆز ئالدىغا ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناش، تىلەمچىلىك، ئوغرىلىق، رەمباللىق قىلىشقا كەسپلەنگەن بىر توپ ۋەتەنسىز كۆز ئالدىغا كەلگەندەك بىزمۇ ئاشۇ «ئېسىل ماركا» مىز بىلەن تونۇلۇۋاتىمىز. شۇڭا بىزدە، دېھقانمۇ، تىلەمچى ـ رەمبالمۇ، يەسلى ۋە مەكتەپتىكى بالىلارمۇ، ھەتتا ئاتاقلىقلىرىمىزمۇ ناخشا ـ ئۇسسۇلچى.

شۇ كۈنلەردە بىز «ئېشەك ئېشەكتىن قالسا قۇلىقىنى كەس» دېگەن دورامچىلىق ئېڭى بىلەن ئىش قىلىپ، «خەقنىڭ توي ـ تۆكۈن، نەزىرلىرىگە بارمىسام مېنىڭ بېشىمغا كەلگەندە

خەقمۇ كەلمەي، ئەل ـ جامائەت ئىچىدە يۈزۈم چۈشۈپ كەتمىسۇن» دېگەن خام تەمە بىلەن بىر ـ بىرىمىزدىن قورقۇپ، ھەرقانچە مۇھىم ئىشىمىز بولسىمۇ تاشلاپ توي ـ تۆكۈن، نەزىرلەرگە بېرىشقا مەجبۇر بولۇۋاتىمىز. بۇ قىلىقىمىز بەئەينى قەدىمكى توپىلىق كاتاڭ هارۋا يولىغا بەكمۇ ئوخشايدۇ. بۇنداق يولدا هارۋا هارۋىكەشنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئەمەس، كاتاڭنىڭ بەلگىلىشى بىلەن مېڭىشقا، كاتاڭ قەيەرگە بۇرالسا هارۋا شۇ ياققا مېڭىشقا مەجبۇر بولىدۇ. كاتاڭدىن چىقىمەن، دېسەڭ يا كالاڭنى يا هارۋاڭنى زىيان تارتىسەن. هازىر بۇنداق يوللار يوقاپ، تۈز يول، تاشيولىلارغا ئايلانغان بولسىمۇ، ئەمما بىز ئۇيغۇرلارنىڭ كاللىسىدىكى كاتاڭ يول تېخى تۈزەلگىنى يوق. بىزمۇ يولىمىزنى ئۆزگەرتىپ كاتاڭدىن چىقىپ باقايلى. بۇ هازىرقى قاشقالىقىمىزدىن قۇتۇلۇشىمىزنىڭ ئېپتىداسى بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

## تىنىمسىز دىئالوگلار

كىملەرنىڭدۇر مۇلاھىزىلىرىدە شۇنداق پىكىرلەر يۇرگۈزۈلۈۋاتقۇدەك:

— بىز ئىتلارغا ئۇۋال قىلىۋاتىمىز.

— قانداق ئۇۋال قىلىۋاتىمىز؟

— رەزىل ئادەملەرنى ھەمىشە ئىتقا ئوخشىتىمىز. ئەمەلىيەتتە، ئىت ئىگىسىگە ھەر قانداق دوست ـ بۇرادەر، ئۇرۇق ـ تۇغقانلاردىنمۇ سادىق، ۋاپادار كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆز ئىگىسى ئۈچۈن جېنىنى تىكىش روھى قايسى ئۇلۇغ قەھرىماندىن

كەم؟! شۇڭا ئۇسال ئادەملەرنى ئىتقا ئوخشىتىش ئىتقا قىلىنغان ھاقارەت.

— بۇ جەھەتتىنغۇ بەلكىم بىز ئىتقا ناھەق ئۇۋال قىلىۋاتقاندىمىز. ئەمما بۇ يەردە ئىت توغرۇلۇق مۇنداق بىر ھەقىقەتكە ھەرگىز كۆز يۇمالمايمىز. قانداق ھەقىقەت ئۇ، دەمسىز؟ ئىت بار يەرگە پەرىشتە كەلمەيدۇ. پەرىشتە يوق يەردە ئىناقلىق، ئامەت، بەرىكەت بولمايدۇ.

— پەرىشتە نېمىشقا كەلمەيدۇ؟

— ئىتتىن ئىنتايىن يىرگىنىدۇ.

— نېمە سەۋەبتىن؟

— پەرىشتە شۇنىڭ ئۈچۈن يىرگىنىدۇكى، دۇنيادىكى ھەممە مەخلۇقات ئۆز قوۋم ـ جامائىتى بىلەن ئۆزلىشىپ توپ بولۇپ ياشايدۇ، پەقەت ئىتلا ئۇنداق ئەمەس. ئىتنىڭ ھەر قاندىقى ئۆزى بىلەن ئەسلا قانداشلىقى بولمىغان ئادەمگە باغلىنىپ، شۇنىڭغا مالاي بولۇشقا رازىكى، بىر قورساق، بىر ئانىدىن تۇغۇلغان بولسىمۇ بىر ـ بىرى بىلەن مەڭگۈ سىغىشالمايدۇ، خوجايىنلىرىنىڭ رايى ئۈچۈن بىر ـ بىرىنى تالاپ ئۆلتۈرۈشكە تەييار. چوڭى شىر، يولۋاس، ئېيىق، بۆرە قاتارلىق ۋەھشىي يىرتقۇچلاردىن تۇرلۇك ـ تۈمەن قۇش ـ قاناتقىچە، ئەڭ ئۇششاق جانىۋارلاردىن چۇمۇلە، چىۋىن، پاشا، كۇمۇتىغىچە، ھەتتا بىز ئەڭ يامان كۆرىدىغان توڭگۇزلارغىچە ھەممە ـ ھەممىسى ئۆز جامائەت بولالايدۇكى، ئەمما ئىت ھەرگىزمۇ جامائەتلىشەلمەيدۇ. ھەرقانداق چاغدا بىر ئىت يەنە بىر ئىتنى كۆرگەن زامان بىر ـ بىرىگە خىرس قىلىشىدۇ. يىلدا بىر قېتىم بىر قانجۇقنىڭ كەينىدىن مىڭ كۇسۇك ئىت

بىر توپ بولۇپ سەپ تارتىپ ماڭىسىمۇ، بۇ ئۇلارنىڭ جامائەتلەشكىنى بولماستىن، ھەر قايسىسى ئۆزىنىڭ بىر قېتىملىق جىنسىي راھىتى ئۈچۈن غالجىرلىشىپ ماڭغىنىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇڭا، پەرىشتىلەر بۇ پېتىشماس مەخلۇقاتلارنى نىجاسەت دەپ قارايدۇ. ئامەت بىلەن بەرىكەتنى پەرىشتىلەر كۆتۈرۈپ يۈرۈيدىغان بولغاچقا، پەرىشتە قونمىغان يەردە ئامەت بىلەن بەرىكەت بولمايدۇ. بىزنىڭ كۇنسايىن بەدخۇيلىشىپ، ئۆزئارا قولىشالماسلىقىمىز، بىر - بىرىمىزدىن ياتلىشىپ، ياتلارغا ئۆزلىشىشىمىز، بارغانسېرى ئادەملىك سۈپىتىمىز خۇنۇكلىشىپ، ئىتلارنىڭ مىجەزىگە كىرىپ قېلىۋاتقانلىقىمىز — ئىت بىلەن خوجايىن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە نەقەدەر ئوخشايدۇ - ھە؟

— ئۇنداقتا بىز يەر شارىدا ئىككى پۇتلۇق ئادىمىي ئىتلارنىڭ يېڭى سورتىنى يېتىشتۈرۈۋاتامدۇق، نېمە؟

## بىر - بىرىمىزنى سېيىتىش كويىدا يۈرۈشلىرىمىز

خەيرلىك كۈنلەرنىڭ بىرىدە، زامانىمىزدىكى بىر ئىسلام پەيلاسوپىنىڭ سۆھبىتىدە بولغىنىمدا، ئۇ زاتى مۇبارەكنىڭ ئاغزىدىن مۇنداق بىر مەڭگۈلۈك ھەقىقەتنى ئاڭلىدىم: «ئاللا خىلى ئېغىر گۇناھلاردىن ئۆتىسىمۇ، تەكەببۇرلۇق، مەنمەنلىكتىن ئۆتمەيدۇ. ئىنسان ئۆزىنى كۈچلۈك، كاتتا چاغلاپ، ھەددىدىن ئېشىپ ھاكاۋۇرلۇق قىلمىسۇنكى، ئۇ ئەركەك جىنس بىلەن چىشى جىنسنىڭ غول ئومۇرتقىسىدىن

ساقىغان تۇكۇرۇكتەك ئىككى تامچە سېسىق سۇدىن تۆرىلىپ، بىر تەرەپتە نىجاسەت، يەنە بىر تەرەپتە سۈيدۈكتىن ئىبارەت ئىككى سېسىقچىلىق ئوتتۇرىسىدىكى بىر خالتىدا توققۇز ئاي توققۇز كۈن توققۇز دەقىقە تۇرۇپ، سېسىق يەرنى يالاپ يەرگە چۈشىدۇ. مانا بۇ ئىنساننىڭ پەيدا بولۇش جەريانى. شۇڭا ئۇ ھامان كىبىر ـ تەمەننادىن ساقلانسۇن. ئادەم ھاجەتخانىدا ئولتۇرۇپ ئۆزى چىقارغان نىجاسەتتىن يىرگىنىپ، ئاغزى ـ بۇرنىنى تۇتقان، سەسكىنىپ تۇكۇرگەن چاغدا نىجاسەت ئادەمدىن تېخىمۇ سەسكىنىپ: «مەن سىنىڭ ئىچىڭگە كىرمەستە جەننەتنىڭ مېۋىسى، تەبىئەتنىڭ ئەڭ ئېسىل نېمىتى ئىدىم. ھالا بۇگۈن ئىچىڭگە كىرە ـ كىرمەيلا سېسىپ كەتتىم. ئاخىر سېسىقلىقىڭغا چىدىماي سەندىن ئاران قۇتۇلدۇم» دەيمىش. خوش، گېپىمىزگە كەلسەك، بۇلار ئاللا بەلگىلىگەن تەبىئەت قانۇنىيىتى. ئىنسانىيەت ئۆز نەپسانىيىتى ئۈچۈن پۈتكۈل يەر شارىدىكى جان ـ جانىۋارلاردىن تارتىپ تاغۇ ـ تاش، ھاۋا، يەر ـ سۇغىچە ۋەيران قىلىپ، ئەمدىلىكتە بىر ـ بىرىنى «يېيىش» كە باشلىدى. مۇشۇ يەر شارىنىڭ بىر پارچە ئوبدان زېمىنىغا دەسسەپ چۈشكەن بىزلەرمۇ ئانا ماكانىمىزنى تالان ـ تاراج خاراكتېرلىك ۋەيران قىلغاننى ئاز دەپ، ئەمدىلىكتە غاجىلىغىلى ھېچنېمە قالمىغاندا، بىر ـ بىرىمىزنى غاجاشقا چۈشتۇق»

ئەقلىمگە كەلسەم، ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە ئادەم سېسىتىشنىڭ ئىككى خىل ئۇسۇلى بار ئىكەن، ئايال كىشىنى «جالاپ»، ئەر كىشىنى «غىتمەك» دېسە ئەڭ تېز سېسىپ،

ئەل ـ جامائەت ئىچىدە باش كۆتۈرەلمەيدىكەن. 80 ـ يىللاردىن كېيىن ئادەم تېخىمۇ تېز سېسىيدىغان ئېچىمال نامدىن يەنە بىرى قوشۇلدى: بىر كىمنىڭ يەنە بىر كىمدە ئۆچ ـ ئاداۋىتى، غومى، قورساق كۆپۈكى بولسا، ئۇنى «ئاپشاركا» دېسىلا ھەممە ئادەم يىرگىنىپ، ئۇنىڭدىن قاچىدىغان ئەڭ سېسىق بىر نېمىگە ئايلاندى. ئەگەر بىر كىم بىر كىمدىن رەنجىسە، ئاچچىقىنى چىقىرىدىغان ھېچ ئامال تاپالمىغاندا، ئاشۇ گەپنى بىر قانچە سورۇندا دەۋەتسىلا ئىش تامام، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئاتاقنى كۆتۈرۈپ قالغان كىشى سوراقچىسىمۇ، ئاقلىغۇچىسىمۇ، سوتچىسىمۇ يوق، ئەل نەزىرىدىن چۈشكەن جىنايەتچىگە ئايلىنىدۇ. شۇ كۈنلەردە، ئوغرى «ئوغرىنى تۇتۇڭلار» دەپ كوچىدا ھەممىدىن بەك ۋارقىرىسا، كوچىدىكى خەق ئوغرىنىڭ كىملىكىنى بىلەلمەي ئۇ بۇنىڭدىن، بۇ ئۇنىڭدىن گۇمانلانغاندەك قاباھەتچىلىك باش كۆتۈرۈپ، بىر ـ بىرىمىزگە بولغان ئىشەنچ يوقاپ، ئاقىۋەتتە ھېچكىم ھېچكىمگە ئىشەنمەيدىغان، قوۋۇشمايدىغان بەدگۇمانلىق، تەپرىقچىلىق يامراپ كەتتى. مانا بۇ بىر ـ بىرىمىزنى سېسىتىش كويىدا يۈرۈپ قالغان ئاقىۋىتىمىز. شۇڭا بىز بىلەن قېرىنداش مەلۇم مىللەتتە بىز توغرۇلۇق: «ياشلىرى ھاراق ـ تاماكىلاشتى، ئوتتۇرا ياشلىقلىرى رېستوران ـ تانسىلاشتى، قېرىلىرى ھاجىلاشتى، بولار شۇنىڭ بىلەن تۈگەشتى» دېگەن ئىبرەتلىك گەپ تارقىلىپتۇ. بۇ بىزدىن خەقنىڭ ئالغان قىسقىغىنا تەسىراتى، خالاس.

## غايىدىكى يوقسۇزلۇق

بىز ئۇيغۇرلار ئۆزىمىزگە ئوبدانراق نەزەر سالىدىغان بولساق، بارغانسېرى غايىسىزلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىمىزنى بىلمەك تەس ئەمەس.

بىز خەقتە ئەدناسى بەش يىلدا ئۆيۈمنى باشقا سالىمەن، ئون يىلدا بالامنى ئالىي مەلۇماتقا ئىگە قىلىمەن، دەيدىغان ئائىلىۋى پىلان؛ بەش يىلدا مەھەللىمىزنىڭ ئۆستەڭنى تاش ياكى سېمونت ئۆستەڭگە ئۆزگەرتىمىز، 15 يىلدا يولىمىزغا شېغىل ياكى ئاسفالىت ياتقۇزۇپ بولىمىز، 30 يىلدا پالانى چۆلنى باغ قىلىمىز، 50 يىلدا پۈتۈن ئادەملەر مۇنچىلىق، ئازادە، يورۇق، باغ ــ ۋارانلىق، زامانىۋى ئۆيلەرگە كۆچىمىز، دەيدىغان ئورتاق نىشان يوق. ئۆمرىمىز ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكىنى ئەلا بىلىش بىلەن ئۆتتى. قېرىپ باش ياستۇققا يەتكەندە، بالىلىرىمىزغا: «مەندىن كېيىن قالساڭلار ئىجىل، ئىناق ئۆتۈڭلار، مەن ئولتۇرغان بەش ئېغىزلىق ئۆينى ئونغا كېڭەيتىڭلار» دەپ ئېتىپاقلاشتۇرۇشنىڭ ئورنىغا، «مەن ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن. ماۋۇ بەش ئېغىزلىق ئۆينى بىردىن ئېلىڭلار، مەندىن قالغان قازان ــ قومۇچ، كىيىم ــ كېچەك، دەل ــ دەرەخ، قوي ــ كالا، پۇل ــ پۈچەكنى تەڭ ئۈلۈشۈڭلار» دەپ، ئەمەلىيەتتە پەرزەنتلەرگە مىراس تالىشىپ، غالجىر ئىتلاردەك بوغۇشۇشنى، بىر ــ بىرىنى كۆرۈپ باقمىغان ياۋايى قەبىلىلەردەك دۈشمەنلىشىپ كېتىشنى ۋەسىيەت

قىلىمىز. بۇ بىزگە ماھىيەتتە، راۋاجلانماسلىقلار، ۋەيران بولۇشلار، ئىتتىپاقلاشماسلىقلار، دۈشمەنلىشىشلار، دېگەن زاۋاللىق يولى بولۇپ كەلدى.

بىزنى باشقا بىر كىم ئەمەس، دەل ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ۋەيران قىلىمىز. ئۆمرىمىز «كۆن چىقتى، كەچ بولدى» بىلەن ھېچقانداق غايە ـ مەقسەتسىز، دەلدۈشلەرچە ئۆتمىسۇن. بىر گەپ بولسىلا: خۇدايىم بېرىدۇ، دەپ كۆزىمىزنى يۇمۇپلا تۇرىمىز، خۇددى ئاللاتائالا ئىگەم «ئاله قولۇم» دەپ ئاسماندىن تاشلاپ بېرىدىغاندەك. خۇدايىمۇ: «ھەرىكەت سەندىن، بەرىكەت مەندىن» دەپتىكەن. ھەر قانداق ئىنسان ھاياتتا قىلىغان ئەقىدە ـ ئەجرىگە چۈشلۇق نېسىۋە ئالىدۇ. ئۆزىمىزنى تاشلىۋەتسەك، قورساق تويغانغا شۈكرى قىلىپ، ساقال سىيپاپ ئۆتسەك، بىزدە كۆز ئالدىمىزدىكى بەش يىل، ئون يىل، 30 يىل، 50 يىل، ھەتتا 100 يىل ئىچىدە ئەل ـ يۇرت پايدىسىغا قايسى چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىمىز، دەيدىغان پىلان ـ غايە بولمىسا، بولدى دېگەندىمۇ ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھىممەت قىلمىساق، بەل باغلاپ چىقمىساق، خۇدا قىلىپ بەرمىدى، دەپ ئاغرىنىپ، خەقنىڭ تەرەققىياتىغا قاراپ ئاغزىمىزنى ئېچىپ ھاڭۋاققانچە قاراپ تۇرساق، تۇرغان ئىز ـ ئورنىمىزدا سېسىپ تۈگەيمىز. ئۇنتۇمايلىكى، ئەزەلدىن ھەر كىمنىڭ تەقدىرى ئۆز قولىدا بولۇپ كەلگەن.

## ئىچى قوتۇرلۇق

80 ـ يىللارنىڭ بېشىدا دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن «يول

باشلىغۇچى» دېگەن كىنودا بىر چار رۇسىيىلىك بىزنى «راۋاج تاپمايدىغان مىللەت» دەپ تىللىغانىدى، ئۇ گەپ غۇرۇرىمىزغا تېگىپ قاتتىق قايىندۇق. ئەمما، «بىز قاچان راۋاج تاپماپتۇق» دەپ تازا سەكرەۋېتىپ بىر دىنلا دېمىمىز ئىچىمىزگە چۈشۈپ كەتتى.

راست، بىز زادى قانچىلىك راۋاج تاپتۇق؟ ھازىر پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق بايلىقىغا ئايلانغان نېمىمىز بار بىزنىڭ؟!

ئەقىل بىلەن ئويلاپ باقساق، XI ئەسىردە جاھانشۇمۇل ئۇلۇغ ئالىملىرىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇد قەشقەرى دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئىككى شاھانە ئەسەر — «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى تەقدىم قىلغاندىن باشقا، بولۇپمۇ يېقىنقى يۈز يىل مابەينىدە بىز خەقتىن بىرەر تال تۈگمە، يىڭنە ياكى قېرىنداش چاغلىق نەرسە كەشىپ قىلىپ، ئىنسانىيەتكە تۆھپە قوشقان بىرەرمۇ ئادەم چىقماپتۇ. يۈزىمىز قىزارماستىن خەق ئىجاد قىلغان پويىز، تېلېفون، تېلېگرام، توك چىراغ، سائەت، فاتىفون، كىيىم تىكىش ماشىنىسى، رادىئو ـ تېلېۋىزور، ئايروپىلان، ماشىنا، كىنو، پاراخوت، ئۈنئالغۇ، كىرئالغۇ، توڭلاتقۇ، ۋېلسىپىت، موتسىكلىت. . . دېگەنلەرنى ئىشلىتىپ كەپتىمىز. قىلىنىلىق قىلىپ باشقىلاردىن ئىلىشنى بىلىپتۇقۇ، ئەمما بىزمۇ خەققە «ماۋۇ مېنىڭ ئەل قاتارى تاپقىنىمكەن» دەپ بېرىشنى بىلمەپتۇق.

مانا بۇ راۋاج تاپمىغانلىقىمىزنىڭ، خەقنىڭ ئەقلى بىلەن ياشاۋاتقانلىقىمىزنىڭ، ئۆز ـ ئۆزىمىزنى خارلىغانلىقىمىزنىڭ،

ئىنسانىيەت ئالىمىدە بارغانسېرى قەدىر - قىممىتىمىزنىڭ يوقىتىۋاتقانلىقىمىزنىڭ ئالامەتلىرى بولماي نېمە؟

خوش، ئۇنداق بولسا ئىنسانىيەت ئالدىدا بىز خەقنىڭ قەددىنى تىك، يۈزىنى يورۇق قىلىدىغان، بىز خەق پەخىرلەنگۈدەك، ھەتتا بايراق قىلىپ تىكلىگۈدەك ئادەم تېخى تۇغۇلمىدىمۇ؟

ياق! ئانىلىرىمىز تارىختىن بۇيان تالاي تالانت ئىگىلىرىنى تۇغدى، تۇغۇپ كېلىۋاتىدۇ، كەلگۈسىدە تېخىمۇ تۇغىدۇ. ئەمما، ئاتىلىرىمىز بالا تېپىشنى، ئانىلىرىمىز تۇغۇشنى بىلگەن بىلەن تەربىيىلەشنى تازا بىلمىدى. بىر قىسىم ئاتا - ئانىلار بوۋاق دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن باشلاپلا بېشىدىن بېسىپ، مىڭ خىل ئەمىر - مەرۇپ، «يامان بولىدۇ»لار بىلەن قورقۇتۇپ، پۇت - قولىنى چۇشەپ، روھىنى تۇنجۇقتۇرۇپ، يۈرەكئالدى قىلىپ، تەقدىر - پېشانە پەرەسلىكنى، تەمەخورلۇقنى، ھە دېسىلا خۇداغا دەرد تۆكۈشنى ئۆگىتىپ، ئەركىن، شوخ، تەبىئىي قانۇنىيەت بويىچە تەربىيىلەشنىڭ ئورنىغا زاكىسىدىلا قېرىتىپ، قۇل مىجەزلىكنى-قان - قېنىغا سىڭدۈرۈپ كەلدى.

ئۆزىمىزنىڭ مىجەزى بارغانسېرى ئوساللىشىپ كېتىۋاتقان سەۋەبلىك بەزىلىرىمىز بىرەرى ئەل پايدىسىغا بىرەر ئىش قىلاي دېسىلا ئىچىمىزدە توڭگۇز قاترايدىغان بولۇپ قالدۇق. كىمدە كىم بىرەر ساھەدە بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىراي دەپ شۇنداقلا تەمشەلدىمۇ بولدى، «ئىچىمىزدىن پالانچى چىقىپتۇ، بوپتۇ، مەن چىقالمىسامىمۇ سەن بولساڭمۇ چىقىپسەن ئاداش. قېنى ئاغىنىلەر، ئۇنى يۆلەيلى، قىلغان ئىشىنى قوللاپ ھە - ھۇ دەيلى» دېيىشنىڭ ئورنىغا ئىچى قوتۇرلۇق قىلىپ: «مەن

تۇرۇپ سەن چىقامدىغان، خەپ گۇي، ماڭىمۇ يوق، ساڭىمۇ يوق قىلمايدىغان بولسام» دەپ ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئىشى مىللەتكە قانچىلىك پايدىسى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭغا قارشى پىتنە ـ ئىغۋا ئۇيۇشتۇرۇپ، ۋاستىە تاللىماي دۈشمەنلىك قىلىپ كەلدۇق. بىزدىنمۇ چىقمىدى ئەمەس. تارىختا نى ـ نى ئالىملار، ئەدىبلەر، سەنئەتكارلار، جامائەت ئەربابلىرى، ئۇلۇغ قەھرىمانلار چىقتى، ئەمما بەزىلىرىمىز ئۇلارنى غاجاپ، چىشلەپ تارتىپ، سېستىپ، ھەتتا بەزىلىرىنى ئۆز ئىچىمىزدىن چىققان مۇناپىقلارنىڭ قولى بىلەن ئۆلتۈرۈپ يوقاتتۇق. ھەرگىزمۇ ئۆز ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ، ئۇنى ھىمايە قىلايلى، كەمتۇك يەرلىرى بولسا ياپايلى دېمىدۇق، ئاللانىڭ ئىنسانىنى كەم ـ كۈتىسىز ياراتمىغانلىقىنى ئېقرار قىلمىدۇق. خۇددى خەلقىمىزنىڭ ئۇلۇغ شائىرى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى:

قىزىل كۆزلۈك، كۆرەلمەسلىك ۋە يا ئۆزى قىلالماسلىق،
قىلاي دەپ باغلىسا بەلنى تۆمەن بوھتانىمىز باردۇر.

دېگىنىدەك، بەزىلىرىمىز ھازىرمۇ مەيلى قەيەردىن كىملا چىقمىسۇن، يولىغا تۇزاق قۇرۇپ، يۈزىگە قارا سۇۋاپ سېستىپ، يېتىم قالدۇرۇپ كېلىۋاتىمىز. شۇڭا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى دەرد ـ ئەلەمدە كېسەل بولۇپ ئۆلسە، بەزىلىرى بىزگە يۇرتنى، ھەتتا ۋەتەننى تاشلاپ بېرىشكە مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ.

تېخى يېقىندىلا بىزنى دۇنياغا تونۇتقان ئاتاقلىق دىلبەر يۇنۇس چىقىۋىدى، ئۇنى سېستىدىغان گەپ تاپالماي ئەرگە تەگدى، دەپ ئەيىبلىدۇق. ھاجى پالۋان چىقسا، ئۇنىمۇ خوتۇن

ئالدى، دېدۇق. خۇددى بىز خوتۇن ئېلىپ، ئەرگە تېگىپ باقمىغاندەك قىپكەتتۇق. ئىلگىرى مەن زوردۇن سابىر ئاكىدىن: «بىزدىن نوبېل مۇكاپاتىنى ئالغۇدەك ئادەم چىقارمۇ؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «چىقمايدۇ» دېدى. «مېنىڭچە، سىزنىڭ چىققۇڭىز يوقمۇ؟» دېسەم، ئۇ: «مېنىڭغۇ تازا چىققۇم بار، ئەمما ئۇكام چىققىلى قويمايدۇ» دېدى. «كىم ئۇ چىققىلى قويمايدىغان؟» دېسەم، «بىزنىڭ ئادەملەر بولمامدۇ» دېدى. مانا بۇ گەپلەر ھازىرغىچە ئېسىمدىن چىقمايدۇ. دېمەك بىزنىڭ ئادەتلەنگەن ئېغىمىزچە بولغاندا، مۇبادا نوبېل مۇكاپاتىنى ئېلىشقا توغرا كەلسە، ھەممە ئۇيغۇر تەڭ ئالىدىكەنمىز، بولمىسا بىرمۇ ئادەمنى ئالغىلى قويمايدىكەنمىز. بىزنىڭ ۋەتەنگە، خەلققە ھېسابسىز يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان نۇرغۇن مەشھۇر كىشىلىرىمىز ئاخىرى خار ـ زارلىق ئىچىدە، «قىلغاننى بىلمەيدىغان بىر توخۇ پوقى خەق بار. شۇ خەق دەل بىزنىڭ ئادەملىرىمىز» دېگەن خۇلاسىگە كەلگىنى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، چۈنكى بۇ ئۇلۇغلىرىمىز مىللەت ـ ۋەتەن ئۈچۈن شۇنچىۋالا ئىشنى قىلسا، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا سەممىي ئادەمدىن تۆتى يوق، ھەممىسىلا قىيامەتنىڭ مۇشۇكىدەك كۆزىنى يۇمۇپ، غەيۋەت قىلىشىدۇ، ئىغۋا توقۇپ سېسىتىشىدۇ، ھەتتا سۇيىقەست ئۇيۇشتۇرۇپ بېشىغا چىقىدۇ، جېنىغا زامىن بولىدۇ تېخى. شۇڭا بىز بۇ ئەسىردە بايراق قىلىپ تىكلىگۇدەك نوپۇز ئىگىسىگە يېتىشەلمىدۇق. ئىنسانىيەتكىمۇ ھېچ نەرسە بېرەلمىدۇق.

خۇلاسە كالام، خەق بىزنى «راۋاج تاپمايدىغان مىللەت» دېسە ئۇنچىۋالا سەكرەپمۇ كەتمىگۈلۈك، بۇ گەپنى ھاقارەت

دېسەكمۇ راست بولغاندىكىن. مۇشۇنداق كېتىۋەرسەك، راۋاج تاپماسلىق تۇگۇل روھىيىتىمىزگە يامراۋاتقان ئىچى قوتۇرلۇق ـ ھەسەتخورلۇقتىن ئىبارەت مەنىۋى ئۆسمە خەلقىمىزنى ھالاكەت گىردابىغا ئېلىپ بېرىشى، نامىمىز تارىخ بېتىدىن ئۆچۈپ كېتىشى قاش ـ كىرپىك ئارىلىقىدىكى كەلمىش، خالاس.

## قاباھەت ھەشەمخورلۇق، رەزىل ئادەت

بەدەن ئاجىزلىغانچە ئادەمگە چوڭ ـ كىچىك كېسەلنىڭ ھەممىسى كېلىپ چاپلاشقاندەك چۇشكۇنلىشىپ، ئەخلاق، ئېتىقاد، غۇرۇر، ۋىجدان، شان ـ شەرەپ، نومۇس سېزىمى قاتارلىق مىللەتنى تۇتۇپ تۇرىدىغان تەبىئىي قانۇنلارنى بارا ـ بارا يوقىتىپ قويۇۋاتقان، ھال ـ كۈنى سېرىقتال خەلقىمىزدە توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىمدىكى ھەددى ـ ھېسابسىز قائىدە ـ يوسۇن، ھەشەمەتچىلىكتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي ئاپەت خاراكتېرلىك ئىپلاس ئادەت بارغانچە ئەۋج ئالماقتا. بۇ ئادەت ئورۇق ـ ئاجىز بەدەندىكى قان شىرىسىنى شوراپ تۈگىتىپ، ئادەمنى ھالاك قىلىدىغان زەھەرلىك ئۆسمىدەك، مىللەت گەۋدىسىنى كۈندىن ـ كۈنگە زەئىپلەشتۈرۈپ، بارغانسېرى ئۆلەمجان قىلىپ قويۇۋاتىدۇ.

«ئېشەك ئۆلۈۋاتسا كۆتى غىجەك تارتىپتۇ» دېگەندەك، خەلقىمىزنىڭ بىر قىسمى تېخى نامراتلىق ئاسارىتىدىن قۇتۇلالمايۋاتسا، ئېچىرقاپ كەتكەن چارۋىلاردەك بىر يەرگە يىغىلىشىۋېلىپ كۈنلەپ ـ كۈنلەپ، ھەتتا ھەپتىلەپ ئايىغى

ئۆزۈلمەس توي ـ تۆكۈن، ئولتۇرۇش، ئويۇن ـ تاماشا قىلىشلار، كۆزى پىلدىرلاپ ناله قىلىۋاتقان ئاجىز ـ بىقوۋۇل تىلەمچىلەرنىڭ ئارىسىدىن ئالىي پىكاپلاردا توي تارتىپ، مازلىشىپ ماشىنا ئۈستىدە ئۇسسۇل ئويناپ مېڭىشلاردىن ئىبارەت بۇ قاباھەت ھەشەمخورلۇق — رەزىل ئادەتنى بىزگە ھېچكىم، ھېچقانداق كۈچ مەجبۇرلاپ تاڭغىنى يوق، بەلكى ئىككى نان تاپسا بىرىدە داپ چالىدىغان، كۆتىنى ئوچۇق قويۇپ بوينىغا مارجان ئاسىدىغان، يۈز ـ كۆزىنى ئالۋاستىدەك بوياپ، پۇرۇچ قورچاقتەك ئۇسسۇل ئويناپلا يۈرىدىغان بىز خەق تاپتۇق، مەنۋى بويۇنتۇرۇق قىلىپ ئۆزىمىز خالاپ بويىنىمىزغا سالدۇق.

بىر كىم قازا قىلسا، پالانچى بىزنى مېھمان قىلماي ئۆلۈپتۇ. ئۆلگەندىن كېيىن ھېچنېمىسى قالمىسۇن، دېگەندەك قىلىپ مېيىتنى كۆمۈۋېتىپلا باشلىنىدىغان ئۈچى، يەتتىسى، قىرىقى، يىلى دەيدىغان ئۇزۇنغا سوزۇلغان يەپ تۈگىتىشلەرنىڭ — دىنى ئىسلام قاتتىق ئۆچ كۆرىدىغان، تولۇق ئىنكار قىلىدىغان بۇ خىل قىلمىشلارنىڭ چىلبۆرىلەرنىڭ ۋەھشىيلىكى ـ ياۋۇزلۇقىدىن نېمە پەرقى بار؟ چىلبۆرىلەر توپ بولۇپ ياشايدۇ، لېكىن يېتىشماي دائىم ئۇرۇشۇپ ـ تالىشىدۇ. مۇبادا بىرەرى ئۆلسە، ھەممىسى كېلىپ ئۇنى تىتما ـ تىتما قىلىپ يەپ، ئۇستىخانلىرىنى چايناپ تالقاندەك قىلىپ يۇتۇۋېتىپ، يەر يۈزىدە ئىزىنى قويمايدۇ. بىز خەق بىلەن چىلبۆرىلەرنىڭ بۇ ئوخشاشلىقى تۈتىم دەۋرىدە قاندىن ئۆتكەنمۇ يا؟ چەت ئەللىكلەر: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىش ـ ئەمەلى تۇغۇلغاندىن تارتىپ تاكى ئۆلگۈچە سورۇن تۈزۈپ، يەپ ـ ئىچىشلا ئوخشايدۇ. ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلىشنى

ئويلىمايدىغان خەقكەن» دېيىشەرمىش بىزگە ھەيران قېلىپ. پەقەت ھايۋان يەپ ـ ئىچىشنىلا ئويلايدۇ. ئۇنداقتا بىزنىڭ ھايۋاندىن گەپ قىلىش بىلەن كىيىم كىيىشتىن باشقا نىمە پەرقىمىز قالدى؟ دېمىسىمۇ چەت ئەللىكلەرنىڭ ئاشۇ گېپى توغرا ئەمەسمۇ؟ ئەقلىمىز گەجگىمىزگە ئۆتۈپ قالمىغانلا بولسا، ھوشىمىزنى يىغىپ، مۇشۇنداق ئىسراپخورلۇقلارغا خەجلىگەن شۇنچىۋالا پۇلنى ئېمىشقا مەكتەپ، يەسلى سېلىش، مەھەللىمىزنىڭ يولىنى ياساش، يەنىمۇ ئېشىنالىساق دۇنيانى ساياھەت قىلىپ، نەزەر كۆزىمىزنى ئېچىشتەك ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا سەرپ قىلمايمىز؟ بىزگە رودىپايدەك چاپلىشىۋېلىپ ئالغا باستۇرمايۋاتقان، يىلىكىمىزنى شوراپ، تاپقان ـ تەرگىنىمىزنى قۇرۇتۇۋېتىۋاتقان بۇنداق قائىدە ـ يوسۇنلار بىلەن ئۆزىمىز زۇلۇم سالغۇچە، توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغلارنى بىزمۇ ئىنگلىز ۋە ئەرەبلەردەك ئەڭ يېقىن تۇغقان، دوستلار بولۇپ ئوتتۇزغا يەتمىگەن ئادەملەر بىلەنلا قىلىپ تۈگەتسەك، ئات تويى، بۆشۈك تويى، سۈننەت تويى، ئۈچى، يەتتىسى، قىرقى، يىلى دېگەنلەرنىڭ ئورنىغا پۇلنى تۇغۇلغاننى ئوبدان بېقىپ تەربىيىلەشكە، ئۆلگەننىڭ ھايات چېغىدىكى ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئورۇنداشقا خەجلەپ، ئۆلۈكنى گۆرىدە خاتىرجەم ياتقىلى، تۇغۇلغاننى ساغلام ئايىنغىلى قويساق بولماسمىدى؟

گېزى كەلگەندە شۇنىمۇ ئېيتىپ قويايلىكى، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، مۇشۇنداق تولى يوق ھەشەمەتخورلۇقلارنىڭ تولىپىسىنى سىلەر خوتۇن خەقلەر تېپىۋاتىسىلەر. تۆت خوتۇن بىر يەرگە كەلسەڭلار كىيىم بىلەن چاينىڭلا گېپىنى قىلماي، بالىنى

قانداق تەربىيىلەش مەسىلىسىنى كۆپرەك ئويلاڭلار.

توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يىتىمدىكى ھەشەمخورلۇقلار، تۆگىمەس قائىدە ـ يوسۇنلارنى ئەيىبلەپ، مىللەتنى خارابلاشتۇرۇۋاتقانلىقى ھەققىدە جىق گەپلەر بولۇندى، ئۆتكۈر ماقالىلەر، دراما، ئوپېرا ۋە كىنو فىلىملىرى يېزىلدى، ئىشلەندى، ئوينالدى، چاقىرىقلار چىقىرىلدى. ئەمما، بەزىلىشىپ، قاداقلىشىپ كەتكەن تەتۈر مىجەزلىك روھىيىتىمىزگە خۇددى تاشقا يامغۇر كار قىلمىغاندەك، بۇ پايدىلىق گەپلەر يۇقمىدى. ئەكسىچە، ئادەت خاراكتېرىنى ئېلىپ تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى. «ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار» دېگەندەك، تېخى ئەقلىنى تەلتۆكۈس يوقاتمىغان جامائىتىمىز سەمىگە مەنىۋى ئەل قاتارى «ئەيش ـ ئىشرەتنىڭ باش كۆتۈرۈشى — مىللەتنىڭ زەئىپلىشىشىنىڭ باشلىنىشى» دېگەن ھېكمەتنى سالغۇم كەلدى. گەرچە، ئادەملىرىمىز «ھە» دەپ قويۇپلا ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلىدىغان بولسىمۇ.

## ماختاش ۋە ماختىنىش كېسىلى

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئاكا، مۇساجان ئەزىزى ئاكا، قادىر ئەكبەر ئاكىلار بىلەن بىر قېتىملىق سۆھبەتتە بولغان چېغىمىزدا ئۆتكۈر ئاكا مەرھۇم ئەھمەد زىيائى ئاكىنىڭ بىر كەچۈرمىشىنى سۆزلەپ بەردى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆتكۈر ئاكا ئەھمەد زىيائى ئاكىدىن سوراپتىكەن:

— ئەپەندىم، سىلى ئۆمۈرلىرىدە بىر كىمنى ماختاپ باققانمۇ؟ مېنىڭ بىلىشىمچە، بۇ پوقنى يېمىگەن بولغىيتتىلە.

ئەھمەد زىيائى ئاكا كۇلۇپ كېتىپ:

— بىزدە ئۇنداقلارنى تاپماق دېگىنىزدىن يىگنە ئىزدىگەندەك بىر ئىش ئوخشايدۇ. ئون ئالتە يېشىمدا بىر رەسۋا بولمىغان بولسام، كېيىن ماختانچاق ھەم يالغانچى بولۇپ قالاركەنمەن. شۇ چاغلاردا ئاكام مۇھەممەد فەيزى قەشقەرى رەھمىتى مەھمۇد مۇھىتىنىڭ ھوزۇرىدا كاتىپ ئىكەندۇق. ئاكامنىڭ ۋاستىسى بىلەن مەنمۇ كاتىپ بولۇپ كىردىم. تۇرۇپ كۆڭلۈمگە شەيتان كىرىپ، مەن ئاكامدىن يۇقىرى ئورۇنغا ئېرىشىۋالمايمۇ، دېگەن تەمە بىلەن، مەھمۇد مۇھىتىنىڭ مېنى كاتىپلىققا ئالغىنىغا رەھمەت ئېيتىشنى باھانە قىلىپ ئۇ ئادەمنى مەدھىيىلەپ، ماختاپ 30 نەچچە كۇبلېت قەسىدە يازدىم. ئۇنى سوت بىلەن پەتلىگەن ئالاھىدە قەغەزگە راسا چىرايلىق خۇشخەتچىلەپ كۆچۈرۈپ، چىرايلىق قاتلاپ تۇتۇپ تۇرسام، مەھمۇد مۇھىتى تورۇسقا تېگەي، دەپ قالغان ئېگىز بويىنى سەل ئېگىپ گۇرسۇلدەپ دەسسەپ كىرىپ كەلدى. ئۇ ھەر قېتىم ئىشكتىن كىرسە تۇرپان پەدىسىدە:

— ھوي باللا، ئىشلەۋاتامسىلە؟ — دەپلا ئىچكىرى ئىشخانىسىغا كىرىپ كېتىدىغان. بۇ قېتىم مېنىڭ ئىشىك ئالدىدا قول باغلاپ تۇرغىنىمنى كۆرۈپ:

— ھە، ئەھمەد بالام، گېپىڭ بارما؟ — دېدى بوم ئاۋازى بىلەن.

— خوش تەقسىر، — دېدىم بېشىمنى ئېگىپ.

— خوش تەقسىرىڭنى قويۇپ، گېپىڭ بولسا ئۇدۇل دەۋەر، ئوغۇل بالا دېگەن مەزلۇم سۈپەت بولۇۋالسا قاملاشمايدۇ.

تىترەپ، تەرلەپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا قاتلاقلىق قەسىدەمنى

بەردىم. ئۇ گۇرسۇلدەپ دەسسەپ كىرىپ كەتتى. پەم بىلەن جايىمغا كەلدىم ـ دە، باش كۆتۈرمەي مۇكچىيىپ ئىشلەۋاتقان ئاكامغا يەر تېگىدىن قاراپ، ئىچىمدە: «بىچارە، مېنى مەھمۇد سىجاڭغا سەن تونۇشتۇرغانىدىڭ. ئەمدى سىجاڭ مېنى سەندىن ياخشى كۆرۈپ، ئەتىۋارلاپ ئۈستۈرىدىغان بولدى. مەن زادى سەندىن ئۈستۈن تۇرمىسام بولمايدۇ» دەپ خۇشاللىقىمدىن ئىچىمگە سىغماي ئولتۇردۇم. بىر كەمدە ئىچكىرى ئىشخانىدىن جوزىغا «گۇم» قىلىپ ئۇرۇلغان مۇشتىنىڭ، ئاندىن سىجاڭنىڭ قاتتىق ھۆركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. كاتىپلار، مۇھاپىزەتچىلەر تىك تۇرۇپ كېتىشتۇق. مۇھاپىزەتچىلەر ئىچكىرىگە ئوقتەك كىرىپ كەتتى. مەھمۇد سىجاڭ:

— قېنى ھېلىقى يېڭى كەلگەن ھارامزادە مىرزا، — دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى.

قورققىنىمدىن ھوشۇمنى يوقاتقىلى تاس قالدىم. مۇھاپىزەتچى يېگىتمۇ تاتىرىپ، مېنى ئىچكىرىگە كىرىشكە ئىشارەت قىلىپ، ئۆزىنى دالدىغا ئالدى. پۇت ـ قولۇمدا جان يوق، تەستە ئىچكىرى ئىشخانىغا كىردىم. سىجاڭنىڭ قويۇق قاشلىرى ئارىسىدىكى قاپىقىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدۇ. تىترەپ تۇرغان قولىغا تاپانچا ئېلىۋاپتۇ. بۇنى كۆرۈپ بېشىم قېيىپ، تىزىم پۈكلىشىپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدىم.

— بۇنى سەن يازدىڭمۇ؟

— خوش . . . تەقسىر.

— ھۇ، تەقسىرىڭنىڭ يەتمىش پۇشتىنى . . . مۇشتەك تۇرۇپ ھارامزادىلىكنى نەدىن ئۆگەندىڭ؟

بىر تال تۈكۈمدىن مىڭ تامچە تەر قويۇلۇپ، قورققىنىمدىن

يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدىم. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ سىجاك سەل يۇمشاپ، تاپانچىسىنى قېپىغا سېلىپ، يىلپىز تېرىسى سېلىنغان ياغاچ ياغىچى ئۈستىلىدە ئولتۇردى.

— دەپ باقە، نېمە مەقسەتتە مېنى بۇنچە ماختاپ ئۇچۇر ۋۇۋەتتىڭ؟ سەن دىندا ئوقۇپسەن، ھازىرغىچە ئاللانى مەدھىيىلەپ شۇنچىلىك قەسىدە يېزىپ باقتىڭمۇ؟

زۇۋانىم تۇتۇلۇپ قالغانلىقتىن ئۈندىمەي تۇردۇم.

— ئىلمى بار، دەپ ئاكاڭ سېنى تونۇشتۇردى. بالا بولساڭمۇ ئىشلىسۇن، دېدىم. يەنە مەندىن نېمىنى تەمە قىلىپ مېنى مەدھىيىلىدىڭ؟ نېمە تەمە قىلغان بولساڭ ئوچۇق دە، مۇرادىڭغا يەتكۈزەي.

ئىت ياغىقىدەك تىكەنلىك ئاچچىق نەرسە بوغۇزۇمغا قاپلىشىپ گەپ قىلدۇرمىدى، گۆشۇيۇپ تۇرغىنىمنى كۆرۈپ سىجاڭ قاتتىق ھۆركىرىدى:

— پۇل تەمە قىلدىڭمۇ؟ ئالتۇنمۇ، تىللامۇ؟ ياكى ئەسكەر باشلىقى بولغۇڭ بارمۇ؟ مېنىڭ مەنسىپىمنى تەمە قىلغان بولساڭ ساڭا ھازىرلا بېرەي. . .

— ياق . . . تەقسىر . . . — دېگىنىمچە يىقىلىپ چۈشتۇم. مۇھاپىزەتچى يۆلىۋالدى. ھۆكرەپ، ئېسەدەپ يىغلاپ، زادىلا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالمىدىم، سىجاڭ بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن:

— پەيغەمبىرىمىز، سېنى يۈزۈڭگە ماختىغان ئادەمنى قانداق قىل دېگەن؟! — دەپ سورىدى.

— يۈ . . . يۈزىگە توپا چاچ، ئۇنىڭدىن ھېزى بول، نېرى قاچ، دېگەن.

— بالام، سەن تېخى گۆدەك ئىكەنسەن، يۈزۈڭگە توپا چاچسام بولماس. ئەمما، بالا تۇرۇپ بۇنداق مەرەز كېسەلنى يۇقتۇرۇۋالساڭ، سەن ئادەم بولماي، تاپان يالايدىغان لالما ئىت قاتارىدىن قوپىسەن. بىر ئادەمنى يۈزتۇرا ماختىغان ئادەمدە چوقۇم ئىنتايىن رەزىل قارا نىيەت، پەس غەرەز بولىدۇ. ئۆزىنى ماختىغان ئادەممۇ يۈزىگە پەرداز قىلىپ، سەتەڭ سۈرىتىگە كىرىۋالغان پەسەندى خوتۇنلاردەك داپ يۈز كېلىدۇ. ئۇياتلىق، ئەدەپلىك، ئىنسان تەبىئەتلىك ئادەم ماختىمايدۇ، ماختانمايدۇ. بۇ گەپنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت، ئىشتىن بىكار قىلاي دېگەن، بالا بولغىنىڭ ئۈچۈن ئاتىدارچىلىق قىلاي، ماڭ، چىقىپ ئىشىڭنى قىل! . . .

شۇ چىققانچە ئۈچ كۈن دۈم يېتىپ يىغلىدىم، ئىشخانىغىمۇ ھەرگىز يولىمىدىم. شۇ ئىزا ـ ئاھانەتلىك، نومۇسلۇق كۆرۈنۈش يۈرىكىمگە ئورناپ كېتىپ، شۇندىن ئېتىبارەن ماختاشتىن خالىي ياشىدىم.

ئۆتكۈر ئاكىنىڭ بۇ ئىبرەتلىك ھېكايىسى ھازىرغىچە قۇلاق تۈۋۈمدە جاراڭلاپ تۇرۇپتۇ. خوش، بۈگۈنكى كۈندىچۇ؟

خۇشامەتچىلىك ئازىيىشنىڭ ئورنىغا شاخلاپ، شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، مەلۇم مەنپەئەتنى كۆزلەپ، مەنسەپ ـ ئىمتىياز ئىگىلىرىنى ماختاش، ئۇلارغا قاتلام قاتلاممۇ خۇشامەت قىلىش جەمئىيەت خاراكتېرلىك رەزىل ئىللەتكە ئايلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەلنىڭ ھۆرمەت تەختىدىكى مۆھتەرەملىرىمىزدىن تارتىپ ئاۋام پۇقراغىچە ئۆزىنى ماختاش ئادەت خاراكتېرىنى ئېلىپ يامراشقا باشلىدى. ماختاش ـ ماختىنىشلارنىڭ

تېتىقسىزلىقىدىن ئادەمنىڭ قۇسقۇسى كېلىدۇ. ئادەملىرىمىز بارغانچە نومۇس سەزگۈسىدىن مەھرۇم بولۇپ، ماختانغانسېرى ئۆزلۈكىدىن سېسىپ، بىر پۇلغا قىممەتلىشىپ، خەقلەر كۆزىگە ئىلمىغانچە چۈشكۈنلىشىپ، تېرىككەك، سەپرا، چىدىماس، جىــلــخور، جېدەلخور، سالام تەمەخور، دادخور بولۇپ كېتىۋاتىدۇ.

قېني، پېشانىمىزنى سىلىۋېتىپ ئوبدانراق ئويلاپ باقايلى. قايسىمىز قايسى تاغنى يۆتكەپ بەرگەنگە، قايسىمىز ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن قانداق ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىــۋەتكەنگە شۇنچە ماختىنىمىز؟ ئەگەر بىز «نومۇس» دېگەن ئالىي ئىنسان ئېڭىنى ئۇنتۇپ كەتمىگەن بولساق، ئۆزىمىزنى تولا ماختىمايلى. ئاگاھ ۋە دانا بولايلىكى، ماختاش ـ ماختىنىش كېسىلى دۇنيانى ۋەھىمىگە سېلىپ، ئىنسانىيەتنــى يەپ كەتمەكچــى بولغان ئەيدىزدەك، مىللىتىمىزگە تارقىلىۋاتىدۇ. «خۇشامەتچــى ـ ماختانچاق كۆپەيسە توگەشكەننىڭ بەلگىســى» دېگەندەك، بۇ رەزىل ئىللەت ئەمەلىيەتتە بىزنــى تۈيدۇرماي زاۋاللىــققا باشلاۋاتىدۇ.

خۇلاسە كالام، ھېچقايسىمىز تېخى ئۆزىمىزنى داڭلىغۇدەك چوڭ ئىش قىلمىدۇق، ماختىنىشتىن خىجىل بولايلى. شۇنى يەنە ئۇنتۇمايلىكى، پەزىلەت ئىگىسى ماختىمايدۇ، ماختانمايدۇ. لېكىن، ئەتراپىدىكى ئادەملەرنى ئۇنىسىز ياخشى خۇي ـ پەيلى، ھەرىكىتى بىلەن قايىل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھۆرمــتــىــگە ئېرىشىدۇ. «ئۇڭ قولنىڭ ياخشى ئىشىنى سول قول كۆرۈپ قالمىسۇن» دېگەن روھ بىلەن ياشايدۇ.

## ئىشچانلاردىن ھورۇنلارنىڭ كۆپلۈكى

بىز خەقتە ئىشچانلار ئاز، ھورۇنلار كۆپ. بۇ خىل بەختسىزلىك ئېكولوگىيە زاۋاللىقىنىڭ ئېپتىداسى بولغاچقا، شۇڭا بىزدە ئادەمنى يۇرەكتىن سۆيۈندۈرگۈدەك خەيرلىك ئىش، خاسىيەتلىك نەتىجىلەر يوق ھېسابىدا. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئادەمنى ئازابلايدىغان، زەردىسىنى قايىنىتىپ، ئىچىنى ئاچچىق قىلىدىغان تېتىقسىزلىقلار تولۇپ يېتىپتۇ. باشقىنى قويۇپ تۇرۇپ، سەھنە ـ ئېكرانلىرىمىزغا شۇنداقلا بىر قاراپ باقايلى: مۇقەددەس سەنئەتكە ھاقارەت ھېسابلانغان غىلجىڭلىق ـ لاللىلىقلار، غىتمەكلىك ـ ناياقلىقلارنىڭ سەنئەت تۇپرىقىمىزدا قامغاقتەك يامراپ، چۇشكۇنلۇك، ئەيش ـ ئىشرەت، كەيپى ـ ساپانى مەزمۇن قىلغان كۆرۈنۈشلەرنىڭ سەھنە ـ ئېكرانلىرىمىزنى قاپلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرىمىز. ئەقلى بار ئادەمگە بۇ لاۋزىلىقلار خۇددى پايپاقفا ناھال قاققاندەك، بىز خەقنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ئىشى يوقتەك، ئېشەك ئۆلۈۋاتسا، كۆتى غېجەك تارتقاندەك كۆرۈنىدۇ. خەلقىمىزنىڭ بىر قىسمى تۇرلۇك تەبىئىي ئاپەت، نامۇۋاپىق سىياسەت ـ ھاشار قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمە ئامىللار تۇپەيلىدىن تېخى نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈۋېتەلمەي تۇرسا، ناياقلاپ پۇرۇچ قورچاقتەك ئۇسسۇل ئويناشلار ھېچكىمگە تېتىمايدۇ. بۇ پەقەت قورسىقى توق، بىكار تەلەپ ھارامتاماقلارغىلا ياقىدۇ، خالاس.

بىزدە بىكار تەلەپ ـ ناتىقپىلار ھەممە يەردە بار، ھەتتا

ھۆكۈمەت ئىدارىلىرى ۋە مىللەتنىڭ سەركىسى ھېسابلانغان ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدىمۇ يوق ئەمەس. بۇ ساھەلەردە ئەمەلىي ئىشتىن كۆرە قۇرۇق گەپ، ئىناقلىقتىن كۆرە پىتنە - پاسات، ئۆزئارا ئەجرى ھەمدەملىكتىن كۆرە خۇسۇمەت - تەپرىقىچىلىك، ئىشلەيدىغانلاردىن كۆرە ئىشلىمەيدىغانلار كۆپ بولغاچقا، خېلى كۆپلەر ئۆمرىنى قۇرۇق لاپ، ئۇششاق سۆز بىلەن ئۆتكۈزۈپ، ئەل پايدىسىغا قىلغان ئىشىنىڭ تايىنى يوق قېرىپ تۈگەيدۇ ياكى بىرەر ئىشى ئۈچۈن ئۆمۈر بويى ئۆزىنى ماختاپ، پەخىرلىنىپ، ئۆزىدىن باشقا ھەممە ئادەمنى چۆكۈرۈپ - ئىنكار قىلىپ ياشايدۇ. ئىش قىلمىغاننى ئېمىشقا ئىش قىلمايدۇ، دەپ ھەقلىق يوسۇندا ئەيىبلەيدىغان بىرمۇ ئادەم يوق (شۇنداق دېگۈچى تەبىئىيكى، دۈشمەنلىك بولۇپ قالىدۇ تېخى). مۇبادا بىرەرى باش چۆكۈرۈپ ئىشلەپ، ئۆز ئىشىدىن نەتىجە قازانسا، مىڭ ئادەم ئۇنى تىللايدۇ ياكى ئۇ ئىشتىن ھەر خىل غەرەز بىلەن قۇسۇر چىقىرىپ، ئىش قىلغانغا تويغۇزۇۋېتىدۇ، ئۇنى ئىشتىن چىقارمىغۇچە كۆڭلى ئارام تاپمايدۇ.

ھۇرۇنلارنىڭ ئىشچانلارنى تىللىشىدىن ئىبارەت بۇ قەبىھ ئىللەت خۇددى زەھەرلىك ئۆسمىدەك جەمئىيەت كۆكسىگە تاراپ، بارغانسېرى بۇزۇلۇۋاتقان ئىجتىمائىي كەيپىياتتا ئاسان بازار تېپىۋاتقاچقا، ئىشلەيدىغانلار ئىش قىلغانغا جاق تويۇپ، ئىشتىن چىقىپ كېتىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىزدە بارغانسېرى ئىشلەيدىغانلار ئاز، بىكار يەيدىغانلار كۆپ، ئىشچانلار يالغۇز دەرەخ، ھۇرۇنلار چاتقال ئورمانلىق بولۇشتەك ئەبگالىشىش،

يوقىتىش ـ يوقىلىش ئېكولوگىيىسى شەكىللەنمەكتە.

بۇنداق هالاكەت ئېكولوگىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ۋەيران قىلىنىشىغا بەكمۇ ئوخشايدۇ. قۇملۇق چوڭ هەم شىددەتلىك، بوستانلىق ئاز هەم شالاڭ. قۇملۇق تەتۈر بورانىنىڭ ئۇچۇرتۇپ بېرىشى بىلەن مۇنبەت تۇپراقنى بېسىپ، ئېكىنزارلارنى يالماپ، بوستانلىقلارنى يۇتۇپ، هاياتلىق ماكانىمىزنى كۆنسايىن تارايتىۋەتمەكتە. بۈگۈنكى ئۇيغۇر جامائەت ئېقىمىمۇ مانا شۇ قۇملۇقتەك ياشىماقتا. چۈنكى بۇ زور قۇملۇق بوران قايىقتا ئۇچۇرسا شۇ ياققا چېچىلىپ ـ سورۇلۇپ، ئۆز ماكانىنى ۋەيران قىلسا، بورانمۇ ئۇنىڭ مۇشۇ كۈچىدىن تازا پايدىلانماقتا.

ئەگەر بىز ئۇيغۇرلار بۈگۈنكى دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىمىز، دەيدىكەنمىز، بۇنداق ياشاش ئەخلاقى، ياشاش ئۇسۇلى ۋە تەتۈرلۈكنى ئۆزگەرتىشىمىز، ئالدى بىلەن كاللىمىزدىكى ئاشۇ تەتۈر چىرماقنى يوقىتىشىمىز، پۈتكۈل ئىش ـ ئەمەلىمىزدە هاياتلىق ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن ئىشلەشتەك قۇرغۇچىغا خاس ئىنسان روهىنى تىكلىشىمىز، قېرىنداشلىرىمىزدىن مەيلى كىم بولسۇن، ئەل پايدىسىغا بىرەر ئىش قىلغان ئادەمگە هەمدەم بولۇشىمىز، قىلغان ئىشى مەيلى كىچىك، مەيلى چوڭ بولسۇن، ئۇنى قوللىشىمىز كېرەك. هە دېسە ئۇنىڭ ئىشىدىن قۇسۇر ئىزدەش ئەمەلدە ئۇنى ئىشتىن چىقىرىشقا ئورۇنغانلىقىمىز ۋە ئاخىرىدا ئومۇمىي مىللىي مەنپەئەتىمىزگە ئاسىيلىق قىلغانلىقىمىزدۇر، خالاس.

## رىئاللىقتىن قېچىش

كۆزىمىز كۆرىدىغىنىنى دائىم كۆڭۈلسىز ئىشلار بولىۋەرگەندىكىن، بۇگۈنچە بۇ كەلگۈلۈكلەرگە سەۋر قىلىپ تۇرساق، ئەتىگىچە بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر، كېيىنچە بىزگىمۇ ياخشى كۈنلەر باردۇ، دەيدىغان دەسلىپىي سەۋر ـ تاقەت، ئۇنتۇرسى تەسەللى، ئاخىرى ئۆز ـ ئۆزىمىزنى ئالداپ ياشاشتىن ئىبارەت ساختا ئادەت كۆچى بىزدە رىئاللىقنى ئېتىراپ قىلمايدىغان، ئالدىمىزدا بولۇۋاتقان خاتا، ناھەق، ھەتتا ئەخمىقانە ـ بىمەنە ئىشلارغىمۇ كۆز يۇمۇپ، «ئوبدان بولۇۋاتىدۇ» دەپ ئاغزىمىزغا كەلگەنچە يالغان سۆزلەيدىغان، زاغرا تىل بويىچە ئېيتقاندا، سۆيۈق ئۇماچنى تازا ئىچىپ، بۇرۇتنى پىلتە مايلاپ، ئاچ يەل كېكىرىپ، «ئەتىگەنكى پولۇ ئەجەب ئوخشاپتىكەن، تازا يەپتىمەن، مەيدەمگە ئېغىر كېلىۋاتىدۇ» دەپ، ئۆزىمىزنىمۇ، خەقنىمۇ ئالداپ ياشايدىغان ساختا خاراكتېر يېتىلدۈرمەكتە. بولۇپمۇ سولچىللىق ھۆكۈم سۈرگەن يىللاردا ئەل ـ يۇرتنى ئاچارچىلىق باسقان، خەلقنىڭ قورسىقى تويمىغان، بازاردا نان ـ قېتىق تۇگۈل، جىگدە، ئاچچىق قاق، گازىر چاغلىق يېمىشلەرنىمۇ ساتقۇزمىغان تۇرۇقلۇق، «بازارلار ئاۋات، مال باھاسى مۇقىم»، «قازاندا گۆش ـ ماي قايناپىدۇ، دېھقان ئاكام يايرايدۇ» دەپ كۆزىمىزنى يۇمۇپ، بار ئاۋازىمىز بىلەن ناخشا ـ قوشاق ئېيتتۇق؛ قەدىمىي دەل ـ دەرەخلەر ۋە جاڭگاللىقلارنى ۋەيران قىلىش بەدىلىگە

ئوتۇن قالاپ، پولات تاۋلىدۇق، دەپ پۈتۈن يۇرتنى قاقاسلىققا ئايلاندۇرۇپ، داشقالدىن ئۆزگە يىڭنە چاغلىق تۆمۈرگە ئېرىشەلمىگەن تۇرۇقلۇق «تاغنى تالقان، چۆلنى بوستان ئەيلىدۇق» دەپ ناخشا توۋلىدۇق. ساراڭدىن تارتىپ ئوڭغىچە بۇ ئىشلارنىڭ قىپقىزىل يالغانچىلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ ئۆز ـ ئۆزىمىزنى ئالدىدۇق. بۈگۈن جاھان راست گەپكە يۈزلەنگەن چاغدىمۇ بىز ئاۋۋال ئۆزىمىزنى، ئاندىن ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ يارەنلىرىمىز ۋە يولداشلىرىمىزنى، قىسقىسى بىر ـ بىرىمىزنى ئالداپ ياشاۋاتىمىز. ئەدناسى، بىرەرى دوستىغا سەمىمىي كۆيۈنۈپ، «ئاداش، باش ـ كۆزۈڭ سەل كىر بولۇپ قاپتۇ، بولسا بىر يۇيۇنۇۋالغىن» ياكى «كۆڭلىكىڭنىڭ ياقىسى كىر بولۇپ كېتىپتۇ، يەڭگۈشلىۋالساڭ بوپتىكەن» ۋە ياكى «چاچ ـ ساقىلىڭ ئۆسۈپ كېتىپتۇ، ياسىتىۋالغىن» دەپ ئۇنى پاكىز ـ رەتلىك ئادەم بولسىكەن، دېگەن نىيەتتە ياخشى كۆڭلى بىلەن گەپ قىلسا، ئۇ دوستى دەرھال رەنجىيدۇ، تېخى غۇرۇرى غالىبلىقى تۇتۇپ، «چاتىقىڭ نېمە، ئىشىڭنى قىل» دەپ قاتتىق سىلكىيدۇ. دېمەك، ساختا خاراكتېر راست گەپنى خالىمايدۇ. بەزىلىرى باش ـ كۆزىدىن ئېقىپ تۇرغان مەينەتچىلىك بىلەن ئۆيىدىكى نامراتچىلىقنى ئاقلاپ، «كۈنىمىز مۇشۇنداق تۇرسا، ھالىمىز شۇنىڭغا لايىق بولماي قانداق بولماقچىدى؟» دەيدۇ. ئاۋۋال سەن ئۆز ھالىڭنى ئەينەن ئېتىراپ قىلساڭ، ئاندىن كالالىڭغا بۇ رېئاللىقنى قانداق ئۆزگەرتىش كېرەك، دېگەن ئەقىل كەلمەمدۇ؟ ھە دېسە سەۋەبىنى ئۆزۈڭدىن ئىزدىمەي زامانغا دۆڭگەپ، خۇدادىن خام

تەمە كۆتۈپ، ئەبگا، بىچارە ھالىمىزنى ئاقلاپ سەۋەب كۆرسەتسەك شۇ پېتى ئۆلۈپ تۈگىمەمسەن؟ بۇنداق ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن ئادەمنى خۇدامۇ تاشلىۋېتىدىغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى تېخىمۇ نەس باسىدىغانلىقى ئېنىققۇ؟ بۇنداق ئىشلارنى جىق كۆرگەنغۇ بىز.

ھازىر ئۇيغۇرلىرىمىز قولىدا تۈزۈك پۇل يوق تۇرۇقلۇق جاھان بايلىرىمۇ قىلمايدىغان ھەشەمەتلىك تويلارنى قىلىۋاتىدۇ. بېقىپ كۆرسە، بىر قىسىملىرىمىزنىڭ ئۆيى تايىنلىق، كۆنى ئۇدۇللۇق، تۇرقى ــ سىياقى رەزگى، يېمەك ــ ئىچمىكى غورىگۇل، يوللىرى ئوڭغۇل ــ دوڭغۇل. ئۇيغۇرلارنىڭ ھېچبىر مەركىزىي شەھەرلىرىدە كىشىنى بەش مىنۇت راھەتلەندۈرىدىغان زامانىۋى مۇنچىدىن بىرەرى يوق. شۇ ئەھۋالدا تۇرۇقلۇق، «ھال ــ كۈنىمىز ئۇنداق ياخشىيەي»، «مۇنداق تەرەققىي قىلدۇقەي»، «جەننەت بىر ئالتۇن ئۇزۇك بولسا، يۇرتۇم ئۇنىڭ زۇمرەت كۆزىيەي» دەپ ماختىنىپ، رەھىمسىز رېئاللىقىمىزدىن ئۆزىمىزنى قاچۇرۇۋاتىمىز. قېنى، رېئاللىقىمىزغا ساختا كۆز بويىقى بىلەن ئەمەس، كۆزىمىزنى ئۇۋۇلىۋېتىپ تۈزۈك بىر قاراپ باقايلى، بىز بارغانچە سېسىپ كېتىۋاتىمىز. ئەمدى بۇ خەتەرلىك ــ ساختا خاراكتېرلىرىمىزنى ئۆزگەرتمىسەك، يۇرتىمىز ئەۋرەز، بىز ئەۋرەز پاقىسى بولۇپ، دۇنيانىڭ يۇندا ئازگىلى، ئەخلەتخانىسى بولۇپ قېلىشىمىزمۇ يىراق ئەمەس. شۇڭا بىز راست گەپ قىلىشتىن ئىبارەت ئادەملىك روھىمىزنى تاپالىساق، ئاندىن جاھان مىللەتلىرى قاتارىدىن ئورنىمىزنى تاپالايمىز.

## ئۆزىنى تەربىيىلەش روھىنىڭ ئۆلۈشى

بىزدە دائىم چوڭلار «ئۆرە تۇرۇپ سىيسەڭ يامان بولىدۇ»، «قىمار ئوينىساڭ يامان بولىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش ئاددىي، تومتاق، چەكلەش، كىشەنلەش، ئىسكەنجىگە ئېلىش روھى بىلەن يۇغۇرۇلغان سۆزلەر بىلەن تەربىيە بېرىدۇ. ئۆسۈۋاتقان نوتا ئەسلىدە ئۆز ئانا غولىدىن، يىلتىزىدىن ئۈنچىلىك ئاز تەربىيىلەش ئوزۇقلۇقىغا ئېرىشسە، ئۆسۈش بوشلۇقى ئۈنچىلىك تار، قىسىلچاق بولۇپ قالسا ئاينىيالمايدۇ. ئۇلار ئانا تېنىدىن بىخلىنىپ چىققاندا، شۇنچە پورەك، جەڭگىۋار، ئۈمىدكە تولغان بولىدۇ ھەم ئۆسۈپ يېتىلىش ئۈچۈن ئىنتايىن مول بولغان ئوزۇقلۇققا موھتاج بولىدۇ. ئۇلار تەربىيىلەش مۇھىتى يەتكۈزىدىغان ئوزۇقلۇق ئۆزى كۈتكەندەك بولماي، بەكمۇ ئۆلۈك، زەئىپ، قۇۋۋەتسىز؛ ئۆزى ئاينىدىغان بوشلۇق تار ھەم قاراڭغۇ بولۇپ قالسا، بۇدرۇق، جەڭگىۋار، ئۈمىدۋار ھالەتتىن بارا ــ بارا يىگىلەپ، ئاجىزلاپ، ئاۋارە، بىچارە، ئۈمىدسىز، ئەقلى تار ھەم قىسقا بولۇپ يېتىلىدۇ. بىز مانا شۇنداق «يامان بولىدۇ» دېگەن پەتىۋانىڭ تار قىسىلچىلىقىدا مىجىلىپ، ھاياتقا قوتان قىرى ھالدا كۆز ئاچقانلىقىمىزدىن ئويلايدىغىنىمىزمۇ ئۆزىمىزگە تۇشلۇقلا، بىز باشقا مىللەت بالىلىرىنىڭ ئويۇنچۇق ئورنىدا ئوينايدىغان ئىشلىرىنى رەسمىي ئىش، دەپ بىلىمىز، تار قىسىلچاقتا كۆز ئاچقىنىمىز ئۈچۈن يۈرىكىمىزمۇ تەبىئىي مىجىلىقلىق گۆلىدەك قورۇلۇپ قالغان،

قورقۇنچاق، ئىرادىسىز، جاسارەتسىز. بىزدە جۇرئەت قىلىش، ئالدىغا چاپچىپ ئېتىلىپ تۇرۇش دېگەنلەردىن ئەسەر يوق. چوڭلارنىڭ بىزگە تېگىشلىك ھەققىمىزنى بېرەلمەسلىكىنى سەۋەبلىك بىز ئاينىيالمىغانلىقىمىز ئۈچۈن ئۇلاردىن نارازى بولۇپ، ئۇلارنى ھۆرمەت قىلمايدىغان بولۇپ قالدۇق، ھەتتا ئۇلارنى «سەن نېمىنى بىلىسەن، شۇ تايىنى يوق قورۇق كوتولداشنىلا بىلىسەن» دەپ قاراپ، ئۇلارغا بولغان مېھىر ـ مۇھەببەت، ھۆرمەت سۇسلاپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن چوڭلا ئۆز قېنىدىن تامچىپ چۈشكەن پەرزەنتلىرىنى كەمسىتىپ، «ھازىر چوڭ بولغان باللارنىڭ كاللىسى ئىشلىمەيدۇ. خىمىيىۋى ئوغۇت يەپ چوڭ بولۇپ، مېڭىسى سۇلياۋدەك يالغان، ساختا بولۇپ كەتتى» دەپ ھاقارەتلەش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى.

سەن ئۇنى ۋۇجۇدۇڭدىن تامغان بىر تامچە ئۇرۇقۇڭ ئارقىلىق يالىغاچ، سەۋەبى ئوماق ھالەتتە ئاپىرىدە قىلغانىدىڭ. ئۇ خۇددى سېنىڭ كىچىكلىكىڭلىگەن شەكلىڭ، سەن كونىراپ كېتىۋاتقىنىڭدا يىلتىزىڭدىن ئۈنۈپ چىققان سېنىڭ ئۆزۈڭ شۇ. سەن ئۆزۈڭغا بارماي قۇرۇپ قاقشال بولۇپ يىقىلىسەن، تۈگەيسەن، شۇ چاغدا ئۇ سېنىڭ ئورنىڭدىكى ئادەمدۇر، يەنى دەل ئۆزۈڭ شۇ. سېنىڭ تومۇرۇڭدىكى قان يەنە بىر بەدەندە ئۆزىگە تۇپراق تېپىپ كۆكلەپ ياشىرىپ چىقىدۇ. سېنىڭ قېنىڭ، روھىڭ ئۆلمەيدۇ. ئۇ كونىرىغان ئۆينى چېقىپ يەڭگۈشلەپ تۇرغاندەك، بۇ بەدەن قېرىشتىن، كونىراشتىن بۇرۇن كەلگۈسىدە ئولتۇرۇش ئۈچۈن يەنە بىر بەدەن ياكى ئۆيىنىڭ ئۇلىنى سېلىپ تەييارلىغاچ تۇرىدۇ. قان بىلەن روھ

مانا شۇنداق بەدەن يەڭگۈشلەيدۇ، ئۆلمەيدۇ. كونىرىغان، چىرىگەن سۆڭەك گۆشلىرىنى كۆمۈۋېتىپ، يېڭى بەدەن ياشاۋېرىدۇ. دېمەك، بالىلىرىڭنى كەمسىتىپ، ھاقارەتلىگىنىڭ ئۆزۈڭنى كەمسىتكەنلىكىڭ، ئۆزۈڭنىڭ ياش، يېڭى ئۆيگە كۆچكەن قېنىڭنى، روھىڭنى ئازابلىغانلىقىڭ. سېنىڭ بالاڭغا كۆيۈپ، پىشىپ ئامراقلىق قىلىشىڭ ئۆزۈڭگە ئامراقلىق قىلغىنىڭ، ئۆزۈڭگە بولغان مېھرى مۇھەببىتىڭ؛ بالاڭنى ھاقارەتلىشىڭ — ئۆزۈڭدىن زېرىكىپ، ئۆزۈڭنى خارلاپ، زۇلۇم قىلىپ ئازابلىغىنىڭ بولىدۇ. ئۆزىنى خار قىلغان ئادەمنى باشقىلار خارلىماي قالمايدۇ، ئۆزىنى قەدىرلىگەن ئادەمنى ھېچكىم خارلىيالمايدۇ.

ئۇ ئەتلىمە گۆش، يالىڭاچ، بىقوۋۇل، نېمە بەرسەڭ شۇنى يەيدىغان، نېمە كىيدۈرسەڭ شۇنى كىيىدىغان، نېمە دېسەڭ شۇنى ئاڭلايدىغان، ئىش قىلىپ، قانداق باقساڭ شۇنداق چوڭ بولىدىغان چاغدا ئاشۇنداق تايىنى يوق، تۇتۇرۇقسىز، پەتىۋا بىلەن قىنىسىپ، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ خارلاپ چوڭ قىلىپ، ئەمدى ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ ھاقارەتلىسەڭ، دۇنيادا سەندىنمۇ ئەخمەق ئادەم بولامدۇ؟ خىمىيە ئوغۇتنى بالىغا كىم يېگۈزدى، بالاڭ ئۆزى يەپ چوڭ بولدىمۇ؟ توخۇ چۈجىلىرى تۇخۇمدىن چىقىپ بولغۇچە چۇكۇلداپ، ئۇلارغا توپا، ئەخلەت، پوق تاتىلاشنى ئۆگىتىدۇ، شۇڭا ئۇ پوق يەپ چوڭ بولىدۇ، چوڭ بولغاندىمۇ ئالدىدا دان تۇرسا يېمەي، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەربىيىسى بويىچە پوق تاتىلاپ يەيدىغان بولىدۇ. سەن بالاڭغا ئوغۇت يېگۈزمىسەڭ، بالاڭ بۆشۈكتىن چىقىپ ئۇنى يېمەيتتى. سەن بىلىپ يېگۈزدىڭ، ئۇ

بىلمەي يېدى. سەن ھەر كۈنى، ھەر سائەت، ھەر مىنۇتتا نېمە ئويلىساڭ، نېمە قىلساڭ، بالاڭ يەنى ئەسلىدىكى ئۆزۈڭ سېنىڭ شۇ يېشىڭ، شۇ چېغىڭدا، دەل شۇ مىنۇتتا، سېنىڭ ئەينى چاغدىكى قىلىقىڭنى ئاشۇرۇپ تەكرارلايدۇ. دېمەك، ئەسلىدە ئوغۇت يېگەنمۇ ئۆزۈڭ، سۇلياۋ كاللا، چىـــدىماس، ساختا كاززاپمۇ ئۆزۈڭ، خالاس.

ئەسلىدە بىز ئۆزىمىزنى تەربىيىلىگەندە، «ئۆرە تۇرۇپ سىيسەڭ پاكىز ئايىغىڭ، ئوشۇقۇڭ، شىمىڭنىڭ پاچىقىـــغا سۈيدۈك چاچرايدۇ ـ دە، پاكلىقىڭغا تەسىر يېتىدۇ»، «يالاڭ باش يۈرسەڭ، چاچ قويساڭ يامان بولىدۇ ئەمەس، بىـــز ياشاۋاتقان زېمىن قۇرغاق رايون، دائىم توپا ـ توزان ئۇچۇپ تۇرىدۇ. يالاڭئۇاش يۈرسەڭ توپا ـ توزان كۆپ قونۇپ، بەك مەينەت بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە چىرايلىق باش كىيىمى كىيىپ يۆگىۋالساڭ باشىڭ پاكىز تۇرۇشىغا كاپالەتلىـــك قىلغىلى بولىدۇ» دېسەك، مۇشۇ «يامان بولىدۇ» لارنىـــڭ ئىلمىي سەۋەبىنى چۈشىنىپ ئاڭلاپ، قوبۇل قىـــلغان بولار ئىدۇق. «ئۇنداق قىلساڭمۇ يامان بولىدۇ، بۇنداق قىلساڭمۇ يامان بولىدۇ» دېيىلىۋېرىپ، بارغانچە پۈت ـ قوللىرىمىز چۈشىلىپ، نۇرغۇن ۋاقتى ئۆتكەن نەرسىـــلەر، بىـــر مۇنچە غەرەزلىك خۇراپىي چۈشەكلەر «يامان بولىدۇ» دېگەن ئارغامچا، بويۇنتۇرۇقلار بىلەن ئارىلىشىـــپ كەتكەچكە خەلق، بولۇپمۇ ياشلار ئۇنداق سۆزلەردىن جاق تويدى، بىزار بولدى ـ دە، ئاندىن نۇرغۇن خاتا ئىشلارنى قەستەن قىلىدىغان بولدى، راستىنىلا ئىنتايىن يامان بولىدىغان ھالاكەت يولىغا بىلىپ تۇرۇپ قەستەن

قەدەم قويىدى. يۇقىرىقىدەك چۈشەك، زەنجىر، بويۇنتۇرۇقلار ئازراق بولغان بولسا، بوغۇلۇپ قالمىغان بولساق، ئۇنداق يامان يولغىمۇ ماڭمايتتۇق. «يامان بولىدىغان» ئىشلارنى قەستەن قىلىش ئەمەلىيەتتە ئاشۇ «يامان بولىدۇ» دېگەن سۆزگە قىلىنغان جەڭ ئىدى.

بىز ئۆلۈۋاتقان ئۆزىمىزنى تەربىيىلەش روھىمىزنى قۇتقۇزايلى! «يامان بولىدۇ» دەپ توختاقلا گەپ قىلغاننىڭ ئورنىغا شۇ ئىشنى قىلسا نېمە ئۈچۈن بولمايدىغانلىقىنى ئىلمىي ئاساستا چۈشەندۈرۈپ قويغىنىمىز ياخشى. ئىنگلىزلاردا بىر ئادەم «ماۋۇ ئىشنى قىلاي دەيمەن، قىلسام قانداق بولار؟» دەپ سورىسا، باشقىلار «چوقۇم قىلىپ كۆرۈڭ، ئامەت تىلەيمەن» دەيدۇ. ئەگەر شۇ ئادەمنى باشقىلار شۇ ئىشتىن توسماقچى بولۇپ، «بۇ ئىشنى قىلسىڭىز پۇشايمان قىلىشىڭىز مۇمكىن» دېگەندەك سۆزنى قىلسا، شۇ ئادەم «بۇنى سىز دېمىسىڭىزمۇ بىلىمەن، ئەمما مەن شۇ ئىشنى قىلىشنى خالايمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. مەسلىھەت بەرگۈچى دەرھال «بوپتۇ ئەمىسە، سىزنى ئاللا پاناھىدا ساقلىغاي، ئىشىڭىزغا ئامەت تىلەيمەن. مېنىڭ ياردىمىم كېرەكمۇ؟...» دەيدۇ. بىز ئۆزىمىزنى تەربىيىلەشتە ئىنگلىزلاردىن ئۆگىنىپ، ھەرقانداق ئىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان قىلىپ تەربىيىلەيلى! ئەكسىچە، «ئۇنداق قىلساڭ يامان بولىدۇ، مۇنداق قىلساڭ يامان بولىدۇ» دەپ قورقۇتمايلى. چۈنكى بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمگە ھەرگىز بەخت يارىتىپ بېرەلمەيدۇ، ھەربىر ئادەمنىڭ بەختى ئۆزىنىڭ ئالقىنىدا.

## شەخسىيەتچىلىكنىڭ قاراڭغۇچىلىقى

ھازىر قانداق، بىلمەيمەن، ئەمما كىچىك چاغلىرىمدا مەكتەپتە توي بولسىلا، تويغا كەلگەن بىر يۇرت خەلقى شۇ يۇرتقا باش بولغان ئەترەت باشلىقىغا ئوخشاش بىرەر ھۆرمەتلىك ئادەم كېلىپ تۆرگە ئولتۇرغۇچە ساقلاپ ئولتۇراتتى. بىر ئادەمنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بىر يۇرت خەلقى ئاچلىق ئازابى تارتسا، ئۇ كىشى كېچىكىپ كەلگىنى ئۈچۈن خىجىلمۇ بولماي، ئەپۇ سوراش يوق، تۆرگە چىقىپ كېرىلىپ ئولتۇراتتى. تۆردە ئولتۇرغان ئۇ باشلىققا قوينىڭ يېرىمى تارتىلسا، ئاياغدا ئولتۇرغان پۇقراغا قۇشقاچتەك گۆش تەقسىم قىلىپ بېرىلەتتى. تۆردە ئولتۇرغان ئادەمنىڭ پەگادا ئولتۇرغان ئادەم بىلەن مۇتلەق كارى بولمايتتى، ئۇ «پەگادىكىلەرمۇ ماڭا ئوخشاش ئادەممۇ؟» دېگەننى ئويلاپمۇ قويمايتتى. بۇنى ئاز دەپ، تويدا كانىيى يىرتىلغۇچە ۋارقىراپ مۇقام توۋلىغان نەغمىچى ـ سازەندىلەر قىلچە ئادەم قاتارىدا كۆرۈلمەي، قوينىڭ گۆشىدىن بېرىلمەيتتى. ئۇلار ئاغزى قۇرۇپ، قورساقلىرى ئاچ ئولتۇرسا، باشقىلار يەيدىغاننى يەۋېرەتتى.

بىر قانچە يىل ئىلگىرى قەشقەر شەھىرىدە بىر پۇلدار پۇلنىڭ كۈچىگە تايىنىپ بىر قىسىم مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى سېتىۋېلىپ، بىر كوچىنىڭ جامائەت ھاجەتخانىسىنى چاقتۇرۇپ، ئۆزىگە دۇكان سالدۇرۇۋالدى. ئۇ ھاجەتخانىنى چاقتۇرۇشتا «ھاجەتخانا پۇراپ كەتتى» دېگەننى باھانە قىلدى.

ئەسلى مەقسىتى ھاجەتخانىنىڭ ئورنىغا دۇكان سېلىۋېلىش ئىدى. ئۇ پۇلدار بولغانلىقى ئۈچۈن مەقسىتىگە يەتتى. دېمەك ئۇ ئادەم بىر مەھەللە خەلقىنىڭ مەنپەئىتىدىن بىر ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى ئۈستۈن كۆردى. بۇ ئالالىنى، ھەق، دىيانەتنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان، ئەمەلىيەتتە خۇدانىمۇ، خەلقنىمۇ ئالدايدىغان ئاتالمىش مۇسۇلمانى كامىلنىڭ ئەمەلى ئىدى. يۇقىرىقىلار بىزدە يۈز بېرىۋاتقان ئۆزىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ مېلىغا، يېرىگە، قېنىغا زامىن بولۇۋاتقان شەخسىيەتچىلىكنىڭ ئادەتتىكى ئىپادىسى. بۇنداق شەخسىيەتچىلىك، ئوخشىمىغان شەكىللەر بىلەن بازار تېپىپ، مەلۇم دەرىجىدە مىللىي پسىخىكىمىزغا ئايلىنىپ كەتتى. بىز دۇنيادا مەندىن باشقا ئادەممۇ بارغۇ، دەيدىغان ئاڭغا ئىگە بولمىغۇچە راۋاج تاپمايمىز.

# ئۇ كەلمەسكە كەتتى

ئۇ بالدۇر ياكى كېيىن بولسۇن، ھەممىمىز ئاخىر بىر كۈن بارىدىغان يەرگە — مۇقەددەس ھەم مەڭگۈلۈك ئاللانىڭ دەرگاھىغا، ئەتىۋارلىنىدىغان پەيغەمبەر يېشىدا ئۇلۇغ ئاي، ئۇلۇغ كۈنلەر بولغان رامزان ئېيىنىڭ ئاخىرىدا ھېچكىمگە «خوش» دەپ قويمايلا جىممىدە كېتىپ قالدى. قولىنى كۆسەي، چېچىنى سۇپۇرگە قىلىپ، ئوتتۇز يىللاپ تۈننى تاڭغا ئۇلاپ تەرتىنگە سۇ بەرگەن سۆيۈملۈك ئايالىنىمۇ ئۆزىنىڭ كېتىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرمەستىن ئۇنسىز، خاتىرجەم كېتىپ قالدى...

XX ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىدىكى تۆمۈر خەلپە، خوجا نىياز ھاجى قاتارلىق مەشھۇر شەخسلەرنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلگەن ئۈرۈمچىدىكى ئەڭ قەدىمىي مەسچىت — نوغاي مەسچىتىدە ئۇنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلۈۋاتقاندا، ئۈرۈمچىدىكى ھەر ساھە ئەربابلىرىدىن بىرمۇنچىلىغان كىشى بۇ تۇيۇقسىز نامازغا ئۈلگۈرۈپ كېلىپ، ماتەم سۈكۈتىگە چۆمگەنىدى.

بۇ نامازغا ئۇنىڭ دوستلىرى، شاگىرت ـ ئوقۇغۇچىلىرى، خىزمەتداشلىرى كەلگەندىن باشقا، مۇشۇ دەقىقىغىچە ئۇنىڭ بىلەن ئۆمۈرلۈك دۈئېلغا چۈشكەن رەقىبلىرىمۇ كېلىپ قايغۇلۇق سۈكۈتكە چۆمگەنىدى. ئۇنى كۆرمەي، بىلمەي ھۆرمەتلەپ ماختىغانلارمۇ، ئۇنى كۆرمەي، بىلمەي تىللاپ

كۆڭلىنى خۇش قىلىپ، ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ «دانىشمەن» بولغانلارمۇ بۇ نامازدا ئوخشاشلا سۈكۈتكە چۆمگەنىدى. . .

مانا شۇ مىنۇتلاردا ھەممىنىڭ كۆڭلىگە بىر نەرسە ئېنىق بولدىكى، مەيلى ئۇ قانداقلا ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ بۇنداق تېز، بۇنداق تۇيۇقسىز كېتىپ قالسا ھەرگىز بولمايتتى!

ئۇ ئادەم ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنى ئۈچۈنمۇ، ئەتىسى ئۈچۈنمۇ ناھايىتى كېرەكلىك ئادەم، ئۇنىڭ ئورنىنى باشقا بىر مۇنچە ئۇيغۇرلار بىرلىشىپمۇ تولدۇرالمايدىغان ئادەم ئىدى. يايلاقتا بۆرە ھۇۋلاپ تۇرمىسا قوي پاخقۇش كېسىلى بولۇپ، قوتۇر بېسىپ قىرىلىپ كەتكەنگە ئوخشاش، ئۇنىڭ نامىزىغا قاتناشقان كۈچلۈك رەقىبلىرى ئۇزاق مۇددەت قىلىچلىشىپ دۈشىلىغا چۈشكەن چەۋەنداز رەقىبى يىقىلغاندىن كېيىن قىلىچىنى تۇتۇپ نېمە قىلىشىنى بىلمەي گاڭگىراپ قالغاندەك، ياشاش ئەھمىيەتسىز، زېرىكىشلىك تۇيۇلۇپ، رەقىبىنى سېغىنغاندەك بولۇشۇپ قېلىشقان بولۇشى ئېھتىمال.

دېمەك، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىن ئۇزاپ، ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلىۋاتقان بۇ ئادەم بارلىق دوستلىرىغا كېرەكلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى رەقىبلىرىگىمۇ ناھايىتى كېرەك، جۈملىدىن، پۈتۈن ئۇيغۇرلار ئۈچۈن كېرەكلىك ئۇيغۇر ئىدى. دوستلىرى تەرىپىنى قىلىپ ماختىغاندىمۇ، دۈشمەنلىرى شىددەت بىلەن قارغاپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن پىتنە قىلىۋاتقاندىمۇ، ئەڭ ئاۋۋال ئۇنىڭ زامانىمىزدىكى بارلىق ئۇيغۇرلار ئىچىدە بىلىمدىغىنى ئەڭ كۆپ، ئەڭ ئەتراپلىق يېتىلگەن ھەقىقىي ئالىم ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئاندىن ماختايتتى ياكى تىللايتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ XX ئەسىرنىڭ كېيىنكى

يېرىمىدا يېتىشىپ چىققان ئۇيغۇر ئالىملىرى ئىچىدىكى ئالىملارنىڭ ئالىمى ئىدى. بىز بۇ يەردە شۇنى تىلغا ئالماي تۇرالمايمىزكى ۋە ئۇنى شۇنىڭ ئۈچۈن ياشىمىسا بولمايتتى دەيمىزكى، زامانىمىزدىكى ئۇيغۇر ئالىملىرى ئىچىدە ئۇنىڭ خاسىيەتلىك تەرىپى، بىرى، ئۇ ئىگىلىگەن شۇنچە كۆپ بىلىمگە لايىق ئۆز خەلقىگە بىرمۇنچىلىغان ئېسىل كىتابلارنى يېزىپ بەردى، بىرمۇنچە نەرسىنى ئىچىگە سولاپ ئۇلۇغ بولۇۋېلىپ، ھۆپۆپكە ئوخشاش ئىچىدە سېسىتىۋېتىدىغان بەزى ئېتى ئۇلۇغ، سۆپۈرسى قۇرۇق ئالىملىرىمىزدەك ئەخمەقلەرچە ياشىمىدى. بولۇپمۇ ئۇ قارىماققا ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدىغان، ئەمەلىيەتتە جىگدىچىلىك مېۋىسى يوق قاپاق تېرەكتەك كارغا يارىماس بەزى ئالىملىرىمىزدەك ياكى ئېزىتقۇ سەركەردىلىرىمىزدەك ياشىمىدى. يەنە بىرى، ئۇ تېخى ئىشتىن قالماي، قەلىمىنى تاشلىماي، بىلگەنلىرىم مەن بىلەن توپا ئاستىغا كىرىپ كەتمىسۇن، ئەۋلادلارغا قالسۇن، دەپ كېچە ـ كۈندۈز شىددەت بىلەن توم ـ توم كىتاب يېزىۋاتقانىدى. ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقى دەل خەلقىگە كۆپلەپ ئەمەلىي ئىش قىلىپ بەرگەنلىكىدە ئىدى. ئۇنىڭ تىنىم تاپماي ئۆگىنىدىغان، ئىزدىنىدىغان، تىرىشىدىغان، ئىشلەيدىغان روھى سورۇنلارنى بېشىغا كىيىپ، خەقنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇپ قۇرۇق لاپ ئاتىدىغان، بىر تۇخۇم تۇغۇپ قويۇپ ئالەمنى بېشىغا كىيىدىغان، ئۆزىنى ماختاپ، ئۆزىنى ئۇلۇغلاپ، ئۆزىدىن باشقىنى ئاساسسىز ئىنكار قىلىپ سېسىتىدىغان، ئەمەلىيەتتە خەلققە قۇرۇق پىتىنىدىن باشقا تۈزۈك نەپ بەرمەيدىغان سەللىسى چوڭ، قۇرۇق سۆلەت ئالىملاردىن مىڭ ئەۋزەل ئىدى. ئۇنىڭ مېيىتىنى ئۇزىتىپ

كېتىۋاتقان چېغىمىزدا ئارىمىزدىن بىرى: «بۇ ئادەم تازا ئىشلەۋاتقانىدى، مۇشۇنداق قولىدىن ئىش چىقىدىغان ئادەم يەنە خېلى ئۇزاق مەزگىل ياشىسا بولاتتى. ئەجەلمۇ دەيمىز، راستىنى ئېيتقاندا، بۇ ئادەمنى ئۆزىمىز تولا قارغاپ ئۆلتۈرۈۋەتتۇق، ‹ياخشىغا كۈن يوق، يامانغا ئۆلۈم› دېگەن شۇ ـ دە» دېدى. ھېچكىم بۇ گەپكە قارشى چىقمىدى، چۈنكى بۇ گەپنىڭ بىزنى ئويلاندۇرىدىغان يېرى كۆپ. كۆپ ھاللاردا ئاتا ـ ئانا نېمىنى قىلىپ ئادەتلەنگەن بولسا بالا ـ چاقا شۇنى دوراپ، روھىغا، قېنىغا شۇنى سىڭدۈرۈپ چوڭ بولۇپ، دەل شۇلارنىڭ ئۆزى بولىدۇ. بىزنى تەربىيىلەپ، ئۇچۇرما قىلىدىغان چوڭلار بىزگە نېمىنى ئۆگەتتى؟ دەل بىر ـ بىرىمىزنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشنى، بىر ـ بىرىمىزنى تىللاپ سېپسىتىشنى، قۇرۇق گەپ قىلىپ ھاراق ئىچىپ، سورۇن قوغلىشىپ قاتار چاي ئويناپ، كۈننى ھارام ئۆتكۈزۈپ ئۆلۈپ تۈگەشنى ئۆگەتتى. بىز بىر ـ بىرىمىزنى، ھەتتا ئاتا ـ ئانا، ئوقۇتقۇچى ـ ئۇستاز ۋە چوڭلارنى تىللاپ، قارغاپ، يۇقىرى ـ تۆۋەن قاتراپ بىر ـ بىرىمىزنى چېقىشنى، پىتنە قىلىشنى تازا ئۆزلەشتۈرۈپ، «كەسپىي پىتنىچى» لەردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقتۇق. بىز بىر ـ بىرىمىزنى قەدىرلىمەيمىز، ھۆرمەت قىلمايمىز، بىر ـ بىرىمىزگە يول قويمايمىز، ئۆزئارا كەڭ قورساق بولمايمىز. بىز كۆپ ھاللاردا ئۆزئارا گەپلەشسەكمۇ، سالاملاشساقمۇ ھالال نىيەت بىلەن ئەمەس، بەلكى بىرەر غەيۋەت ئۇچۇرىغا ئىگە بولۇش مەقسىتىدە گەپلىشىمىز، سالاملىشىمىز، مۇڭداشساقمۇ غەيۋەت شەكلىدە بولسا بەك ھوزۇرلىنىپ مۇڭدىشىپ كېتىمىز. بىر

قىسىملىرىمىزنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىمىزمۇ، تەپەككۇر ئادىتىمىزمۇ، قىممەت قاراشلىرىمىزمۇ پىتنە ـ پاسات، غەيۋەت ـ شىكايەت شەكلى ۋە مەزمۇنى بىلەن خاراكتېرلەنگەن، چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىزگە چوڭلار ئۆگىتىپ ئۇدۇم قىلغان. مانا شۇ ئاڭ بىزنىڭ بۈگۈنكى نادان، ياۋۇز ئېڭىمىزنى بەلگىلەپ، بۈگۈنكى دەسكىنىشلىك ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن. كېيىنكى ئېيتىش كېرەككى، ئۇيغۇر جەمئىيىتى بىر ـ بىرىنى تىللاش، سېتىش، بىر ـ بىرىنىڭ قەدرى ـ قىممىتىنى يەرگە ئۇرۇش، بىر ـ بىرىنى خورلاش، ھاقارەتلەش ئارقىلىق تۇغۇلغانغا، ئۇيغۇر بولۇپ يارىلىپ قالغانغا داد دېگۈزۈپ ئۆلتۈرۈش جەمئىيىتى! مانا بۇ سەسكىنىشلىك جەمئىيەتنى چوڭلار بىزگە ۋايىغا يەتكۈزۈپ قۇرۇپ بەردى.

ئۆز نۆۋىتىدە شۇنىمۇ دەپ ئۆتۈش كېرەككى، ھەممە پىتنە ـ پاسات، غەيۋەت ـ شىكايەتلەرنىڭ چوڭى ئۇيغۇرلارنىڭ خىللىرى يىغىلغان مەركىزىي شەھەر ئۈرۈمچىدىن تارقىلىدۇ. بۇ يەردىكى ھەر ساھە ئەربابلىرى، چوڭ ـ كىچىكلەر شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا بارسا ئېلىپ بارىدىغان دۇئايى ـ سالام، سوۋغاتلار ئىچىدە غەيۋەت بىلەن پىتنە چوقۇم بولماي قالمايدۇ. بۇ پىتنە ـ پاساتلار ئاندىن ھەر قايسى ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيىلەردە ياڭيۇ كۆپەيگەندەك بىر ـ بىرىنى تۇغۇپ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئۈرۈمچىدىن بارغان ئادەمدىن ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەرلەردىكى غەيۋەتچى، پىتنە ـ پاساتچىلار «ھە . . . ئۈرۈمچىدە نېمە يېڭى گەپ بار؟» دېگەن سىپايە سوئال بىلەن

«ئەھۋال» ئىگىلەپ، دەرھال «كۆپەيتىپ بېسىش ماشىنىسى» غا كىرگۈزۈپ، تۈركۈملەپ كۆپەيتىپ تارقىتىدۇ. مانا بۇ بىز ئېسىمىزنى بىلسەك ئاللىبۇرۇن شەكىللىنىپ بولغان ئادەت ئىكەن! شۇڭا ئۇيغۇر بولماق بەك تەس، ئۇيغۇرغا ئالىم بولماق تېخىمۇ تەس! ئەگەر ئۇيغۇرلاردىن بىرەر پەيغەمبەر دۇنياغا تۆرىلىپ قالغان بولسا، يەھۇدىيلار ئەيسانى كرېستقا مىخلىغاندىن ئاشۇرۇپ، تىرىك تۇرغۇزۇپ قېنىنى ئېقىتىپ، بىر توغرامدىن چىشلەپ يەۋەتكەن بولار ئىدى.

دېمەك، ئۇيغۇرنىڭ زامانىمىزدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئالىمى، بۈيۈك مۇتەپەككۇرى، خەلقئارالىق ئىلىم مۇنبەرلىرىگە ئېلىپ چىقىشقا ئەرزىيدىغان پروفېسسورى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىد-مىننى مەندىن باشلاپ ھەممىمىز ئەنە شۇنداق تىرىك تۇرغۇزۇپ غاجاپ، قۇرۇق ئىسكىلىت قىلىپ، ئاندىن دەپنە قىلدۇق. تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئەڭ ئەقەللىي قانۇنىيىتى — مېۋىنىڭ شۆپىكى، بۇغداينىڭ سامىنى . . . بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت تەبىئىي قانۇنىيەت بويىچە، بىز بۇ ئالىمنىڭ ئادەمگە خاس نۇقسانلىرىنى ئەپۇ قىلالمىدۇق، بىكار تەلەپ ھارامزادىلەرنىڭ سانسىز جىنايى قىلمىشلىرى ئۈستىدىن، گەپنىڭ چىرايلىقىنى، ئىشنىڭ ئەكسىنى قىلىدىغان خۇمسىلارنىڭ ئۈستىدىن، كېچىسى ئورا كولاپ، كۈندۈزى ئەلخۇمار بولۇۋالىدىغان مۇناپىقلارنىڭ ئۈستىدىن، بىر ئىشنى ياخشى قىلىپ، يۈز ئىشنى يامان قىلىدىغان نائەھلىلەرنىڭ ئۈستىدىن نەپرەتلەنمەي، كەمچىلىكىنى تۆھپىسى نەچچە ھەسسە بېسىپ چۈشىدىغان بىر ئۇلۇغ ئالىمىمىزنى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەممىمىز قارغىدۇق. بىز ئۆزىمىز ھەممىمىزنىڭ ئىلاھ ياكى پەرىشتە

ئەمەس، بەلكى ئازغۇچى بەندە — ئادەم ئىكەنلىكىمىزنى، ھەممىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە تۇشلۇق نۇقسانىمىز بارلىقىنى ئويلىمىدۇق، ئەكسىچە ئۆزىمىزنى پەرىشتە، باشقىلارنى ئالۋاستى كۆرسىتىپ ياشاپ كەلدۇق.

شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئەگەر ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ياۋروپالىق ئالىم بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى تۇتىيا بىلگەن، ئۆزىنى پەرىشتە ھېسابلىغان بولار ئىدۇق، تەرجىمانلىرىمىز ئۇنىڭ مەلۇم كىتابىنى ئۆزى تەرجىمە قىلىپ، ئۇيغۇرلارغا تونۇشتۇرغانلىقىدىن پەخىرلىنىپ ماختانغان بولار ئىدى. بۇ خىلدىكى مىساللارنىمۇ كۆرۈۋاتىمىزغۇ؟!

ئەگەر ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن رۇس، گېرمان، ئىنگلىز، ياپون، خەنزۇ، قازاق بولغان بولسا، بىز كۆرسەتكەن كۇنىنىڭ دەل يەنە بىر تەرىپىنى كۆرگەن، قالتىس قەدىرلەنگەن بولار ئىدى.

ئۇ ئىنتايىن ياۋاش ئادەم ئىدى، سورۇنلاردا سۆز تالاشمايتتى، كۆرۈشكەندە قول تالاشمايتتى، ماڭغاندا يول تالاشمايتتى، كوللېكتىپ رەسىمگە چۈشكەندە چەتتە ياكى باشقىلارنىڭ ئارقىسىدا تۇراتتى. باشقىلار يۈزىدىن يۈزىگە تىللىغاندىمۇ، زەھەرخەندىلىك بىلەن مەسخىرە قىلغاندىمۇ تۈگمەن تېشىدەك ئېغىر - بېسىق بولاتتى. كېچە - كېچىلەپ سوكۇلداپ مۇرىت توپلاپ، گورۇھۋازلىق ياكى يۇرتۋازلىق قىلمايتتى، قورۇق شۆھرەت قوغلىشىپ بەتخەجلىك، سۆلەتۋازلىق قىلمايتتى. 1958 - يىلدىن 1978 - يىلغىچە توپتوغرا 20 يىل تارتىۋېلىنغان ئۆمرى ئۇچۇن ئېچىنىپ،

ۋاقىتنى ئالتۇن بىلىپ ئىشلەيتتى، ئىشلەيتتى . . .

ئۇ كىشىلەرگە ئازار بەرمەيتتى، ھەتتا ئاستى ـ ئۈستى قوشنىلىرىمىغا دەخلىسى بولمىسۇن، دەپ گۆشنى پالتىدا چانىماي، ھەربىدەپ كەسكەن ئادەم ئىدى. بىزگە كۆلكىلىك تۇيۇلىدىغان بۇ ئىشنى ئەقىل بىلەن ئويلاپ كۆرسىڭىز بىرىنچىدىن، شۇنداق قىلغاندا، قوشنىلارغا بىسەرەمجانلىق يەتمەيدۇ؛ ئىككىنچىدىن، كۆزلىگەن يەردىن كەسكىلى بولىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، گۆش تىتىلىپ، سۆڭەك چېقىلىپ كەتمەيدۇ. دېمەك بۇ ئالىمىمىز ھەممە ئىشنى ئەقىل ئىشلىتىپ قىلار ئىكەن.

گۇلساي قەبرىستانلىقىغا ئالىم دەپنە قىلىنىۋاتقاندا، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر ئوقۇتقۇچىسى ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپ: «ھازىر ئۇيغۇرلار بۇ ئادەمنى قەدىرلىمىدى، خورلىدى. يەنە 50 يىللاردىن كېيىن ئەگەر ئۇيغۇر خەلقى يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان بولسا، چوقۇم بۇ ئادەمگە خاتىرە مۇنارىسى تىكلەيدۇ. بۇ ئادەمنىڭ قىممىتىنى شۇ چاغدا تولۇق چۈشىنىدۇ. چۈنكى بۇ ئادەمنىڭ ئېڭى ھازىرقى ئۇيغۇرلاردىن 50 يىل ئالغا كەتكەن» دەپ تەرىپلىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇنى كۆمۈپ قويدۇق. ئۇ كەتتى، كەلمەسكە كەتتى. ئۇيغۇرغا ئالىم بولغانغا تويۇپ، خوشمۇ دېمەي كەتتى. بۇ نادان خەلق ئۇيغۇر ئۈچۈن جۇۋاز كالىسىدەك ياۋاشلىق بىلەن ئىشلەپ بېرىۋاتقان، بىر ئۆزى نەچچە ئون ئالىمنىڭ ئىشىنى قىلىپ ئۈلگۈرۈۋاتقان بىر يارامىلىق ئالىمنى يوقىتىپ قويدى. بىز ئۆزىمىزنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىمىز بويىچە تىرىك چېغىدا سېسىتىپ، ئۆلگەندىن كېيىن

قەبرىسىگە ئېسىلىپ سىغىنىپ، ئۇنى يادلاپ تۇرۇپتىمىز. هەي كەم ئەقىل قېرىنداشلار، تېزلىك چېغىمىزدا بىر - بىرىمىزنى قەدىرلەيلى. . .

ئالىم كەتتى. نۇرغۇن نەرسىلەرنى يېزىشقا ئۈلگۈرەلمەي ھەممىنى ئېلىپ كەتتى. بىلىشىمىز كېرەككى، بۇ بىزنىڭ شور تەلەيلىكىمىزنىڭ بىر ئىسپاتى. ئاللا: «مەن غەزەپ قىلغان قوۋم ئارىسىدىن ياخشىلارنى ئەكېتىش بىلەن شۇ قەۋمنى جازالايمەن» دېگەنىكەن. بىز داۋاملىق جازالىنىشتىن پاتراق قۇتۇلۇشنىڭ يولى ئۈستىدە ئىزدىنەيلى. بىز لەنەت تاشلىرىمىزنى ياخشىلارغا ئەمەس، شەيتانلارغا ياغدۇرۇشنى ئۆگىنىۋالايلى.

ئېسىمىزدە بولسۇن، ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى دوزاخ ئازابىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ مەڭگۈلۈك ئارامگاھقا كەتتى.

1995 - يىلى 7 - مارت، ئۈرۈمچى.

# ئۇيغۇرلاردا دوپپا تەقدىم قىلىشنىڭ سىرى

ئۇيغۇرلار ئۇزاق ئەسىرلەر ياشاش جەريانىدا ئەقىل ـ پاراستى ۋە چېۋەرلىكىگە تايىنىپ، مول مەدەنىيەت ۋە ئاجايىپ كەشپىياتلارنى ياراتقان. دەۋرلەرنىڭ ئالمىشىشى، زاماننىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن بۇ كەشپىياتلارنىڭ نۇرغۇنلىرى زامانىۋى سانائەت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى، بىر قىسىملىرى تەرەققىيات تەرىپىدىن شاللىنىپ يوقاپ كەتتى.

دوپپا — ئاشۇ كەشپىياتلار ئىچىدىكى هازىرغىچە ياشىلىقىنى، هاياتىي كۈچىنى يوقاتماي كېلىۋاتقان هەم بۈندىن كېيىنمۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللەت بەلگىسى سۈپىتىدە ئۆزىنى نامايان قىلىپ تۇرىدىغان، مىللەتنىڭ غۇرۇرىغا سىمۋول بولۇش لاياقىتىگە ئىگە قىممەتلىك گۆھەر. تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇ ئۇيغۇر خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ مۇستەقىل كەشپىياتى. ئۇ ئەقىللىق لاتاپەتلىك ئۇيغۇر خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ ئۇيغۇر يىگىت ـ ئەرلىرىگە، ئۇيغۇر ئانىنىڭ ئۆز ئوغۇللىرىغا مەڭگۈلۈك سەمىمىي، ساپ مۇھەببەت يالدامىسى سۈپىتىدە تەقدىم قىلغان كەشپىياتى. ئۇ ئومۇمنىڭ ئەمەس، خاس ئىگىسىنىڭ بولىدۇ. ئۇ هەممە ئادەم، ئومۇمىي جامائەت تەڭ پايدىلانسا بولىۋېرىدىغان نەرسە ئەمەس.

دوپپا تەقدىم قىلىش قانداق كېلىپ چىققان؟

بوۋىلىرىمىز مومىلىرىمىز بىلەن بالاغەت يېشىدا ئۇچراشقاندا، ئەگەر يىگىتنىڭ قىزغا كۆڭلى چۈشۈپ قالسا، مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ، توي قىلىش تەلىپىنى قويىدۇ، ئۇياتچان، شەرم - هايالىق ئۇيغۇر قىزى خىجىل بولۇپ، قېچىپ كىرىپ كېتىدۇ. يىگىت تۇن بويى قىزنىڭ مەھەللىسىنى ئەگىپ، هويلا تېمىنى ئايلىنىپ، ناخشا توۋلاپ، باغ شورىسىدىن كىرىپ، قىزنىڭ ئۆگزىسىگە چالما تاشلايدۇ. قىز بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆيدە تۇڭلۈككە قاراپ يېتىپ بىلىدۇ. ئەگەر قىزمۇ يىگىتنى كۆڭلىگە سىغدۇرالىسا ۋە يىگىتنىڭ ئۆزىگە بولغان مۇھەببىتىگە ئىشەنچ قىلالىسا، يىگىتكە ئاتاپ تاماكا خالتىسى، كانۋاي كۆڭلەك، ئىشتانباغ، بەلۋاغ، قول ياغلىق ۋە دوپپا تىكىپ، ئۇلارنى كۆڭۈل قويۇپ كەشتىلەپ، كېچىدە باغقا چىقىپ يىگىت بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇ نەرسىلەرنى يىگىتكە تەقدىم قىلىدۇ. مۇشۇ چاغدا بىر نازۇك ئىش بار، ئۇ دوپپىدىن ئىبارەت مەركەز ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئەگەر قىز يىگىتنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرگىنىگە رەھمەت ئېيتىش ھەم ئۆزرە ئېيتىش ئارقىلىق يىگىتنى چىرايلىق رەت قىلماقچى بولسا، دوپپىنى يۇقىرىقى سوۋغىلارنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، قولىغا بېرىپلا قايتىپ كىرىپ كېتىدۇ. بۇ قىزنىڭ كۆڭلىدە باشقا پۈتۈشكىنى بارلىقىنى، يىگىتكە ئۆزرە قويغىنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر يىگىتكە رازىلىقى بولسا، ھەممە نەرسىنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ، دوپپىنى ئۆز قولى بىلەن يىگىتنىڭ بېشىغا كىيدۈرۈپ قويۇپلا كىرىپ كېتىدۇ. بۇ قىزنىڭ يىگىتكە رازىلىق بەرگىنىنى، مۇھەببىتىنى تەقدىم قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان سىمۋوللۇق جاۋاب. يىگىت بۇنىڭدىن قىزنىڭ مۇھەببەت

تەلىپىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى بىلىدۇ. بۇ — گۈزەل رىۋايەت تۈسىگە ئىگە ئۇلۇغ مەدەنىيەت. ئەجدادلىرىمىز مانا مۇشۇنداق ئۇسۇللار بىلەن مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىپ، تويلىشىپ بىزلەرنى تاپقان.

قىزنىڭ كۆڭلىنى ئىپادىلەيدىغان چىرايلىق دوپپا نازۇك قوللار بىلەن سۆيگەن يىگىتنىڭ بېشىغا كىيدۈرۈلىدىغان بۇ ئېسىل ئادەت بۈگۈنكى كۈندە تەرەققىيات ۋە زامانىۋىلىشىش تۈسىنى ئېلىپ، بىر ئەر يەنە بىر يات ئەرنىڭ بېشىغا دوپپا كىيدۈرۈپ قويىدىغان ئادەتكە ئايلىنىپ قالدى. ئەجدادلىرىمىز ئەر مېھماننى ئەزىزلىسە، ئەتىۋارلىسا، چىرايلىق خەنجەر، پىچاق سوۋغا قىلغان، ھەرگىزمۇ سۆيۈملۈك ئايالى، مېھرىبان ئانىسى، ۋاپادار سۆيگىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن كېچىلىرى چىراغ يورۇقىدا شېرىن ئۇيقۇسىدىن كېچىپ، قوللىرىنى يىڭنىدە زېدە قىلىپ، پۈتۈن ئەقىل، مۇھەببىتىنى مۇجەسسەملەپ تىكىپ بەرگەن دوپپىنى تەقدىم قىلغان ياكى ئەر تۇرۇپ ئەرگە رازىلىق بەرگەندەك ئەرنىڭ بېشىغا كىيدۈرۈپ قويغان ئەمەس. چۈنكى ئۇلار ئۆز ئانىسىنىڭ، ئۆز يارىنىڭ مۇھەببىتىنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بەرگەن ئەمەس. ئەر تۇرۇپ ئەرنىڭ بېشىغا ياكى يات كىشىلەرنىڭ بېشىغا دوپپا كىيدۈرۈپ قويۇش، بۇ ئۇلۇغ مۇھەببەتنى، ئۇلۇغ كەشپىياتنى دەپسەندە قىلغانلىق، خورلىغانلىق، ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنى ئۆزى خورلىغانلىق.

ئۇيغۇر ئەرلىرى ئەزەلدىن بارلىقىدىن، ھەتتا ھاياتىدىن كېچىشكە رازى بولىدۇكى، ھەرگىزمۇ مۇھەببىتىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنىشىغا يول قويمايدۇ. لېكىن بۇ شەكلى ئۆزگەرگەن خورلۇقنى يەنىلا بەزى ئۇيغۇر ئەرلىرى كەلتۈرۈپ

چىقىرىۋاتىدۇ. مەن ئەركەك دەپ ئويلايدىغان ھەر بىر كىشىنى بۇ مەسىلىنى چوڭقۇر ئويلاپ كۆرۈشكە تەۋسىيە قىلىمەن.

مەن دوپپا كىيىشنى ئادەت قىلمىغان ئادەمگە «بەك ياراشتى» دەپ دوپپا كىيدۈرۈپ قويسام، ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئاياپ كىيىپ قويغىنى بىلەن كۆڭلىدە ئۆزىگە يۈك ھېسابلاپ، بىر دەمدىن كېيىن بېشىدىن ئېلىۋېتىدۇ، كىيمەيدۇ ياكى تاشلىۋېتىدۇ. بۇ ئۆزىمىزنى، ئۆز ئەمگىكىمىزنى، ئۆز خوتۇن ـ قىزلىرىمىزنى، ئىنسانىي غۇرۇرىمىزنى خورلىغانلىق بولماي نېمە؟

بىز دوستلىرىمىزغا، ئەتىۋارلىق مېھمانلىرىمىزغا بوۋىلىرىمىزغا ئوخشاش خەنجەر، پىچاق تەقدىم قىلايلى. ئۇيغۇرلارنىڭ نەقىشلەنگەن كۆركەم، رەڭدار دەستىلىك پىچاقلىرىمۇ دوستلۇق بەلگىسى بولالايدىغۇ؟ دوپپا كىيىش ئادىتى يوق ئادەم بازاردىن ئۆزى سېتىۋېلىپ كىيسە، بۇ ئۇنىڭ قىزىقىشى بولىدۇ. ئۇمۇ مەلۇم ۋاقىت كىيىپ باقىدۇ. بۇ ئۆزىنىڭ ئىشى.

بىزنىڭ بىر ـ بىرىمىزنىڭ باش كىيىمىنى بېشىمىزغا دومىلاپ باقىدىغان، كىيىپ باقىدىغان، ھەتتا ئارىيەت ئالىدىغان ئىشلىرىمىزمۇ بار. بۇ بىزنىڭ مەدەنىيەت ئەخلاقىمىزدا ئىنتايىن يامان ئالىدىغان كالۋا قىلىق.

ھازىر بەزى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئۇلۇغ كەشپىياتىنى بۈيۈك سىمۋول، ئۆلمەس يالداما سۈپىتىدە ئۆيلىرىنىڭ تۆرىدە، ساندۇقلىرىدا قەدىرلەپ ساقلاۋاتىدۇ. بۇ دوپپىلار ھېيت نامىزى ئوقۇلغان كۈنلەردە ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ بېشىدا، چاچلىرىنى قىرىق تال قىلىپ ئۆرۈۋالغان گۈزەل ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ

بېشىدا جەۋلان قىلىدۇ. «بادام دوپپا، چىمەن دوپپا، ئاقار يولدا تۇمەن دوپپا» بولىدۇ.

نۇرغۇن تەرەققىي تاپقان ئەللەردە ئۆزلىرىنىڭ كلاسسىك نەرسىلىرىنى، ھەتتا ئاددىي بىرەر پارچە رەسىملىرىنىمۇ قەدىرلەپ ئېسىپ قويىدىكەن. بىز ئۆز خوتۇن ـ قىزلىرىمىزنىڭ يۇرەك قېنى سىڭگەن بۇ ئۇلۇغ كەشپىياتنى ئەزىزلىسەك، ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا ساقلىساق، ئۆيىمىزنىڭ تۆرىگە ئېسىپ قويساق نېمىشقا بولمايدىكەن. بىز دوپپىمىزنى قانچە قەدىرلىسەك ئۆزىمىزنى شۇنچە قەدىرلىگەن بولىمىز.

چۈنكى، بۇ بىزدە ھازىرغىچە ئۆلمەي، دەۋرلەرنىڭ ئالمىشىشىغا بوران ـ چاپقۇنلارغا بەرداشلىق بېرىپ بىز بىلەن تەڭ ياشاپ، ھاياتىي كۈچىنى، ياشلىقىنى، گۈزەللىكىنى، نەپىسلىكىنى يوقاتماي كېلىۋاتقان بىردىنبىر بەلگىدۇر. ئەگەر بۇنىمۇ يوقىتىپ قويساق يەنە 50 يىلدىن كېيىن باش كىيىمسىز، ھېچقانداق خاسلىقى يوق بىر مىللەت بولۇپ، بىر توپ ئادەم ئارىسىدا يىتۈپ كەتسە تاپقىلى بولمايدىغان ئادەمگە ئايلىنىپ قالىمىز.

1995 ـ يىلى ئاپرېل.

# بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھايات پېشۋاسى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

كۆز كېرەكتىن چىقسا قولاقتا تايىنىشقا توغرا كەلگەندەك، ئەدەبىياتىمىزنىڭ نەزەرىيىچىلىرى، باھاچىلىرى كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ يوقىلاڭ ئىشلار بىلەن بىر - بىرىنى تەنقىدلەپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ تۆھپىسى ھەققىدە سۆزلەشكە ۋاقىت چىقىرالمايۋاتقان بولغاچقا، ئاشپەز بولمىسىمۇ ئاشخانا ئىچىپ تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان مىڭلىغان ئۇيغۇرلاردەك مەنمۇ بۇ ئىشنى قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم ھەم بۇ ئىش ھەققىدە ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سىياھ قىلىپ، ھاياتىغا ئىكەك سېلىپ ئۇپراپ كېتىۋاتقان، زامانىمىز ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھايات پېشۋاسى، ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن كۆپ تەرەپلىمە، ناھايىتى نۇرغۇن ئۆچمەس ئىشلارنى قىلىپ بېرىشكە ئۈلگۈرگەن تىلشۇناس، تارىخچى، تىللاردا داستان بولۇپ، دىللارنى رام قىلغان خەلق قەلبىدىكى شائىر، جامائەت ئەربابى، مەدەنىيەت ئەربابى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېقىنقى زامان قانلىق تارىخىنى سەممىي، ئەينەن يېزىپ تەقدىم قىلغان، جاسارەتلىك ئۇستاز يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئاكا ھەققىدە تۆت ئېغىز گەپ قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىۋاتقىنىم ئۈچۈن، يۈزۈم يورۇق، خەلققە ھەرقاچان يۈز كېلەلەيمەن، دەپ قارايمەن. بۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقىنىمدا قورۇق گەپ تەگەشتىن باشقا ئىش قىلىش نىيىتى

يوق، سورۇن ياكى دوقمۇشلارغا يىغىلىپ ۋارقىــراپ گەپ قىلىپ، ياكى سەپسەتىنى ھەقىقەت قىلىپ يۈرگەندىن كۆرە، يازغىنىمنىڭ مىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ بەكمۇ سۆيۈندۇم.

بالىلىق چاغلىرىمدا مەھەللىمىزدىكى كونىلارنىڭ مەشرەپ كېچىلىرى چىلىم تارتىپ ئولتۇرۇپ، جاھان ھەققىدە قىلىشقان سەرگۈزەشتە پاراڭلىرى ئارىسىدا «ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر» دېگەن ئىسىم ۋە دېكلاماتسىيە قىلىنغان شېئىر - رۇبائىيلارنى ئاڭلاپ تازا چۈشــەنمەي گۈلخانغا قاراپ ئېغەك تۇتۇپ خىــيالغا كېتەتتىم. گۈلخان ئارىسىدىن ئاشۇ چوڭلار تىــلغا ئالغان تارىخىمىزدىكى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ چىرايى، بوي - تۇرقى، سىماسى تەسەۋۋۇرۇمدىكى گىگانت، نۇرلۇق چىرايى، ئوتلۇق كۆزلەر، ئادەتتىكى ئادەملەردىن قامەتلىك، مەردانە، بىــزگە ئوخشىمايدىغان كۆرۈنۈشى، ئاتلىق قىلىــچ ئويىنــتىــپ كېتىۋاتقان، تاغ ئۈستىدە دۈربۈن تۇتۇپ يىراققا قاراۋاتقان، ئۈستەل مۇشتلاپ سۆزلۈك، قەھرلىك يىغىن ئېچىۋاتقان، تۈرمە ئىچىدە زەنجىرلىنىپ چەمبەرچاس باغلانغان، جادۇ بىلەن كاللا كېسىلىۋاتقان، بوغۇپ ئۆلتۈرۈلۈۋاتقان كۆرۈنۈشلەر ئارىسىدا سانسىز چىرايلار پەرەز قىلىنىپ كۆز ئالدىمغا كېلەتتــى. چوڭلارنىڭ پاجىئە بىلەن تولغان ئاشۇ پاراڭلىرى ئارىسىدىكى ئىسىملار ئىچىدە ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، دېگەن ئىسمىنىمۇ مەن شەرەپ بىلەن قۇربان بولغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىرىنىــڭ ئىسمى، دەپ چۈشەنگەن بۇ دۇنيادا جەننەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، شېھىت كەتكەن ئاشۇ بۈيۈك ئۇستاز ئاتىلارغا: «ئاللا ئۇ دۇنيانىڭ جەننىتىنىمۇ ئاتا قىلغايسەن» دەپ تىلىگەنىدىم.

ئوتتۇرا مەكتەپكە قەدەم قويغان چېغىمدا ھايات قالغان ئالىم، ئۇستازلار ئارىسىدىن ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، دېگەن ئىسىمنى كۆرۈپ ھەيران قالغان ھەم خۇشاللىقىمدىن گېزىتنى قاتلاپ يىرتىق ئىشتىنىمنىڭ يانچۇقىغا سېلىۋېلىپ، پاشا ـ كوموتا چېقىپ، بىر دەممۇ ئارام بەرمەيدىغان زەيكەش يايلاقتا قوي باققاچ، قايتا ـ قايتا سىنچىلاپ قاراپ، گېزىتنىڭ تۇتۇق رەسىمىدىن ئۇنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا تىرىشقان ھەم نەم چىملىققا ئۆزۈمنى ئوڭدىسىغا تاشلاپ، گېزىتتىكى ئاشۇ رەسىم، قۇرلارنى يۈزۈمگە چىڭ چاپلاپ بوقۇلداپ يىغلاپ كەتكەنىدىم. دېمەك، ئۇ بۇرۇنقى زاماندا ياشاپ شېھىت بولۇپ كەتكەن ئادەم ئەمەس، تېخى يېقىندىكى ئادەم ئىكەن، يېقىندىكى بولغاندىمۇ، ھايات قالغان ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ بىرى ئىكەن، بىزنىڭ ئالىملىرىمىز، ئۇلۇغلىرىمىز، ئۇستازلىرىمىز بۇرۇنلا ئۆلۈپ تۈگىگەنمىكىن، دېسەم ھاياتلىرىمۇ بار ئىكەن، دەپ ئۇلارنى كۆرۈش ئىستىكى مېنى تەقەززالىق ئىچىدە سەكرەتكەنىدى. بىردە چىملىق يايلاقتا، بىردە تۇزلۇق سولۇق كۆللەردە، بىردە قومۇش دۆۋىلەنگەن دۆڭلەردە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، ئۇلارنى كۆرۈشكە بولغان ئىنتىلىشلىرىمنى بېسىشقا تىرىشقانىدىم. مەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملاش ئالدىدا بۇ ئۇستاز ئالىمىمىزنىڭ «قەشقەر كېچىسى» دېگەن كىتابىنى تۇنجى قېتىم قولۇمغا ئېلىپ كۆرۈشكە نېسىپ بولدى. كىتابنىڭ ھەربىر قۇرلىرىنى قايتا ـ قايتا ئوقۇۋاتقىنىمدا كۆزلىرىم چېكىلىپ، چېشلىرىم كىرىشىپ، قوۋۇزۇم تېلىپ تارتىشىپ كەتكەنلىكىمنى ھېس قىلاتتىم.

ئوقۇدۇم، ئوقۇدۇم، بۇلاق سۈيىنى ئىچكەنچە تولا ئۇسساپ

ئۇسسۇزلۇقتا قانمىغاندەك، بۇ كىتابنى ئوقۇغانچە ئۇسسىغان يېرىمگە تولۇق بارمىغاندەك يەنە كەملىك ھېس قىلاتتىم. بىزنىڭ مەشرەپ كېچىلىرىمىزدە، مەھەللىمىزنىڭ يىراق - يېقىنلىرىدا دۇتار چېلىپ، داستانچىلىق قىلىپ داڭق چىقارغان مۇھەممەت چىمەننا دەيدىغان كىلىشكەن، پاكىز قىرىغان بىر بوۋاي بار ئىدى. مەشرەپ كېچىلىرىنىڭ بىرىدە ئۇ ئىشىك - دېرىزىلەرنى چىڭ دۇملىگۈزۈپ، دۇتارنى تازا سازلاپ «ئىز» دېگەن ناخشىنى ناھايىتى ھەيۋەت، مۇڭ بىلەن ئېيتتى. بۇ ناخشا سورۇندىكىلەرگە شۇنچىلىك قاتتىق تەسىر قىلدىكى، قېرى - ياش ھەممەيلەن بۇقۇلداپ يىغلاپ، ناخشىنىڭ ئاخىرى ھۆركىرەپ يىغلاشقا ئايلىنىپ كەتتى. بىر نەچچە ئايالنىڭ قوچىقىدا ئۇيقۇغا كەتكەن بوۋاقلار چوڭلارنىڭ يىغىسىدىن چۆچۈپ، قىقىراپ يىغلاپ كېتىشتى. شۇ سورۇندا بۇ ناخشا سۆزىنى كىمنىڭ يازغانلىقى تالاش - تارتىش بولۇپ، چوڭلار ئاخىر ئۇنى شېھىت كەتكەن ئالىملىرىمىزدىن بىرىنىڭ يازغانلىقىنى مۇقىملاشتۇردىيۇ، ئۇنىڭ، بۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ بېقىپ، ئېنىق بىرنەرسە دەپ ھۆكۈم قىلالمىدى. بەزىلەر بۇنى سوۋېت تەرەپتىكى بىرەر ئۇلۇغ زات يازمىسا، بىزدە بۇنداق شېئىر يازغۇدەك شائىر قالمىدى، قالغان تەقدىردىمۇ بۇ شېئىرنى يېزىشقا پېتىنالمايدۇ، دېيىشىپمۇ كېتىشتى. مەن شېئىرنى خاتىرىگە يېزىۋالاي دېسەم، بىزنى بالاغا قويىسەن، دەپ ھەممىسى مېنى ئەيىبلەپ كېتىشتى. شېئىرنى ئېسىمگە ئېلىشقا قايتا - قايتا ئۇرۇنغان بولساممۇ يادلاشقا مۇمكىن بولمىدى. كېيىنكى چاغلاردا شېئىر مەزمۇنىنى ھېس قىلالايدىغان، بىرقانچە سۆزىنى بىلىدىغان بولۇۋالدىم. ئەمما،

كۆڭلۈمدە بىر چوڭ بوشلۇق كەمتۈك تۇرغاندەك بىئارام بولۇپ يۈردۈم.

1985 ـ يىلى مەن دىكتور بولۇپ، تەكلىماكان سەھراسىدىكى قۇمۇشلۇق ئارىسىدىن قەشقەر شەھىرىگە كەلدىم. مەن كىتابخانىدىن ئۇيغۇر خەلقى ئۆز رومانلىرىغا ئېرىشىپ ئۇزاق بولماي يەنە ئېرىشكەن بۇ رومان خۇشاللىقىغا ئورتاق بولۇپ ئېرىشىپ كۆرگىنىم، يۈرىكىمنى ۋەسۋەسىگە سالغان ئاشۇ شېئىر بولدى. «ۋاھ، ئەسلىدە بۇ شېئىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئاكىنىڭكىكەنغۇ؟» رەھمەتلىك چوڭ دادام تىرىلىپ كۆلۈپ كېلىپ مېنى باغرىغا باسقاندەك خۇشاللىقىمدىن رادىئو قورۇسىدا پىرقىراپ ئايلىنىپ، بىر توپ سۆگەتنىڭ يېرىك تېنىنى يۈزۈمگە چاپلاپ بىر ھازا تۇرۇپ قاپتىمەن، «ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، بۇ شېئىر سىزنىڭمىدى ئاكا، خۇدا سىزگە ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلسۇن، دەرد كۆرمەڭ ئاكا...»

«ئەختەمجان سۆگەتكە سۆزلەيدىغان بولۇپ قالمىغانسىز؟...» ئىدارە باشلىقىمىز مۇھەممەت ساۋۇتكام يېنىمغا كەلسە تۇيماي ئاشۇنداق سۆزلەپ كېتىپتىمەن. مەن شۇئان «ئىز» رومانى ھەققىدە توختىماي سۆزلەپ مۇھەممەت ساۋۇت ئاكىنى بۇ رومانىنى رادىئودا ئاڭلىتىشقا قوشۇلۇشقا يالۋۇردۇم. مۇھەممەت ساۋۇتكام تاماكىسىنى شوراپ بىردەم تۇرۇۋېتىپ: «ياخشى بولسا بېرەيلى» دەپ كىتابنى كۆرمەستىنلا قوشۇلدى. خۇشاللىقىم قىنىمنى تېخىمۇ قاينىتىپ، ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ سەكرەپ كەتتىم. رومانىنى ئۇ ئادەممۇ، مەنمۇ بىر بەت كۆرمەستىن ئاڭلىتىشقا قارار

قىلدۇق. بىز شۇ مىنۇتتا ئەڭ ئاۋۋال رومانغا، ئاندىن بىر-بىرىمىزگە ھەقىقىي ئىشەنگەنىدۇق. مەن شۇ كۈنى تاڭ ئاتقۇچە رومانىنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى كۆرۈپ ھاياجاندىن تېخىمۇ تۇرالماي كەتتىم.

ئۇ چاغلاردا قەشقەر شەھىرىنىڭ ھەممە كوچىسىدىكى ستولبىلاردا رادىئو كانىيى بار بولۇپ، قەشقەر خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئەتىگەنلىك ئاڭلىتىشلىرىنى ئۇلاپ ئاڭلىتاتتى. ئەتىگەندە رومان ئاڭلىتىدىغان ۋاقىتتا كانايدىن چىقىۋاتقان «ئىز» ناملىق شېئىر دېكلاماتسىيىسى كېتىۋاتقان يولۇچىلارنى يولدىن توختاپ ئاڭلاشقا مەجبۇر قىلغانىدى. مەن رومانىنىڭ كانايدىكى ساداسىنى ئاڭلاش، شەھەرنىڭ ئەتىگەنلىك ساپ ھاۋاسىنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈش ئۈچۈن، ۋېلىسىپىتىمنى مىنىپ ئايلىناتتىم. كاناي ئورنىتىلغان ستولبىلار تۈۋىدە، ئاشخانا، چايخانا، كوچا دوقمۇشى... پۈتۈن شەھەر ئاسمىنىنى «ئىز» رومانىنىڭ ساداسى قاپلىغان بولۇپ، بۇ توپ-توپ كىشىلەر جىممىدە ھالدا بۇ ساداغا قۇلاق سالاتتى. مەن ۋېلىسىپىتىمنى ئاستا مىنىپ كېتىۋېتىپ، كۆزۈمدىن ياش ئېقىتىپ تۇرۇپ ئوقۇغان يىغا ئارىلاش تىترەك ئاۋازىمنى ئاڭلاپ، بوغۇزۇم قايتا ئاچچىق بولدى. رومان ئاڭلىتىۋاتقاندا ئالقىش خەتلەر، رەھمەتلەر رادىئو ئىستانسىسىغا ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇردى، ھەتتا رادىئو ئاڭلايمىز، دەپ خىزمەتكە كېچىككەنلەر رومان ئاڭلىتىش ۋاقتىنى خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزمەيدىغان قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشتى. شۇ چاغدا قەشقەردە بىر قېتىملىق رادىئو ئاڭلاش قىزغىنلىقى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭ تەسىرى جەمئىيەتكە يېڭى مەنىۋى

روھ بېغىشلىغانىدى، مانا بۇ روھنى ئۇستاز يازغۇچىمىز ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئاكىمىزنىڭ يۈرەك قېنى تارانقانىدى. ئاشۇ ئۇنتۇلماس ھۆزۈرلۈق كۈنلەرنى مېنىڭ دىكتورلۇقنى سەككىز يىل ئۆگىنىپ، تۆت يىل ئىشلىگەن ھاياتىمدىكى ئارمانغا يەتكەن، ھاردۇقۇم چىققان چاغلىرىم دېيەلەيمەن. «ئىز» رومانىنى ئاڭلاتقىنىم ئۈچۈن ئۇستازىمىز ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئاكىغا مەنسۇپ بولغان، خەلقىنىڭ مىڭلىغان رەھمەت ــ ھەشقاللىسىغا بىز ئېرىشكەندۇق، ھەتتا بىرمۇنچە ساۋاتسىز دېھقانلار رومانىنى مېنى يازدى دەپ ئويلاپ قېلىپ، ماڭا دۇئا قىلىشقانلىقىنى ئىزھار قىلىپ خەت يازغانىدى. خەلقىنىڭ بۇ رەھمەتلىرى، سەمىمىي دۇئالىرى ئۆز ئىگىسى بولغان ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئاكىغا مەنسۇپ!!!

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئاكا ئۇيغۇر خەلقىگە قىلىپ بەرگەن نۇرغۇن ئۇنتۇلماس ئەمگەكلىرى ئىچىدە، خەلقىمىزنى تازا تەقەززا قىلىپ ئارقا ــ ئارقىدىن چىققان توم ــ توم ئېسىل رومانلىرى مىڭلىغان كىتاب خۇمارلىرىنىڭ ساندۇقىغا ئېسىل بايلىق بولۇپ سېلىنىپلا قالماي، كىتاب ئوقۇمايدىغانلارمۇ ئەتىۋارلاپ، ئۇلارنىڭ قىممەتلىك بايلىقلىرى قاتارىدىن، سەمىمىي، ساپ قەلبلەر تۆرىدىن ئورۇن ئالدى.

ئۇ كۆچتۈگۈر، ھارماس، يولۋاس ياشلىرىدا ئىش قىلىش پۇرسەتلىرىدىن مەھرۇم قىلىنىپ زەنجىرلەنگەن، بەند قىلىنغان ۋاقىتلىرىنى قوغلاپ تۇتۇپ قايتۇرۇپ كەلگەن سەركەردە بوۋاي بولۇش سۈپىتى بىلەن ياشلار، كۆچتۈگۈرلەر قىلالمىغان ئىشلارنى قىلىپ ئۈلگۈردى. ئۇ ياشانغىنچە قەلىمى يېڭى بالاغەتكە يەتكەن پالۋان يىگىتتەك چاپچىپ، قۇمۇل تاغلىرىدىن موڭغۇل

دالىلىرىغىچە، تۇرپان ئويمانلىقىدىن مىسكىتىكە، قارا قۇرۇم تاغلىرىغىچە، ئىلى ۋادىسىدىن قەشقەر بوستانلىقىغىچە، باش ئەگىمدىن قارا قاش دەرياسىغىچە، تارىم بوستانلىقى، تەڭرى تاغلىرىدىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قانلىق ئىزلىرىنى ئەينەن سىزىپ چىقتى، ئەۋلادلارغا ئەجدادلارنىڭ قانچىلىك قانلىق يوللارنى باسقانلىقىنى كۆرسەتتى. بۇ بىر مويسىپىت بوۋاينىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىگە تاغ يۆتكەپ، يول ئېچىپ بېرىش روھى — قېرىسىنى ئىشلىتىپ يەپ، يەنە شۇ قېرىلاردىن تېخىمۇ بەك ئىشلەپ بېرىشنى تەمە قىلىپ، قىلغان ئىشىمىزنىڭ تايىنى يوق، باشقىلارنىڭ ئىشىدىن قۇسۇر تېپىشقا ئامراق بىز ياشلارغا تەقدىم قىلىنغان، ئۇلۇغلاشقا لايىق روھ، بۇ روھ دەل قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىپ، ئەھمىيەتلىك ئىشلەش روھى. بۇ روھ قېرى - ياش ھەممىمىز ئۆگىنىدىغانلا ئەمەس، ھۇرۇن روھىمىزغا سىڭدۇرىدىغان روھ!

بىز شۇنى ھېس قىلىمىزكى، ھۆرمەتلىك ئۇستاز ئالىمىمىز ئۆتكۈر ئەپەندى ياشانغان چاغلىرىدا دەم ئېلىشقا قالدۇرۇلغان كۈچىنى خەلقىمىزگە كىتاب قىلىپ بېرىشكە تەقدىم ئەتتى. ئۇنىڭ كىتابلىرى ئۇيغۇر خەلقى بىلەن تەڭ ياشايدۇ. ئۇ خەلقىمىزگە ئاخىرقى كۈچىدىن شېرىن مېۋە بېرىش يولىدا خەلقنىڭ سەممىي، ئالىي ھۆرمىتىگە ئېرىشىش بىلەن ئالا كۆڭۈل تۆھمەتچىلەرنىڭ ئازابىغىمۇ يولۇقتى، تەن سالامەتلىكى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى. ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ بۇ شۆھرەتلىك شائىرى، يىتۇك ئالىمى، تارىخچى يازغۇچىسىغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرۈش بىلەن ئالىمنى قوللىغان، قوغدىغان ھىممەت ئىگىلىرىگە، كىتابلىرىنى ئەل - جامائەتكە تەقدىم

ئېتىشكە ئۆزلىرىنى پىدا قىلغان نامسىز ئۇستازلارغا، ئالىمىمىزنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ئوبدان شىپا تېپىشىغا جان كۆيدۈرگەن ھېكىملەرگە ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. بارلىق خەلق بۇ تەۋەررۈك ئۇستازنىڭ بالدۇر شىپا تېپىشىنى تىلەيدۇ! ! !

1995 ـ يىلى 1 ـ ماي، ئۈرۈمچى.

# روھىنىڭ قايتا چاقىرىشى

يورۇق يازدىلا ئاتۇش ئېكساقتا ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپىنىڭ 110 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى بولىدىغانلىقى ھەققىدە پاراڭ تارقالغانىدى. بۇنىڭدىن 10 يىل بۇرۇن مۇشۇنداق بىر خاتىرىلەشنىڭ بولغانلىقى ئېسىمدە، ئەمما بۇ قېتىم خاتىرىلەش پائالىيىتىگە ئۆزۈمنىڭ تەكلىپ قىلىنىپ قالىدىغانلىقىم خىيالىمدىمۇ يوق ئىدى. بىر كۈنى ھازىرقى توي باغاقلىرى قاتارىدا بىر باغاقنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. يەنە شۇ ئاللىكىملەرنىڭ سان ـ ساناقسىز توي ـ تۆكۈنلىرىنىڭ بىرەرىنىڭ باغىقىدۇر ھەقچان، دەپ قارىسام، ئاتۇش ئېكساقتا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپىنىڭ 110 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىگە چاقىرىلغانكەنمەن. قاتتىق ھاياجانلاندىم ۋە بۇ كاتتا مەرىكىگە ئوتتەك بارغۇم كەلدى، ئەمما يانچۇقۇمنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئولتۇرۇپ قالدىم. ئەقىل، ھېسسىيات، سېغىنىش مېنى بېرىشقا ئۈندەيتتى. ئەمما تاشتىن قاتتىق يوقسۇزلۇق مېنى نېمەڭگە تايىنىپ بارىسەن؟ دەپ ئوتتەك قىزىق روھىمغا سوغۇق سۇ سېپەتتى. شۇنداق قىلىپ، قولۇمدىكى باغاقىقا كۆڭلۈم يېرىم ھالدا قاراپ ئولتۇرۇپ: «ئەي ئۇلۇغ ئەجدادىم، مېنى ئەپۇ قىل. ھازىر مېنىڭ مۇشۇ تار — نامرات ئۆيۈمدىلا ئولتۇرۇپ، سېنىڭ ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپىنى باشلاپ بەرگەنلىكىڭدىن ئىبارەت ئۇلۇغ ھەرىكىتىڭنى پەقەت غايىبانە ياخشى تىلەكلىرىم

بىلەن تەبرىكلەشلا قولۇمدىن كېلىدۇ. شۇ تاپتا مەنلا ئەمەس، بۇنداق تەكلىپ باغاقلىرىنى تاپشۇرۇپ ئالغان ماڭا ئوخشاش ھەر بىر ياش قولىمىزنىڭ قىسقىلىقىدىن بۇ مۇقەددەس مەرىكىگە بارالمايدىغانلىقىمىزنى ئويلاپ مەيۈسلىنىۋاتىمىز. بۇ ھەرگىزمۇ بىزنىڭ سىلەردەك پەخىرلىك كاتتا بوۋىلىرىمىزنىڭ زۇلمەت باسقان جاھالەتلىك — قارا تۈنلەردە يېڭىچە مائارىپتىن ئىبارەت نۇرلۇق مەشئەلنى تۈنجى بولۇپ يېقىپ، ئەما دىللىرىمىزنى يورۇتقان جاھانشۇمۇل تارىخىي تۆھپەڭلارنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىمىز ئەمەس. بۇ مۇقەددەس تويغا بارالمىساقمۇ، بىز سىلەرنى يۈرىكىمىزنىڭ چوڭقۇر قېتىدىكى ئەڭ ئالىي ئېھتىرام بىلەن ياد ئېتىمىز» دېدىم ئۆز ئىچىمدە مەيۈسانە.

مەنا شۇ ئۆتكۈنچە ھېسسىياتتا باغاقنى ئېھتىرام بىلەن قاتلاپ قويۇپ، بۇ ئايدا قورساقنى قانداق بېقىش، بارغانچە ئېچىلىۋاتقان كۆتىمىزنى قانداق يېپىشنىڭ غېمىدە ئۆز تىرىكچىلىكىم بىلەن بولۇۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، سودىسى تازا بەرىكەت تاپقان قەشقەردىكى ئاغىنەم ئەركىندىن تېلېفون كەلدى. تېلېفوننى ئېلىشىمغىلا ئۇنىڭ قوپال چاقچاقلىرى باشلاندى:

— ھە، غېجەكباش ئاداش، ئاتايىن تەكلىپ قىلىپ باغاق ئەۋەتسەك، بارمايمەن، دەپسىنا، ئاشۇنداق خاسىيەتلىك ئۇلۇغ تويغا سەندەك زىيالىي گۇيلار كەلمىسەك، ئوقۇمىغان ئوتۇنچىلار كېلەمدا. ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىۋېلىپلا، خوتۇنىڭدىن قورقۇپ ئۆيىدىن چىقالمايدىغان كونا پاختا بولۇپ قالمىغانسەن؟

— نېمىگەپ ئۇ كونا پاختا دېگىنىڭ؟

— پاختا كونىرىسا، ماز بولىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟

— ھەي، ئادەمنى تولا تىللىما، مېنىڭ گېپىمنىمۇ ئاڭلاپ باقمامسەن.

— بولدى، ھەر قانداق ئىشىڭ بولسا قويۇپ كەل. بولمىسا، گەپنىڭ يامىنىنى ئەمدى ئاڭلايسەن. ئىنىم دىلمۇرات، غەيرەتلەرگە دەپ قويدۇم، سەن گۆيغا بېلەتنى شۇلار يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ھەر ئەتىگىنى ۋە كەچتە ئەركىنىنىڭ قەشقەردىن تېلېفون ئارقىلىق قىلغان قوپال، بەدۋى تىل ئارىلاشقان مۇھەببەتلىك چاقچىقى، ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ ئۆزى ئىگە بولۇپ مەندەك بىر كۆنى ئۇدۇللۇق يازغۇچىنى يولغا سېلىشى بىلەن، ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپىنىڭ بۆشۈكى ئاتۇش — ئېكساققا قاراپ يولغا چىقتىم.

* * *

كۈندۈزدەك يورۇپ كەتكەن قەشقەر ئايرودرومىدا مەن ئۆزاقتىن بېرى سېغىنغان، ئەمما كۆرۈشۈپ قالارمەن دەپ ئويلىغان ئەل - ئاغىنىلەر ۋە بىرمۇنچە ئىسسىق چىرايى تونۇش - بىلىشلەر بىلەن دىدارلاشتىم. ئەركىن يىراقتىنلا ھەممە يېرىدىن كۈلكە - چاقچاق تۆكۈلۈپ تۇرغان ھالدا كەلدى. ئۇ يېنىمدىكى تۇغقانلىرىمنى تونۇماي قېلىپ، يادىدا يوق ئىككىمىز خالىي قالغاندا قىلىشىدىغان بىر - بىرىدىن قوپال، سەت چاقچاقلار ئاغزىدىن چىقىپ كەتمىگىيدى، دەپ ئەنسىرەپ ئىشارەت بىلەن كۆرۈشتۇق. تېلېفوندا كۆپ سالاملاشقان ۋە ماڭا ئايروپىلان بېلىتى يەتكۈزۈپ بەرگەن، ئەمما ئۆزى بىلەن تېخى

يۈز كۆرۈشۈپ باقمىغان ياش سودا ـ سانائەتچى دىلمۇراتمۇ چىققانىدى. بىز شۇ يەردە تۇنجى دىدارلىشىۋېتىپ، كونا قەدىناسلاردەك ئەھۋاللاشتۇق. نەچچە مىليون سوملۇق زاۋۇت ھەم سودىنىڭ ئىگىسى بولغان بۇ ھىممەت ئىگىسىنىڭ ماڭا ئايروپىلان بېلىتى ئېلىپ بېرىپ، ئۆزى ئۇرۇمچىدىن ماشىنا بىلەن قايتىپ كەلگەنلىكى، تېخى يەنە ئايرودرومغا ئالدىمغا چىققانلىقىدىن يۈزۈم چىمىلداپ قاتتىق خىجىل بولدۇم. چۈنكى بۇ ياش كارخانىچىنىڭ ئانا يۇرتى ئۈستۈن ئاتۇشتا قۇرغان زاۋۇتىدا ماڭا ئوخشاش ئايلىقچىدىن ئىككى يۈز ئادەم ئىشلەيتتى. دېمەك، ئۇ ھەر ئايدا مەندەك ئادەمدىن ئىككى يۈزگە مائاش بېرىپ، ئاشۇ ئىككى يۈز ئادەم ئارقىلىق ئاز دېگەندە ئالتە يۈز ئادەمنىڭ جاھاندارچىلىق قىلىپ، مورىسىدىن ئىس چىقىرىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىۋاتاتتى. ئۇ ۋەتىنىنى قانداق سۆيۈشنى، خەلقىنى قانداق قۇتقۇزۇشنى، ئەڭ مۇھىمى، قانداق قىلسا، ھەرەمگە بارمايمۇ ساۋابنىڭ ئەڭ كاتتىسىنى تاپىدىغانلىقىنى بىلگەن ناھايىتى ئاز ساندىكى ئەقلى ـ ھوشى جايىدا ئادەملىرىمىزنىڭ بىرى ئىدى. خۇددى قەشقەرنىڭ كاۋاپچىلىرى قوينىڭ ئۈستىخىنىنى رەندە سالغاندەك قىرىپ گۆشىنى شىلىۋالغان پەيتتە، ئۆز قېرىنداشلىرى ۋە خەلقىنى ئۈستىلىق بىلەن شىلىش بەدىلىگە ھەر يىلى ھەرەمگە بېرىپ «ساۋاب» تېپىپ كېلىۋاتقان بەزى نەپسانىيەتچى ھاجىلاردىن كۆز ئالدىمدىكى تېخى بالا چىراي بۇ ھىممەت ئىگىسى قانچىلىك بۈيۈكلۈكتە ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىدىم.

— ئەجەب ماڭا ئايروپىلان بېلىتى ئېلىپ بېرىپ، ئۆزىڭىز

ماشىنىدا كەپسىزغۇ؟!

— ئالدىراش چاغدا ئايروپىلانغا ئولتۇرىمىز. ئارىسال چاغدا ماشىنىدا ئولتۇرساقمۇ ھامان كېلىمىز ئەمەسما. ھازىرغىچە ھېسابسىز يوللارنى ئاتلىق، ئېشەكلىك، ھەتتا پىيادە مېڭىپمۇ كەلدۇقغۇ؟ — دېدى ئۇ تولىمۇ ئۇچۇق كۆڭۈللۈك ۋە قىزغىنلىق بىلەن.

ئەتىسى شەھەر ئايلانماقچى بولدۇق. مەن پىكاپنى ئاتايىن ھېيتگاھ ئالدىدىن ئايلىنىپ مېڭىشقا ئۇلتىماس قىلىپ، تولىمۇ سېغىنغان ئانا شەھىرىمىزنىڭ بۇ مۇقەددەس سىمۋولىغا سالام بەردىم: «ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئەزىزانە شەھىرىمىزنىڭ روھىي تۈۋرۈكى، تەكلىماكاندىن توختاۋسىز بوخسۇپ ئۇچۇپ كېلىۋاتقان ئاچچىق توپا ـ تۇمان ئۇستۈڭنى بېسىپ، سېنى غېرىب، مىسكىن، توپا چىراي قىلىۋەتكەن، ئەتراپىڭدىكى يالتىراق ئىمارەتلەر غادىيىپ، قەددىڭ بارغانچە يەرگە قېقىلىپ، كىچىكلەپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنسەڭمۇ، ئەمەلىيەتتە سەن مىليونلىغان قەلبىنىڭ ئىپتىخارى، بىر پۈتۈن خەلقىنىڭ مۇقەددەس ئېتىقادىنىڭ روھىي تۈۋرۈكىسەن. شۇڭا ساڭا سېغىنىپ ھەم تېۋىنىپ كامالىي ئېھتىرام بىلەن سالام بېرىمەن، ساڭا سالام بەرگەچ، سەپەر ۋاقتىنىڭ زىقلىقىدىن دىدارلىشالمىغان بۇ شەھەردىكى نۇرغۇنلىغان ئىخلاسمەن ئەل ـ ئاغىنىلەر، ئۇستازلار، ئۇرۇق ـ تۇغقان، يارۇبۇرادەرلەرگە سەن ئارقىلىق غايىبانە ھۆرمەتتە سالام بېرىمەن. چۈنكى، ئۇلارنىڭ روھىمۇ ساڭا يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن. شۇڭا مەن دىدارلىشالمىغان ئۇ ئەزىزلەر پېقىر ئۈچۈن خۇددى سەندەك ئىناۋەتلىك ھەم مۆھتەرەم. ئەتراپىڭدىكى سەندىن ئېگىز ھەم

چىرايلىق، ھەيۋەتلىك كوچىنى بىر ئالغان ئاسمان ـ پەلەك ئېسىل قۇرۇلۇشلار ئالدىدا ھەر قانچە غادايسىمۇ، سىنىڭ كونىراپ كەتكەن بىر تال خىشىڭدەك ئىناۋەتكە ئېرىشەلمىدى. چۈنكى، ئۇلاردا سىنىڭ بارغانسېرى ئۇلتۇرۇشۇپ، كىچىكلەپ كېتىۋاتقانىدەك، كونىراپ توپا بېسىپ، غېرىب ـ مىسكىن چىراي بولۇپ قالغاندەك كۆرۈنگىنىڭگە سىڭىشتۇرما بولغۇدەك، سىرلىق جەزبە، سەن بىلەن رىقابەتلىشەلىگۈدەك ئىلاھىي قۇدرەت يوق ھەم بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ساڭا ئۇۋال قىلىنغانچە ئىناۋىتىڭ ئەرشكە قاراپ ئۆرلىمەكتە، قەددىڭ چۆكۈرۈلگەنچە ئابرۇيىڭ شۇنچە ئۆسمەكتە. سەن تەبىئىي يېتىلگەن يولۇۋاسسەنكى، ھەرگىزمۇ مايمۇن ئەمەسسەن. سەن ئۆز ئېتىقادچىلىرىڭنى ھازىرغىچە ئالدىمىدىڭ ھەم بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئالدىمايسەن» دېدىم ئىچىمدە چوڭقۇر ئېھتىرام بىلەن.

* * *

ئاتۇشقا مېڭىش ئالدىدا بىر قانچە ئاغىنىلەر ھال ـ مۇڭ بولۇپ سۆھبەت قۇردۇق. بىردىنلا پاراڭلىرىمىزنىڭ تېمىسى مائارىپقا يۆتكىلىپ، ئەتە ئاتۇش ئېكساقتا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپىنىڭ 110 يىللىقىنى خاتىرىلەش تەنتەنىلىك مەرىكىسى، ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىكى شۆھرەتلىك يىللار ھەققىدە پەخىرلىنىپ سۆزلەشتۇق؛ كۆنىسېرى چۈشكۈنلىشىپ كېتىۋاتقان ھازىرقى تەربىيىلىنىشىمىز ھەققىدە ئېچىنىپ ھەم ئېزىلىپ ئولتۇرۇپ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق پىكىرلەشتۇق، تالاشتۇق، قىزىشتۇق، مۇنازىرىلەشتۇق.

بىردىنلا ئىچىم ئاچچىق بولۇپ، يېمەي ـ ئىچمەي يېدۇرۇش، كىيمەي كىيدۇرۇش بەدىلىگە ئون يىللاپ ئوقۇتۇپ، ئالىي ھەم ئوتتۇرا دەرىجىلىك بىلىم يۇرتلىرىغا كىرگۈزۈلگەن سەرخىل بالىلاردىن خېلى كۆپلىرىنىڭ ئۇ مەكتەپلەرگە قەدەم قويۇپلا ئۆگىنىشكە قىزىقماي، ئىچىملىك ـ چېكىملىككە بېرىلىپ، قىز ـ ئوغۇل دېمەي ئىچىشىپ، چېكىشىپ مەست بولۇشۇپ يۈرۈشلىرى، ئۇلارنىڭ كۆنسېرى بۇلغىنىۋاتقان، يىمىرىلىۋاتقان ئېتىقادى، زاۋاللىققا يۈز تۇتۇۋاتقان مىللىي ئەخلاقى كۆز ئۆڭۈمدىن ئۆتۈشكە باشلىدى: ناچار ـ كىسلاتالىق ھاراققا بېرىلىش نەتىجىسىدە ئەقلىنى كۆيدۈرۈپ چوڭقۇر ئويلاش ئىقتىدارىدىن، زەئىپلەشتۈرگۈچى پىۋىنى تولا ئىچىپ، چاچراپ تۇرىدىغان چېچەن ئەرلىك روھىدىن قېلىۋاتقان ئوغۇللار، مودا كىيىم، پاللىدە يېنىپ ئۆچكەن پاخال ئوتىدەك يۈزنى بىرلا قېتىم يالغاندىن چىرايلىقلاشتۇرغاندىن كېيىن سەتلەشتۈرۈپ كۈل قىلىۋېتىدىغان زەھەرلىك پەرداز بۇيۇملىرىغا بېرىلىپ، ئۆيدىن ئوقۇش خىراجىتى ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن پۇللارنى يەتكۈزەلمەي مېھمانخانا، قاۋاقخانا، ئېتى چىرايلىق غەيرىي پاھىشىخانىلاردا ئىسپەت ـ نومۇسىنى سېتىپ، كىيىم ئۈچۈن پۇل تېپىۋاتقان قىزلار دەل بىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمىز ئەمەسمۇ؟ بۇ مەنىۋى پاجىئەلەر ھەققىدە قانچە كۆپ، ئىچكىرىلەپ ئويلانغانسېرى، ئىلمىي ھەم ئاڭلىق تەربىيىلىنىشتىن كۆنسايىن يىراقتا قېلىۋاتقىنىمىز سەۋەبلىك، مىللىي تەركىبىمىزدە بارغانچە بىكار تەلەپلەر، ھورۇن ـ ناتىقېپىلار، كوچىمە ـ ئۇششۇقلار، تىلەمچى، رەمبال، ئوغرى، بۇلاڭچى، بەڭگە ـ قىمارۋاز، ھاراقكەش،

پاھىشىلەرنىڭ كۆپىيىشى، مىللىي سوپەت ـ ساپادا تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقانلىقىمىزنى؛ تەرەققىي تاپقان ئىلغار، زامانىۋى مىللەتلەر «ئايغا ـ يۇلتۇزغا ئۇچۇپ، يەر ـ زېمىن، ئاسمان ئۇلارغا باش ئېگىۋاتقان» بۈگۈنكى كۈنلەردە، بىز ئىلىم ـ پەنگە يۈرۈش قىلىش، ۋاقىتنى قەدىرلەپ ئېجتىھات بىلەن ئۆگىنىش، ئىشلەشنىڭ ئورنىغا ھە دېسىلا مىللەت ئۇچۇن ئىككىنچى زۆرۈرىيەت بولغان ئويۇن ـ تاماشا، بەزمە ـ باراۋەت، ناخشا ـ ئۇسسۇلنى توپ خۇمارىمىز ۋە كەسپىي ـ كارىمىزغا ئايلاندۇرۇۋېلىپ ۋە ئۇنىڭغا مەستانە بولۇپ، مۇنداقلا قارىماققا خۇددى سىگانلارغا ئوخشاش ناخشا ـ ئۇسسۇلدىن باشقا ئىشى يوقتەك بىر خەلققە ئايلىنىپ، بۆشۈكتىن باشلانغان ناخشا ـ ئۇسسۇل تەربىيىسى پۈتكۈل ھاياتلىق ئۆمرىمىزگە سىڭىپ، مەيلى قايسى كەسىپ بىلەن شۇغۇللانمايلى، ھەممىمىزلا ناخشا ـ ئۇسسۇلچى بولۇش، كىم قايسى سەنەمگە تارتسا ئويلانماستىنلا شۇ سەنەمگە كەلتۈرۈپ، ئەرمۇ، ئايالمۇ ئوخشاش تولغىيالايدىغان ئۇسسۇلچىلىق تەقدىرىدىن قۇتۇلمايدىغان بىر قوۋم بولۇش شەرىپىگە ئېرىشىپ كەلگەنلىكىمىزنى بىلمەك تەس ئەمەس، ئەلۋەتتە. مانا بۇ بىزنىڭ ھازىرقى بىر تەربىيىلىنىش يولىمىز بولغاچقا، يەسلىدىكى بالىلىرىمىزدىن تارتىپ دېھقانمۇ، كادىرمۇ، مۇئەللىممۇ، ئالىممۇ، سىياسىيئونمۇ، ھەتتا تىلەمچى، ئوغرى ـ قاراقچىغىچە ئۇسسۇلچى بولۇپ يېتىلدۇق. تېلېۋىزىيە ساھەسىمۇ بىزنىڭ يەسلىدىكى تۇرمۇشىمىزنى ئۇسسۇل ئوينىتىپ كۆرسىتىدۇ، مەكتەپلەرنى تونۇشتۇرغاندىمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ باش چۆكۈرۈپ ئۆگىنىۋاتقان ياكى تەجرىبىخانىدا تەبىئىي پەنلەر تەجرىبىسىنى ئىشلەۋاتقان

ئەھۋالىدىن كۆرە، كۆپرەك ئۇسسۇل ئويناشلىرىنى، دېھقانلىرىمىزنىڭ زىرائەتنى قانداق پەرۋىش قىلىشنى، تېرىلغۇ بوران دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىشنىڭ ئورنىغا ھە دېسىلا ئېتىزدا ئۇسسۇل ئويناۋاتقان كۆرۈنۈشلىرىنى تولاراق سۈرەتكە ئالىدۇ، ھەتتا بىرەر ئالىمنى ياكى تۆھپىكار ئوقۇتقۇچىنى تونۇشتۇرسا، ئۇنىڭ نېمە ئىش قىلغانلىقىنى سۆزلەپ ئولتۇرمايلا ئائىلىسىدە خوتۇن - بالىلىرى بىلەن ئۇسسۇل ئويناپ نايناقلاپ يۈرگەنلا كۆرۈنۈش بېرىلىدۇ (شۇنداقلا تېلېۋىزىيە ئېكرانلىرىدا ئالىم - كەشپىياتچىلارنىڭ پائالىيىتىدىن كۆرە بەل تولغىغانلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكىنى، ئادەملىرىمىزنىڭمۇ شۇ ئالىم - كەشپىياتچىلاردىن كۆرە بەل تولغىغانلارغا ئامراقلىقىنى بىلمەكمۇ تەس ئەمەس). ئۇيغۇر كىنوچىلىقىمۇ قىرىق نەچچە يىلدىن بۇيان ھىندىستان، پاكىستاننىڭ كىنولىرىغا ئاڭلىق - ئاڭسىز تەقلىد قىلىنغان ناخشا - ئۇسسۇل كىنوچىلىقى بولۇپ، گادايدىن شاھقىچە ئۇسسۇلچى خەلق ئىكەنلىكىمىزنى نامايان قىلىپ، خەلقىمىز ۋە ياش ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئەقلىي تەپەككۇرى ۋە مىللىي غۇرۇرىنى ئۇرغۇتۇش، ئۇلارغا چىن مەنىسىدىكى سەنئەت گۈزەللىكى تەربىيىسى بېرىشنىڭ ئورنىغا خاسلا ناخشا - ئۇسسۇلچىلىق تەربىيىسى بېرىپ كەلدى. شۇڭا «قازاندا نېمە بولسا، چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ» دېگەندەك، يەھۇدىيلار، ئىنگلىزلار، گېرمانلار، فرانسۇزلار، ياپونلار، رۇسلار، خەنزۇلار . . . زامانىۋى پەن - تېخنىكىدىن مول ھوسۇل ئالسا، بىز ناخشا - ئۇسسۇلدىن مول ھوسۇل ئالدۇق. خەق «ئالىملار مىللىتى» دەپ ئاتالسا، بىز «ناخشا - ئۇسسۇل مىللىتى» دەپ ئاتالدۇق؛ قارىغاندا، رىۋايەتلەردىن بىزگىچە كەلگەن «تەڭرى

مېڭىسى ئىشلەيدىغانلارنى تاجدار، كۆكرەك ـ غول ئەزاسى كەڭلەرنى چەۋەنداز، قولى ئەپچىل، بېلى ئەۋرىشىملەرنى ئۇستىسۇلچى، پۇتى ئەپچىللەرنى مۇلازىم قىلىپ يارانقۇدەك» دېگەن ئىبرەتلىك ھېكمەتنى بىزمۇ ئەقىل بىلەن ھەزىم قىلىپ باقمىساق بولمايدىغان ئوخشايدۇ.

ھەر بىر ئەقىل ئىگىسى شۇ ھەقىقەتنى ئاستا ـ ئاستا چۈشىنىپ يەتمەكتىكى، ئىنسانىيەت تارىخىدا ھەر قانداق قوۋم، خانلىق، يۇرت ئەزەلدىن ئىشنى پەرزەنتلىرىگە ھۈنەر ـ كەسىپ ئۆگىتىشتىن، ھېچ بولمىسا توشقان تۇتىدىغان تۇزاق، قىرغاۋۇل سوقىدىغان چوماق، ئۆمىلەشتىن مېڭىشقا كۆندۈرىدىغان غالتەك ياساشقا قولىنى كەلتۈرۈشتىن باشلاپ كەلگەن بولسا، بىز شۇ كۈنلەردە تارىختىكى بۇ ئەنئەنىمىزدىن چەتنەپ، ئىشنى تەمتىلەپ ئاران ماڭىدىغان بالىلىرىمىزغا ئۇسسۇل ئۆگىتىشتىن باشلاۋاتىمىز.

مۇنداق بىر سۆھبەت پات ـ پات قۇلىقىمغا چۈشۈپ تۇرىدۇ:

— بۇنىڭدىن كېيىن بالىغا بولغان تەربىيىنى قاتتىق كۈچەيتمىسەم بولمىدى. نېمىشقا دېسەڭ، بالام سەل ئويۇن قېپى، كەپسىز چىقىپ قالدى. مەكتەپ تەربىيىلەيدۇ، دەپ كارىمىز بولماي سورۇن تارتىپ هاراق ئىچىپ يۈرۈۋەرسەك، بالا تاپتىن چىقىپ بۇزۇلۇپ، كېيىنچە بېشىمىزغا بالا بولىدىغاندەك قىلىدۇ.

— ئوبدان ئويلاپسەن. نېمىدە تەربىيىلەي دەيسەن؟

— بالام كىتاب ئوقۇمايدىغان چىقىپ قالدى، مانداق قارىسام، ناخشا ـ سازغا ئامراقتەك قىلىدۇ. تەتىلدە ۋە دەرستىن چۈشكەن چاغلىرىدا بۇ گۈينى بىكار قويماي، بىر

باشتىن ھەممە سازنى چالالايدىغان، ھەممە ئۇسسۇلنى ئوينىيالايدىغان قىلىپ تەربىيىلەيدىغان بىر ئەر يەرگە تۇتۇپ بېرەيمىكىن، دەيمەن.

ئوبدان ئويلاپسەن. زادى شۇنداق قىلماي بولمايدۇ.

بالا تۇغۇلۇپلا ئۆز مىللىي تۇرمۇش تۇپرىقىدا ناخشا ـ ئۇسسۇلدىن باشقىنى كۆرمىگەندىكىن، ئاتا ـ ئانا بولغۇچىمۇ ئۇنىڭغا باشقىچە مۇھىت يارىتالمىغاندىكىن، بالىنىڭ قىزىقىدىغىنىمۇ، ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىغا بېرىدىغان تەربىيىسىمۇ يەنە شۇ بولماي نېمە بولماقچىدى؟

«بۇلبۇلنىڭ چىرايلىق نەغمىسىگە قورساق تويمايدۇ»، «سايراپ بېرەر تۇمۇچۇق، لاچىن ئالار توشقاننى» دېگەندەك، بىزدە بىنالار، يوللار ۋە ماشىنىلارنى قانداق لايىھىلەيدۇ، كۆندە كۆرۈۋاتقان ماۋۇ تېلېۋىزورنى قانداق ياسايدۇ، دېگەندەك نان تېگىدىغان ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا بالىلارنى قىزىقتۇرىدىغان، ئۇلارنى تۈرلۈك پەن ـ تېخنىكا، ھۈنەر ـ سەنئەت، تىل كۇرسلىرىغا جەلپ قىلىدىغان (بۇ خىل كۇرسلارنى ئېچىشقا ئانچە قىزىقمىغانلىقىمىز سەۋەبىدىنمۇ ئەيتاۋۇر بۇنداق كۇرسلارمۇ بىزدە يوق ھېسابىدا) ئاتا ـ ئانىلار ياكى بۇنىڭغا قىزىقىدىغان بالىلار يوقمىدۇ؟

خوش، ئىش شۇنداق ئىكەن، بىزدىكى بۇ خىل تەربىيىلەش ھەم تەربىيىلىنىشتىن سەسكەنگەن، سېسىق كىكەرگەنلەر، ئادەمنى ئويۇن ـ تاماشا، قۇرۇق گەپ ئەمەس، ئەقىل، تەپەككۇر، تەدبىر روناق تاپقۇزىدىغانلىقىنى خەلقىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى يۈكسەكلىكىدىن ئويلايدىغان ئاقىللار زادى قانچىلىكتۇ؟

يېقىندا «قاغىلىق ناۋاسى» بەدىئىي سەنئەت فىلىمىنى

قويۇش مۇراسىمىدا قاغىلىقنىڭ بىر رەھبىرى: «بۇ فىلىم ناھايىتى ياخشى ئىشلىنىپتۇ، ئەمما ھەممىسى ناخشا ـ ئۇسسۇللا بوپتۇ. لېكىن، قاغىلىق خەلقى 40 نەچچە يىلدىن بېرى ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپلا ئۆتمىگەن، بەلكى يۇرتىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا نۇرغۇن خاسىيەتلىك ئىشلارنى قىلغانىدى. بۇلارنىڭ ھېچبىرىنى بۇ فىلىمدىن كۆرگىلى بولمىدى» دېدى. بۇ پىكىر يىغىن ئەھلىنى قانچىلىك ئويلاندۇردى، بۇنىسى پېقىرغا نامەلۇم. لېكىن ئۇنىڭ دېگەنلىرى بوش گەپ ئەمەس، ئەقىل بىلەن ئويلاپ باقىدىغان — ۋەزنى بار گەپلەر ئىدى. ئۇيغۇر جەمئىيىتى بۇ پىكىرگە قانداق قارايدۇ، قوللامدۇ ياكى قارشى چىقامدۇ؟ بۇمۇ ئەقىل ـ ھوشى بار ئادەملەرگە تاشلانغان مەنىلىك، مۇھىم سوئال، ئەلۋەتتە.

گەرچە بۇ مۇلاھىزىمىزگە مۇناسىۋەتسىز بولسىمۇ، گەپكە گەپ توغرا كەلگەندە شۇنىمۇ دېمەي بولمىدىكى، خەلقنىڭ چوڭقۇرراق ئويلىنىپ كۆرۈشىگە تېگىشلىك بىرەر ـ يېرىم ئېغىز ئىبرەتلىك، ئەمما پايدىلىق گەپ چىقىپ بولغۇچە بىزدىكى چىقىم ۋە شىكايەتكە كەسىپلەنگەن، ھەتتا مۆرىتى كەلگەندە خوتۇن ـ بالىلىرى ئۇستىدىنمۇ خەققە ئەرز قىلىشتىن يانمايدىغان بەزى قارا ئۇچكە چاققۇچىلار بىردەمدىلا ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۇستۈن قىلىپ، پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ كۆزىنى بوياپ، خەلق ئۇچۇن پايدىلىق گەپ قىلغۇچىغا قارا چاپلاپ، توقى ـ لەنەتنى ئارتىپ جازالىتىۋەتمىگۇچە، ئۇمۇ قولىدىن كەلمىسە، بىر ئۆرۈلۈپلا پىتنە ـ پاسات تارقىتىپ، ئۇنى سېسىتىۋەتمىگۇچە، يېگەن ـ ئىچكىنى تېنىگە سىڭمەيدۇ. مۇشۇنداق قىلىپمۇ ئېرىشىدىغىنى ئاران «كالتە قوشۇقنىڭ

سېپى تەگكەن» چىلىك ئەرزىمەس مەنسەپ ئىككەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، توخۇ يەپ ئۆگەنگەن ئىت قورسىقى توق تۇرۇپمۇ چۇجىنى كۆرسە بوغۇپ تاشلىغاندەك، ئوغرى ئوغرىلىغىلى بىر نەرسە تاپالمىسا، خوتۇنىنىڭ تامبىلىنى ئوغرىلىغاندەك پەسەندىلىكتىن يانمايدۇ. شۇڭا، بىر ـ بىرىمىزگە كۆيۈمسىزلىكىمىز ھەققىدە گەپ بولسىلا چوڭلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان مۇنداق بىر ئىبرەتلىك رىۋايەت ئېسىمگە چۈشىدۇ:

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، مەغرىبتىكى قايسىدۇر بىر ئېمپېراتور بۇ قەدىمىي دىيارىمىزغا قوشۇن تارتىش ئۈچۈن، ئالاھىدە تەربىيىلەنگەن سەركەردىلىرىنى ئەلچى، سودىگەر سىياقىدا ئارقا ـ ئارقىدىن يولغا سېلىپتۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ ئېلىپ قايتقانلا مەلۇماتى قوشۇن تارتىشقا پايدىسىز مەلۇماتلار بولغاچقا، بۇ ئېمپېراتورنىڭ بېشى قېتىپ، ئاخىر ئاقىل — دانىشمەن پىر ئۇستازدىن بىرنى ئۆزى يالغۇز كۆزىتىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. بۇ دانىشمەن ماڭا ـ ماڭا ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ بىرىگە كەلگەندە، تال چىۋىقنى ئات، يۇلغۇن بالچۇقىنى قىلىچ قىلىپ، ئۆزئارا قىلىچۋازلىق ئويۇنى قىلىشىۋاتقان ئېغى يوق ئىشتانلىق ئىككى سەبىي بالىنى كۆرۈپتۇ ـ دە، چۆچۈگەن ھالدا: «ئانىسىدىن تۇغۇلۇپلا جەڭ قىلىشنى ئۆگىنىدىغان خەقكەن بۇ» دەپ خاتىرىسىگە پۈتۈپتۇ. دەل شۇ چاغدا بىر بوۋاي ھارۋا ھەيدەپ يولدىن ئۆتكەنىكەن، بالىدىن بىرى ھارۋىنىڭ كەينىگە ئېسىلىپتۇ. بۇنى دوراپ يەنە بىرىمۇ ھارۋىغا ئېسىلغانىكەن بويى يەتمەپتۇ. ئۇ بالا شۇ زامات ھارۋىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ: «ھەي بوۋاي، سەمەت ھارۋاڭغا ئېسىلىۋالدى» دەپتۇ. ھارۋىدا مۈگدەپ ئولتۇرغان بوۋاي ئارقىسىغا قاراپ ھارۋىغا ئېسىلىۋالغان

سەمەتنىڭ باش ـ كۆزىگە شىراق قامچىسى بىلەن ئۇرۇپتۇ. سەمەتنىڭ باش ـ كۆزى يېرىلىپ قانغا بويالغان هالدا هارۋىدىن ئۆڭدىسىغا ئۇچۇپ چۈشۈپتۇ ـ دە، توپىغا يۇمىلىغانچە چىرقىراپ يىغلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن بوۋاي بىلەن بالا: «خوپ بولدى، ئۆلە، ئۆل» دەپ قاقاقلاپ كۈلۈشۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن دانىشمەن: «بۇ ئەل جەڭگىۋار، ئۇرۇشقا ماهىر بولغىنى بىلەن، بۇلاردا چىن دوستلۇق، ئىناقلىق، بىر ـ بىرىگە كۆيۈم دېگەن نەرسە يوق ئىكەن، دوستى دوستىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە خۇشال بولۇشنىڭ ئورنىغا هەسەت قىلىپ چېقىپ قويىدىكەن، چوڭلىرى تولىمۇ بىرەهىم، تاش يۈرەك كېلىدىكەن، بۇلاردا بىرەرى يامان كۈنگە قالسا، ئاتا يوللۇقلاردىن تاكى دوست ـ بۇرادەرلىرىگىچە بىر چەتتە تۇرۇپ كۈلۈپ ـ يايراپ تاماشا كۆرىدىكەن. شۇڭا بۇ ئەلگە هەربىي يۈرۈش قىلىشتىن ئاۋۋال ئۇلارنى ئۆز ئارا ئۇرۇشقا سېلىپ تازا هالسىرىتىپ، ئاجىزلاشقان تەرەپكە هەربىي ياردەم بەرسەك، ئۇلار بىزنى ئۆز ئايغى بىلەن باشلاپ كىرگۈدەك» دەپ خاتىرىسىگە پۈتۈپلا بۇ پايانسىز دىيارنىڭ يەنە باشقا يەرلىرىنى كۆرمەيلا قايتىپ كېتىپ، ئىگىلىگەن مەلۇماتىنى ئىمپېراتورغا يەتكۈزۈپتۇ. ئىمپېراتور دانىشمەننىڭ هۆكمى بويىچە ئىش قىپتىكەن، كۈتكىنىگە ئاسانلا ئېرىشىپتۇ.

خوش، يەنە ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، هە دېسىلا ئويۇن ـ تاماشا، بەزمە ـ باراۋەت، ناخشا ـ ئۇسسۇلغىلا بېرىلىش، ئادەملىرىمىزنى خۇددى بەڭگى تاماكىغا خۇمار بولغاندەك، كىتابتىن ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ئامراق قىلىۋەتتى. شۇڭا بىزدە پاخپاق ناخشا ـ ئۇسسۇل لېنتىلىرى كۆپەيگەنچە كىتابخانىلاردىكى كىتابلار ئازىيىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئەر تۇرۇپ

بۇزۇق خوتۇندەك «ۋايجىنى ئاللا، ۋاي توۋا» دەيدىغان بىر يۈرۈش لاۋزا ناخشىلار ئېگىلىگىلى قوپتى. ئۇيغۇرچە كىتاب ـ ژۇرناللار سېتىلىدىغان دۇكان ـ يايمىلارمۇ بارا ـ بارا ئازلاپ ياكى يوقىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا كونا كىيىملەر بازارلىرى بىلەن ئون قەدەم ماڭغىچە پاشنىسى چۈشۈپ قالىدىغان يالغان كەش بازارلىرى شىددەت بىلەن كۆپەيدى. ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا ئۇيغۇرلار كىيىم ـ كېچەك، ئەسكى پايپاق بازىرى ۋە ناخشا ـ ئۇسسۇل سورۇنلىرىدا ئەڭ كۆپ بولسا، ئەكسىچە، خەنزۇلار كىتابخانىلاردا ئەڭ كۆپ. بىزدە بەزى كادىرلارمۇ ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقى ئۈچۈن چوڭراق بىرەر ئەمەلىي ئىش قىلىشقىمۇ قىزىقمايدۇ، شۇنداقلا بىرەرمۇ باي تېخى بىرەر كىتاب چىقىرىشقا پۇل خەجلەپ باقمىدى. ئەمما، خاھى مەنسەپدار، خاھى باي بولسۇن، ناخشا ـ ئۇسسۇل، ئويۇن ـ تاماشا ئۈچۈن ئايانماي تۈمەن ـ تۈمەنلەپ، مىليون ـ مىليونلاپ پۇل چىقىرىۋاتىدۇ. مانا بۇ بىزگە پۈتۈن خەلق سۈپىتىدە كۆنسېرى ئەۋج ئېلىۋاتقان ئويۇن ـ تاماشا، بەزمە ـ باراۋەت، ناخشا ـ ئۇسسۇلچىلىق روھىدىن سىڭگەن تەربىيىلىنىش ئىپكى!

بىز كىتابلارنى تاشلاپ، بەل تولغاش، ئويۇن ـ تاماشىغا بېرىلىش بىلەن بەختىمىزنى تاپىدىغان بولساق، قىيامەتكىچە ناخشا ئېيتىپ، ساغرىمىزنى تولغاپ، هاياتلىق سەپىرىمىزنى داۋاملاشتۇرۇپ باقايلى، قېنى، كەلگۈسىدە بىزنى قايسى تەقدىر كۈتىدىكىن؟

بۇ يەردە شۇنىمۇ قىستۇرۇپ ئۆتۈشنى زۆرۈر تاپتىمكى، مەن هەرگىز ئۆز سەنئىتىمىزدىن زېرىكىپ قالغىنىم يوق! خەلقنى ھەقىقىي سەنئەت تەپەككۇرى ۋە ئەقىل ـ ئىدراكقا يېتەكلەيدىغان

مىللىي سەنئىتىمىزنى چىن دىلىمدىن ياخشى كۆرىمەن. چۈنكى مەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ناخشا ـ ئۇسسۇل بۆشۈكلىرىدىن بىرى بولغان دولان دىيارىدا قايناق مەشرەپ سورۇنلىرىدا تۇنىنى تاڭغا ئۇلاپ چوڭ بولغانمەن. شۇڭا، مۇقاملار بىلەن خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك ناخشا ـ ئۇسسۇللىرىغا مۇھەببىتىم چوڭقۇر. مەن ئاشۇ مەشرەپلەردىن ئەقىل تاپقان، جاهاننى، ئاق ـ قارىنى تونۇغان، ئادىمىيلىكنى ئۆگەنگەن. ھەر نۆۋەتلىك مەشرەپتىن يالغۇز مەنىلا ئەمەس، پۈتكۈل ئەھلى يۇرت ئاجايىپ ئىلمىي ھېكمەتلەرنى بىلىپ قايتاتتۇق. «خەلقىنىڭ سەنئەت مەكتىپى» دەپ ئاتالغان بۇ مەشرەپلەردىكى ناخشا ـ ئۇسسۇللار چىن مەنىسى بىلەن ئادەمنى ئويغا سېلىپ، تەگسىز مۇڭلىرى بىلەن يۈرەكنىڭ خۇمارىنى يېشەتتى؛ ياش ئەۋلادلارنى ئەنئەنىدىن ياتلاشتۇرىدىغان، ھەقىقىي سەنئەت تۇيغۇسىنى ئۆلتۈرۈپ بىخۇدلاشتۇرۇش ئارقىلىق تاپتىن چىقىرىدىغان ھازىرقىدەك بەزىبىر غايىسىز، ئېتىقادسىز، چۈشكۈن، تۇتامسىز، ئەبجەش، ھاياسىز ـ غىلجىڭ، دادخور ـ يىغلاڭغۇ ناخشا ـ ئۇسسۇللار ئەمەس ئىدى.

دېمەكچىمەنكى، ناخشا ـ ئۇسسۇل بىلەن شۇغۇللىنايلى، ئەمما ئۇنى ھەممە ئىشنىڭ ئالدىغا قويۇپ، خەلقىنىڭ تۈپ خۇمارى قىلىۋالمايلى، ئىلىم ـ پەن، ھۈنەر ـ سانائەت بىلەن ناخشا ـ ئۇسسۇلنى تەڭ تۇتايلى. ھازىرقى زامان تارىخ سەھنىسىدە «قولىمىزنىڭ يەتكىنى ئۇسسۇل، دېمىمىزنىڭ يەتكىنى ناخشىلا» بولمىسۇن. چۈنكى خەلقىمىز بۈگۈنكى دۇنياۋى رىقابەتتە ناخشا ـ ئۇسسۇل مۇسابىقىسىگە دۈچ كەلگىنى يوق.

* * *

شۇنداق پاراگلار بىلەن كەچ كىرگەننىمۇ تۇيماي قاپتىمىز. شۇ كۈنى كەچتە بىز ئايرودرومدا داڭلىق يۇقىرى قاتلام مائارىپ تەشكىلاتچىسى، مىڭلىغان بالىلىرىمىزنىڭ ئالىي تەربىيە كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشىشىدە خەلق بىلىدىغان ھەم بىلمەيدىغان قانچىلىغان مۇشكۈل، ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىپ، بۈگۈنكى ئالىي مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن قالتىس تۆھپە قوشقان مۆھتەرەم ئۇستاز، مائارىپچى ئابدۇرېھىم قاسىم ئاكا ۋە ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن باھاۋۇدۇن مۇسابايوفنىڭ نەۋرىسى، مەرىپەتپەرۋەر سودا ــ سانائەتچى، نامىنى تولا ئاڭلىغان، ئەمما ئۆزى بىلەن تۇنۇگرەك بىر دىدار مۇلاقەت بولۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەي كەلگەن ئوبۇلھەسەن مۇسايوف بىلەن چوڭقۇر ھۆرمەتتە كۆرۈشتۇق. ئادەمنى خىجىللىق ئىچىدە ئويغا سالىدىغىنى شۇ ئىدىكى، بۇندىن 110 يىل ئىلگىرىمۇ بىز يېڭىچە ئۇيغۇر مائارىپىنى تۇنجى بولۇپ رويابقا چىقىرىشتا، ئوبۇلھەسەن مۇسايوفنىڭ بوۋىلىرىنىڭ مىڭبىر جاپادا تاپقان پۇلى بىلەن مەكتەپ ئاچالىغانىدۇق. بىز ھۆسەنباي، باھاۋۇدۇنبايلار (ئاكا ــ ئۇكا مۇسابايوفلار) نىڭ پۇلىدا مەكتەپ قۇرۇپ ئوقۇپ، ئاز ــ تولا بىرنەرسىنى بىلىۋېلىپ كۆزىمىز ئېچىلغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ بالا ــ ۋاقىلىرى ۋە ئۇرۇق ــ ئەۋلادلىرىنىڭ زاۋۇت ــ كان، ئۆي ــ بىسات، باغ ــ ھويلا، چارۋا ــ مال، ئېتىز ــ قىر، پۇل ــ پۇچەكلىرىنى تارتىۋالدۇق. ئۇلۇمدىن ئېشىپ قالغانلىرىنى قارا قىشتا دالىغا ھەيدەپ، يۇرتتىن قوغلاپ

چىقىرىپ، مۇساپىر، قارا سەرگەردان قىلىۋەتتۇق، ئۇلار سەرسانلىق ـ سەرگەردانلىقنىڭ ئازابىنى يەتكۈچە تارتىپ، تىرىكلەر دوزىخىدىكى قىيامەتنىڭ ئوت ـ ئاتەشلىرىدە شۇنچە كۆيۈپمۇ ئامان قېلىپ، ئاخىر يەنە جاھاننىڭ ساراڭلىقى بېسىلىپ، ئوگلۇقى تۇتقاندا خارابە ئىچىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقتى. ئاشۇ ئوبۇلھەسەننىڭ ھەممە نەرسىسىنى بۇلاپ ـ تالاپ سىپرىۋېلىپ، بېشىغا نى ـ نى قارا كۈنلەرنى سالغانىدۇق. قارىساق، بىز يەنە گادايلىقتىن ئۆرە كەلمەي، ئوبۇلھەسەن بىزگە ھەممە نەرسىسىنى تارتقۇزۇپ قويۇپمۇ يەنە گادايلىقنى بىزگە تاشلاپ بېرىپ، بىز ئۇرۇپ ـ تىللاپ كىيىمىنى سالدۇرۇۋالغان ئەينى چاغدىكى سەبىي بالىدىن بۈگۈن يەنە بوۋىسىدەك كاتتا بايغا ئايلىنىپتۇ. بىز بۈگۈنمۇ گادايلىقىمىزدىن مەكتىپىمىزنى باقالماي، بالىلىرىمىزنى ئوقۇتۇش تەس بولۇۋاتىدۇ. بوۋاڭمۇ بىزگە مەكتەپ سېلىپ بېرىپتىكەن، ئۇ قەرزنى قايتۇرۇشنىڭ ئورنىغا سېنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، يالىڭاچلاپ يۇرتتىن قوغلاپ چىقاردۇق، ھالا بۇ كۈنلەرگە كەلگەندىمۇ ئۆي ـ جاي، مال ـ مۈلۈكلىرىڭنى قايتۇرالمىدۇق. قارىساق، خۇدايىم ساڭا بېرىپ يەنە باي بولۇپ كېتىپسەن. ئۆتكەنكىنى تەگمەي، بالىلىرىمىزنى تەربىيىلەشكە پۇل بەرمىسەڭ بولمىدى، دەپ يۈزىمىز قىزارماستىن سېنىڭدىن يەنە ئېلىۋاتىمىز. بىز راستىنلا ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان تۈز كور ئادەملەر ئىكەنمىز. قارا يۈزلۈك ـ خۇمسىلىقتا شۇ دەرىجىگە يېتىپتىمىزكى، كىم بىزگە ياخشىلىق قىلسا، «ۋاپاغا جاپا بارمۇ، بىرگە ئون» دېگەندەك، شۇنىڭغا ئاشۇرۇپ يامانلىق قىلىدىكەنمىز، قىلغاندىمۇ مۇناپىقلىقنىڭ ئەۋرىشكىسى بولغۇدەك دەرىجىدە

قىلىدىكەنمىز. «ئىت ئۇرغۇچىغا ئامراق» دېگەندەك كىشىلەرنىڭ ئەدىپىمىزنى بېرىپ خامىرىمىزنى يارسا، شۇنىڭغا كۈچۈكلىنىپ، خۇشامەت قىلىدىكەنمىز. مۇسابىاي، ھۈسەنباي، باھاۋۇدۇنباي ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى بىزگە شۇنچە كۆپ ياخشىلىق قىلسا، بىز ئۇلارغا يامانلىق قىلدۇق، ئەمدىلىكتە قىلغانلىرىمىز ئۈچۈن ئۇلاردىن قۇرۇق بولسىمۇ ئەپۇ سوراشنىڭ ئورنىغا يۈزىمىزنى داپتەك قىلىپ يەنە ئۇلارنىڭ نەۋرىسىدىن تىلەۋاتىمىز. ئوبۇلھەسەن شۇنچە قىلغان يامانلىقلىرىمىزنى ئەپۇ قىلىپ، بالىلىرىمىزنى تەربىيىلەشكە ئۆز يانچۇقىمىزدىن ئاز ـ پاردىن بولسىمۇ چىقىرىشقا قارىنىمىز ئاغرىغان پۇلنى ئۇ يەنە سېخىيلىق بىلەن چىقىرىۋاتىدۇ. بىز يەنىلا ھېلىقى تۇزكورلارنىڭ ئەۋلادى بولغاندىكىن، يەنە كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئوبۇلھەسەننىڭ پۇلىدا تەربىيىلىنىپ چوڭ بولۇۋېلىپلا ئۇنىڭ بالىلىرىنى بۇلاپ ـ تالاپ، يۇرتتىن قوغلاپ چىقىرامدۇق، قانداق؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ، ۋۇجۇدۇم شۈركىنىپ كەتتى. چۈنكى، بىز تارىختا «ئاتاڭنى ئۆلتۈرگەنگە ئاناڭنى بەر» دېگەن خۇمسىلىق ئېڭى بىلەن، كىم ياخشىلىق قىلسا يامانلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ، كىم يامانلىق قىلسا ئۇنىڭغا غالچىلىق قىلىدىغان بولۇپ تەربىيىلەنگەن تۇرساق.

تۇرۇپلا ھۈسەنباي، باھاۋۇدۇنبايلارنىڭ ھېسابسىز ۋەيران بولغان ئېگىلىكىنى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا ئىتتىپاقداش ئارمىيە تەرىپىدىن خاراب قىلىنغان بېرلىن شەھىرىگە ئوخشاتقۇم كەلدى. جەڭدە پۈتۈن شەھەر كۆيۈپ، ئېگىز، ھەيۋەتلىك قەدىمىي بىنالار ئۆرۈلۈپ، بىر چىرايلىق شەھەر ئىس ـ تۈتەك ئىچىدە پارچە خىش، چالا كۆيگەن ياغاچلار بىلەن تولغان

خارابىلىككە ئايلانغانىدى. شۇ چاغدا ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ ئالىي قوماندانى ئېيزىنخاۋېر گېنېراللىرىنى ئەگەشتۈرگەچ خارابىلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ئاستا كېتىۋاتاتتى. بۇ زاۋال ۋاقتى بولغاچقا، تېزلا قاراڭغۇ چۈشۈپ چىراغسىز قالغان شەھەر گۆرىستانغا ئوخشاپ قالغانىدى. تۇيۇقسىزلا بىر خارابە بۇلۇڭىدىن «پىلىلدە» چاقنىغان چىراغ يورۇقى كېتىۋاتقانلارنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇلار بېرىپ قارىسا، ئۇ بۇلۇڭدا پارچە - پارچە خىش ۋە كۆيگەن ياغاچلاردىن بىر ئادەم ئاران پاتقۇدەك بىر كاتەك كەپە ياسالغان، كەپىنىڭ ئىچى شۇنچىلىك پاكىز، رەتلىك سەرەمجانلاشتۇرۇلغانىدىكى، ھەممەيلەن ھەيران قالدى. بۇ كەپىنىڭ ئىگىسى يېشى سەكسەندىن ئېشىپ، ئاران جېنى قالغان موماي بولۇپ، ئۇ كەپىنىڭ ئىچىدە بىر تەشتەك گۈلنى قۇچاقلاپ، بۇ يات ئەسكەرلەرگە كۈلۈمسىرەپ قاراپ ئولتۇراتتى. ئېيزىنخاۋېر ھەمراھلىرىغا:

— بىز ئۇرۇشتا يېڭىپ بۇ يەرنى ۋەيران قىلدۇق، دېگەن بىلەن، بۇ خەلقنى مەغلۇپ قىلالماپتۇق ئەمەسمۇ. قاراڭلار بۇ مومايىنىڭ قولىدىكى گۈلگە. بۇ، گۈل ئەمەس، ئۈمىد. بۇ خەلقتە ھاياتقا يەتكۇدەك ئۈمىد بار ئىكەن. قاراپ تۇرۇڭلار، ئاز كۈندە گېرمانىيە قايتىدىن گۈللىنىپ، يەنە بىزگە جەڭ ئېلان قىلىدۇ، — دېدى قايىللىق بىلەن باش لىڭشىتىپ.

دېگەندەك، ئېيزىنخاۋېرنىڭ 50 يىل بۇرۇن ئېيتقانلىرى ئىسپاتلىنىپ، بۈگۈنكى كۈنلۈكتە گېرمانىيە دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلاندى. قىرىق نەچچە يىل بۇرۇن بىزمۇ ھەۋسەنباي، باھاۋۇدۇنبايلارنىڭ دۇنياغا كېلگەن شۇنچە كاتتا

ئىگىلىكىنى ۋەيران قىلغانىدۇق، مانا ئەمدىلىكتە ھۇسەنبايلار خارابىيلىكىدىن ئۇنىڭ نەۋرىسى ئوبۇلھەسەنباي كاتتا بىنا بولۇپ باش كۆتۈرۈپ چىقتى. دېمەك، گەپ ئادەمنىڭ ئۆزىدە — ئۇنىڭ سۇپەت ـ ساپاسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىدە. بۈگۈنكى دۇنيا گېرمانىيىگە موھتاج بولغىنىدەك، بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارمۇ يەنىلا يېڭى ھۇسەنباي، باھاۋۇدۇنبايلارغا موھتاج . . .

— ئادىشاۋا، بوۋام قۇرغان مەكتەپكە يەنە 70 مىڭ يۈەنلىك مىنبۇس ئېلىپ بەردىم، يەنىلا مەن ياخشىكەنمەن، دەپ غادىيىۋالماي، ئېشەكلىك ماڭسا بىر كۈندە كېلىدىغان ئېكساقتىن يۇرت كاتتىلىرى قەشقەرگە ئالدىڭغا كەلگەندىكىن، ئۇلار بىلەن تۇزۇك كۆرۈشمەمسەن، — دەپ قىزىقچىلىق قىلدى ئوبۇلھەسەن مۇسابايوفنىڭ يېقىن ئاغىنىسى، ئۇرۇمچىنىڭ داڭلىق چاقچاقچىسى غەيرەت. ئوبۇلھەسەن مۇسابايوفمۇ، ئېكساقتىن مېھمانلارنىڭ ئالدىغا كەلگەن يۇرت كاتتىلىرىمۇ، ھەممەيلەن ياتسىراشقا مايىل سىلىق ـ سىپايىلىكتىن بىر كۈلكە بىلەنلا ئۆزلىشىپ كەتتۇق.

— سىلەر ئۇستۇن ئاتۇشلۇقلار مەن بىلەنمۇ تۇزۇك كۆرۈشۈڭلار. مەن غەيرەتنىڭ ئۇرۇمچىدىكى ئىناۋىتى قەشقەردىكى ھېيتگاھ مۇنارىدەك بولمىغان بولسا، 90 مىڭ كويلۇق ماشىنىنى 70 مىڭ كويغا ئالالمايتتى بۇ ئاداش. بۇ داڭلىق بايۋەچچەڭلار كەمبەغەل بولسامۇ يەنە ماڭا يۆلىنىپ سىلەرگە ياردەم قىلىۋاتىدۇ. بوۋىسىنى بوۋام يۆلەپ باي قىپتىمىكى بۇنىڭ.

غەيرەت توختىماي چاقچاق قىلىپ، ھەممىنى كۈلدۈرۈپ، ئۆز ئارا ئامانلىق سوراشقۇدەكمۇ پۇرسەت بەرمىدى.

— سىزمۇ چاغلىقكەنسىز ئابدۇرەھىم ئاكا، كۆردۇق. ئۇرۇمچى تۇگۇل پۇتكۇل شىنجاڭدىمۇ سىزنى تونۇمايدىغان ئادەم يوق، ھەتتا ئالتاينىڭ ئىچكىرى تاغلىرىدا مال باقىدىغان پادىچى قازاقلارغىچە: ۋاي، ئابدۇرېھىم قاسىم ئاغاي، دەپ سىزنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرگەن بىلەن، پايدا بار دېسە دوزاخقا ئىككىلەنمەي كىرىپ كېتىدىغان ئاتۇشلۇقلىرىڭىز پۇل چىقىدىغىنى يەنىلا ئوبۇلھەسەنباي، دەپ سىزنى ئۈنچىلىك قارشى ئالمايۋاتىدۇ. قويۇڭە، بۇ يۇرتلۇقلىرىڭىزنى. بولدى، ھازىرلا مەن بىلەن قەشقەرگە كىرىپ كېتىڭە. قەشقەردە سىزنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرىدۇ. «بۇغدايىنىڭ باھانىسىدە قارىمۇق سۇ ئىچىپتۇ» دېگەندەك، سىزنىڭ ئىناۋىتىڭىزنىڭ سايىسىدە بىر ئابرۇي تېپىۋالاي. بۇ خەق مۇشۇ ئوبۇلھەسەن بېيىنى چېكىسىگە گۇل قىلىپ قىسىپ يۈرۈۋالسۇن.

— ھەممىڭلار بىز ئۈچۈن بىر ـ بىرىڭلاردىن ئىناۋەتلىك، — دېيىشتى يۇرت ئاقساقاللىرى كۈلۈشۈپ.

— بولدى قىل، ئاغزىڭغا بالا تەگكەن. مەن يۇرتۇمدىن بالا چاغلىرىمدا چىقىپ كەتكەن. يۇرتۇم ئۈچۈن مەن ھازىرمۇ تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ ئوينايدىغان بالا. ئادەم ھەر قانچە چوڭ بولۇپ كەتكەن بىلەن، ئاتا ـ ئانىسى ئالدىدا يەنىلا بالا ـ دە، بولدى، يۇرتۇمغا كەلدۇق، سەن مېھمان، مەن ساھىبخان. يۇرتۇمدىكى بارلىق ئىناۋەتىمنى ساڭا بېرەي، ماڭا قىلىدىغان ھەممە ئىلتىپاتىڭلارنى مۇشۇ كاسكىغا قىلىڭلار. ئۇرۇمچىگە بارغاندا يەنە ئاتۇشتا غېرىبسىنىپ قالدىم، دەپ ئۇدۇل كەلگەن يەردە قاقشاپ يۈرمىسۇن بۇ ۋالاقتەگكۈر.

— ۋاي، بولدى قىلىڭا ئاكا، ئۆزۈمنىڭ ئۆزۈمگە يېتىپ

ئاشىدىغان ئىناۋىتىمنى كۆتۈرۈپ بولالمايۋاتقاندا سىزنىڭ ئىناۋىتىڭىزنى نېمە قىلاي، خۇددى زاكاس خەتنىڭ ئۈستىگە ئىككى موچەنلىك ماركىنى ئوشۇق چاپلىغاندەك ئىش قىلىپ، ئابدۇرېھىم قاسىم غەيرەتنى يۇرتىغا ئاپىرىپ مېھمان قىلالماي، يۇرتىدىكى ئىناۋىتىنى غەيرەتنى مېھمان قىلغانغا ھېسابلاپ سېتىپتۇ، دېگەن گەپكە قالماڭ يەنە.

— ھا ـ ھا ـ ھا.

غەيرەتنىڭ تۇگىمەس قىزىق چاقچاقلىرى بىلەن ئايرودرومدىن پىكاپقا قانداق چىقىپ، ئاللىقاچان ئۈستۈن ئاتۇش تۆپىلىكىگە كېلىپ قالغانلىقىمىزنى بىلمەي قاپتۇق. ئەركىنىنىڭ پىكاپىدا ئوبۇلھەسەن مۇسابايوف، غەيرەت، مەن تۆتەيلەن كۈلكە ـ چاقچاق بىلەن كېتىۋاتىمىز.

— 30 يىل بۇرۇنقى قارا قىشنىڭ سوغۇق ئايدىڭ كېچىسىدە، دادام بىلەن ئانامنى ئېشەككە مىندۈرۈپ، مانا مۇشۇ تاغنىڭ باغرى بىلەن يۇرتتىن قېچىپ چىقىپ، قەشقەردە كېلىشىپ قويغان قارا ماشىنا بىلەن تاغ ئارقىسىغا كەتكەنىدۇق. شۇ چاغدا ئون بەش ـ ئون ئالتە ياشتا ئىدىم، — دېدى ئوبۇلھەسەن مۇسابايوف تۆپىلىكنىڭ يان باغرىدىكى چىغىر يولنى كۆرسىتىپ.

— ئۆزۈڭ بىر ساي تۈلكىسى بولغاندىكىن، بىر تال داننى توخۇسى بىلەن تەڭ تالىشىپ يەيدىغان يۇرتۇڭدىكى بىچارە، ئاچ خەقنىڭ توخۇلىرىنى ئوغرىلاپ، خۇرجۇن ـ تاغارلىرىڭغا تىقىپ، يېرىم كېچىدە قاچقان بولغىيتتىڭ. بولمىسا يېرىم كېچىدە چوڭ يولنى پەرق ئەتكىلى بولمايۋاتقاندا، تاغ باغرىدىكى چىغىر يولدا تەمتىلەپ يۈرەمتىڭ؟

— مەن دادام بىلەن ئانامنى ئېشەككە مىندۈرۈپ، تۇرغان تۇرقىمىز بىلەن قاچقان جۇما. ئۆيدىن يىگىنە چاغلىق نەرسە ئالغان بولساق كاشكى، ھەتتا ئۈچىمىزدىكى كىيىمدىن باشقا كىيىملەرنىمۇ يوق بولىدۇ، دەپ ئالمىغان تۇرساق.

— يۇرتىدىن يالىڭاچ قېچىپ چىققان گوۋيلار ئۇرۇمچىدە باي بولۇۋېلىپلا ئۆزىچە يوغان سۆزلەيدۇ تېخى، بىزدەك ئۇرۇمچىنىڭ كىندىكىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغانلارنى ياراتماي، يۇرتىدىن ئۆلەمجان قېرى ئېشەككە دەملىشىپ مىنىپ قېچىپ چىقىپ، ئەمدى چەت ئەلنىڭ مانا مۇنداق ئالىي پىكاپىدا ئولتۇرۇپ، ئالا خورجۇنغا زاغرا بىلەن غورا قاچىلاپ چىقىپ، چامادانىدا دوللار كۆتۈرۈپ، كاجى تامبال بىلەن خەسىدىن خالتا كۆڭلەك كىيىپ چىقىپ، ئەمدىلىكتە ئىتالىيىنىڭ مودا كىيىمىنى كىيىپ قايتىدۇ يۇرتىغا پاتمىغان بۇ گوۋيتوزىلار. . .

— شۇ چاغدا يۇرتتىن قېچىپ كەتمىگەن بولسىڭىز قانداق كۈنلەرگە قالار ئىدىڭىز ـ ھە،— دېدىمەن غەيرەتنىڭ گېپىنى بۆلۈپ.

— ئەگەر قاچمايدىغان بولساق، بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرنى تولا كۆرەشكە تارتىپ، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتمىگەن تەقدىردىمۇ سولاپ قويۇپ ئاچلىقتىن ئۆلتۈرەتتى دەڭە بۇ خەق. شۇڭا، يۇرتۇمغا ھەم چوڭقۇر مۇھەببىتىم، ھەم قاتتىق ئاچچىقىم بار. شۇ چاغدا بىزنى ئۇرۇپ، سولاپ، ئاچ ـ يالىڭاچ قويغاننى ئاز دەپ، ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيىمىزنىمۇ تارتىۋېلىپ ئېغىلغا قوغلىدى. كېيىن شۇ ئېغىلنىمۇ بىزگە راۋا كۆرمەي، كونىراپ، ئۆرۈلۈپ چۈشەي دەپ قالغان بوۋامدىن قالغان بىر كىچىك مۇنچىغا

ھەيدەپ چىقاردى. تام بېسىپ ئۆلسۇن، دېگەن گەپتە بۇ. مانا شۇ ئوساللىقلارنى باشقا يەردىن بىر كىم قىلمىدى، يەنە شۇ بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز قىلدى ئەمەسما.

— ئۇنداق دېسەڭ بولمايداۋا، ئوبولۋاي. شۇ چاغدىكى سىياسەت شۇنداق تۇرسا.

— سىياسەت شۇنداق بولغان بىلەن، ئىجرا قىلغۇچىلار ساپلا بىزنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، ئەھلى مەھەللە، تونۇش - بىلىشلەر بولغاندىكىن ئۇنچىۋالا قىلىپ كەتمىسىمۇ يەنە شۇ كۈن ئۆتەتتى. زادى ئېسىمدىن چىقمايدىغىنى، بىزنى ھېچكىم قىلمايدىغان ئېغىر، پاسكىنا ئىشقا سېلىپ، كېچە - كۈندۈز نازارەت ئاستىدا ئىشلىتىپمۇ يەنە ئۇماچ تەقسىم قىلغاندا، بىزنى سولاپ قويۇپ ئۇماچ بەرمەي ئۆزلىرى ئىچەتتى بۇ خەق.

— بولدى قىلە ئادىشاۋا، ئەزۋەيلەۋەرمەي. ھەدەپ ئاڭلاپ قويساق، بىزگە ئۆتمۈشنى ئەسلەپ بېرىپ يۈرىكىمىزنى ئېزىۋېرەمسەن. ئەقلىڭ بولسا ئوبولۋاي، يۇرتۇڭغا تېخىمۇ جىقراق پۇل بېرىپ رەھمەت ئېيتساڭ بولغۇدەك. نېمىشقا دېمەمسەن، ئاتۇشنىڭ ئادەملىرى زادى ئەقىللىق خەقكەن. باشقا يۇرتنىڭ ئادەملىرى يۇرتىدىكى بايلارنى ئۇرۇپ - قىيناپ ئۆلتۈرۈۋەتسە، ئاتۇشلۇقلار بايلىرىنى ئاچ قويۇپ، ئۇلارنى يۇرتىدىن قاچۇرۇۋېتىپتۇ. زادى يامان خەق جۇما ئاتۇشلۇق دېگەن. ئۇلار يامانلىقىدىن 50 يىل، ھەتتا 100 يىلدىن كېيىنكى ھېسابنى قىلىپ، ئابدۇلئەلاباي بىلەن ئوغلى ئوبولھەسەنباينى قىيناپ ئۆلتۈرۈۋەتسەك، يۇرتىمىزدىن ئىككى كىشىلىك گۆرلۈك يەرنى ئىگىلەپ يېتىپ زىيان بىزگە بولغۇدەك، ئۇنىڭدىن كۆرە ھەيدىۋەتسەك باشقا يۇرتتىكى گول

خەقنى قاقتى ـ سوقتى قىلىپ، باي بولۇپ قايتىپ كەلسە، بىزگە پايدا بار، دەپ ھېسابلاپ كۆرۈپ قاچۇرۇۋەتكەن گەپ. ئۇلار سېنىڭ 30 يىلدىن كېيىن يۇرتۇڭغا 70 مىڭ كوينى، 50 يىلدىن كېيىن يەنە قانچە پۇل ئەكېلىدىغانلىقىڭنى قوناق بىلەن ساناپ ھېسابلاپ بولغان. سەن تېخى يۇرتۇڭغا تۆلەيدىغان يۇرت كۆرۈش بېجىنىڭ ئەمدى بىرىنچى تال قونىقىنى تاشلاپسەن. بىلىپ قوي، يەنە نەچچە يىلدىن كېيىن سېنى مۇشۇنداق ئېگىلدۇرۇپ ئەكېلىپ ئالىدۇ، ئوبۇل. بوينۇڭ قىلدا باغلاقلىق. يامان ئاتۇشلۇقلار ـ دە. بۇ قىلنىڭ بىر ئۇچى ھۇسەنبايدا بولسا، بىر ئۇچى باھاۋۇدۇنبايدا، يەنە بىر ئۇچى بولسا سەندە. سىلەرنى باغلاپ تۇرغان بۇ قىل ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ئېكساقنىڭ قاغىلەك جىگدىلىرىنىڭ چوڭقۇر يىلتىزىغا باغلانغان. بولمىسا 100 يىل بۇرۇن ئاتۇشتىن ئېشەك ھەيدەپ چىقىپ، ئىتالىيە، گېرمانىيە، ئەنگلىيە، رۇس ئىمپېرىيىسىنى زىلزىلىگە سالغان باي بوۋىلىرىڭ دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىن خوتۇن ئېلىپ بالا تېپىپ، ئاخىر ئېكساققا كېلىپ، تاپقان پۇلىنى ئا مەكتەپ سالمايدۇ. سەنمۇ دادىڭ ئابدۇلئەلاباي ئۆزبېكىستاندىن ئالغان خوتۇنىدىن بولغان بالا تۇرۇپ ئېكساققا پۇل تاشلىمايسەن. يۇرت باغلىغان بۇ قىل يامان قىل، ئۇنىڭ ئۈزۈلمىكى تەس. ئېكساققا توققۇز تەزىم قىلىپ كىر. ئۇلار سېنى قوغلاپ چىقارمىغان بولسا، يەنە ھازىرمۇ مۇشۇ يەردە قوتۇر ئېشەكنىڭ كەينىدىن تېزەك پۇراپ: «تۇگمەنگە ئۇن تارتقىلى بارغان، ئۇگۇت ساقلاپ كەچ قالدىم. بىر چارەك قوناقتا ئون زاغرا بولدى» دەپ يۈرەتتىڭ.

— تولا ۋالاقلىما، مەن يەنىلا مۇسابايىنىڭ پۇشتى.

تومۇرۇمدا ئېقىۋاتقىنى ئاشۇ بوۋىلىرىمىنىڭ قېنى. مانا ئەركىنمۇ
بىزنىڭ ئەۋلادىمىز بولغاچقىلا باي.

— ئاتە پورىقىنى ئوبۇلۇۋاي، ئەمدى قانچە ئاتسالڭ يارىشىدۇ.

— ئۇستۇن ئاتۇش دېگەن مەشھۇر، ئەقىللىق ئادەملەر كۆپ
چىققىدىغان زىيالىي يۇرت جۇما.

— شۇڭا لىن بياۋنىمۇ ئۇستۇن ئاتۇشلۇق دېگەن ئەمەسما.

ھا ـ ھا ـ ھا.

— بۇ يۇرتنىڭ سۇ، ھاۋا، تۇپرىقىدا ئاجايىپ بىر سىرلىق
گۈزەللىك بارمىكىن دەيمەن. ئۇنىڭ ئىنسانىنى پاراسەتلىك
قىلىپ ئۆسۈپ يېتىلدۈرىدىغان سېھرىي كۈچى ئادەمنى ئويغا
سالىدۇ. مېنىڭچە بىز مىللىتىمىزنىڭ ئەڭ سەر خىل —
ئەقىللىق باللىرىنى دوكتور قىلىپ تەربىيىلەيدىغان ئالىي
بىلىم يۇرتلىرى ۋە تەتقىقات مەركەزلىرىنى ئۇستۇن ئاتۇشقا
قۇرساق، باللار مۇشۇ يەردە ئوزۇقلانسا ۋە تەربىيىلەنسە،
مېنىڭچە بىزدىنمۇ قالتىس ئادەملەر چىقارمىكىن دەيمەن.
ھازىرغىچە جىق يەرلەرگە بېرىپتىمەن، لېكىن بۇنداق ھاۋاسى
ساپ، سۈيى ئەركەك، خاسىيەتلىك يەرنى زادىلا كۆرمىدىم. مەن
ئۇستۇن ئاتۇشقا دەسلەپ چىققاندا ھاۋاسىنىڭ ساپلىقىدىن
شۇنچىلىك ھۇزۇرلاندىمكى، بۇ يەرگە سەل مىجەزىم يوق،
سولىشىپ چىققان ئادەم روھلانغىنىمدىن ئۇچىدىغاندەك
يەڭگىللەپ، قىن ـ قىنىمغا سىغماي يۈگۈرگۈم كېلىپ كەتتى.
ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق ماڭساممۇ پەقەتلا ھارمىدىم. بىر چاغدا يول
بويىدا بىر بوۋاي ئۇچرىدى. ئۆزى 103 ياشقا كىرىپتۇ، شۇنداق
روھلۇق، بەردەم، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدۇ. «بەك ئوبدان
تۇرۇپلا ئاتا» دېسەم، بوۋاي پەخىرلىنىپ: «بىزنىڭ يۇرتتا بىر

كۆن تۇرساڭ بىر پاقلانىنىڭ گۆشىنى يەپ، تېرىسىگە كىرگەندەك قۇۋۋەتلىنىسەن، بۇ يۇرتتا ئۈچ نىجىس يوق، بىرىنچىسى، پەقەت چىۋىن يوق، ئىككىنچىسى، پاشا يوق، ئۈچىنچىسى، ئۈچىنچىسى . . . — ئەينى چاغدا بوۋاي ساناپ بەرگەن ئۈچىنچى نىجىسنى ئۇنتۇپ قاپتىكەنمەن، تاپالماي بېشىمنى تاتىلاپ ئويلاپ كەتتىم.

— ئادىشاۋا، تولا تاتىلاۋېرىپ بېشىڭمۇ قازاقنىڭ سارماي قاچىلايدىغان ياغاچ تۇلۇمىدەك بولۇپ كېتىپتۇ. تاپالمىغان بولساڭ، ئۈچىنچىسىنى مەن دەپ بېرەي، سىرتتىن كەلگەن پايدىسىز ئادەم يوق. چىۋىن بىلەن پاشىمۇ شىرىسى، قېنى بار يەرگە قونىدۇ. ئۇستۇن ئاتۇشلۇقلار چىۋىندىن چاققان چىقىپ يالايدىغان شىرىنى ئۆزى يالاپ تۈگىتىدىغان تۇرسا، چىۋىنگە نەدە تۇرۇپتۇ. شۇڭا، چىۋىنلەرنىڭ ئۆلىدىغىنى ئۆلۈپ، ئۆلمىگەنلىرى جېنىنى جان ئەتكىلى نەپ چىقىدىغان يەرگە ئۇچۇپ كەتكەن گەپ. ئەگەرچەندە ئۇقۇشماي پاختەكلىدىن كىرگەن بىرەرتى يېرىم پاشا بىرەر ئۇستۇن ئاتۇشلۇقنىڭ قېنىنى شۇنداق شوراپ قويسۇنچۇ قېنى، جەددى - جەمەتىنىڭ ھەممىسى پاختەكلىگىچە قوغلاپ بېرىپ، شۇ پاشىنىڭ يەتمىش پۇشتىنى قۇرۇتۇۋەتمىگۈچە يانمايدۇ. بولمىسا ھاۋاسى شۇنچە ساپ، شاپتۇل - ئۆرۈكلىرى تۈكمە بولۇپ كەتكەن باغلاردا بىرەرمۇ چىۋىن، مەگزلىرىدىن قان تېمىپ تۇرغان شۇنچە ئادەملەر بار يەردە پاشا بولماي قالامدا؟ پاشا دېگەن ئادەمنىڭ قېنىنى شوراپ ياشايدىغان نېمە. شۇ ئۇستۇن ئاتۇشلۇقلىرىڭ چىۋىن بىلەن پاشىلارغا كۆن بەرگەن بولسا، سەن بىلەن مەندەك قېنى يېتىشمەي سارغىيىپ يۈرگەن بوزەكلەرنى چاقامتى. مانا

ماۋۇ ئوبۇل بىلەن ئەركىننى پاشا چېقىپ باقسۇنچۇ قېنى، بىزنى تاشلاپ مۇشۇ كاتتا پىكاپىدا پاشىنى قوغلاپ قەشقەرگە چاپمىغىنىنى كۆر. شۇڭا، پاشا ــ چېۋىنلەرمۇ بۇلارنىڭ ھىدىنى ئالغۇدەك بولسا، «ئاتۇشلۇقلاركەن بۇ» دەپ ئالدى ــ كەينىگە قارىماي قاچىدۇ.

كۆلكە ــ چاقچاق بىلەن نامازشام مەزگىلىدە ئىكساققا يېتىپ كەلدۇق. تېخى ماي يانقۇزۇلمىغان شېغىللىق يولغا سۇ سېپىلگەن بولۇپ، بۇ يۇرتنىڭ بالىلىرى ئەتىكى كاتتا مەرىكە ئۈچۈن ئالدىرىشىپ يۇرۇشكەنىكەن. مېھمانلارغا داستىخان تەييارلاپ تۇرغان يېزا باشلىقى دىلشاتنىڭ ئۆيىگە بېرىشتىن بۇرۇن، ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپىنىڭ بۆشۈكى بولغان «ھۈسەينىيە مەكتىپى»گە بېرىپ، ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپىنىڭ ئاساسچىلىرى ھۈسەن مۇسابايوف، باھاۋۇدۇن مۇسابايوف ئاكا ــ ئۇكىلارنىڭ ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ 110 يىللىقى خاتىرىسى مۇناسىۋىتى بىلەن مەكتەپ سەيناسىغا تىكلەنگەن ھەيكىلىنى كۆرمەك بولۇپ، پىكاپنى مەكتەپ تەرەپكە بۇرىدۇق. مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا ئىكساقنىڭ چېچەن يىگىتلىرىدىن بىرمۇنچىسى ئەتىكى كاتتا مەرىكىنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن پىدائىي بولۇپ قاراۋۇللۇقتا تۇرغانىكەن.

رىشاتكىلار ئارىسىدىن مەكتەپ مەمۇرىي بىناسىنىڭ ئالدىدىكى غايەت زور قىزىل يوپۇق يېپىلغان ھەيكەلنىڭ سۈپىسىنى كۆرەلىدۇق.

— دەرۋازاڭلارنى ئاچماي تۇرىسىلەرغۇ، باھاۋۇدۇنباينىڭ نەۋرىسى ئوبۇلھەسەنباي بوۋىسىنىڭ ھەيكىلىنى بىر كۆرۈۋالسۇن، — دېدى غەيرەت پىكاپتىن چۈشۈپلا ۋاتىلداپ

سۆزلەپ.

پىدائىي يىگىتلەر دەرھال كېلىپ بىز بىلەن بىر ـ بىرلەپ كۆرۈشتى.

— بىزدىن رەنجىمىگەيسىلەر، مېھمانلار. قورۇنىڭ ئىچىگە ئەتە ئەتىگەنگىچە ھەرقانداق ئادەمنىڭ كىرىشى مەنئى قىلىنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەيكەلدە يوپۇق بولغاچقا، كۆرگىلى بولمايدۇ. ئاچساق ياپماق تەسكەن، 20 دەك ئادەم خېلى ئۇزاق ھەپىلىشىپ يوپۇقنى ئاران ياپتۇق، ئاچساق ياپقىلى بولمايدۇ.

— يائاللا، بۇ ئېكساقلىق ئەجەبمۇ خەققەنسىلەر. ئۆز ۋاقتىدا باھاۋۇدۇنبايلار سىلەرگە شۇنچە ياخشىلىق قىلسا، كېيىن يۇزۇۋىلەرنى بىر ئۆرۈپلا ئۇنىڭ ئۆزىنى سولاپ قويايلى دېسەك ئالىلىقاچان ئۆلۈپ توگەپتۇ، دەپ بالا ـ چاقىلىرىنى سولاپ قويۇپ خاپا قىلىسىلەر. ئەمدىلىكتە، بالا ـ چاقىلىرىنى سولاپ قويساق قېچىپ كەتكەندىكىن، سەن بىرگە سېلىپ بەرگەن مەكتەپكە ھەيكىلىڭنىمۇ بولسا سولاپ قويايلى دەپزە نەۋرىسىنى بوۋىسىنىڭ ھەيكىلى بىلەن بولسىمۇ كۆرۈشكىلى قويمايسىلەر. بۇ خەق ئۆزگەرمەپتۇ، دەرھال قاچ ئوبول، سېنى يەنە تۇتۇپ سولاپ قويمىسۇن.

ھەممەيلەپ قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتۇق. پىدائىي يىگىتلەر خىجىل بولۇپ:

— ئۇنداق ئەمەس، بىزدە دەرۋازىنىڭ ئاچقۇچىمۇ يوق. بولسا ئېچىپ بېرەتتۇق، — دېدى.

— ئاچقۇچ كىمدە؟

— يېزا باشلىقى دىلشات ئاكامدا.

— يائاللا، مۇشۇ بەزى يېزا باشلىقلىرى تازىمۇ خۇمسا

گۈيلار ئوخشايدۇ. سايلىنىدىغان چاغدا دېھقانلارغا پاختىكىڭىز بولاي، تورغىيىڭىز بولاي دەپ، سايلىنىۋېلىپلا خوجىسىغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن بىچارە دېھقاننى ئۆزى خالىغان بىر ەر توپ زىرائەتنىمۇ تېرىغىلى قويمايدىكەن. بۇ يېزا باشلىقلىرىنىمۇ ھۆكۈمەت مەجبۇرلاپ سايلاتقۇزدىمۇ يا، سىلىدەك بىر جامائەتكە بىر دەرۋازىنىڭ ئاچقۇچىنى بەرمىگەنگە قارىغاندا.

— ياقەي، بىزنىڭ يېزا باشلىقلىرىمىز ئۆزى ئۇنىمىسىمۇ، ھۆكۈمەت سايلىماڭلار دېسىمۇ ئۆزىمىز سايلىۋالغان ياخشى باشلىقىمىز. ئۇنىڭ ئاچقۇچنى ئۆزى تۇتۇشى، بىرەر ئىش چىقسا جاۋابكارلىقىنى ئۆز بويىنىغا ئېلىشى ئۈچۈن.

— باھاۋۇدۇنبايلارنىڭ ھەيكىلىنى ئۇ باشلىقلىرىڭلارنىڭ ئالتۇن ـ يامبۇلىرى بىلەن قاتۇرمىغانسىلەر ھەقچان.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس. بوۋاي ـ مومايلار ئۇلۇغ يۇرت ئاتىسىنىڭ ھەيكىلىنى تىكلىسە، دىنىمىزغا توغرا كەلمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇڭا، ھەيكەلگە دەخلىسى بولمىسۇن دەيمىز.

— كەچكىچە سۆزلىسەڭمۇ بۇلار بوۋاڭنى كۆرسەتمىگۇدەك ئوبۇل. كەل، مەن كۆرسىتەي. ماۋۇ دېرىزىدىن ئوغرىلىقچە كىرىپ كۆر، — دەپ غەيرەت بىر دېرىزىدىن ئاتلاپ قورۇ ئىچىگە كىردى.

— ئەتە يوپۇقنى ئاچقاندا يۈزىنى كۆرەرمىز. ھازىر ئاتايىن كەپتۇق، سۈپىغا ئويۇلغان خەتلەرنى بولسىمۇ كۆرۈپ كېتەيلى، — دېدى ئوبۇلھەسەن مۇسابايوف.

پىدائىي يىگىتلەرمۇ، بىزمۇ دېرىزىدىن سەكرەپ مەكتەپ قورۇسىغا كىردۇق.

—ئەجەب گەپ قىلىدىغان ئادەمكەن بۇ، — دەپ كۇلۇشتى پىدائىي يىگىتلەر.

— بۇ ئاشۇنداق كاللىسىنىڭ تورمۇزى تۇتمايدىغان كەمتۇك نېمە. گېپىگە رەنجىمەڭلار، — دېدى ئەركىن.

— ھە، كاللامنى تولا ئىشلەتكەچكە قاپاقلىشىپ، ئېگىز - پەس سۆزلەيدىغان بولۇپ قالدىم.

بۇ ئىككىسىنىڭ يوشۇرۇن لەقەملىك چاقچاقلىرىنىڭ چاك بېسىپ كەتكەنلىكىدىن ئوبۇلھەسەن مۇسابايوف بىلەن ئىككىمىز تازا تېلىقىپ كۇلدۇق. ئەركىن بىلەن غەيرەت: «ھە، كەلدىما» دېيىشىپ ئۆزلىرىچە جايىدا كەلتۈرۈشكىنىدىن ھوزۇرلىنىپ كۇلۇشتى. پىدائىي يىگىتلەر يوشۇرۇن چاقچاقنى چۈشىنەلمەي ھاڭۋېقىپ قېلىشتى.

شۇنداق قىلىپ، بىز توپ جامائەت سۇتتەك ئايدىڭدا ئۇلۇغ ئەجدادىمىز ئاكا - ئۇكا ھۆسەنباي، باھاۋۇدۇنبايلار ھەيكىلىنىڭ سۇپىسىغا ئويۇلغان يادنامىنى ئايلىنىپ ئوقۇشقا باشلىدۇق. بىز ھەيكەلنىڭ سول تەرىپىدىن ئايلىنىپ ئوقۇپ، ئوڭ تەرەپ ئالدىغا كېلىپ، قىزىل يوپۇققا ئورالغان گىگانت گەۋدىگە تىكىلىشىمىزگە سۇس بىر سالقىن شامالدا خۇددى بىر كىم ئاستا تارتقاندەك يوپۇق ئۈنسىز سىيرىلىپ چۈشتى. بىردىنلا كۆز ئالدىمىزدا لۇغۇلداپ تۇرغان مەشئەل، ئۇنى چىڭ قامالاپ تۇتۇپ تۇرغان ئاكا - ئۇكىنىڭ بىر جۈپ قولى، تۇركچە پاپاق ۋە تەقىيە كىيگەن، قويۇق قاشلىق، نۇرلۇق كۆزلىرى چوڭ - چوڭ، قاڭشارلىق، قويۇق ساقال - بۇرۇتلۇق، گالستۇك تاقاپ كاستۇم - بۇرۇلكا، پەلتو كىيگەن بىر جۈپ كاتتا زاتنىڭ — ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ ئاساسچىلىرى

ھۆسەن مۇسابايوف بىلەن باھاۋۇدۇن مۇسابايوفنىــــڭ نۇرانە سىماسى ئايان بولدى!

ھەممەيلەن بۇ مۆجىــزىگــە قاراپ سـۈكـۈتتـە تـۇرۇپ قېلىشتۇق. ھەيرانلىقتىن ھېچكىم گەپ ـ سۆز قىلمىدى. ئەسلىدە ھېچكىم ھەيكەلگە يېقىنمۇ كەلمىگەنىدى. ھەيكەل بىلەن ئارىلىقىمىز ئاز دېگەندىمۇ يېرىم مېتىر كېلەتتى. ئۇنىــڭ ئۈستىگە، ھەيكەلگە يېقىن كەلگەن تەقدىردىمۇ خېلـى قول سوزۇپ ياماشقاندا ئاندىن يوپۇقنى تۇتقىلى بولاتتى. ئادەمنى ھەيرانۇ ھەس قىلدىغىنى، بۇرۇنمۇ ئەمەس، كېيىنمۇ ئەمەس، دەل بىز خەتلەرنى ئۇنلۇك ئوقۇپ ئالدى تەرەپكە كېلىــپ توختىشىمىزغا ھەيكەل يوپۇقىنىڭ ئۆزلۈكىدىن چۈشۈشى ئىدى.

— بوۋىڭىزنىڭ روھى سىز بىلەن دىدارلاشتى، — دېدىمەن ئوبۇلھەسەن مۇسابايوفقا.

— روھ ـ ئەرۋاھلارنىڭ ھېچنېمىگە كۈچـى يەتمەيدۇ دەۋاتقان. باھاۋۇدۇنبايلارنىڭ ئەرۋاھىمۇ كۈچلۈككەن. بىـر شامال چىقىــرىپ ئېكساقلىــق يۆگەپ قويغان پەردىنـى چۈشۈرۈۋەتتى.

— 110 يىل بۇرۇنمۇ يۇرتىمىز يۆگىنىۋالغان قارا پەردىنى بوۋىمىز بىر بوران چىقىرىپلا ئېچىۋېتىپتىكەن. مانا ئەمدى ئۇلارنىڭ ئەرۋاھىمۇ ئۆزىنى يۆگىۋالغان پەردىنى ئېچىۋېتەلىدى. ئەجدادلارنىڭ روھى ھەقىقەتەن كۈچلۈك ئىكەن!

* * *

يېزا باشلىقى دىلشاتنىڭ ئۆيىگە كېتىۋېتىپ يول بويىدىكى

بەزى ئۆيلەرنى كۆرگەندە، ئوبۇلھەسەن مۇسابايوف شۇ ئۆيلەرنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ ماڭدى:

— مانا بىزنىڭ بۇرۇنقى قورۇ - جايىمىز ئورنى، ماۋۇ ئۆي بىزنىڭ تاش مۇنچا، ئاۋۇ تەرەپتىكى ئايۋان — ساراي، بۇ تەرەپتىكى ئاتخانا، ئاۋۇسى قوي ئېغىلى، ياندىكى سېلىنغىنى كالا، توخۇ فېرمىسى...

— ساپلا خەقنىڭ ئۆيىنى ئۆزۈڭنىڭ قىلىپ تەتۈر ھېساب ئالغىلى تۇردۇڭمۇ زومىگەر پومېشچىك، — دېدى غەيرەت.

— بىلسەڭ، ئاتا - بوۋىلىرىم ئادەم تۇگۇل چۈمۈلىگىمۇ ئازار بېرىپ باقمىغان، ھەتتا بىر كىمنىڭ يىڭنە چاغلىق نەرسىسىنىمۇ قاقتى - سوقتى قىلمىغان جۇما. ئۇلار تومۇز ئىسسىق، قەھرىتان سوغۇقتا سودا كارۋانلىرى بىلەن دۇنيانىڭ جىق يەرلىرىگە بېرىپ، جانىنى ئالىقانغا ئېلىپ قويۇپ سودىگەرچىلىك قىلىپ پۇل تېپىپتىكەن. ئۇلار سودا ئىشى بىلەن بىر چىقىپ كەتسە، يۇرتقا نەچچە يىلدا بىر كېلىپ، ھەر كەلگەندە كاتتا نەزىر بېرىپ، ئۆز سودىسىدىن زاكات ئايرىپ، باي، نامرات دېمەي سېخىيلىق بىلەن ھەر بىر ئائىلىگە پۇل - مال ۋە سوۋغا - سالام تارقىتىپتىكەن. يېرى يوقلارغا يەر، مال - چارۋىسى يوقلارغا مال - چارۋا ئېلىپ بېرىپ، پۇلى يوقلارغا پۇل بېرىپ يۆلەپتىكەن. قانچىلىغان يېتىملارغا ئاتا بولۇپ، ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىپ قويۇپتىكەن.

— ئاتا - بوۋاڭ قىلمىغان ياخشى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇلارنىڭ ھېسابىغا تىزىۋەردىڭمۇ، ئوبۇلۋاي. ئەگەر بوۋاڭ راستتىنلا سەن دېگەندەك سېخىي - رەھىمدىل، قولى ئوچۇق

بولسا، يۇرتۇڭ ساڭا شۇنچىۋالا كۆڭۈلدىكىدەك بولۇپ كەتتىمۇ؟ بىز دېگەن تاشلاندۇق نەرسىلەرنى سالامەتلىك.

— تولا كاپشىما. مانا بۇ مەن قېچىپ چىققان كوچا شۇ. پۈتۈن يۇرت قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەندە دادام بىلەن ئانامنى ئېشەككە مىندۈرۈپ يۇرتنىڭ تېشىغا ئېپچىقىپ قويدۇم ـ دە، يولدا ئۇلارنىڭ توختاپ كېتىدىغانلىقىنى پەملەپ يوتقان ـ كۆرپە ئېلىش ئۈچۈن يەنە ئۆيگە كەلدىم. يوتقان ـ كۆرپە ۋە جۇۋىنى ئېشەككە تېڭىپ يولغا چىقتىم. بىزنىڭ بۇ يۇرتتا كېچىسى ئۇخلىماي مەھەللە ئارىلاپ يۈرىدىغان بىر ئادەم بار ئىدى. شۇ ئادەم مېنى كۆرۈپ قالمىغىيدى، دەپ ئەنسىرەپ كېتىۋاتسام، نەق شۇ ئادەمگە يولۇقۇپ قالسام بولىدۇ. قارا كېچىدە يۈرىۋېرىپ ھەممە نەرسىنى كۈندۈزدىكىدەك ئوچۇق كۆرىدىغان بولۇپ كەتكەن بۇ ئادەم بەك سەزگۈر ئىدى. قارا كۆرۈنۈپ بولغۇچە يىراقتىنلا مەن ئۇ ئادەممىكىن، دەپ پەرەز قىلدىم. دېگەندەك ئۇ مېنى تونۇۋاپتۇ.

— ئوبۇلھەسەنمۇ سەن بالام؟ — دېمەسمۇ، مەن دەررۇ ئېشەكنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈپ گەپمۇ قىلماي مېڭىپ كەتتىم.

ئۇ ئادەم بىر نېمىلەرنى دەپ غۇدۇرىدى. مەن يول بويى «ئاشۇ ئادەم دەپ قويسا، بىزنى قوغلاپ كېلىپ تۇتۇۋالارمۇ» دەپ ئەنسىرەپ، پۈت ـ قولۇمدا جان قالمىدى. شۇ چاغدا تۇتۇلۇپلا قالساق باھانە تاپالماي ئاران تۇرغاندا بىزنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. شۇ دەككە ـ دۈككىچىلىكتە قارا ماشىنىدا يوتقان ـ پالاسقا ئورۇنۇپ يېتىپ تاكى ئارغۇ بولاقتىن چىقىپ بولغۇچە كەينىمىزدىن ئاللىكىملەر قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. توقسۇنغا بارغاندا كۆڭلۈم ئارامىغا چۈشۈپ ئەنسىزلىكىم بېسىلدى. شۇ يەردە ئاندىن كېچىسى

ئۇخلىمايدىغان ھېلىقى ئادەمنىڭ مېنى چېقىپ قويمىغانلىقىغا كۆزۈم يېتىپ، ئۇنى يۇرتۇمدا ماڭا تۇنجى بولۇپ ياخشىلىق قىلغان ئادەم دەپ بىلدىم. ئۇ ئادەم بارمىكىن، يا ئۆلۈپ كەتتىمىكىن.

— توخۇسى يىتۇپ كەتسە، بىر پادا كالا يىتۇپ كەتكەننىڭ غوۋغاسىنى قىلىدىغان يۇرتلۇقلىرىڭ سېنى ئىزدىمىدىما؟ — دېدى غەيرەت.

— ئىزدىمەيدىغان ئىش بولامدۇ. بىرسى كەينىمىزدىن ئۈچ ئاي قوغلاپ، ئىزدەپ يۈردى. غۇلجىغا بارسا ئۈرۈمچىگە قاچتۇق، ئۈرۈمچىگە بارسا غۇلجىغا قاچتۇق، ھەرگىز تۇتتۇق بەرمىدۇق. تۇتۇلدۇقمۇ يا ئاچلىقتىن ئۆلەتتۇق، يا تاياقتىن.

— ساي تۈلكىسىنى تۇتۇشقا بۆركۈتتىن باشقىسى بىكار.

— ھا ـ ھا ـ ھا.

— باشقا يەر يوقتەك غۇلجا بىلەن ئۈرۈمچىدىلا قېچىپ يۈرۈپسىنا؟

— بۇ سوئالنى ئوبدان سوراپ قالدىڭ. غۇلجا بىلەن ئۈرۈمچى شۇنچىلىك خاسىيەتلىك ئۇلۇغ يۇرتكى، بۇ ئىككى يۇرتنى تىللىغان ھەرقانداق ئۇيغۇر تۇزكور بولىدۇ. ئاشۇ «قىر ـ چاپ» يىللاردا مۇشۇ ئىككى يۇرتقا قېچىپ چىققان ھەرقانداق ئادەم ئامان قالدى. ئەمما، شىنجاڭنىڭ باشقا ھەرقانداق يېرىگە قېچىپ بارغىنىنىڭ ھەممىسىنى شۇ يۇرتنىڭ ئادەملىرى تۇتۇپ بەردى. ئۆز يۇرتلىرىدا بولسا ئاللىقاچان توپىغا ئايلىنىپ كېتىدىغان ئادەملەرنىڭ ئۈرۈمچى بىلەن غۇلجىغا قېچىپ چىققانلىرىنىڭ تولىسى ھايات ياشاۋاتىدۇ. ياشىغاندىمۇ، بۇ ئىككى يۇرتنىڭ كاتتا بايلىرى بولۇپ ياشاۋاتىدۇ. باشقا

يۇرتلاردا بولسا ياشىغان تەقدىردىمۇ زىنھار باش كۆتۈرگىلى قويمايدۇ. بۇ كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان ھەقىقەت.

بىز يېزا باشلىقى دىلشاتنىڭ كاتتا ئايۋان سارايلىق ئۆيىدە يۇرت چوڭلىرى ۋە ئابدۇرېھىم قاسىم ئاكا قاتارلىقلار بىلەن ھەمداستىخان بولۇپ، كېچىچە مۇڭدىشىپ يېتىپ قالدۇق.

— شۇنداق قىلىپ، ساقچى تۇتالمىغان ئوبۇلھەسەن گاداي ئەمدىلىكتە ئوبۇلھەسەنباي بولۇپ ئۆز ئايىغىم بىلەن يەنە يۇرتۇمغا كەلدىم، دەڭ.

— ۋاي، قىزىق ئىش ئەمدى يادىمغا كەلدى. شۇ قېتىمدا يۇرتتىن 13 ئادەم قېچىپ چىقىپتىكەن. ئۇ ساقچى ئۈچ ئاي قوغلاپ يۈرۈپ ئۈرۈمچىدىن ئىككىلا كۆزى ئەما بىرىنى ئاران تۇتۇپ ئاندىن قايتىپتۇ.

— ھا ـ ھا ـ ھا.

— ئۇنىمۇ قانداق تۇتۇپتۇ دېمەمسىلەر. بۇ ئەما بىچارە ئۇيان ئۇسۇپ، بۇيان دوقۇرۇپ ئاخىر ئۈرۈمچىدىكى بىر تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە چۈشكەنىكەن، تۇغقانلىرى مەسلىھەتلىشىپ ئۇنىڭ يۇرتقا قايتىپ شۇ يەردە جاھاندارچىلىق قىلىشىنى مۇۋاپىق تېپىپتۇ، ئۇنى قانداق يولغا سېلىشقا باش قاتۇرۇۋاتقاندا نەق ھېلىقى ساقچى ئىزدەپ ـ سوراپ كەپقاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ساقچىغا قوشۇپ قويۇپتۇ.

— يائاللا ئاتۇشلۇق، شىنجاڭنىڭ ھەممە ئادىمى بىر ـ بىرىنى تۇتۇپ بېرىدىغان بولۇپ كەتكەن شۇ يىللاردا بىر ئەما ئادىمىڭنىمۇ تۇتقىلى بولمىسا، سەن خەقنىڭ ساقلىرىڭنى تۇتالماسلىقى ھەقكەن ـ دە، — دېدى غەيرەت.

ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن مەھەللە يولىغا چىقتۇق. پۈتۈن

يۇرت بايرام تۇسىگە كىرگەن بولۇپ، يول - يوللار سۇپۇرۇلۇپ، سۇ سېپىلگەنىدى. يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان مەكتەپ قورۇسىدا رەڭگارەڭ زىننەت بايراقلىرى لەپىلدەپ تۇراتتى. ھېيت - بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىشكەن توپ - توپ ئەر - ئاياللار يىراق - يىراق سەھرا يوللىرىدىن مەكتەپ تەرەپكە قاراپ ئاقماقتا ئىدى. «زامانى ئاخىر بولغاندا كىمنىڭ گېپىنى قىلسا، شۇ پەيدا بولىدۇ» دېگەندەك، ئەتىگەندىلا تۇنجى ئۇچراشقان ئادىمىمىز بىز تاڭ ئاتقۇچە گېپىنى قىلىپ چىققان ھېلىقى ئىككى كىشى (كېچىسى ئۇخلىمايدىغان ئادەم بىلەن ساقچى) بولدى. شۇ چاغدا سەل دۈمچەيگەن بىر بوۋاي ھاسىغا تايىنىپ بىز تەرەپكە كېلىۋاتاتتى.

— تىوۋا قىلدىم خۇدايىم، ئۇ ئادەم ھېلىمۇ ھاياتكەن. مەن سىلەرگە ئاخشامدىن بېرى گېپىنى قىلىپ بەرگەن كېچىسى ئۇخلىمايدىغان ئادەم مۇشۇ، — دېدى ئوبۇلھەسەن مۇسابايوف. بىز بوۋايغا ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن سالام قىلدۇق. بوۋاي ھەر بىرىمىز بىلەن كۆرۈشكەندە كىرپىكسىز چوڭقۇر كۆكۈش كۆزلىرى بىلەن بىزنى تونۇۋېلىشقا تىرىشىپ سىنچىلاپ قارىدى. ئەمما تونۇيالماي گاڭگىراپ قالدى.

— ئاكا، مېنى تونۇدىڭىزمۇ؟

— ياق، تونۇيالمىدىم بالام، — دېدى بوۋاي غاراڭ - غۇرۇڭ، ئەمما كۈچلۈك ئاۋازى بىلەن.

— مەن ئابدۇلئەلابايىنىڭ ئوغلى ئوبۇلھەسەن بولىمەن. بوۋاي جانلىنىپ، كۆزلىرى تەبەسسۇم بىلەن نۇرلىنىپ كەتتى:

— ھە. . . ھە. . . سېنى بوۋاڭدەك باي بولۇپ كېتىپتۇ،

مەكتىپىمىزگە ياردەم قىلغىلى كەلدى، دېگەن. سىنى بىر كۆرۈۋالاي دېسەم، خۇدا ئەتىگەندە كۆرسەتتى. داداڭ، ئاناڭ ئوبدان تۇرامدۇ؟

— ئوبدان، سىزگە سالام ئېيتتى.

— رەھمەت، بالام. بوۋاڭدەك چىچەن ئادەم بولۇپسەن. ھېلىقى ئاخشىمى توۋلىسام ئۇندىمەي ئىشەكنىڭ دالدىسىغا مۆكۈۋېلىپ ئۆتۈپ كەتكەنتىڭ. «ھە» دېدىم، گەپ قىلمىدىم. كېيىن ھەممىسى كېلىپ مەندىن سورىدى. «كۆرمىدىم، ئۇلارنىڭ نەگە كەتكىنىنى مەن نەدىن بىلەي، ئۇلارنى قانچە نانغا ماڭا باققىلى بەرگەن؟» دېدىم، بالام.

— رەھمەت سىزگە. مەن شۇ چاغدا بەك قورققانتىم.

— ئۇ بىچارىلەر تۇتۇلۇپ قالسا، نېمە كۈنلەرنى كۆرەر، دەپ مەنمۇ بەك ئەنسىرىگەنتىم، بالام.

ئوبۇلھەسەن مۇسابايوف بوۋاي بىلەن خېلى ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن خوشلىشىپ، ھەممىيلەن مەكتەپكە ماڭدۇق. مەكتەپ قورۇسى ئوقۇغۇچىلار، دېھقانلار بىلەن لىق تولغان بولۇپ، مەكتەپ ئالدىدىكى يولدىمۇ ئادەملەر قىستىلىشىپ ئۆتۈشەتتى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئورمان بەلۋېغىغا قازانلار ئېسىلىپ، ھەرخىل ئۇيغۇر تائاملىرى پىشۇرۇلماقتا ئىدى. ئۇستۇن ئاتۇشتىكى 40 مىڭ نوپۇسنىڭ ھەممىسى بۇ يەرگە كۆچۈپ چىققاندەك كەلگەن، ئۇنىڭدىن باشقا پۇتكۈل ئاتۇش تەۋەسى ۋە قەشقەر، ئۇرۇمچىدىكى كۆپلىگەن ئاتۇشلۇق زىيالىيلار، تۆۋەن دەرىجىلىك مەمۇرىي ئەمەلدارلار، سودا - سانائەتچىلەر، دىنىي زاتلار، ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملارنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ كەلگەنىدى. مەكتەپ دەرۋازىسىغا كېلىشىمىزگە ئوبۇلھەسەن

مۇسابايوف:

— قاراڭلار، مېنى تۇتقىلى قوغلاپ چىققان كىشى، — دېدى.

ياشقا چوڭراق كەلگەن، قارا قوۋزاق، ساقچى فورمىسى كىيگەن بىر ئادەم قولىنى كەينىگە تۇتۇپ تەرتىپ ساقلاپ يۈرەتتى. ئۇ ئوبۇلھەسەن مۇسابايوفنى كۆرۈپ، ھىجايغىنىچە كۆرۈشكىلى قول سوزۇپ كەلدى.

— مانا ئاكا، ئەمدى تۇتۇۋالمىسىڭىزمۇ ئۆز ئايغىم بىلەن ئالدىڭىزغا كەلدىم. شۇ چاغدا ئاتايىن تۇتقىلى چىقمىغان بولسىڭىزمۇ بەربىر بۈگۈن كېلەتتىم ئەمەسما.

— تىنچ - ئامان كەپسىز، بۈگۈن سىزنى تۇتمايمىز، ئەزىز مېھمان دەپ كۈتىمىز. سىياسەت دېگەن شۇنداق نەرسىكەن. شۇ چاغدا: «ئۇلارنى نەدىن بولمىسۇن تۇتۇپ كېلىسەن، بولمىسا سېنىمۇ جازالايمىز» دېدى. شۇنىڭ بىلەن سىلەرنى تۇتقىلى چىقتىم. بۈگۈن: «ئوبۇلھەسەنباينى قاتتىق كۈتۈپ مېھمان قىلىسەن، بۇ يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى»، دېدى. خوپ، قولۇم كۆكسۈمدە» دېدىم. ساقچى دېگەن شۇ.

— ھۆكۈمەت سىلەرنى شۇڭا باقىدۇ - دە.

— ھەببەللى، تازا جايىدا گەپ قىلدىڭىز، — دېدى ساقچى كۆڭلى ئىزىغا چۈشكەندەك بولۇپ.

بىز ساقچى بىلەن خوشلىشىپ سەل ماڭغاندىن كېيىن ئوبۇلھەسەن مۇسابايوف ئارقىسىغا بىر قاراپ قويۇپ:

— ئەجەبمۇ يۈزى قېلىن بولىدىكەن بۇ خەقنىڭ. ئۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ يۈزۈم قىزىرىپ كەتتى، — دېدى.

— بۇ ساقچى تۇتۇپ كەلگەن ھېلىقى ئەما بىچارىنى

كۆرسەك بولاتتى،— دېدىم.

—ۋاي، ئۇنىڭ گېپىنى قىلماڭ. ئۇ ئەما قاچقانلارنىڭ ھەممىسىدىن يامان چىقتى. يۇرتقا ئەكېلىپ بولغۇچە تۇرماي يەنە قېچىپ زادىلا تۇتتۇق بەرمىدى. ئاڭلىساق، كېيىن سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئولتۇراقلىشىپتىمىش. ھازىر ئۇ ئادەمنىڭ ھال ـ كۈنىنى ھەممىدىن ياخشى، دەيدۇ.

— ساقلىرىڭىزدىن قارىغۇلىرىڭ يامانمۇ نېمە ھوي سەن خەقنىڭ. ئىككى كۆزى ساق بولغان بولسا، «سىركە سانقىلى ئايغا چىققان ئاتۇشلۇق» دېگەن لەتىپەڭلەر بويىچە، گاگارىن بىلەن ئايدا كۆرۈشىدىغىنى شۇ بولاركەنتۇق،— دېدى غەيرەت. ھەممەيلەن ئۆزىمىزنى تۇتۇۋالالماي پاراقلاپ كۈلۈشتۇق.

شۇ ئەسنادا يۇرت ئەھلـــى ئوبۇلھەسەن مۇسابايوفنـــى ئورنۇېلىپ قىزغىن كۆرۈشۈپ كەتتى. بۇ يەردە بىز ئۇيغۇر جەمئىيىتى شۇنداق بىر رېئاللىقنى سەممىيلىك بىلەن ئېتىراپ قىلىشىمىز زۆرۈركى، ئەگەر بىزنىڭ باشقا ئۇيغۇر يۇرتلىرىدا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مائارىپ ھەرىكىتى يىغىنى بولسا، پۈتكۈل يۇرتتىكى قېرى ـ ياش، ئەر ـ ئايال، بالا ـ چاقا ھەممىسى يۇرت ھالىتىدە ئۆزلۈكىدىن قومۇرۇلۇپ كېلىشى ناتايىـــن. ئەگەر كېلىدۇ، دېيىشكە توغرا كەلسە، يەرلىك كادىرلارنىڭ كۈچلۈك بېسىمى بىلەن كېلىدۇ. بولمىـــسا ئۆزى خالاپ كېلىدىغانلىرى يېرىمىغىمۇ يەتمەيدۇ. پەقەت ئۇستۇن ئاتۇش خەلقىلا خۇددى يۇرتقا قارا كەلگۈن بېسىپ كېلىپ، ھەممە ئادەم ئۆيلىرىنى تاشلاپ مۇشۇ ئېگىز دۆڭنى پاناھ تارتىپ قېچىپ كەلگەنگە ئوخشاش ۋە ياكى ھەسەل ھەرىلىرى تەرەپ ـ تەرەپتىن ئۆز ئۇۋىسىغا قايتقاندەك، بۇ يىغىلىشقا مىغىلداپ كەلگەنىدى.

مانا بۇ ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ تۇنجى تەۋەللۇتىغا ئۆز زېمىنىدىن ئورۇن بەرگەن ۋە ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپىنىڭ ئانا تۇپرىقــى بولۇش شەرىپىــگە ئېرىشكەن مەرىپەتپەرۋەر ئۇســتۇن ئاتۇش خەلقىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىدى. مانا بۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ھاكىمىيەت، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىــيەت ـ مائارىپ، سودا ـ سانائەت، مالىيە ـ ئىقتىساد ساھەلىرىدە تەقدىر بەلگىلىگۈچىلىك رول ئويناۋاتقانلارنىڭ زور كۆپچىلىكىنىــڭ ئاتۇشلۇق بولۇشىدىكى، جۇملىدىن چەت ئەللەردىمۇ ئاتۇشلۇق بايلار، زىيالىيلار، سودا ـ سانائەتچىلەر، سىياسىيئونلارنىڭ « ئۇيغۇرلارنىڭ يەھۇدىيلىرى» دەپ ئاتىلىشىدىكى سىر ئىدى.

ئەينى چاغدا، يەنى بۇنىڭدىن 110 يىل بۇرۇن پۇتكۇل ئۇيغۇر جەمئىيىتى يۇرتىغا يېڭىچە مائارىپنى ئەكىرىش تۇگۇل ئېڭىغىمۇ سىغدۇرالمايدىغان جاھىلىيەت دەۋرىدە تۇرۇۋاتقاندا، ئاتۇش خەلقى يەر شارىدىكى بارلىق ئىلغار ئەللەرنىڭ يېڭىچە مائارىپ ئىنقىلابى ئارقىلــىق سانائەت ئىــنقىلابىغا ئېرىشكەنلىكىدىن ئىبارەت تەرەققىيات يولىنى كۆرەلىگەن ھەم ھاۋاسى ساپ، بوستانلىق، ئەمما ئالىقانچىلىك تۇپرىقىدا ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپ ھەرىكىتىنى باشلاپ، قارىيخانىلاردا يۇكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ قارىسىغا كىتاب يادلاپ، دۇمچەك بولۇپ كەتكەن بالىلىرىنى تىك ئولتۇرۇپ، كۆزىنــى چوڭ ئېچىپ، دۇنيانى ئۆگىنىدىغان ئازادە سىنىپلارغا ئەكىــرىپ بەرگەنىدى. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ بىر يېگانە نۇرلۇق مەشئەل جەنۇبىي تەڭرىتاغ باغرىدىكى ئۇستۇن ئاتۇش تۆپىلىكىــدىن زۇلمەت قاراڭغۇلۇقىدا ھالسىراپ ياتقان ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ئۈمىد يۇلتۇزى بولۇپ چاقنىغانىدى.

بىز دېڭىز دولقۇنىدەك دەۋرەپ تۇرغان خەلق توپى ئارىسىدا مەكتەپنى ئايلاندۇق.

— مانا بۇ مەكتەپ مۇنچىسىنىڭ ئورنى، — دەپ تونۇشتۇردى ئوبۇلھەسەن مۇسابايوف مەكتەپنىڭ غەربىي جەنۇبىي تەرىپىنى كۆرسىتىپ.

بىز بۇيەردە ئارتۇقچە گەپ ـ سۆز قىلماي باش لىڭشىتىپ ئۆتۈپ كەتتۇق. ئەمما، بىزنى ئويلاندۇرغان ئاچچىق ھەقىقەت شۇ بولدىكى، ياۋروپا سانائەت ئىنقىلابىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ھۈسەنباي، باھاۋۇدۇنبايلارغۇ بۇنىڭدىن 110 يىل بۇرۇنلا ئۆزلىرى قۇرغان بۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تازىلىقىنى ئەتراپلىق ئويلىشىپ تاش مۇنچا سېلىپتىكەن. ئەپسۇسكى، ئارىدىن 110 يىل ئۆتۈپ سانائەت ئىنقىلابى ۋە ئېلېكترون ـ ئۇچۇر دەۋرىنى چالا ـ بۇلا كۆرگەن ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ شەھەر خاھى سەھرادىكى باشلانغۇچ ياكى ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە مۇنچا بارمۇ، دەپ سوراش توغرا كەلسە، مەدەنىيەتلىك سانىلىپ كەلگەن ئۇلۇغلىرىمىزدىن تارتىپ ئاۋام پۇقراغىچە كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇرماي ئامالى يوق، ھەتتا مۇنچىغۇ تۇرۇپ تۇرسۇن، تۇزۇكرەك ھاجەتخانىمۇ بارمۇ، يوق؟ دېگەن سوئالغا دۇدۇقلىماي جاۋاب بېرەلىشىمىزمۇ تەس. چۈنكى مەكتەپ ئەتراپىدىكى يامراپ كەتكەن پوق ـ سۈيدۈكلەر بۇ سوئالغا بېرىلگەن ئوبدان جاۋابتۇر. بۇ يەردە شۇنىمۇ قىستۇرۇپ ئۆتۈش زۆرۈر بولۇپ قالدىكى، ئۇيغۇر جەمئىيىتى گېلىغا تولىمۇ ئامراق جەمئىيەت، ئەمما تاماق يەيدىغان يەر ۋە چىقىرىدىغان يەر بىلەن ئانچە كارى يوق. ئادەملىرىمىزنىڭ ئېغىزى تاماقتىن بۇرۇن ۋە كېيىن تۇزۇك يۇيۇپ

تازىلانمىغانلىقتىن، ئۇنىڭدىن ھاجەتخانا پۇرىقى كېلىپ تۇرىدۇ. چىشلىرى كونا ساماندا ھەلەپ چىلىنغان سېۋەتتەك سېرىق ھەم قارا داغلار بىلەن تولغان. ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئاشخانا ئىچىشقا شۇقەدەر ئامراق، بىزدە نېمە تولا، ئاشخانا تولا، ئەمما ھەممە ئۇيغۇر خۇددى يەپ چىقارمايدىغاندەك، ھاجاتخانا سېلىش بىلەن خۇشى يوق. يەيدىغان يەرنىڭ تولىلىقىدىن ئادەملەر بەزىدە نېمە يېيىشىنى بىلمەي گاڭگىراپ قالىدۇ، ئەمما يەپ ئۇزاق ئۆتمەيلا چىقىرىدىغان يەر تاپالماي ئۇيان يۈگرەپ، بۇيان يۈگرەپ بېقىپ، بولمىغاندا شۇ ئەتراپقىلا چىقىرىۋېتىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ھەرقانداق گۈزەل شەھەر ياكى بازىرى بولسۇن، ئاشخانىسىدىن 50 قەدەم نېرىسىدىلا پوق ـ سۈيدۈكلەر يامراپ تۇرىدۇ. مانا بۇ مەنزىرىمۇ، ئەسلىدە بىر ئوبدان باشلىنىپ، ئۇنى داۋام قىلدۇرغۇچىلار بارغانچە ئۆزىنى تاشلىۋەتكەنلىكتىن بۇزۇلغان يېڭىچە مائارىپ ۋە ھازىرقى تەربىيىلىنىشىمىزدىن بىر مەسخىرىلىك كۆرۈنۈش!

بىز ئەجدادلىرىمىز بىر ئوبدان يول ئېچىپ باشلاپ بەرگەن يېڭىچە مائارىپىمىزنى چىن مەنىسى بىلەن داۋاملاشتۇرۇشنىڭ ئورنىغا بارا ـ بارا ئۆز ـ ئۆزىمىزنى ئالداش، ساختا تەربىيىلىنىش يولىغا مېڭىۋېدۇق، خۇي ـ پەيلىمىز ۋە نىيەت ـ ئەپئالىمىزغا بېقىپ تارتقۇلۇقىمىزنى تارتىۋاتىمىز. شۇ ھەقىقەت ئايانكى، ئەگەر باغقا كۆيۈنۈپ ئوبدان پەرۋىش قىلىنسا، مېۋىلەر ھوسۇللۇق ۋە تەملىك بولىدۇ، مېۋىلەرنى ھەممە ئادەم تالىشىپ: «جەننەتنىڭ نېمىتى» دەپ تامشىپ تۇرۇپ يەيدۇ، ئەمما بىزنىڭ باغلارغا قىلغان پەرۋىشىمىزدە گەپ چىرايلىق، ئىش يۈزىدە كۆچەتلەرگە بولغانغان زەھەرلىك سۇ،

راست ئوغۇت ئورنىغا زىيادە خىمىيە ئوغۇت بېرىۋەندۇق، باغدىن چىققىنى تېشى چىرايلىق، يوغان، يېسە لاۋزا، ئىچى سېسىق مېۋىلەر بولدى؛ شاپتۇللىرىمىز قۇرت، يېلىم قايناپ تۇرىدىغان يېگۈسىز نەرسىگە ئايلاندى. دېمەك، بىز بېغىمىزغا قانداق پەرۋىش قىلساق، بېغىمىز شۇنىڭغا لايىق ھوسۇل بەردى. قېنى، سەمىمىيلىك بىلەن، بالىلىرىمىزغا قىلغان پەرۋىشىمىز ۋە ئۇلارنىڭ تەربىيىلىنىشىگە بىر قاراپ باقايلى، ئۇلار زادى قانچىلىك كېرەكلىك ئادەم بولۇپ چىقتى؟ بېغىمىزدىن چىققان ئون تال مېۋىنىڭ ئۈچ ـ تۆتى ئوبدان پىشىپ، ئۇنى خاتىرجەم يېگىلى بولسا، قالغىنى قۇرت، ئىچى سېسىق بولغاچقا، ئامالسىز تاشلىۋەتكەنگە ئوخشاش، بالىلىرىمىزنىڭ كارغا كېلىدىغىنى ئاز، يارىماسلىرى كۆپ بولماقتا. ئاز بولمىغان پەرزەنتلىرىمىز ئىچىملىك ـ چېكىملىك، ئەيش ـ ئىشرەت، كەيپى ـ ساپاغا بېرىلگەن؛ بەزىلىرى زەھەرلىك چېكىملىك، ئوغرىلىق، قىماردىن خالىي ئەمەس. بالىلارنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشى ھەققىدە گەپ بولغاندا بەزى ئادەملەر تېخى: «بۈگۈنكى ياشلارنىڭ كاللىسى سۇلياۋدىن، خىمىيە ئوغۇت يېگەچكە ئىشلىمەيدۇ» دەپ ئۇلارنى نومۇسسىزلارچە كەمسىتىدۇ. ئۇ بالىلار بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقاندا، خىمىيە ئوغۇتنى ئۆزى يېدىمۇ ياكى ئاتا ـ ئانا بولغۇچى سەن يېگۈزدىڭمۇ؟ ئىش ئادەمگە بېقىپ بولىدۇ، بالا تەربىيىگە. ھەرگىز ئاتىنىڭ تايچىقى تەخەي، ئېشەكنىڭ تەخىيى تايچاق بولمايدۇ. ئەگەر ئېشەك بىلەن قانداشلىقى بولمىسىمۇ جۈپلەشكەن بولسا، بۇ ئىككى جاندارنىڭ بالىسى تەخەيگىمۇ، تايچاققىمۇ ئوخشىمايدىغان ھايۋان — خېچىر بولىدۇ. ئۇ بەزىدە ئاتتەك كىشنىمەك بولىدۇ، كىشنىيەلمەيدۇ،

ئىشەكتەك ھاڭرىماق بولىدۇ، ھاڭرىيالمايدۇ. ئادەملەر ئۇنى ھەم ئىشەك ئورنىدا، ھەم ئات ئورنىدا تازا ئىشلىتىدۇ. ئۇ ئەسلىدە خۇدا خالىمىغان ھارام قوشۇلمىدىن تۆرەلگەچكە، ئاللا ئۇنىڭ ئەۋلاد قالدۇرۇشتىن ئىبارەت تەبىئىي، مۇقەددەس ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قىلغان. بۇ يەردە گۇناھ كىمدە؟ خېچىردىمۇ ياكى ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن ئات بىلەن ئىشەكنى ئالداپ چېتىشتۇرۇپ، ئۇ ھايۋانلارنىڭ ئەۋلادىغا زىيانكەشلىك قىلغان ئادەمدىمۇ؟ ۋە ياكى تايچاق يا تەخەي بولۇپ تۇغۇلماق بولغان ئىككى مۇستەقىل جاننى سۇنئىي ھالدا بىر گەۋدە قىلىپ تۇغۇلۇشقا مەجبۇر قىلغان ئايغىر بىلەن مىدىدىمۇ، ھاڭگا بىلەن بايتالدىمۇ؟

بىزنىڭ خەنزۇ قوشنىلىرىمىزنىڭ بالا تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى ئازراقمۇ بولسا ئۇقتۇرمىغىنىمىز بىزدىكى بىر كالۋالىق. ئۇلار دائىم باشلانغۇچ مەكتەپ دەرۋازىسىدا بالىلىرىنى ساقلايدۇ، چۈنكى بۇ چاغ بالىلارنىڭ خۇددى تۇخۇمدىن يېڭى چىققان چۈجىدەك مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارى تېخى يېتىلمىگەن، نېمىنى كۆرسە ئاق ـ قارىنى پەرق ئەتمەي يۇقتۇرۇۋالىدىغان، تۇرمۇشتا ئۆز ھاجىتىدىن چىقالمايدىغان، قاياققا باشلىسا شۇ ياققا ماڭىدىغان، يېتەكلەشكە تولىمۇ موھتاج ۋاقتى. شۇڭا، خەنزۇلار ئىشنى باشلانغۇچ مەكتەپتىن باشلاپ، ئەستايىدىل ھالدا بالىلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ. ئەمما، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپ دەرۋازىلىرىدا ئۇلارنى كۆرگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، بالا تەربىيىلىنىش يولىغا كىرىپ بولدى، ئەمدى ئائىلە بىلەن مەكتەپنىڭ بىر ـ بىرىگە ماسلىشىشى بىلەن ئۆز يولىنى ئوبدان داۋام قىلدۇرىدۇ ـ دە. بىزدە بولسا باشلانغۇچ،

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەر دەرۋازىسىدا ئاتا ـ ئانىلار يوق دېيەرلىك، ئۇلار مەكتەپ ئىگە، دەپ چۆچۈرىدەك بالىلارنى مەكتەپكە تاشلاپ بېرىدۇ. كىچىك ۋاقتىدا مۇستەقىل ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇر بالىلىرى چوڭ بولۇپ تولۇق ئوتتۇرا، بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپلەرگە چىققاندا بارا ـ بارا مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارىدىن قېلىپ، ئاتا ـ ئانىسىغا يۆلىنىشكە باشلايدۇ. نەتىجىدە بالا خاپىلىقىدا سالپايغان، جىددىيلەشكەن ئۇيغۇر ئاتا ـ ئانىلار ئوتتۇرا، ئالىي مەكتەپلەرگە تولا قاتىراپ، خوجا خامىنى قىلىشىۋېتىدۇ. باشتا مېڭىشقا ئېرىنىپ، كېيىن دوم چۇشكۈچە يۈگرەيدۇ. بۇمۇ بىزنىڭ هازىرقى بالا تەربىيىلىشىمىزدىن بىر كۆرۈنۈش!

خوش، يەنە ئۆز گېپىمىزنى ئېكساقتىن داۋاملاشتۇرساق، ئۇلۇغ يېڭىچە مائارىپ ئىنقىلابىنىڭ ئاتىسى، سۆيۈملۈك ئەجدادىمىز هۈسەن مۇسابايوف، باهاۋۇدۇن مۇسابايوفلارنىڭ هەيكىلىنىڭ يوپۇقى دېڭىز دولقۇنىدەك دەۋرەپ تۇرغان خەلقنىڭ گۈلدۈراس ئالقىشى، شادىيانە ناغرا ـ سۇنايلار ساداسى ئىچىدە ئېچىلدى. ئادەمنى ئويلاندۇرىدىغىنى، بۇ تەڭداشسىز خاسىيەتلىك ئۇلۇغ مەركىگە مىڭلىغان ئاۋام خەلق — دېهقانلار، هۈنەرۋەن ـ كاسىپلار بىلەن شىنجاڭنىڭ هەر قايسى جايلىرىدىن مائارىپچىلار، زىيالىيلار، مەرىپەتپەرۋەر سودا ـ سانائەتچىلەر، تىجارەتچىلەر كەلگەن، ئەمما بىرمۇ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ناهىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك باشلىق قەدەم تەشرىپ قىلمىغانىدى. خەلق ئىچىدە بۇ ئىش توغرۇلۇق غۇلغۇلا بولدى. رەهبەرلەرنىڭ مۇنداق ئىشلارغا چولىسى تەگمىگەنلىكى خۇددى بالىلىرىنىڭ ئوقۇش ئەهۋالىنى بىلىشكە ۋاقتى چىقمىغاندەك بىر ئىش ئىدى.

«ناخشا ـ ئۇسسۇل كۆرۈپ تېلېۋىزورۇردا چىقىدىغان ياكى شىركەتلەرنىڭ قۇرۇلۇش، سودا ـ ساراي، دۇكانلارنىڭ ئېچىلىش مۇراسىملىرى بولغان بولسا، باشلىقلار چوقۇم كېلەتتى» دېدى ئۆزاق يىل يېزىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ دېھقان سىياق بولۇپ كەتكەن بىر پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى. «دۇكان، مېھمانخانا ئاچقان، شىركەت قۇرغان، ناخشا ـ ئۇسسۇل قايىنىغان يەردىن باشلىقلار ھۇزۇرلىنالايدۇ، ئەمما مەكتەپتە باشلىقلار ھۇزۇرلانغۇدەك ئىش يوق. دەرد ـ ھەسرەت، باش ئاغرىقى بار» دېدى يەنە بىر باي تىجارەتچى.

شۇنداق قىلىپ، باشلىقلار بولمىسىمۇ، يۇپۇقنىڭ بىر پېشىنى ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايوفلارنىڭ ئوبۇلھەسەن مۇسابايوف باشلىق 20 نەچچە نەۋرە ـ چەۋرىسى، يەنە بىر پېشىنى ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە يېتىشىپ چىققان تۇنجى ئەۋلاد بىئولوگىيە ئالىمى، شىنجاڭنىڭ تەبىئىي پەن ئىشلىرىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان يۇقىرى قاتلام ئىلىم ـ پەن تەشكىلاتچىسى، يېڭىچە مائارىپ بۆشۈكىمىز ئېكساق ئۇيغۇرلارغا تەقدىم قىلغان ئىلىم ـ پەن پېشۋايىمىز ئابباس بۇرھان، داڭلىق يۇقىرى قاتلام مائارىپ تەشكىلاتچىسى ئابدۇرېھىم قاسىم ئاكىلار، شۇنداقلا پېشقەدەم مائارىپچىلار، ئاتاقلىق زىيالىيلار، جامائەت ئەربابلىرى، يۇرت ئاقساقاللىرى تۇتۇپ قولمۇقول ئاچتى. ناغرا ـ سۇناي ساداسى بىلەن، نوھ ئەلەيھىسسالامغا توپان بالاسىدىن كېيىن ھاياتلىقنىڭ باشلانغانلىقى خەۋىرىنى ئېلىپ كەلگەن ئۇلۇغ كەپتەرلەر كۆككە كۆتۈرۈلدى. بۇ داغدۇغىلىق ئېچىلىش مۇراسىمىدا ئاتاقلىق مائارىپچىلار سۆز ئېلىپ، ئۇيغۇر يېڭى زامان مائارىپ ئىنقىلابىنىڭ بېسىپ

ئۆتكەن شانلىق، ئەمما ئەگرى ـ توقاي، مۇشكۇل مۇساپىسى، ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپىنىڭ ئاساسچىلىرى ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايوفلارنىڭ ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىكى شانلىق تۆھپىسى، يېڭىچە مائارىپ ئۈچۈن ئېلىپ بارغان جاپالىق كۈرەشلىرى، چەككەن رىيازەت، بەرگەن قۇربانلىرى، تۆلىگەن بەدەللىرى ئۈستىدە تەسىرلىك بايانلار بىلەن نۇتۇقلار سۆزلىدى. شۇ قاتاردا ئوبۇلھەسەن مۇسابايوف بۈگۈنكى كاتتا يىغىلىشقا قاتناشقان ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا ۋاكالىتەن سۆز ئېلىپ، ئۆز تەسىراتىنى مۇنداق يىغىنچاقلىدى:

— . . . راستىنى ئېيتقاندا، يۇرتۇمغا ۋە يۇرتداشلىرىمغا بولغان قاراشلىرىمدا نۇرغۇن مۇجمەللىك ۋە قورساقتا يېشىلمەي كەلگەن تۈگۈنلەر بار ئىدى. بۈگۈن مەن بوۋاملارنىڭ نېمە ئۈچۈن تۇنجى يېڭىچە مەكتەپنى مۇشۇ يەرگە قۇرغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى، ئۇلارنىڭ ماڭا قارىغاندا كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنىڭ كۆپلۈكى، تولىمۇ ئەقىللىقلىقىنى بىلدىم ۋە چۈشەندىم. ئۆز ۋاقتىدا ئېكساق خەلقى قوللىمىغان بولسا، بوۋاملارنىڭ يېڭىچە مائارىپ ئىنقىلابىمۇ، تارىختا بىر ئوبدان باشلىنىپ ئاخىر مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشقان نۇرغۇن خەيرلىك ئىشلارغا ئوخشاش پاجىئەلىك ئاياغلاشقان بولاتتى. بوۋىلىرىمىزنى قوللاپ ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپىغا بۆشۈك بولغان، ئۆسۈپ يېتىلىشىگە زېمىن بەرگەن ئېكساق خەلقىگە رەھمەت. تاپقان پۇلۇمغا قارىغاندا قىلغان ياردىمىمنىڭ تولىمۇ ئازلىقىنى مۇشۇ مىنۇتلاردا چوڭقۇر ھېس قىلىۋاتىمەن. بوۋىلىرىم ئۇل سالغان مائارىپىمىزنى مەن بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق قوللاپ تۇرىمەن. چۈنكى تومۇرۇمدا ئېقىۋاتقىنىنى يەنىلا بوۋام

باھاۋۇدۇنباينىڭ قىنى . . .

پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئوبۇلھەسەن مۇسابايوفنىڭ نۇتقىنى ئاڭلاۋاتقان خالايىق قىيان كۆتۈرۈلگەندەك ئۇزاققىچە دەۋرەپ ئالقىش ياڭراتتى.

پۈتكۈل ئۇستۇن ئاتۇشنىڭ سەھرا ـ يېزىلىرىدىن دەۋرەپ كەلگەن مىڭلىغان دېھقانلار، ئۇيغۇرلارنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىدىن زامانىمىزغىچە تەۋەررۈك قالغان كلاسسىك مودا كىيىمى بولغان قارا تون، قارا كۆرپە تۇماق كىيگەن، قارا بەلۋاغ باغلىغان بوۋايلار، قارا كەمچەت، قارا تون كىيىپ، ئاق لىچەك ئارتقان ئاياللار يوپۇق ئېچىش مۇراسىمىدىن كېيىن سەپ ـ سەپ بولۇپ، ھەيۋەتلىك، جەڭگىۋار مۇزىكا ساداسى ئىچىدە پاراتتىن ئۆتۈشكە باشلىغاندا مۇنبەردىكىلەر ۋە مۇراسىم ئەھلى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ھاياجاندىن گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراتتى. رەتلىك، زەبەردەس، ماس قەدەمدە كېتىۋاتقان، ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن سەپ تۈزگەن دېھقانلار سېپى ئۇستۇن ئاتۇشنىڭ دېھقانلىرى ئەمەس، خۇددى قاراخانىيلارنىڭ پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيانى لەرزىگە سالغان ھەربىي قوشۇنىدەك كۆرۈنۈپ، ھاياجاندىن چىشلىرىم كىرىشىپ، كۆزلىرىمدىن ياش قۇيۇلدى. قاچانلا قارىسا، بەل تولغاپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ كۆرۈنۈشىگە كۆنۈپ، روھى چۈشۈپ كەتكەن كۆزلەر بۇنداق جەڭگىۋار قىياپەتنى كۆرسە، ھەقىقەتەنمۇ تومۇردا قانلىرى قايناپ، روھى ئۇرغۇيدىكەن. ئەتراپىمدىكىلەرنىڭ ماڭا ئوخشاشلا قاتتىق ھاياجانلانغانلىقىنى كۆردۈم. شۇ تاپتا كۆزلەردە ياش، يۈرەكتە ئىپتىخار . . .

*　　*　　*

ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپىنىڭ 110 يىللىق خاتىرە مەرىكىسى ئەنە شۇنداق تاماملاندى. ئەمما، ئۇلۇغ ئەجدادىمىز ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايوفلار ھەققىدىكى گەپلىرىمىز تېخى تۈگىمىدى.

ئۇلار باشلىغان يېڭىچە مائارىپنىڭ مەقسىتى — ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىدە قالغان مىللىتىمىزنى نادانلىقتىن قۇتقۇزۇش بولۇپ، بۇنىڭغا باھاۋۇدۇنباينىڭ ياۋروپادا كۆرگەن ـ بىلگەنلىرى سەۋەب بولغانىدى. ئۇ شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىن ھەر خىل يۇڭ ـ تېرىلەرنى غەربىي ياۋروپا، بولۇپمۇ گېرمانىيە، ئىتالىيىلەرگە ئېلىپ بارغاندىن كېيىن ئۇ ئەللەردىكى سودا ـ سانائەتچىلەر، بانكىرلار، ھەتتا سىياسىي ساھەدىكى ئەربابلار بىلەن كەڭ ـ كۆلەملىك ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى؛ ئۇلار بىلەن ئىقتىساد، سودا، پۇل ـ مۇئامىلە، سىياسىي ئىشلار توغرىسىدا ئۇنۇملۇك سۆھبەتلەرنى ئېلىپ باردى. زاۋۇت، كان ـ كارخانا، چارۋىچىلىق فېرمىلىرى ۋە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا زىيارەتتە بولۇپ ئەتراپلىق، چوڭقۇر، تەكرار تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى؛ ئىشچىلار، دېھقانلار، زىيالىيلار بىلەن كەڭ ـ كۆشادە ئۇچرىشىپ ئۇلار بىلەن سىرداشتى. نەچچە قېتىملىق ياۋروپا سەپىرى باھاۋۇدۇنباينىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. ئۇ بۇ ئەللەرنىڭ ئىلغارلىقىنى، ئۆز يۇرتىدىن كۆپ تەرەققىي قىلىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى؛ ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر جاھىلىيەت ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىنى قاتتىق ئەپسۇسلۇق ئىچىدە چۈشەندى. ئۇنىڭ گېرمانىيە، ئىتالىيىلەردە

سودا ـ تىجارەت بىلەن تونۇلغان مەزگىلى ياۋروپا سانائەت ئىنقىلابى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈپ، پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكى سانائەتلىشىۋاتقان، خەلق نادانلىق، خۇراپاتلىقتىن قۇتۇلۇپ، تەرەققىيات ۋە ئەقلىيلىق دەۋرىگە كىرىۋاتقان ۋاقىتلار ئىدى. باھاۋۇدۇنباي رەين دەريا بويىدا تولكە جوۋىسىنى سېلىپ، بېشىدىكى سەرپۇش تومىقىنى يېنىغا ئېلىپ قويۇپ چوڭقۇر خىيالغا پاتتى: ئۇلار ئۇلۇغ بوۋىسىدىن تارتىپ پۈتكۈل ئالتە شەھەرنىڭ پاختا، يۇڭ، تىۋىت، تېرە، ئاشلىق بازارلىرىنى تولۇق ئىلكىگە ئالدى. كېيىنچە سودا ـ تىجارىتىنى ئىلى ۋادىسىغىچە كېڭەيتىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىدىن شىمالىي يايلاقلىرىغىچە سودا ـ ساراي، كارۋان ساراي، ئايۋان سارايلارنى قۇردى؛ پۈتكۈل شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق ۋە پاختا مەھسۇلاتلىرى سودىسىنى مونوپول قىلىپ، مۇسابايوفلارنىڭ يىرىك ئىقتىسادىي خام ئەشيا گەۋدىسىنى قۇردى. بارا ـ بارا ئۇلارنىڭ سودا كارۋانلىرى چاررۇسىيە مۇستەملىكىسىدىكى پايانسىز قازاق ـ قىپچاق دالىسى، پەرغانە ۋادىلىرىغىچە يۈرۈش قىلىپ، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ چارۋا، پاختا سودىسىنىڭمۇ خوجىسىغا ئايلاندى. ئۇلارنىڭ قولىدىن چىققان خام ئەشيالار بىلەن رۇسىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيىدىكى نۇرغۇن زاۋۇت ـ كارخانىلار تېز كېڭىيىپ، ئۆلۈكتەك سوزۇلۇپ ياتقان داللاردا چوڭ سانائەت شەھەرلىرى قۇرۇلدى. دېمەك، مۇسابايوفلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يايلاق، پاختىزارلىقلىرىدىن ئاپارغان ئەرزان باھالىق خام ئەشيا بىلەن ياۋروپالىقلار باي بولدى، ئەمما مۇسابايوفلار بۇرۇنقىدەكلا تېرىقچى، پاختىچى، خام مال سودىگىرى بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيامۇ، يۇرتىمۇ يەنىلا ۋەيرانە،

قالاق، نامرات ھالدا قېلىۋەردى. باھاۋۇدۇنباي دەسلەپ تېرە ئېلىپ بارغاندا، قورقماي 100 تېرىگە نەق پۇل سانىيالماي، تىترەپ تۇرىدىغان رىملىق سودىگەرلەر مانا ئەمدى چوڭ كارخانىچى، بانكىر، زاۋۇت خوجايىنلىرى بولۇپ، باھاۋۇدۇنباينىڭ تۈلكە جۇۋىسى بىلەن قاراخانىيچە قارا كۆرپە تۇمىقىنى كەمسىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ شلەپىسىنى داڭلايدىغان بولدى. ئەسلىدە ئۇلار بىر گاداي خەق ئەمەسمىدى؟! ئۇلار باھاۋۇدۇنبايدىن ئەرزان خام ئەشياغا نېسى ئېرىشىپ ئۇزاققا قالمايلا باھاۋۇدۇنباينى ياراتماسلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى. ئەسلىدە ئۇلارنى ھۆركۆرەتكەن ئىلىم - پەن بىلەن ئىلغار ھۇنەر - سانائەت ئىدى، يىغىچە مائارىپ بىلەن سانائەت ئىنقىلابى بۇ ياۋروپالىقلارنى بىز خەقتىن باي قىلىۋەتكەنىدى. شۇڭا ئۇلار باھاۋۇدۇنبايدەك تەڭداشسىز باي سودىگەرلەرنىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئەرزان خام ئەشيا ئەكېلىپ بېرىدىغان ھامماللىرىغا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى.

باھاۋۇدۇنباي دەسلەپ رىم كوچىلىرىدا كۆرگەن ئىشسىز - نامراتلارنىڭ ئەمدىلىكتە زاۋۇتلاردا ئۆزى ئەكەلگەن خام ئەشيالارنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان مەلىكىلىك ئىشچىلارغا ئايلانغانلىقىنى، بۇ ماكانسىزلارنىڭ ئازادە - يورۇق ئۆيلەردە ئولتۇرۇۋاتقىنىنى كۆرۈپ، شۇئان يۇرتىدىكى ئۆزىگە تېرە ئەكېلىدىغان مالچىلار، پاختا ئەكېلىدىغان دېھقانلار، ئىشسىزلىق، بىكارچىلىقتىن ئەسكى تاملارنىڭ تۈۋىدە ئاپتاپقا قاقلىنىپ، نەشە چېكىپ ئۇخلاپ، ئۆمرىنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈپ ئۆلۈپ تۈگەۋاتقان نامراتلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇ سىتسىلىيە ئارىلىدا ياۋروپا تارىخى ۋە دۇنيا تارىخىدىن دەرس

ئاڭلىدى، بىردىنلا كۆز ئالدىدا يېڭى بىر دۇنيا يورۇدى. ئۇ سەرپۇش تۇماق، تۇلكە جۇۋا، ئېغى تۇلۇمدەك ساڭگىلاپ تۇرىدىغان پاختىلىق تامبىلىنى سىلىۋېتىپ، يېنىدىن ئايرىمايدىغان ئالا خۇرجۇنى بىلەن پوملاپ ئاستا داۋالغۇپ تۇرغان دېڭىزغا تاشلىدى. دائىم قىردۇرۇپ، بۇددا راھىبلىرىدەك پارقىرىتىپ يۈرىدىغان بېشىغا چاچ قويدى. ھەمساتتىلا چورۇق، كاۋكاز ئۆتۈكى كىيىدىغان قاداق باسقان پۇتىغا شىبلىت، چەكمەن تون، بېغى ساڭگىلاپ تۇرىدىغان پاختىلىق تامبال ئورنىغا كاستۇم - بۇرۇلكا، سەرپۇش تۇماق ئورنىغا شلەپە كىيىپ، ئىتالىيە، گېرمانىيىلەردىكى ساياھىتىنى قايتا باشلىدى. ئۇنىڭ يارىشىملىق ساقال - بۇرۇتى، ئۆتكۈر، ئەقىل - پاراسەتلىك كۆزلىرى، شۇ چاغدا ياۋروپادا مودا بولغان ئالتۇن گەردىشلىك، ئالتۇن زەنجىرلىك كۆزەينىكى، ئاق پەلەي كىيگەن قولىدىكى زاكون تايىقى ئۇنى ھەقىقىي ياۋروپا گراف - تۆرىلىرىنىڭ سىياقىغا كىرگۈزدى. ئۇ زىيارەت قىلغانسېرى نەزەر دائىرىسى كېڭىيىپ، كۆڭۈل كۆزى ئېچىلىپ، يەنە نورۋېگىيە، شۋېيتسارىيە، شۋېتسىيىلەردە ئۇزاقتىن - ئۇزاق زىيارەت - ساياھەتتە بولدى. ئاساسلىقى يەسلى، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا، ئالىي مەكتەپلەر، سەنئەت سارايلىرى، تارىخىي مۇزېيلار، داۋالاش، پەن - تەتقىقات ئورۇنلىرى. . . نى زىيارەت قىلدى. زىيارىتى ئېچىلىگەنچە كۆز ئالدىدا يورۇغان يول تېخىمۇ داغداملاشتى. ئاخىر ئۇ شۇنداق قارارغا كەلدى: مىللەتنى جاھالەت - خۇراپات، نامراتلىق - قالاقلىقتىن قۇتقۇزۇش كېرەك. بۇنىڭ يولى —

سانائەتلىشىشتە. ئەمما، قارىيخانىدا ئوقۇغان مەندەك ۋە مېنىڭ بالىلىرىمدەك ئادەملەر بىلەن مىللەتنى سانائەتلەشتۇرگىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، كۆن چۈشمەيدىغان قارىيخانىلاردا كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ، مەنىسىنى چۈشەنمەي قارىسىغا سۈرە - ساۋاق يادلاۋاتقان تالىپلار، قىمارخانىلاردا تۆت ئوشۇقنى ئېتىپ يۈرگەن بالا قىمارۋازلار، ئەسكى تام تۈۋىدە خام نەشىنى تارتىپ كۈننى كەچ قىلىدىغان بىكار تەلەپ ياشلار، مالچى يېتىمەكلەر، داڭگاللىقتا تىمىسقىلاپ يەر تېرىۋاتقان بالىلارنى يورۇق - ئازادە سىنىپلارغا يىغىپ، ئۇلارغا ھازىر ياۋروپا مەكتەپلىرىدە ئۆتۈلۈۋاتقان ھېساب، تارىخ، ئەدەبىيات، جۇغراپىيە، فىزىكا، خىمىيە پەنلىرىنى ئۆتۈش كېرەك. ئۇلارنىڭ كۆزى ئېچىلسۇن. بۇنىڭدىن كېيىن بالىلىرىمىز باي بولسىمۇ يەنىلا تېرىچى، پاختىچى بولىۋەرمىسۇن. قەتئىي مەكتەپ ئاچىمەن. ھېلىغۇ ئاتا - بوۋامدىن تارتىپ يىغقان مال - دۇنيارىمكەن، ھەتتا جېنىم كەتسىمۇ مەكتەپ ئاچقىنىم ئاچقان! مەن مىللەتنى سانائەت ئارقىلىق، سانائەتنى مائارىپ ئارقىلىق قۇتقۇزىمەن. ئەمدى خام مالچىلىقتىن سانائەتكە كۆچىمەن. بىز ئون تەڭگىگە بەرگەن بىر تېرىنى بىر بوياپلا يەنە بىزگە 100 تەڭگىگە سېتىپ، ئون تېرىنىڭ پۇلىنى ئېلىۋالىدىغان پەرەڭلەرگە ئەمدى ھامال بولمايمەن. سەن قىلغان ئىشنى بىزمۇ قىلىپ باقايلى.

ئۇ شۇنداق نىيەت بىلەن يۇرتىغا قايتتى. ئاكسى ھەۋەسنىباي بىلەن ئۇزاق كېڭىشىپ، بۇ مەقسەتكە ئورتاق بەل باغلىدى. ئۇلار ئىشنى ئالدى بىلەن يۇرتى ئاتۇش — ئېكساقتا ئۇيغۇر تارىخىدىكى تۇنجى يېڭىچە پەننىي مەكتەپنى قۇرۇشتىن

باشلىدى. ئۇلار ئاچقان مەكتەپنىڭ سىنىپلىرى ئازادە، يورۇق، ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ياتاق، تاماقخانا، مۇنچا سېلىنغان، مەكتەپ فورمىسى تىكتۈرۈپ بېرىلگەن بولۇپ، بۇ ئەينى زامان ئۇيغۇر جەمئىيىتى ھەرگىزمۇ ئېرىشەلمەيدىغان مۆجىزىلىك ئىشلار ئىدى. ئاندىن ئۇلار ئۆز تۇپرىقىدا زامانىۋى سانائەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن گېرمانىيىدىن كۆن - خۇرۇم زاۋۇتى يۆتكەپ كەلگەندە، چار پادىشاھ بۇ زاۋۇتنى رۇسىيە تەۋەسىگە قۇرۇشنى قايتا - قايتا تەلەپ قىلدى. لېكىن ئۆز زېمىنىدا زامانىۋى سانائەت بەرپا قىلىپ، مىللەتنى سانائەتلەشتۈرۈش يولىغا باشلىغاندىلا ئاندىن ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق ئېڭىدىن ئازاد بولۇپ، ئۆزىنى تونۇغان يېڭىچە ئىنسان ئېڭى شەكىللىنىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئاددىي، ئەمما بۈيۈك ھەقىقەتنى چوڭقۇر چۈشەنگەن ۋە ئۇيغۇرلاردىن تۇنجى بولۇپ زامانىۋى دۇنياغا يۈزلەنگەن بۇ ئۇلۇغ ئەجدادىمىز چارپادىشاھنىڭ تەلىپىنى چىرايلىقچە رەت قىلىپ، مىڭبىر توسالغۇلارنى تاغارلاپ تىللا تۆكۈپ بىرىپ ئېچىپ، ئاخىر زاۋۇتنى ئۆز ئېلىدا قۇرۇش مەقسىتىگە يەتتى. ئېلىدا مۇشۇنداق زامانىۋى، يۇرۇشلەشكەن يىرىك كۆن - خۇرۇم زاۋۇتى قۇرۇلغان چاغدا تېخى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىمۇ مۇنداق زاۋۇت يوق ئىدى. يۇرتىمىزدا يېڭىچە مائارىپ بىلەن زامانىۋى سانائەتنى تۇنجى بولۇپ ۋۇجۇدقا چىقارغان بۇ ئۇلۇغلىرىمىز شۇنىڭغا ئۇلاپلا يەنە چەت ئەللىك مۇتەخەسسىلەرنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىپ، غۇلجىدا شىنجاڭ بويىچە تۇنجى «تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى» نى قۇردى.

دېمەك، ئاكا - ئۇكا مۇسابايوفلار مەقسەت قىلغان

مائارىپنىڭ نىشانى — يېڭىچە مائارىپ ئارقىلىق مىللەتنى سانائەتلىشىش، تەبىئىي پەن يولىغا باشلاش، مىللەتتە ئۆز ـ ئۆزىنى تونۇش ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش، پۈتكۈل مىللەتنى يىرىك ئىقتىسادىي گەۋدە سۈپىتىدە ئۇيۇشتۇرۇپ، ياۋروپا سانائەت ئىنقىلابىنىڭ يولىغا يېتەكلەش ئارقىلىق، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەنلا شۇغۇللىنىپ، ئىپتىدائىيسى ئاڭدىن قۇتۇلالمايدىغان نادان مىللەت بولۇپ قېلىشتەك بەختسىز تەقدىردىن خالاس قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

مانا شۇ كۈنلەردە — ئاردىن 110 يىل ئۆتكەندە ئۇلۇغ بوۋىمىز ھۈسەنباي، باھاۋۇدۇنبايلارنىڭ بەرھايات روھى بىزنى ئەگىپ يۈرمەكتە: ئىلىدا مىليونلاپ پۇل خەجلەپ يېتىملەر مەكتىپى ئاچقان نۇرتاي ھاجىم ئىسكەندەرنىڭ ۋۇجۇدىدا ھۈسەنباي، باھاۋۇدۇنبايلارنىڭ روھى ئۆزىنى نامايان قىلدى؛ غۇلجىدىكى ئابدۇلھەمىد ھاجىم خالىسنىڭ يۈرىكىدە، قەشقەردىكى ئابدۇلھەمىد داموللا ھاجىم، خوتەندىكى كېرەم ئىمىن، قاسىم ئىمىن، ئۈرۈمچىدىكى كېرەم قۇربان ھاجىم، مارالبېشىدىكى مەخەت ئېلى ھاجىم، قاسىم قارى ھاجىم. . . ۋە يەنە مەن ئىسمىنى ئېسىمگە ئالالمىغان بىر مۇنچىلىغان مەرىپەتپەرۋەر زاتلىرىمىزنىڭ قولاق تۈۋىدە بۇ ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ ئۆلمەس روھى توختىماي پىچىرلاۋاتىدۇ. مەھمۇد قەشقەرى مەڭگۈلۈك كۆز يۇمغان ئوپالدىكى ھەزرىتى موللام كەنتىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ئاتوم فىزىكىسى ئالىمى، دوكتور ئاشتى كۈرەش ئىبراھىم، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ قىزى، تىببىي پەلسەپە دوكتورى ئادالەت

قاسىم، تېبابەت پەلسەپە دوكتورى خالمۇرات غوپۇر. . . قاتارلىق نەۋقىران ئالىملىرىمىزدىن سۆيۈنۈپ، مۇشۇنداق مۇنەۋۋەر ئالىملىرىمىزنىڭ كۆپلەپ يېتىشىپ چىقىشىنى ئۈلتىجا قىلىپ، بىزنى تەبىئىي پەن ئۆگىنىشكە، سانائەتلىشىش مائارىپىغا يۈرۈش قىلىشقا چاقىرىۋاتىدۇ. مانا بۇ ئۇلارنىڭ روھىنىڭ بىزنى قايتا ـ قايتا چاقىرىشى.

1996 ـ يىلى نويابىر، ئۈرۈمچى.

# ئۆلگەندىن كېيىن ياسىن ئوقۇمدۇق
# ياكى تىرىك چېغىدا پەرۋىش قىلامدۇق

ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن ھېلىمۇ ياخشى مۇقام قاپتىكەن، بولمىغان بولسا ئۆزۈم يەپ، ئۆزۈم داڭلاپ دېگەندەك «يۇندىمىزنى ئىت، مورىمىزنى تۈتۈن كۆرمەي»، بىزدەك بىر خەلق بارمۇ، يوق؟ ئىنسانىيەت بىلمەي، ئىنسانىيەت دۇنياسى بىزدىن خەۋەرسىز ھالدا ياشاۋەرگەن بولار ئىكەنمىز. ئۆرگىلىپ ـ چۆرگىلىپ ئۆزىمىزنى داڭلاپ، «ئىشتىنىم يوق، ئېتىم مارجان بۇۋى» بولۇپ يۈرگەن كۈنلىرىمىزدە مۇقام سەھنىدە ئۇيغۇر دەيدىغان بىر خەلقنىڭمۇ ئىنسانىيەت بىلەن بىللە ياشاۋاتقانلىقىنى جاھان جامائەتچىلىكىگە جاكارلىدى. شۇندىلا ئۇيغۇرلار ئاتا ـ بوۋىسىدىن قالغان، بىردە يادىغا ئېلىنىپ، بىردە ئۇنتۇلۇپ قېلىنىۋاتقان قىممەتلىك مۇزىكا بايلىقىنى يېڭى ئۇيغىنىش بىلەن سىنچىلاپ قاراپ تونۇدى. جاھان جامائىتى ئېلىپ كەلگەن مۇقامنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مۇقامنى قەدىرلەش قىزغىنلىقى پەيدا قىلدى.

رەھبەرىي كادىرلار، ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەر، سەنئەتكارلاردىن تارتىپ دېھقانلار، زىيالىيلار، ھەتتا ئۆسمۈر

باللارغىچە پۈتۈن خەلق ئىچىدە ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ يېڭى ياشلىقى ئۇرغۇدى. مۇقام فوندى جەمئىيىتى، مۇقام ئۆمىكى، مۇقام تەتقىقاتى، مۇقامنىڭ ئۈن - سىن لېنتىلىرى، كىتابلىرى يېڭىدىن تۇغۇلۇپ، ئۇيغۇر مۇقامىنىڭ تېخىمۇ راۋاجلىنىپ مۇكەممەللىشىشكە قاراپ ماڭىدىغانلىقىنى ۋە بۈگۈنكى زامانىۋى ئېلېكترون مۇزىكا مەدەنىيىتى تۈپرىقىدىمۇ ئۆزىنىڭ ياشاش ئىقتىدارىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئەلۋەتتە، بۇنىڭ ئۈچۈن پېشقەدەم ئۇستازلار، رەھبەرلەر، ئالىملار، مۇتەخەسسىس، مۇقامشۇناس، كومپوزىتور، شائىر، سەنئەتكارلارنىڭ ئاز ئەجرى سىڭمىدى. مۇقامنىڭ ھاياتىي كۈچىنىڭ قايتا ئۇرغۇشى ئۇلارنىڭ يېڭى يۈرەك قېنىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ئايرىلالمايدۇ. خەلق مۇقامىنىڭ بۈيۈك يېڭى كامالىتى ئۈچۈن ئاتىغانلىرىنى ئايىماي، مەيلى ئاز بولسۇن، مەيلى كۆپ بولسۇن، مۇقام فوندى ئۈچۈن ئىقتىسادىي قۇۋۋەتلىرىنى تەقدىم ئەتتى. شۇنىڭ بىلەن مۇقام فوندى جەمئىيىتى قەدىر ئەھۋال قۇۋۋەتكە ئىگە بىر ئىقتىسادىي گەۋدىگە ئايلاندى. ھازىر مۇقام ئۈچۈن خەلق تەقدىم قىلغان ئىقتىسادىي قۇۋۋەت جىددىي ھەل قىلماي، سەل تەخىر قىلىپ كېيىنىرەك قىلسىمۇ كېچىكمەيدىغان شەكىلداش، تەكرار تۈرلەر، خەجلىسىمۇ، خەجلىمىسىمۇ بولىدىغان بۇرۇنقى ئىشلار ئۈچۈن بەتخەجلىك بىلەن سەرپ قىلىنىپ، ھازىر جىددىي قۇتقۇزمىسا ئۆلۈم بىلەن يوقىلىپ كېتىدىغان جىددىي تۈر تاشلىنىپ قېلىپ، بىر ئۆلۈم تەھدىتى مۇقامنىڭ يېڭى ئۈنۈپ چىققان مايسىسىنى سەكراتقا چۈشۈرۈپ قويدى. بۇ يېڭى مايسا، چىرايلىق بوۋاق، يېڭى كۆچەت — شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام ئۆمىكى ئىدى. ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى بۈگۈنكى

زامانىۋى جاھان مۇزىكا سەھنىسىدە جەۋلان قىلدۇرۇپ، ئىنسانىيەتنى ھەيران قالدۇرغىنى مۇقام فوندى جەمئىيىتى ھازىر قىلىۋاتقىنى ئاللىقانداق كالتە ـ كۆسەي ئىشلار بولماستىن، بەلكى مانا شۇ مۇقامنىڭ يېڭى ۋارىسلىرى — مۇقامنى ئەمەلىي ھالدا ئىنسانلار بىلەن بىۋاسىتە ئۇچراشتۇرۇپ، ھوزۇرلاندۇرغان جەڭگىۋار ئەزىمەتلەر ئىدى. شۇ سەۋەبلىك خەلق ۋە ھۆكۈمەت ئالاھىدە تەكىتلەپ مۇقام ئۆمىكى قۇرغانىدى. بۇ ئۆمەك تۇغۇلۇپ تۆت ـ بەش ياشلارغا كىرمەي تۇرۇپ، ئاتا ـ ئانىسىدىن يېتىم قېلىپ، كوچىدا تاشلىنىپ قالغان بالىدەك ياتىدىغان ئۆيى، مۇقام ئورۇندايدىغان ئىشخانىسى يوق، مۇزىكا ئەسۋابلىرى، سەنئەت جابدۇقلىرى يوقالغان، راسخوت قىلىدىغان پۇلى ئاز، ھەتتا ئايلىق مائاشىنى ئالالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانمىش. خەلق بىز ئۈچۈن مۇقام ئورۇنداپ بېرىدۇ، دەپ بەرگەن شۇنچە پۇللار پەقەت ئۆلگەنلەر ئۈچۈن ياسىن ئوقۇشقا، قەبرە ياساشقا، ئاللىكىملەرنىڭ ئەيش ـ ئىشرەت، راھەت ياشىشىغا بېرىلگەنمۇ؟ مۇقام فوندى پۇلى ئۇلارنى تىرىك چېغىدا، ئۇلارغا سەرپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشقا ئەمەس، ئۆلگەندىن كېيىن قەبرىسىنى، ھەيكىلىنى قاتۇرۇپ، ئۆلۈكىگە ياسىن ئوقۇشقا ئىشلىتىدىغان پۇلمۇ؟ ئۇلار مۇقام ئېيتىپ بەرسە ھۇزۇرلىنىشنى بىلىمىز، ئۇلارنىڭ ماھارىتىدىن كېرىلىپ ماختىنىشنى بىلىمىز. ئۇلار كەلتۈرگەن شان ـ شەرەپنى تىللا دەرىخى قىلىپ، خەلقتىن تىللا ئىرغىتىۋالىمىز. خەلق شۇلار ئۈچۈن بەرگەن پۇلنى شۇلارنى پەرۋىش قىلىشقا ئىشلەتمەي، يەنى كېسەلگە دورا ئېلىشقا چىدىماي، ئۆلۈكىنى دەپنە قىلىشقا

پۇل خەجلەشكە رازىلىق بېرىمىزمۇ؟

ئەمدىلا تۇغۇلۇپ ھەممە خەلقنىڭ زوقىنى كەلتۈرگەن بۇ ئۇماق پەرزەنت — شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام ئۆمىكى ۋەيران بولۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. پۈتۈن خەلق، ھۆكۈمەت تارماقلىرى، مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر ۋە جەمئىيەت ئۆزىنىڭ بىردىنبىر ئارزۇلۇق مۇقام كۆچەتلەر بېغىنىڭ خاراب بولۇپ كېتىشىگە دىققەت قىلىشلىرى، ۋىجدانەن جاۋابكار بولۇشلىرى تولىمۇ زۆرۈر. بىز مۇقام ئۆمىكىمىزنى ئۆلتۈرۈپ بولۇپ ياسىن ئوقۇمدۇق ياكى ئۆلۈشتىن بۇرۇن پەرۋىش قىلىپ قۇتقۇزۇۋالامدۇق؟! شۇ نەرسە ئاددىي پاكىت ھەم ھەقىقەتكى، ھەرقانچە چىرايلىق باغمۇ سۇيىگە قاندۇرۇلۇپ، ئوغۇتلىنىپ، ئەتراپى ياخشى چىتلىنىپ مۇھاپىزەت قىلىنىپ، ھارام شاخلىرى پۇتىلىپ، مېۋە بەرمەيدىغان شاخلىرىغا تىرەك — ئارچا قويۇلۇپ ئوبدان پەرۋىش قىلىنمىسا، تاشلىنىپ قالسا مېۋىسى ئوخشىمايدۇ، قۇرت يەيدۇ، سېسىيدۇ، ھەتتا قۇرۇپ ۋەيران بولىدۇ. بىز ئۇيغۇر خەلقى ياخشى مېۋىگە ئامراق، تېخى تاللاش، قوسۇر چىقىرىشقا بەك ئۇستا. ئەمما شۇ مېۋىنى بېرىۋاتقان باغ، شۇ مېۋىنى بېرىۋاتقان دەرىخىمىز، بېغىمىز قانداق بولۇۋاتىدۇ، كارىمىز يوق، ئۆلگەندە ۋاي ئىسسىت، دەيمىز. دۇنيادا پۇشايمان قىلىشتىن ئارتۇق بەختسىزلىك ئاز بولىدۇ. بۇ ئاساسەن ئاڭسىز، ئاجىز، مەدەنىيەتسىز، كالۋالىقنىڭ بەلگىسى. مېۋە يېيىشنى بىلىپ، باغنى ئاسراشنى، پەرۋىش قىلىشنى بىلمەيدىغان بۇنداق مۇتتەھەم مىجەز بىزدىن باشقا خەلقلەردە ئاز ئۇچرايدۇ.

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ھەربىر ئادەم شۇنى سەگەكلىك

بىلەن ئويلىشىپ كۆرۈشى كېرەككى، سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىن كېيىن ۋەيران بولغان مۇقام ئۆمىكى 300 يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە ئاران بىر قۇرۇلغاندى. ئەگەر بىزمۇ بۇ مۇقام ئۆمىكىمىزنى روناق تاپقۇزالمىساق، مۇقامچىلىقنى ۋەيران قىلغان ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز دەۋرىنى بىز ۋىجدانسىز دەۋر، دەپ تىللىغاندەك، بىزنى ۋە بىزنىڭ دەۋرىمىزگە بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىز، نەۋرىلىرىمىز تىللىماي، لەنەت ئوقۇماي قالارمۇ!؟

ھەممىمىز، ھەربىرىمىز ئېغىر ئەھۋالدا قالغان مۇقام ئۆمىكىنىڭ روناق تېپىشىنى تىلەيلى، ھەربىرىمىز باش قاتۇرايلى، ئۇنىڭ سەكراتقا چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن ۋىجدانەن جاۋابكار بولايلى.

1996 ـ يىلى نويابىر.

# ھازىرقى ياشاش ئېقتىدارىمىز

— ماموتوپ قوربان بىلەن قىلغان سۆھبەت خاتىرىسىدىن پارچە

## 1

بۇ زات بالا چاغلىرىدا ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇپ، قىنى قىزىپ تۇرىدىغان ئەسكەر، كېيىن ئوفىتسېر بولۇپ، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىدىن جەنۇبىغىچە بولغان بوستانلىقلار، جاڭگاللىق - قۇملۇقلار، شەھەر - سەھرالاردا بىر توپ ئەزىمەتلەر بىلەن ھەقىقەت يولىدا ئوق ئېتىپ يۈرگەن. ئۆلكە ئازاد بولغاندىن كېيىن ھەربىي كىيىمنى سېلىۋېتىپ، ھۆكۈمەت ئەمەلدارى بولۇپ، ئۆزىگە تەگكەن ھەر دەرىجىلىك ھوقۇقنى ھەربىي چاغلىرىدا ئىشلەتكەن قورالنى ئىشلەتكەندەك كەسكىن ئىشلەتكەن.

مەن بۇ زاتنى ئەڭ دەسلەپتە كۆرگەندە تازىمۇ كەپسىز بالا چاغلىرىم بولۇپ، يۇرتۇم ياتناق يېزىسىدىكى بىر توپ بالىلار چالما سوقۇشى قىلىپ ئويناۋاتاتتۇق. شۇ كۈنى يېزىمىزدا دېھقانلار تەنھەرىكەت يىغىنىنى ئۆتكۈزۈلگەنىدى. بىز تازا قىزىپ - ۋارقىرىشىپ، چالما ئېتىپ، بىر - بىرىمىزنى قوغلىشىپ ئويناۋاتساق، «قەشقەرنىڭ ۋالىيسى كەپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ قالدۇق. ھەسىنەم دەيدىغان نىگىر تەلەت

ئاغىنىمىز «ۋالىي دېگەن قانداق بولىدىغاندۇ، بىر كۆرۈپ باقامدۇق» دېيىشتى، شۇئان ئويۇنىمىزنى تاشلىدۇق ـ دە، ۋالىينى ئىزدەپ چۇرقىرىشىپ، تەنھەرىكەت يىغىنىغا كەلگەن مىغ ـ مىغ دېھقانلار ئارىسىدىن قىستىلىپ ـ سوقۇلۇپ، ئات هارۋىسىدىن ئېشەك هارۋىسى ئۈستىگە مايمۇندەك سەكرەپ، بىر توپ چاپارمەنلەر ئوراپ ئەتراپىغا ئادەم يولاتمايۋاتقان توپ ئارىسىغا قىستىلىپ كىردۇق. بىز ئۈرۈپ ـ سوقۇپ بىقىنلىرىنى ئاراشلىۋەتكەن دېھقانلار ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ قىلىشتى. دېھقانلار تېخىمۇ بەك قىستىلىشىپ ۋالىينى كۆرۈشكە ئۇلىشىۋالغاچقا، ھەسسىنەم بىلەن ئىككىمىز خەقنىڭ بىقىنلىرىغا ئۈسسۈپ، باغقا ئوغرىلىققا كىرگەندە شورا ئاچقان پەدىمىزدە سەپنىڭ ئالدىغا تەستە بۆسۈپ چىقتۇق. ۋالىي شاپتۇل سېتىۋاتقان بىر دېھقان بىلەن گەپلىشىۋاتقانىكەن، يېنىدا بىزنىڭ يېزىنىڭ ۋە يەنە قەيەرنىڭكىلىكىنى بىز بىلمەيدىغان بىرمۇنچە ئەمەلدار سىياق ئادەملەر «خوش ـ خوش» دېيىشىپ تۇرۇپتۇ. بىز ئەقلىمىزگە كەلگەندىن تارتىپ يېزىمىزنىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ بۇزۇق ئەلپاز، سۇرلۇك تەلەتىنى كۆرۈپ چوڭ بولغاچقا، خىيالىمىزدا ئۇلارنى پەقەت كۈلمەيدىغان ئادەملەر، كۈلمەيدىغان ئادەملەرلا باشلىق بولىدۇ، دەپ ئويلايتتۇق. يېزا ئەمەلدارلىرىنىڭ ۋالىيغا ئاغزىنى كالاچتەك ئېچىپ كۈلگىنىنى كۆرۈپ، «ئۇلارمۇ كۈلىدىكەنغۇ» دەپ ھەيران قالدۇق. بىز ۋالىينى ئارقىسىدىن كۆردۇق، ھەربىيچە پەلتونى يېپىنچاقلىۋاپتۇ. ئۇنىڭ بوم ئاۋازىنى ئاڭلىغان بولساقمۇ يۈزىنى كۆرەلمىگەچكە، قوغۇن پىچىپ سېتىۋاتقان

قوغۇنچىنىڭ شىرەسىنىڭ ئاستىدىن ئۆمىلەپ مېڭىپ، ئالدى تەرەپكە ئۆتۈۋالدۇق ـ دە، ئاندىن ۋالىينىڭ يۈزىنى كۆردۇق. كۆزىمىزگە ئەڭ ئاۋۋال چېلىقىقىنى ۋالىينىڭ بۇرنى ئۈستىدە قارا ئوغلاقنىڭ ماڭلاي چېچىدەك ئۇزۇن، سۇرلۇك ئۆسكەن تۈك بولدى. بىز ھەيران قالغىنىمىزدىن بىر ـ بىرىمىزگە قارىشىپ قالدۇق. «بۇرنىنىڭ ئۈستىگە ساقال چىققان ئادەم ۋالىي بولىدىكەن. قاراڭلار، ئۇ يارىشىدىغان، ئادەمگە دۆلەت كۆرسىتىدىغان تۈككەن — ۋالىيلىق تۈككەن» دېدى ھەسىنەم پىچىرلاپ. «بۇرنۇڭنى تۇتە، كۆرۈپ باقاي، سېنىڭمۇ بارمۇ؟ ئەگەر بۇرنۇڭنىڭ ئۈستىگە ساقال چىقىپ ۋالىي بولساڭ، مېنى ياتاقتا باشلىق قىلىپ قوي جۇمۇ» دېدىمەن ھەسىنەمنىڭ ئېسىلىپ پىشقان قارا شاتۇتتەك بۇرنىنى چىمداپ. «مەن ۋالىي بولسام، سېنى تۈگمەنگە ئامبارچى قىلىمەن، شۇ چاغدا سېنىڭ ئۆيۈڭمۇ، مېنىڭ ئۆيۈممۇ ئاشلىقتىن غەم قىلمايمىز» دېدى ھەسىنەم. بىز پىخىلداپ كۈلۈشۈپ كەتتۇق. ۋالىي قەيەرگە بارسا كەينىدىن ئەگىشىپ شۇ يەرگە باردۇق. ۋالىي يۈلغۈن سېۋەتتىدە نان سېتىپ ئولتۇرغان يېزىنىڭ توكچىسى غوپۇر سەمەتنىڭ ئالدىغا بېرىپ بىر ناننى قولىغا ئالدى ـ دە، دەڭسەپ، ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ كۆرۈپ:

— بىر نان قانچە پۇل؟ — دەپ سورىدى.

— لاڭموچەن، — دېدى غوپۇر سەمەت.

— خەنزۇچە سۆزلىسەڭ تۈزۈك سۆزلە، بۇزما، بولمىسا ئۇققىلى بولمايدۇ.

ۋالىي دەرغەزەپ بىلەن بىر ۋارقىرىۋىدى، قورققىنىدىن

ھەممە ئادەم توگولوپ كەتتى.

— تەكلىماكاندا تورۇپمۇ ئانا تىلىڭدا سۆزلەشمەمسەن؟

ۋالىي ناننى دوشكەللەپ تورۇپ غوپۇر سەمەتنىڭ قولىغا تۇتقۇزغاندىن كېيىن كەيپى بوزۇلغان ھالدا بازاردىن چىقىپ كەتتى. يېزا باشلىقلىرى تاتىرىپ ـ تەمتىرەپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يادەك ئېگىلىپ مېڭىشتى. ئۇلاردىن بىرى ئۆرۈلۈپلا ئارقىسىغا ياندى ـ دە، ئەلپازىنى بوزۇپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقان پېتى غوپۇر سەمەتنىڭ كۆزىگە بىگىز بارمىقىنى تىقىپ نوقۇشلاپ:

— غۇپۇ دەنگۈك (دىيەنگۈك — توكچى، دېمەكچى) دېگەن سەنما! خەپ گۈي، سەن بىزنىڭ ھەممە ئىشىمىزنى پوق قىلدىڭ. ۋالىي كەتكەندىن كېيىن زۇۋانىڭنى ئوبدان بىر دارغا تارتىپ، قويمىسام! — دەپ ئۇنىڭ يۈزىگە «شالاققىدە» بىرنى تۈكۈردى.

غوپۇر سەمەت قورققىنىدىن دىر ـ دىر تىترەپ، ئىزىغا يىقىلىپ چۈشكىلى تاش قالدى. يېزا باشلىقى كېتىشىگە ئىككى چاپارمەن كېلىپ غوپۇر سەمەتنى يەنە تىللاشقا باشلىدى:

— ھۇ، زۇۋانىڭغا ئىشەك تەپكەن گۈي، نېمىشقا ئىككى موچەن دېمەيسەن؟

— ئاغزىڭنى يىغ خۇمپەر، قالايمىقان جۆيلۈمەي. بولمىسا، ھېلى باكا سەن ئوغرىنى!...

چاپارمەنلەر غوپۇر سەمەتنى بىرمۇنچە تىللاپ كەتتى. ئەتراپتا تاماشا كۆرۈپ تورغانلار پاراقلاپ كولۇشتى.

— ئەمدى ئىشىڭ توگىدى غوپۇرۋاي، قايلاپ تور، سېنى

دەنگۈگىلۇقتىن چىقىرىۋېتىپ «قەلەندەر زەي» دە ھاشارغا سالىدۇ.

ئۇنىڭ قېشىغا ئولىشىۋالغانلار شۇنداق دەپ قورقاق سالغانچە غوپۇر سەمەتنىڭ پۇت - قولىدا جان قالمىغاندەك دىر - دىر تىترەپ، ئىزىدا ئولتۇرۇپ قالدى. بىز تېخىمۇ تېلىقىپ كۈلدۇق.

ئەنە شۇ ۋالىي ماموتوپ قۇربان ئاكا ئىدى.

* * *

بۇ ئىشقىمۇ خېلى ئۇزۇن يىل بولدى. مەن ئۆرۈمچىگە يۆتكىلىپ بىر يىلدىن كېيىن (1995 - يىلى كۈزدە)، ئۇ زاتنى ئىككىنچى قېتىم كۆردۈم.

ئەسلىدە بىر قانچىمىز «پۇتبول كۇلۇبى» قۇرىمىز دەپ ئۇنىڭ قوللىشى ۋە مەسلىھەتىنى ئېلىش ئۈچۈن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت بىناسىدىكى ئىشخانىسىغا ئىزدەپ كىرگەنىدۇق، ئۇ زات بىزنى تولىمۇ قىزغىن كۈتۈۋالدى. ماموتوپ قۇربان ئاكا بۇرۇنقىغا قارىغاندا ياشىنىپ قاپتۇ. مەن كىچىك چېغىمدا كۆرگەن ھەم ئېسىمدە قالغان ئۇنىڭ بۇرنى ئۈستىدىكى يارىشىملىق توك ئەينەك تۇرغاندەك كۆرۈندى. بىز ئۆز ئارا تونۇشقان ھەم مەقسىتىمىزنى بىلدۈرگەندىن كېيىن ئۇ ۋەزمىن ئاھاڭ، ئەستايىدىل پوزىتسىيە بىلەن مۇنداق دېدى:

— ئۇكىلار، پۇتبول كۇلۇبى قۇرۇش ھەققەتەنمۇ

خاسىيەتلىك ئىش. مەن بۇ ئىشلارنى قوللايمەن، ھەتتا بۇ كۇلۇبنى قۇرۇشقا ئۆزۈممۇ شەخسەن قاتنىشىمەن. ئەمما شۇنى سەمىڭلارغا سېلىپ قويايكى، بۇ سىلەر ئويلىغاندەك ئۇنداق ئاسان، ئۇنداق ئاددىي ئىش ئەمەس. يولىنى تاپالمىساڭلار، پىلانىڭلارنى رويابقا چىقىرالمايسىلەر. بۇنداق دېيىش ئارقىلىق روھىڭلارغا سوغۇق سۇ سەپمەكچى ئەمەسمەن. سىلەردە (سىلەر دېگەن سۆزۈمنىڭ ئىچىدە مەنمۇ بار) بىر ئىشنىڭ ئېپى ـ جېپىنى بىلىپ قىلىدىغان دىت، بارلىق خام ـ خىياللارنى چۆرۈۋېتىپ، ھازىر نېمە قىلىشىم كېرەك؟ بۈگۈن زادى قانداق كۈن؟ قايسى يولدا ماڭسام، قانداق تەدبىرلەرنى قوللانسام مەقسىتىمگە يېتەلەيمەن؟ دەپ بۈگۈننىڭ مەنىسىنى توغرا تەھلىل قىلىپ، شۇنىڭغا مۇناسىپ ئەقىل تاپالايدىغان سەزگۈر، ئەمەلىيەتچان كاللا، بىر ئىشقا ھەقىقىي بەل باغلاپ، سەئىي ـ ئىجتىھات قىلىدىغان جۈرئەت ـ شىجائەت، چىدام ـ غەيرەت يوق، بولسىمۇ بىر دەملىك. قىسقىسى، بىزدە بۈگۈن ئۈچۈن دەل جايىغا چۈشىدىغان ئەقىل ـ تەدبىر يوق. قاچانلا قارىسا، بىز ئۆزىمىزچە بىر ئىشلارنى قىلماقچى بولۇپ، قالتىس شېرىن خىياللارنى قىلىپ كېتىمىز، لېكىن دەل ئۆزىمىز ياشاۋاتقان رېئاللىقنى بىلمەي ياكى چۈشەنمەي تۈنۈگۈننىڭ ئەقلى بىلەن بۈگۈن ئۈچۈن ئىش قىلىپ قالىمىز ۋە ياكى ئەتىنىڭ تاتلىق خىيالى بىلەن بۈگۈننى ئۆتكۈزۈۋېتىمىز. تۈنۈگۈنكى زۇكام ئۈچۈن بۈگۈن دورا يېسەك بۇ دورا ئاغرىقىمىزنى ساقايتىش تۈگۈل بىزگە ئېغىر كېسەلدىن يەنە بىرنى قوشىدۇ. بۈگۈن قورسىقىمىز ئاغرىسا، شۇ زامات بۇ كېسەلنىڭ دورىسىنى

قىلماي، تۇنۇگۇنكى زۇكام ئۇستىدە قاقشاپ، بۇگۈننى ئۆتكۈزۈۋېتىش؛ ئەتىسى قورسىقىمىزنىڭ ئاغرىقى قان تولغاققا ئايلانغاندا ئۇنىڭ يەنە جىددىي داۋاسىنى قىلماي، تۇنۇگۈن قورسىقىمىز ئاغرىغاندىلا ئىمىشقىمۇ دورا ئىچمىگەنلىكىمىز توغرۇلۇق ۋاقتى ئۆتكەن ئىشقا پۇشايمان قىلىش ئادىتىمىز دەل بىزنىڭ نەقنى قويۇپ، نېسىگە ئېسىلىۋالىدىغان نابابلىقىمىزنىڭ ئىنچام، ئوبرازلىق تەسۋىرى، دېسەك ھەرگىزمۇ ئارتۇق كەتمەيدۇ. ئۆزىمىزنىڭ ئىش قىلىش ئۇسۇلىغا سالقىن قانلىق بىلەن نەزەر سالساق، بۈگۈن ئۇچۈن ياشاش ئىقتىدارىمىزدىن ئىختىيارسىز گۇمانلانماي تۇرالمايمىز. تۇنۇگۈنكى قولدىن كەتكەن پۇرسەت ئۈچۈن تۇنۇگۈنكىلەردىن قاقشاپ، بۇگۈننى قولدىن بېرىپ قويۇش ھازىر بىزدىكى مەنىۋى كېسەل بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. مۇھىمى، بۇگۈن مەن نېمە ئىش قىلدىم ۋە قىلىۋاتىمەن؟ يەنە نېمە ئىش قىلىشىم كېرەك؟ دېگەننى ئەقىل - ھوشى بار ھەربىر ئادەم ئېنىق نىشان ۋە مەقسەت قىلماي بولمايدۇ.

مېنىڭچە، بۇگۈننىڭ ئۆزى پۇرسەت — ياشاش پۇرسىتى. بۇگۈن ساڭا قانداق پۇرسەت بېرىلگەن بولسا، ئۇنىڭدىن تولۇق، ھەر تەرەپلىمە، پۇخادىن چىققۇدەك پايدىلان. مانا بۇ بۇگۈنكى رېئاللىققا خاس ياشاش ئىقتىدارى. بايا مەن سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا مەنمۇ بار، دېگەنىدىم. لېكىن گېپىم شاخلاپ كېتىپ، ئەسلى مەقسەتتىن جىق يىراقلاپ سۆزلەپ كەتتىم. ئەمدى گەپنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، سىلەر پۇتبول كۇلۇبى قورۇشتا ھازىرقى رېئاللىققا يۈزلىنىپ تۇرۇپ ئىش قىلىڭلار، لېكىن

بۇ ئىشتا ئوخشۇشلۇق يول، مۇۋاپىق تەدبىر تاپالايدىغانلىقىڭلارغا ئىشىنىمەن، دەپ سىلەرنى يالغاندىن ئۇمىدلەندۇرۇشنى خالىمايمەن. ھەممىمىزنىڭ ياشاش ئىقتىدارىدا ئاساسەن چوڭ پەرق يوق دېيەرلىك. مانا مەن ئۆزۈمنىڭ ھازىرقى ئىشنى مىسال قىلىپ بەرسەم، ياش ئەۋلادلار ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك بىر ئىش قىلاي، دەپ ئويلاپ، ئۇيغۇر مائارىپ فوند جەمئىيىتىنى قۇرغاندىم. خىيالىمدا، بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنىڭ مۇۋاپىق يولىنى تاپتىم، دەپ ئويلاپتىمەنۇ، ئەمەلدە تاپالماپتىمەن. شۇڭا، بۇ خەيرلىك ئىشمۇ بىر ئوبدان باشلىنىپلا توختاپ قالدى. دېمەكچىمەنكى، بىز قىلماقچى بولغان ھەرقانداق بىر خەيرلىك ئىشنىڭ بېشى ياخشى باشلىنىدۇيۇ، ئايىغى چىقماي يېرىم يولدا توختاپ قالىدۇ ياكى ئۆزاقىقا بارمايلا چېچەك چىقىدۇ. نەتىجىدە بۇ ئىشقا تۆلەنگەن نۇرغۇن بەدەللەر بىكارغا كېتىدۇ. يېقىنقى زاماندا ياخشى باشلانغان نۇرغۇن ئۇلۇغ ئىشلىرىمىز ھەقدادىغا يەتمەي ئەنە شۇنداق يېرىم يولدا بۇزۇلدى. ئۇكىلار، ئەمدى سىلەرنىڭ ئىشىڭلارغا كەلسەك، مېنىڭچە بۇ پۇتبول كۇلۇبىنى قۇرۇڭلار، قۇرغاندىمۇ ئوبدان قۇرۇڭلار، لېكىن رېئال ۋەزىيەتنى ۋە پايدىلىق - پايدىسىز ئامىللارنى سالقىن قانلىق بىلەن ئەتراپلىق ئويلىشىڭلار. ھەرگىزمۇ مەندەك بوگۇنكى رېئاللىق بىلەن ھېسابلاشماي ئىش باشلاپ، ئالدىغىمۇ، كەينىگىمۇ ماڭالمايدىغان ئىشنى قىلماڭلار. شۇڭا، ئەقىل ئىشلىتىپ ماڭىدىغان يولنى ئوبدان تاللاڭلار. قىسقىسى، بوگۇننىڭ تەدبىرىنى بوگۇندىن ئىزدەڭلار.

شۇ چاغدا بىز مامۇتوپ قۇربانىنىڭ ھۇزۇرىدىن كەيپىمىز ناخۇش ھالدا قايتقانىدۇق. كېيىنكى كۈنلەردە راستىنىلا ئۇ زاتنىڭ دېگەنلىرى بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلدى. بىز بەل باغلاپ چىققان ئىشمۇ ئاقماي خۇددى مامۇتوپ قۇربانغا ئوخشاشلا يا ئالدىغا، يا كەينىگە ماڭالمايدىغان ھالدا چۈشۈپ قالدۇق.

## 2

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى بەزى گۇرۇھ ـ گۇرۇھ ئاغىنىلەر توپىغا سىرتىدىن قارىسا، جان دوست ئاغىنىلەردەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئىش يۈزىدە ئۇلارنى «جان دوستلار» دېگەندىن كۆرە «نان دوستلار» دېگەن تۈزۈك. چۈنكى بىرقىسىم ئادەملىرىمىز داستىخان ئۈستىدە دوست بولغىنى بىلەن، ئىشقا كەلگەندە دوستلۇققا يارىمايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ توپتىكىلەرنى ھىيلىگەرلىرى ئاق كۆڭۈللىرىنى، كاززاپلىرى راستچىللىرىنى ئالداپ ـ كوملاپ، قاقتى ـ سوقتى قىلىپ ياشايدىغان پايدا ـ مەنپەئەت گۇرۇھى؛ بىز خەقنىڭ ئاغىنىدارچىلىقىنى بولسا، ئىتلارنىڭ كوسوكقا يەتكۈچە ئارىلىقتىكى توپلىشىشى ياكى يىلىكى بار سۆڭەك ئوتتۇرىغا تاشلانغۇچە ئارىلىقتىكى ئىككى كۈچۈكنىڭ بىر ـ بىرىگە يېقىنچىلىقى، دېسەك ھەرگىز خاتا بولمايدۇ. قانچىق سۈيىنى چىقارغان، چالا غاجىلانغان سۆڭەك ئوتتۇرىغا چۈشكەندە ئاندىن بىزنىڭ دوستلۇقىمىزنى كۆرۈڭ. يالغان ـ ساختىنا دەڭ، دېسە ساختىنا، ناچار ئىشتان ـ پايپاقلاردىن بىزار بولىمىز، ئەمەلىيەتتە قىزىل كۆزلۈك، ساختىپەزلىك

بىزدە ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر ئەۋج ئالدى. مەسىلەن، بىزنىڭ بىر - بىرىمىزگە بولغان دوستلۇقىمىز يالغان، دۈشمەنلىكىمىز راست؛ يۇرتۋاز، مەزھەپچىلىكىمىز يالغان، قان - قېنىمىزغا سىڭىپ كەتكەن يۇرتۋازلىقىمىز راست؛ ئۇمىدۋارلىقىمىز يالغان، بارغانسېرى چۈشكۈنلىشىۋاتقىنىمىز راست؛ دوستىمىزنى دوست ئەتكىنىمىز يالغان، دۈشمەن بىلەن دوست تارتىشقىنىمىز راست؛ خۇشاللىقتىن قىن - قىنىمىزغا سىغماي ناخشا - ئۇسسۇل بىلەن سەكرەشكىنىمىز يالغان، تېشىمىزدا بايرام قىلىپ ئىچىمىزدە يىغلىغىنىمىز راست؛ مەسىلەن، يېزا - كەنت، بازار - مەھەللىلەردە كالتە قوشۇقنىڭ سېپى تەگكەن بەزى كىشىلەرنىڭ ئۆز قوۋم - قېرىنداشلىرىغا قىلغان رەھىمسىزلىكىنى بىزدىن باشقىلار قىلماسلىقى مۇمكىن. مانا بۇ ئىشلارغا شۇنداقلا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، بىز خەقنىڭ ياشاش ئىقتىدارىمىز ئاجىزلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەمدۇ؟ ئادەم قېرىغانچە ھالىدىن كېتىپ، نۇرغۇن ھۈنەر - كەسىپ ۋە ئىشلاردىن قالغاندەك، مىللىتىمىزمۇ بارغانسېرى قېرىشقا يۈزلەنمەكتە. تېخى 1980 - يىللاردا بىز ئۇيغۇرلاردا دەۋر سۈرگەن ياغاچچى، تۆمۈرچى، تامچى، موزدۇز، بوياقچى، خالۋاپ، كۆنچى، باققال، باغۋەن . . . دەيدىغان ھۈنەرۋەنلەر قېنى؟ ئۇلار ئەمدىلىكتە مەدىكار ياكى بىكارچىلارغا ئايلىنىپ كەتتى. نېمىشقا شۇنداق بولدى؟ ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇلار ھورۇنلار، قىممەتچىلەر، يالغانچىلار، ھۈنەر - كەسىپنى يېڭىلىمىغۇچىلار بولغاچقا، ئىسلاھاتنىڭ كەلكۈندەك شىددەتلىك بېسىپ

كەلگەن قايناملىرى ئۇلارنى لاي ـ لاتقا قىلىۋەتتى. دېمەك، ئىشتىن قېلىشنىڭ ئۆزى مادارسىزلىقتىن، مادارسىزلىق بولسا ئەلۋەتتە قېرىلىقتىن بولىدۇ.

يۇقىرىقى مۇلاھىزىلەر مامۇتوپ قۇربان ئاكىنىڭ ئۆيىدە سۆھبەت قىلىۋېتىپ كۆڭلۈمدىن كەچكەن خىياللار ئىدى. ئۇ زات ئەبگالىشىۋاتقان ئۆز ھالىمىز ھەققىدە سۆزلەۋاتقاندا، گۇمبۇرلەپ چىقىۋاتقان ئاۋازى بىردىنلا مېنى قورقۇنچلۇق چۆللەرگە ئاپىرىپ تاشلىغاندەك بولدى. خىيالىمدا سەپەرگە ئېلىۋالغان ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە سۇيۇممۇ بارغانچە ئاز قېلىپ، ئۆزۈمنى پۈت ـ قولۇمدىن ماغدۇر كېتىۋاتقاندەك سەزدىم. لېكىن ئۆز ھالىم بىلەن كارىم يوق، «ئېشەك ئۆلۈۋاتسا، كۆتى غېجەك تارتقاندەك» ئاچ يەل كېكىرىپ، ناخشا توۋلاپ، ئۇسسۇل ئويناپ، غىتمەكتەك غىتىلداپ مەنزىلىمگە كېتىۋاتىمەن. ياشىغىنىمغا پۇشايمان قىلىشقا توغرا كەلسە، ھەقىقىي ئەركەكتەك ئۆلمەي، مۇقەددەس ئۇيغۇر سەنئىتىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ، كۆتۈمنى تەننااز خوتۇنلاردەك مىڭ ياڭزا تولغاپ ئۇسسۇل ئويناپ، ئىنجىقلىق، دادخورلۇق بىلەن ئالجىغان ساراڭدەك ناخشا توۋلاپ، لامزەللە غىتمەك سۈرىتىدە ئاللانىڭ دەرگاھىغا بارىدىغانلىقىمنى ئويلاپ، ئۆز ـ ئۆزۈمگە پۇشايمان ھەم نەپرەت قىلىۋاتىمەن.

مامۇتوپ قۇربان ئاكا ئاخىرقى سۆزلىرىدە ئادەمنى ئويغا سالىدىغان مۇنداق بىر ھايات ھەقىقىتىنى ئوتتۇرىغا قويدى: «بىر ئەل، بىر مىللەتنىڭ سۈپەت ـ ساپاسى، ياشاش ئىقتىدارىنى بىلىشتە، خۇددى پادىلار توپىنى تەكشۈرگەن

پەدىدە، يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە تەكشۈرۈپ كۆزىتىشتىن بىلگىلى بولمايدۇ. پەقەت شۇ مەھەللە، شۇ يۇرت، شۇ ئەل ئادەملىرى ئۆزىگە باش ۋەكىل، ئاقساقال قىلىپ، ئۆز توپىنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ ياكى كۆتۈرۈپ چىققان ئادەمگە قاراپ، شۇ ئەلنىڭ ئەقىل - ئىدرىكى، ساپاسى، ياشاش ئىقتىدارىنى بىلگىلى بولىدۇ. بىزنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بەزىبىر كەنت باشلىقلىرى، يېزا باشلىقلىرى، ھاكىملىرىنىڭ سۈپىتى - ساپاسىغا قاراپ باقساقلا بۇ سۈپەت - ساپانى ئوبدان بىلەلەيمىز. . . »

مامۇتوپ قوربان ئاكا بۇ گەپلەرنى دەۋاتقاندا مەرھۇم ئالىمىمىز ئەھمەد زىيائى ئەپەندىنىڭ ئوغلى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئارسلان ئەھمەد زىيائى ئەپەندىنىڭ ئاپتوبۇستا كېتىۋېتىپ ماڭا سۆزلەپ بەرگەن مۇنۇ ھېكايىسى ئېسىمگە كېلىپ قالدى: 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدا گېرمانىيە ناتسىستلىرىنىڭ بىر گېنېرالى ئوفىتسېرلىرىغا مۇنداق بىر قىزىقارلىق ئەمەلىي دەرس ئۆتۈپتۇ: سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىدىن ئەسىرگە چۈشكەن ئالتە نەپەر ئۇرۇش ئەسىرى مەيدانغا كەلتۈرۈلۈپتۇ. گېنېرالنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئالتە نەپەر ئەسىرنىڭ ئىككىسى رۇس، ئىككىسى يەھۇدىي، يەنە ئىككىسى ئۇيغۇر ئىكەن. گېنېرال ئۇلارنىڭ ئۇرۇشتا گېرمانىيە ئارمىيىسىگە قىلغان قىرغىنچىلىقىنى سۆزلەپ، ئوفىتسېرلىرىدىن سوراپتۇ:

— بۇلارنى قانداق قىلىمىز؟

— ئۆلتۈرىمىز، گېنېرال جانابلىرى.

— قانداق ئۆلتۈرىمىز؟

— تىرىك كۆمەيلى.

شۇنداق قىلىپ، بۇ ئەسىرلەرنىڭ ئۆزلىرىگە چوڭقۇر ئورىلارنى كولىتىپ، كويزا ـ كىشەن بىلەن ئۇلارنى ئورىلارغا تاشلاپتۇ.

— ھە، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دەپ ئوفىتسېرلىرىغا سوئال قويۇپتۇ گېنېرال.

— ئەسىرلەرنى نۆۋەت بىلەن بىر ـ بىرىگە كۆمدۈرەيلى. ئاۋۋال يەھۇدىيلارنى ئۇيغۇرلار، ئاندىن ئۇيغۇرلارنى رۇسلار، ئاخىرىدا رۇسلارنى پولەكلەر كۆمسۇن.

— ياق، ياق ئەپەندىلەر، مەن سىلەرگە مىللەتشۇناسلىقتىن دەرس سۆزلەۋاتقىلى خېلى ئۇزاق بولغان بولسىمۇ، مېنىڭ سۆزلىرىم سىلەرگە شەكلەن سىڭىپتۇ. بۇ تولىمۇ بەختسىزلىك. گېرمانىيە جەڭچىلىرى ھەرگىزمۇ بۇنداق كالۋا بولماسلىقى، ئۆزى بېسىپ كىرگەن زېمىنلاردىكى خاتا يارىتىلغان پەس ئىرقتىكى مىللەتلەرنى چۈشىنىشى كېرەك. بۇ گېرمانىيىنىڭ دۇنياۋى يېڭى تەرتىپ ئورنىتىشىدىن ئىبارەت مۇقەددەس نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە ئالىي، ساپ نەسىللىك ئارىيان مىللىتىنىڭ دۇنيادا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇشىدىن ئىبارەت كۆمۈلۈپ كەتكەن ھەقىقەتنىڭ ئاشكارىلىنىشىدا ئىنتايىن مۇھىم. مەن سىلەرگە بۇ مىللەتلەرنى ئوبدان چۈشەندۈرۈپ قوياي. رۇسلارنىڭ قوللىرىنى يېشىۋېتىپ، بىرقانچە بوتۇلكا ئاق ھاراق بېرىڭلار، يەھۇدىيلارغا بولسا كويزا ـ كىشەننى تېخىمۇ چىڭ سېلىپ، چەمبەرچاس باغلىۋېتىڭلار، ئورەك

بېشىدا چەبدەس ئەسكەردىن تۆتى قاراۋۇللۇق قىلسۇن. ماۋۇ ئىككى ئۇيغۇرغا قوينىڭ پۇتۇن كاۋىپىنى تويغۇچە بېرىپ، پۇت - قولىنى بوشىتىۋېتىڭلار!

ئوفىتسېرلار گېنېرالنىڭ دېگىنى بويىچە قىپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە گېنېرال ئوفىتسېرلىرىنى ئېلىپ ئورەك بېشىغا كەپتۇ. دەسلەپ رۇسلار تاشلانغان ئورەككە بارغىنىكەن، ئۇلار ھاراقنى ئۆلگۈدەك ئىچىپ، بولۇشىغا خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقۇدەك. چەمبەرچاس باغلانغان ئىككى يەھۇدىي بولسا، تۆت قاراۋۇلنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئۇلارنى يالىڭاچلاپ كىيىمىنى كىيىپ، قورالىرىنى ئېلىپ قېچىپ كېتىپتۇ. ئۇيغۇرلار تاشلانغان ئورەككە قارىسا، ئۇ ئىككىسى بىر قوينىڭ كاۋىپىنى پۇتۇن يەپ بولۇپ، توقلۇق - ئۇسسۇزلۇق ئازابىدىن قورساقلىرى پومپىيىپ تىنالماي، كالپۇكلىرىنى گەز باغلاپ، ھاسىراپ ھالسىزلىنىپ كېتىپتۇ. قايسىسى مادارىنى يىغىپ تىرناقداپ ئازگال تېمىغا يامىشىپ چىقسا، يەنە بىرى ئۇنىڭ پۇتىدىن تارتىپ چۈشۈرۈپ، ھەر ئىككىسى ھالىدىن كېتىپ قېينالغۇدەك.

— كۆردۈڭلارمۇ؟ بىزگە ئۇلارنىڭ سىېسىق تېنىنىڭ كېرىكى يوق، بىز ئۇلارنىڭ روھىنى ئۆلتۈرىمىز. روھى ئۆلگەن بۇ سېسىق تەنلەر بىزگە ئاشلىق تېرىپ، دېھقانچىلىقىمىزنى قىلىدۇ. نېمىگە بۇيرۇساق شۇنىڭغا ماڭىدۇ. بىز ئۇلارنى ئېشەكتەك ئىشلىتىپ، كۆچىدىن، يېرىدىن ۋە بايلىقىدىن پايدىلىنىمىز. مانا بۇ قەدىرلىك فيوررىمىزنىڭ بىزگە تۇتقۇزغان ئەڭگۈشتىرى.

مامۇتوپ قۇربان ئاكا بىلەن شۇ كۈنكى سۆھبىتىمىز ۋاقىتلىق ئاخىرلىشىپ قايتىپ چىقتىم. بۇ تىنىمسىز مويسىپىت بىلەن خۇش پېئىل ـ مۇلايىم خانىمى ئۈنىمىغىنىمغا قويماي، «بىزنىڭ باغنىڭ خىمىيىۋى ئوغۇت سالمىغان مېۋىسى» دەپ قىزىرىپ پىشقان بىر خالتا ئالما بىلەن شوخلا ئۈزۈپ بەردى. بوۋاي تۇرۇپ قالسىلا، دېگىنىمگە قويماي دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. ئۇنىڭ ئەلپازىدىن ماڭا دەيدىغان يەنە نۇرغۇن گېپى باردەك، ئەمما دېيەلمەي قىينىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. . .

ئويان ئويلاپ، بويان ئويلاپ، بارغانسېرى ئىچىم ئاچچىق بولۇشقا باشلىدى. دېمىسىمۇ خۇددى بېشىغا قاتتىق كالتەك يەپ، مېڭىسى زەخىملەنگەن ئادەم ئاز ـ ماز سۆزلەيدىغان بولۇپ قالغاندەك، تۇرلۇك ئامىللار ۋە ئۆزىمىزدىكى ئىللەتلەر ياشاش ئىقتىدارىمىزنى ئېغىر زەئىپلەشتۇرۇپتۇ. قولىمىزنىڭ مادارى، كۆزىمىزنىڭ خۇنى كېتىپ، قولغا كەلگەن نۇرغۇن خاسىيەتلىك پۇرسەتلەرنى تۇتالماپتۇق. شۇ ئاي، شۇ كۈنلەردە ياخشى ـ يامانىنى پەرق ئېتەلمەي، ياخشىنى كۆردۈم، دەپ يامانغا تەلمۈرۈپتۇق؛ ياش تۇرۇپ نېرۋىلار كاردىن چىقىپ، ھازىر قويغان نەرسىنى ھېلى تاپالمايدىغان، بۈگۈن كۆرگەن ئادەمنى ئەتىسى تونۇمايدىغان، تۈنۈگۈن ئوقۇغان كىتاب بۈگۈن يادىدا تۇرمايدىغان، ياش ئەللىككە بارا ـ بارمايلا ئالجىپ سۆزلەيدىغان ياكى كېسەل بولۇپ ئاللانىڭ دەرگاھىغا بالدۇرلا كېتىۋالىدىغان تېز قېرىش ئالامەتلىرى بىزدە كۆرۈلۈشكە باشلاپتۇ.

بوۋىسى باسقان يولنى نەۋرىسى ماڭالماسلىقى، بوۋىسىنىڭ

پاچىقىدىكى مادارىنىڭ نەۋرىسىدە بولماسلىقى بىزنىڭ بارغانسېرى جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە قېرىشقا يۈز تۇتۇپ، ياشاش ئىقتىدارىمىزنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقانلىقىدىن بېشارەت بەرمەكتە. شۇنداقلا بىزنىڭ ياشاش ئىقتىدارىمىزنىڭ كۈنسايىن زەئىپلىشىشىگە قېيىداشتىن كېلىپ چىققان ئۆزىنى تاشلىۋېتىش ۋە روھىي چۈشكۈنلۈكتىن هاراقتا بېرىلىشمۇ بىر مۇھىم سەۋەب بولماقتا. هاراق ئىنساننىڭ كاللا ئىشلىتىش ئىقتىدارىنى كېرەكتىن چىقىرىپ، روھنى تېز سۇندۇرىدىغان ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەن بولۇپ، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ياشلىرىمىز ۋە زىيالىيلىرىمىزنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئەقىدە ـ ئېتىقادسىز، پۇچەك، چاكىنا، كالۋا، قورقۇنچاق، تۇتىرۇقسىز، خېنىم مىجەزلىشىپ كېتىشى، قارىغۇلارچە دورامچىلىقتا ۋە بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئەخمىقانە ئىشلارغا بېرىلىشى، ئۇلارنىڭ «هاراق بىلەن دوستلىشىپ ـ ئەقىل بىلەن خوشلاشقانلىق» دىن بولۇۋاتىدۇ.

خۇلاسە كالام: ئىسلاھات ئېچىۋېتىشنىڭ ئۇلۇغ دولقۇنىدا ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يۈز مىليونلىغان دېھقان باي بولدى، بولۇۋاتىدۇ. مۇشۇنداق ئۇلۇغ تارىخىي پۇرسەتتە بەزى دېھقانلىرىمىز بارغانچە روۋۇكلىشىپ ئەبگالىشىۋاتىدۇ. ئىچكى ئۆلكىلەردىكى يېزا ـ قىشلاقلار تەرەققىي قىلىپ، رەسمىي سانائەتلەشتى، دېھقانلار ئېلېكترون ـ ئۇچۇر دەۋرىگە كىردى. ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىرى بولغان ئۇيغۇرلار دېھقانچىلىق، ناخشا ـ ئۇسسۇل، هامال، تىجارەتچىلىك قاتارلىق جەھەتلەرنى هېسابقا

ئالىمغاندا، باشقا جەھەتلەردىن كۆرۈنەرلىك يۈكسىلەلمىدى. بۇ پاكىتلار بىزگە ئىسلاھاتنى شاللاشنىڭ رەھىمسىز، رىقابەتنىڭ كەسكىنلىكىدىن، ھازىرقى قىممەت قارىشىمىز ۋە ياشاش ئىقتىدارىمىز ئۈستىدە يېڭىۋاشتىن كەسكىن ۋە تەخىرسىز ئويلانماي بولمايدىغانلىقىدىن جىددىي سىگنال بەرمەكتە.

1996 ـ يىلى، نويابىر.

# يۈرىكىم يىغلايدۇ

## 1

بىز يازغان قولىيازما ئەسەرلىرىنى دەستىلەپ تىزسا ئۆزىنىڭ بويىدىن ئېگىز كېلىدىغان، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ئەدەبىيات مۇنارى تىكلىگەن، ھوسۇلى ئەڭ مول، دۆلەت ئىچىدىمۇ، خەلقئارادىمۇ ئۇيغۇرنىڭ يازغۇچىسى دەپ ئېتىراپ قىلىنغان پېشۋا يازغۇچىمىزدىن ناھايىتىمۇ تۇيۇقسىز ئايرىلدۇق. ئۇنىڭ ئۆمرى بەكمۇ قىسقا بولدى. بىز ئۈچۈن يېزىپ بەرگەن كىتابى تەخمىنەن ئىككى يېرىم يىللىغا بىردىن توغرا كەلدى. ھوسۇل كۆپىيىپ كەتسە تەمى كېتىپ قالىدىغان ۋەتامىن يېتىشمەسلىك ھادىسىسى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە كۆرۈلمىگەنىدى. ئۇنىڭ ھەرقانداق بىر ئەسىرىنى ئوقۇسا ئادەمنىڭ ئاغزىدا ئۇنتۇلماس بىر تەم قالىدۇ. ئۇ يازغان ئۇيغۇرلارنىڭ قىسمەتلىرى ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەردەك مۇرەككەپ ھەم ئەگرى ـ توقاي ئىدى. بۇندىن ئىككى يىل ئىلگىرى ئۇنىڭ قەدىناس دوستى مىجىت ناسىر ئاكا ماڭا: «مەن ھەرقانداق ئادەم بىلەن بىر كۈن، يېرىم كۈن مۇڭداشسام گېپىم تۈگەپ كېتىپ جىمىپ قالىمەن، زوردۇن بىلەن ئون كۈن يالغۇز مۇڭداشساممۇ گېپىم تۈگىمەيدۇ. ئۇ ماڭا ئون كۈن گەپ قىلىپ بەرسىمۇ گېپىدىن زېرىكمەيمەن. ئۇنىڭ ھەربىر

كېيىدىن بىر يېڭىلىق چىقىپ تۇرىدۇ. بىر كۈنى مۇشۇ گەپنى ئۇنىڭغا دېۋىدىم، ئۆزىمۇ ھەيران قالدى» دېدى. مەنمۇ ئويلىمىغانىكەنمەن، زوردۇنكام بىلەن بىرگە بولغان چاغلىرىمىزنىڭ ھەممىسىدە ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ مەنىلىك، غەرەزسىز، كۆڭۈللۈك ئىكەنلىكىنى، ۋۇجۇدۇم يايراپ، روھىم كۆتۈرۈلۈپ قالىدىغانلىقىنى كېيىنچە ھېس قىلىدىغان بولغانىدىم. ئۇنىڭ قىزغىن، خۇشخۇي مىجەزى، جىددىيلىك، قايغۇ، غەم - ئەندىشىلەرنى بىر چاقچاق بىلەنلا كۆتۈرۈۋېتىپ، ياتسىراشلارنى تارقىتىۋېتىدىغان ئېسىل خىسلىتى يازغان ئەسەرلىرىنىڭ ھەربىر قۇرلىرىغا مەڭگۈلۈك روھ بولۇپ سىڭىپ كەتكەنىدى.

مۇشۇ بىر قەرىندە تەكلىماكاننىڭ (تەڭرىتاغ)، تارىم، ئىلى ۋادىسىنىڭ بېشىغا كەلگەن جۇدۇن - چاپقۇنلارنى تەڭ تارتقاننىڭ ئۈستىگە، پۈتكۈل مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ دەردىنى قوشۇپ تارتقان پېشقەدەم سەركەردە ئەدىبلىرىمىز بىر - بىرلەپ كېتىپ، سورۇنىمىز چۆلدەرەپ قالدى. سورۇندا ئاتا سۆپەت، ھۆرمەتكە لايىق ئاق ساقال ئەدىبلەرنىڭ ئورنى بوش قالدى. خەلقىمىز ئۆمرىنى تىلىگەنلەرنىڭ ئۆمرى قىسقىراپ بارماقتا ئىدى.

— تۇيۇقسىز ياشلار ئۆلۈپ كېتىدىغان ئىشلار نېمانداق جىقلاپ كېتىدىغاندۇ، ساپلا ياشلار ئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ زوردۇنكا، — دېدىم مەن يېرىم يىل بۇرۇن بىر كەچتە بىرگە تاماق يەۋېتىپ.

— جانغا تېگىدىغان دىشۋارچىلىقلار كۆپەيگەنچە ئۆمۈر قىسقىرايدىغان گەپ. ئايالالار يىغلاپ ئىچىنى بوشىتالايدۇ، ئەرلەر ئىچىگە يۇتىدۇ. مانا قاراڭ ئۇكا، بىزنىڭ قورۇدا ئەرلەر

نۆۋەت بىلەن كېتىۋاتىدۇ، بۇ قورۇيىمىز تۈل خوتۇنلار قورۇسىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. ئەمدى ئەزرائىل كەلسە پېقىرنى چاقىرىدىغان يەرگە يەتتى. پات - پات ئىشىكىم چېكىلسە ئەزرائىل كەلگەن چېغى دەپ، «تولا ئىشىك قاقماي كىرىپ ئالىدىغىنىڭنى ئاله ئاداش» دەيمەن، — دەپ گەپنى كۆلكە - چاقچاققا ئايلاندۇرۇۋەتكەندى زوردۇنكام كۆزەينىكىنى تۈزەپ قويۇپ.

— ئۇنداق دېمىسىلە زوردۇنكا، سىلى ئۇزاق ياشايلا تېخى. بۇلتۇر ئاتمىشقا توشقانلىرىنى خاتىرىلىدۇق، ئەمدى خۇدا بۇيرۇسا يەتمىشكە توشقانلىرىنى خاتىرىلەيمىز.

— ياق ئۇكام، تېشىمىز گۇمبەزدەك بولغان بىلەن ئىچىمىزدىن كەتتۇق. بەزىدە يۈرىكىم يوقاپ كەتكەندەكلا بولۇپ تىنالماي قالسا، قېنى سەنۇي، جاننى ئالىدىغىنىڭ كەلمەمسەن بۇنداق قىينىغۇچە، دەپ ناله قىلىپ كېتىمەن.

— بۇنداق دېسىلە بولمايدۇ، ئۇيغۇر ئۇچۇن سىلە ياشىمىسىلا بولمايدۇ، ئۆزلىرىنى ئاسراپ، جىقراپ يېزىپ بەرمىسىلە بولمايدۇ. باشقا ئىشلارنى تولا ئويلاپ كەتمىسىلە.

— مەن ئۇزاقمۇ ئۆمۈر تىلىمەيمەن. قولۇمدا تۆت توملۇق رومانىم بار. شۇنى يېزىپ پۈتتۈرۈۋالغۇچىلىكلا ياشىسام مىڭ شۈكرى. بەزىدە ئۈلگۈرەلمەسمەنمۇ، دەپ ئەنسىرەپ كېتىمەن.

— هازىر قانچىلىك قالدى؟

— ئۈچ تومىنى يېزىپ بولدۇم، يەنە بىر تومىنى تىرەجەپ كېتىۋاتىمەن.

— بىر توم دېگەننى هەش - پەش دېگۈچە يېزىپ بولىلا. ئۇنى يېزىپ بولۇپ يەنە ياشىمىسىلا بولمايدۇ.

— يەنە ياشاپ نىمە مەززىسى قالدى بۇ دۇنيانىڭ . . . كىچە ـ كۈندۈز خۇدادىن رومانىمنى پۈتكۈزۈۋالساملا ئەزرائىل ئۆلۈم خىتىمىنى كۆتۈرۈپ كەلسە، ئەكىلە ئاغىنە دەپلا مائاش جەدۋىلىگە قول قويغاندەك قولۇمنى قويۇپلا يۇر، ئاغىنە كەتتۇق دەپ ئالدى ـ كەينىمگە قارىماي كىتىۋېرىمەن. قەبرىستانلىق بىزنىڭ مەھەللىگە يېقىن، بىردەمدىلا بېرىۋالىمىز دەڭە ئۇكا.

بىر يىل بۇرۇنقى چاقچاق ئارىلاش دېيىلگەن بۇ سۆزلەر ئۇنىڭ تاۋۇتىنى ئېلىپ ماڭغان چېغىمىزدا قۇلاق تۈۋۈمدە توختىماي تەكرارلاندى. زوردۇنكام كىچە سائەت ئىككىدىن باشلاپ قىينالغىلى تۇرغاندا ھاۋا دەسلەپ ئىنتايىن بۇلۇتلۇق، تىنجىق ئىدى. جان ئۈزەرگە يېقىن سىم ـ سىم يامغۇر يېغىپ سالقىنداشقا باشلىدى. ئىلى دەريا بويىنىڭ ساپ ھاۋاسىدا مانا شۇنداق يېقىملىق يامغۇرلۇق سەھەردە بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقان بولغىيتتىڭىز زوردۇنكا، بۇنى سىزدىن سورىماپتىكەنمەن. سىز قىينىلىپ تىنىقىڭىز توختىغانغا قەدەر يامغۇر يېغىپ ئاندىن توختىدى. يامغۇر توختىدىيۇ، يامغۇر بۇلۇتى كۈن بويى تارقىماي، ھاۋامۇ قايغۇ چىراي بۇلۇتلۇق بولدى. مەن ئەسلىدە شۇ كۈنى ئەتىگەن زوردۇن سابىر ئاكىنىڭ قوشنىسى ھەم يېقىن سەپدىشى ئابلىمىت سادىق ئاكىنىڭ ئايالى خالىدە خانىمنىڭ ئالدىنقى كۈنى ۋاپات بولغىنىنى ئاڭلاپلا پەتىگە ماڭغانىدىم. يېرىم يولدا قادىر ئارسلاندىن زوردۇنكامنىڭ بۈنىڭدىن بىر سائەت ئىلگىرى تۈيۇقسىز قازا قىلغىنىنى ئاڭلاپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. مەن كۆڭلۈمدە ئابلىمىتكامنىڭ ئۆيىدە پەتە ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن زوردۇنكام بىلەن مۇڭدىشىپ،

چۈشلۈك تاماقنى بىللە يەپ قايتىشنى پىلان قىلىپ ئۆيدىن چىققانىدىم. تۇنۇگۇن قوشنىسى جان ئۈزۈپ يەرلىككە قويۇشنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئىشلارغا تەڭ قارىشىپ، پەتىچىلەرنى كۈتۈشۈپ، ئۆزىتىشىپ ساق ـ سالامەت مېڭىپ يۈرگەن ئادەم بۈگۈن جان ئۈزسە بۇ قانداق بوپ كەتتى ئەمدى؟ . . . يازغۇچىلار قورۇسىغا كىرىپ ئۇ دۇنياغا تەڭ سەپەر قىلغان بىر ئىشىك قوشنىلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا بارغىنىمدا، خالىدە خانىمنىڭ ئۆلۈم پەتىسىگە كەلگەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تۇنۇگۈن ئۆزلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ بىرگە ئولتۇرغان زوردۇن سابىرنىڭ بۈگۈن ئەتىگەندە تۇگەپ كەتكەنلىكىدىن گاڭگىراپ قېلىشقانلىقىنى كۆردۈم. ئىككى ئائىلىنىڭ هازىدارلىرى قوشۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، زوردۇنكام دېگەندەك ئاياللار ھەسرەت ـ نادامەتتە ھازا ئاچماقتا، يىغلىماقتا، ئەرلەر بولسا سۈكۈتكە پاتماقتا ئىدى.

بۇنىڭدىن يەتتە يىل بۇرۇن ئامراق چوڭ ئانام تۇگەپ كەتتى. چوڭ ئانامنىڭ تۇپراق بېشىدا ئانام ماڭا ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى. بۇ چاغدا مەن ئۆزۈمگە قاتتىق نەپرەتلەندىم. ئىچىمدە يىغا قاينىسىمۇ، كۆزۈمدىن بىر تامچە يىغا چىقىرالماي گۆشۈيۈپ تۇردۇم. ئىچىمدە دەريا ـ دەريا ياش قايناۋاتقاندەك قىلىدۇ، ئەمما كۆزۈمدە نەم يوق . بۈگۈن هازىدارلار قاتارىدا ھەممىسى بىلەن كۆرۈشۈۋىدىم، زوردۇنكامنىڭ خانىمى خەلچەم ھەدە ماڭا ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى.

— مانا زوردۇن، ئامراق ئىنىڭىز كەلدى، ئاغزىڭىزدىن چۈشۈرمەيدىغان ئىنىڭىز كەلدى. تېخى تۇنۇگۇن ئاشۇ بالىنى كۆرمىدىم دېگەنىدىڭىز، مانا ئۆزى كەلدى. ئىچ ـ ئىچىمدىن

ئېتىلىپ چىققان يىغا بوغۇزۇمغا ئۇرۇلدى.

زۇۋان سۇرگۇدەك ئەھۋالىم بولمىدى. ئەمما، كۆزۈمدە نەم دىدارى يوق، ئىچىمدىن ئۆرتىنىپ كېتىۋاتقان ياش كۆزۈمگە تېپەر ئەمەس ئىدى.

— بىرىنچىلار گۆرگە چۈشۈپ يېتىپ باقساڭلار، بوپتىمۇ ـ بولماپتىمۇ، بولمىغان يېرى بولسا يەنە كولايمىز! قېنى قايسىڭلار چۈشىسىلەر؟ — دېدى گۆركا توپا ئارىلاش تەرلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

كىچىككىنىمدە بەكمۇ قورقۇنچاق ئىدىم، بولۇپمۇ قەبرىستانلىقتىن بەكمۇ قورقاتتىم. چوڭ بولغانچە بۇنداق قورقۇنچلۇق ھېسسىياتلارمۇ غايىب بوپتۇ. قاراڭغۇ گۆرنىڭ ئاغزىغا قاراپ شۇنىڭ ئىچىدە زوردۇنكامنىڭ ياتىدىغانلىقىنى ئويلاپلا، پۈتۈن تېنىم ئېرىپ ئىچ ـ ئىچىمدىن بىر يىغا قايناپ كەلدى. ئىچىمدىن تېلىقىۋاتىمەن، ئەمما كۆزۈم يەنىلا قۇرۇق.

— مەن چۈشۈپ يېتىپ باقاي، — دېدىم.

تاش يەرلىككە سەكرەپ چۈشۈپ، قاراڭغۇ گۆرنىڭ ئىچىگە بېشىمنى تىقتىم. كېيىن گۆرنىڭ ئىچىگە تولۇق كىرىپ قىبلىگە بېشىمنى قىلىپ، مۇزدەك يەردە ئوڭدامغا سوزۇلۇپ ياتتىم. «سىز ياتىدىغان يەرنى ئۆلچەۋاتىمەن زوردۇنكا، سىز مەندىن ئۇزۇن ھەم بەستلىك. يەر شۇنچە تەكشى بوپتۇ، بىقىنىمغا تاش، شېغىللار پاتمىدى. يەرلىكىڭىز، تۇپرىقىڭىز شۇنداق ياخشى چىقىپتۇ.» كۆزۈمدىن مۇزدەك ياش سىرغىپ چىقىپ ۋۇجۇدۇم تىترەپ كەتتى.

— يەرلىكى بەك ياخشى چىقىپتۇ ھەم كەڭ، ھەم ئۇزۇن، پۈتى تاقاشمايدۇ. بىمالال ئولتۇرۇپ قوپقۇدەك ئازادە بوپتۇ.

رەھمەت ئاكا سىزگە،— دېدىم گۆركارغا.

— بىزنىڭ باشلىقنىڭ دېيىشىچە، بۇ ئادەم ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان ناھايىتى كاتتا ئەربابمىش، ئۇيغۇرلارغا ناھايىتى جىق، ئوبدان ئىش قىلىپ بېرىپتىكەن، ھەتتا ھەرەمنىڭ پادىشاھىمۇ بۇ ئادەمنى ئالاھىدە ھۆرمەتلەپ، مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى كاتتا مۇسۇلمان دەپ ئۆز قولى بىلەن مۇكاپاتلىغانىكەن. بۇنداق كاتتا ئەربابنىڭ ئىززىتىنى جايىدا قىلمىساق قانداق بولىدۇ، ئوغلۇم بىلەن ئىككىمىز كېچىچە ئوخلىماي ئىشلىدۇق. ئادەتتە بولسا گۆرنى بۇنداق بالدۇر پۈتكۈزگىلى بولمايدۇ، ھەممە يەر تاش تۇرسا،— دېدى گۆركار.

— رەھمەت سىلىگە ئاكا. بەك ئوبدان ئىش قىپلا. بۇ ئادەم خۇددى سىلى دېگەندەك بىزنىڭ بەك ئېسىل ئادىمىمىز،— دېيىشتۇق ياسىن مۇخپۇل بىلەن.

— بۇ ئادەمگە بەرگەن يەرنى خېلى خېلى ئادەملەرمۇ ئالالمىغان،— دەپ قوشۇپ قويدى گۆركار.

جۈمە — پېشىن نامىزىدىن كېيىن جىنازا نامىزى ئوقۇلدى. يامغۇر بۇلۇتلىرى تارقاپ ھاۋا بىراقلا ئېچىلىپ، تومۇز ئاپتىپى قايتا باشلاندى. تاتار مەسچىتىدىن باشلانغان تاۋۇت ئۆزانقۇچىلارنىڭ بېشى ياشلار باغچىسىنىڭ ئالدىغا بارغاندا تېخى ئايىغى رەتكە چۈشۈپ بولالمىغانىدى. ياشلار تاۋۇتنى مۈرىسىگە قويماستىن، ئېگىز كۆتۈرۈپ تەكبىر ئېيتىپ مېڭىشتى. ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈنغا سوزۇلغان ماشىنىلار سېپى تاۋۇت كۆتۈرگەن پىيادە ياشلارنىڭ ئارقىسىدىن ئاستا ئىلگىرىلىدى. بىرقانچە يەردە پېشقەدەملەر ياشلارغا تاۋۇتنى ماشىنىغا سېلىشنى ئىلتىجا قىلىشۋىدى، «ھايات ۋاقتىدا

كۆتۈرۈش قولىمىزدىن كەلمىدى، ئەمدى بولسىمۇ كۆتۈرۈۋالايلى» دەپ چىرايلىق رەت قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ياشلار ئۆزىنىڭ ھۆرمەتلىك يازغۇچىسىنىڭ تاۋۇتىنى مەسچىتتىن قەبرىستانلىققىچە بولغان يەتتە كىلومېتىر يەرگىچە، بارغانچە ئېگىزلەپ ماڭىدىغان ئارىلىقنى بېسىپ كۆتۈرۈپ ئاپاردى. كۆزنى چېقىپ، باشنى قايىنتىۋېتىدىغان كۆيدۈرگۈچى ئاپتاپتا، ياشلار توختاۋسىز كەلكۈندەك دەۋرەپ ماڭدى.

— مۇشۇ يىللاردا خەلق بېشىدا كۆتۈرۈپ داغدۇغا بىلەن ئۇزاتقان ئۆلۈم مۇشۇنىڭ بىلەن ئۈچ بولدى. تۇنجى قېتىم مەرھۇم ئابلىز مەخسۇم رەھمەتلىكنى خەلق مۇشۇنداق كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىققان، ئىككىنچى قېتىم مەرھۇم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر رەھمەتلىكنىڭ ۋاپاتى مۇشۇنداق كاتتا ناماز تاپقان، ئۈچىنچى قېتىم مانا زوردۇن سابىرنى خەلق بېشىدا كۆتۈرۈپ ئۇزاتتى. خەلق جىم يۈرگىنى بىلەن كۆڭلىدە ھەممىنى بىلىدىكەن، — دېيىشتى كىشىلەر.

## 2

مەن زوردۇن سابىر ئاكىنى كۆرۈشتىن خېلى يىللار ئىلگىرى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرۈپ ھەم نامىنى ئاڭلاپ، بالىلىق قەلبىمدە ئۇنىڭغا چوڭ ھۆرمەت ھەم ئۆچمەس ئەقىدە باغلىغانىدىم. ئۇ يىللاردا مەن «سۇ بويىدا» رومانىنى يادلاپ يۈرگەن سەبىي كىتاب مەستانىسى بولۇپ، بالىلىق قەلبىم ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇر تۇرمۇشىنى يالغاندىن پەردازلاپ، گۈزەل كۆرسىتىدىغان ساختىپەزلىكىدىن چەكسىز بىزار

بولغانىدىم. دېھقانلار كېچە ـ كۈندۈز يېرىم يالىڭاچ ھاشار چېپىپ، ئېغىر ئەمگەك، ئاچارچىلىقتا ئۆماچقا تويماي كېسەل بولۇپ يىقىلىپ كېتىۋاتسا، ئەدەبىياتىمىز «ئۆي ـ ئۆيلەردىن تارقاۋاتقان مەززىلىك پولۇ ھىدى»، «چىلاندەك قىزىرىپ پىشقان گىردە نان» دەپ يالغان يازاتتى. «كىمنىڭ ئۆيىدىن مەززىلىك پولۇ پۇرىقى كەپتۇ»، «چىلاندەك قىزىرىپ پىشقان گىردىنى قايسى دېھقان كۆرۈپتۇ» نېمىشقا يالغاننى يازىدىغاندۇ؟! چوڭ دادام ئەترەت بويىچە ئەڭ ئىشچان دېقان ئىدى. قېرىغان جېنىنى ئايىماي كېچىسى ئىشلەيتتى.

— چوڭ دادا، نېمانچە بەك ئىشلەيسەن، ھېرىپ قالامسەن؟ سەن كۆتۈرگەن كەتمەننى مەن كۆتۈرۈپ بەش چامدام ماڭالمايدىكەنمەن، — دېسەم، چوڭ دادام ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ:

— ھەي بالام، سەن كىچىك، بىلمەيسەن، ھارمايدىغان ئىش بولامدۇ. كۈندىن ـ كۈنگە جان ئاز قىلىۋاتىدۇ. كوپىراتسىيىگە ئۆماچ قەرزىم تولا. داداڭ يالغۇز بالا بوپقالدى. پوككىدە ئۆلۈپ كەتسەم، بىرمۇنچە قەرز داداڭغا قالسا، ئۇنىڭغا تارتىشىپ بېرىدىغان ئاكا ـ ئۇكىلىرى يوق. سىلەرنى باقامدۇ، ئۆماچ قەرزىنى تۆلەمدۇ، پۈتۈن ئەس ـ يادىم شۇنىڭدا، — دەيتتى.

ئەپسۇس، چوڭ دادامنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىدى. كېچە ـ كۈندۈز ئېغىر ئەمگەك قىلىپ جىق نومۇر ئېلىپمۇ كوپىراتسىيىنىڭ ئۆماچ قەرزى ئېشىپ قېلىپ، ئۇ دۇنياغا كەتتى. چوڭ دادامنىڭ جەمئىي 72 . 113 يۈەن ئۆماچ قەرزىگە ئىككى مو باغ يېرى بىلەن ئۈچ ئېغىزلىق ئۆيىنى كوپىراتسىيە

قەرزگە سۇندۇرۇپ ئېلىنىۋالدى. مانا شۇ ئېغىر كۈنلەردە زوردۇن سابىر ئاكىنىڭ «قەرزدار» ناملىق ھېكايىسى ئېلان قىلىندى. زوردۇنكام بىزنىڭ مەھەللىنى، دەل چوڭ دادامنى يازغانىدى، مېنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا نارازى بولۇپ تۇرغان سەۋەبىي قەلبىمنى زوردۇنكام لەرزىگە سالدى. مەن ھېكايىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ مەھەللىدىكى دېھقانلارغا ئوقۇپ بەردىم. دېھقانلار قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاپ بولۇپ ئۆكسۈپ يىغلىۋېتىشتى. نەچچىسى «بۇ ئەجەب يامان ئادەمكىنا، بىزنىڭ مەھەللىگە كەلگەندەك يېزىپتۇ»، «ئەمما ھۆكۈمەت يامان، ئۇ ئادەمنى بوش قويارمۇ؟ يا بىرەر تۇغقىنى چوڭ ئەمەلدارمىدۇ. لىن بياۋنى جايلىغان ھۆكۈمەت ئۇنى بوش قويارمۇ» دېيىشكەنىدى. رادىئودا ھەر كۈنى «خەلق گۇڭشېسى ياخشى» دەپ ناخشا توۋلاپ، كوپىراتسىيە جەننەتكە ئاپىرىدۇ، دەپ سۆزلەۋاتسا، بۇ ئادەم بۇ رىۋايىتىدە «قورسىقى تويمىغان يەردە، لالما ئىت جىنىدا تۇرمايدۇ»، دەپ خەلق گۇڭشېسىنى، كوپىراتسىيىنى بىر پۇلغا ئەرزان، تۆت پۇلغا قىممەت قىلىۋېتىپتۇ. ليۇشاۋچىنى شۇنداق دېدىڭ دەپ جايلىغان ھۆكۈمەت بۇ ئادەمنى قانداق قىلار» دېگەنىدى بوۋايلار. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مەن ئىزدىگەن، مەن سېغىنغان، خەلقنىڭ ھال - ئەھۋالىنى راستى بىلەن يازغان ئەدەبىياتنى مەن تۇنجى قېتىم زوردۇن سابىردىن كۆرگەنىدىم. دېمەك ئۇيغۇر تۇرمۇشىنى يالغان ئەمەس، راستى بىلەن يازسا بولمايدۇ، دېگەن گەپ جان باقتىلارنىڭ قۇرۇق باھانە - سەۋەبلىرى ئىكەن، يازسا يازغىلى بولىدىكەنغۇ. مەن «قەرزدار» ھېكايىسىنى تولا ئوقۇپ يادلىۋالدىم، ئاخىر ئۇنى ئۇچرىغانلىكى ئادەملەرگە يادقا سۆزلەپ بېرىدىغان بولدۇم. «ئاشۇ ئادەم

بىزنىڭ تەكلىماكاندىكى يۇرتىمىزغا كېلەرمۇ، كەلسە بىر پاقلان سويۇپ ئاغزىنغا ئۆز قولۇم بىلەن ياغ سېلىپ قويسام بولاتتى» دەيتتى دېھقانلار دەردى چىققاندەك بولۇپ. زوردۇنكام خەلق گۇڭشېسى، كوپىراتسىيە دېگەن تۈزۈلمىنى سۆكۈپ ئۇزۇنغا قالماي كوپىراتسىيە ئەمەلدىن قالدى. «ئۇ ئاغزىدىن سائەت چىقىدىغان ئۇلۇغ ئادەمكەن، كوپىراتسىيىنى بىر قاغاپتى، شۇنچە ئادەمنى ئۇماچ قەرزىگە بوغقان كوپىراتسىيە ئۆزىنىڭ بېشىنى يېدى. بارلىق ئۇماچ قەرزىدىن ئازاد بولدۇق. ئەمدى ئۇ ئادەم مەكىتكە كەلسە ھەر كۈنى ياغ پۇرىتىمىز» دېيىشتى دېھقانلار. ئارىدىن يىللار ئۆتۈپ تىلەك تىلەككە يېتىپ، زوردۇن سابىرنىڭ ئايىغى ئاخىرى مەكىتكە قەدەم بېسىپتۇ، دېگەن خەۋەر قۇلىقىمغا يەتتى. بۇ 1983 ـ يىلى 7 ـ ئاي بولۇپ، مەن قەشقەر پارتىيە مەكتىپىدە قىسقا مۇددەتلىك ئىتتىپاق كادىرلىرى كۇرسىغا قاتنىشىۋاتقانىدىم. كېيىن يەنە بىرىدىن ئۇ ئادەم تېخى مەكىتكە ماڭماپتۇ، مەكىتكە بېرىش ئۈچۈن قەشقەرگە كەپتۇ، بىر ـ ئىككى كۈندىن كېيىن قەشقەردىن مەكىتكە بارىدىكەن، دەپ ئاڭلىدىم. بىز بىر توپ ياشلار ئۇ ئادەمنى بىر كۆرۈۋېلىش ئارزۇسىدا ئىزدەپ سۈرۈشتە قىلىپ، چۈشتىن كېيىن ئاخىر قەشقەر ۋىلايەتلىك تەپتىش مەھكىمە مېھمانخانىسىدىن تاپتۇق. مەكىت مەدەنىيەت ئىدارىسىدىكى مۇتەللىپ سىيىت ئاكىمىز زوردۇنكامنى مەكىتكە ئاپىرىش ئۈچۈن ئالاھىدە قەشقەرگە كەلگەنىكەن. بىر توپ ياشلار ئۇ ئادەمنىڭ ياتىقىغا قىستىلىشىپ، تارتىنىش، جىددىيلىك ئىچىدە تەرلەپ، نېمە دېيىشىمىزنى بىلمەي تۇرۇپ قالدۇق. مەن جىددىيلەشكىنىمدىن چىلىق ـ چىلىق تەرلەپ كەتكەنىدىم. ئۇ

سېمىز، قارامتۇل، كۆزەينەكلىك، قاملاشقان ئادەمكەن. ئەمما مەن تەسەۋۋۇر قىلغاندەك يوغان، سۈرلۈك، باشقىچە ئادەم ئەمەس، دەل بىزدەك، ئادەتتىكىچە ئادەم ئىكەن، دەپ ئويلىدىم.

— هاي ـ هۆي، كېلىنچلار يىگىتلەر. هە مانا، مانا. . . هەممىڭلار دولان يىگىتلىرىما، مەن 1979 ـ يىلى مەكتەپكە تۇنجى بارغاندا سىلەردەك قاملاشقان بىر توپ دولان يىگىتلىرىنى كۆرمەي تۇرۇپلا، «دولان ياشلىرى» نى يېزىۋەتكەن. سىلەرنى كۆرگەن بولسامزە دولان چەۋەندازلىرى دەپ يازاركەنمەن. كېلىنچلار، نېمىدېگەن جىق يىگىتلەر سىلەر، ياتىقىمغا پاتماي قالدىڭلار، بولمىسىزە، بىر پەدە دولان مەشرىپى قىلىۋېتەركەنمىز. نەغمىنى مانا مەن ئۆزۈم قىلاتتىميا، مانا ئاللاھەي. . . يارىم سارىخان.

زوردۇن ئاكا مەكتەپ شىۋىسىدە سۆزلەپ، دولان مۇقامىنى كۆلكىلىك دوراپ بىر توۋلىۋىدى، هەممىمىز پاراقلاپ كۈلۈپ، ئارىدىكى جىددىيچىلىك، ياتسىراش، خىجىللىق يوقاپ ئۆزلىشىپ كەتتۇق.

— بۇلارنىڭ هەممىسى سىزنى بىر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغان هەۋەسكار ياشلار زوردۇنكا، — دەپ تونۇشتۇردى مۇتەللىپكام بىزنى.

— ماۋۇ ئورۇق، قىلتىرىقتەك بالىنىڭ ئىسمى ئەختەمجان، ياتاق دېگەن يېزىنىڭ ئىتتىپاق سېكرېتارى، مۇشۇ بالىلارنىڭ ئىچىدە هەممىدىن بەك سىزنى كۆرۈشكە ئىشتىياق باغلىغان، سىزنى هەممىدىن بەك تەشۋىق قىلىدىغان تەلۋە كىتابخانىڭىز. ئۆزىنىڭمۇ يېزىش هەۋىسى كۈچلۈك.

— مەن باياتىندىن بېرى بۇ يىگىتنى كىيىمىنى سالماي مۇنچىغا چۈشكەنمىدۇ، دەپ ئويلاپ كېتىپتىمەن، — دېدى زوردۇنكام. ھەممەيلەن پاراقلاپ كۈلۈپ كېتىشتۇق. مەن جىددىيلەشكىنىمدىن تەرلەپ كىيىملىرىم ھۆل بولۇپ، كۆڭلىكىم بەدىنىمگە چاپلىشىپ كەتكەنىدى.

— تاماق يەيلى، مۇتەللىپكا، زوردۇنكامنى تاماققا باشلايلى! — دېدىم مەن.

— مەكىتلىكىنىڭ ئادىتىڭلار قىزىقكەن. كۆرۈشۈپلا تاماق يەيلى دەيدىكەنسىلەر، — دېدى زوردۇنكام چاقچاق قىلىپ، — ئادەم ئۈچ ۋاخ تاماقتىن باشقا يەنە تاماق يېسە ماڭا ئوخشاش سەمرىپ كەتمەمدۇ. رەھمەت سىلەرگە يىگىتلەر. ھازىر يا چۈش ئەمەس ياكى كەچ. مەن مەكىتكە كېتىۋاتىمەن، مەكىتتە تۇرغان كۈنلىرىمدە ھەر كۈنى بىرىڭلارنىڭكىدە تاماق يېسەم خېلى ئۇزۇندا سېپىڭلارنى تۈگەتكۈدەكمەن. پېقىرنى بوش چاغلىماڭلار. سىلەرنىڭ پۈتۈن پىشۇرغان قويۇڭلارنى ئەمەس، تۆگەڭلارنىمۇ يەپ تۈگىتىپ، سىلەر بىلەن چېلىشىشقا چۈشىمەن. كىمتى ھېلىقى يانتاقتىكى چېلىشچى يوغان ئادەم؟

— ئابدۇكېرىم داڭ، — دېدىم مەن.

— ھەئە شۇ، تامدەك چېلىشچى پالۋىنىڭلارنىمۇ يېنى يەرگە تەگمىگەن چېلىشچى دەيسىلەر، مەن شۇ داڭنى يانپاشقا ئېلىپ يەرگە بىر ئۇراي دەيمەن. ھا. . . ھا. . . ھا. . . پېقىر مانا مۇشۇنداق ئاتىمەن ـ دە، ئابدۇكېرىم داڭنى كۆرسەم بەدەر تىكىۋېتەرمەن، — زوردۇنكام قىزىقچىلىق قىلىپ بىزنى تازا كۈلدۈرۈۋەتكەندىن كېيىن قوشۇپ قويدى، — رەھمەت سىلەرگە يىگىتلەر، مېھماندارچىلىق ئادەمنى ھاشار چاپقاندىنمۇ

ھارغۇزۇۋېتىدىكەن. غۇلجىنىڭ كۆمۈر كېنىدا كۆمۈر توشۇغاندىمۇ بۇنداق ھارمىغانىدىم، قەشقەرنىڭ مېھماندارچىلىقى يامانكەن، ھېرىپ ھالىمدىن كەتكۈزۈۋەتتى. خاپا بولمىساڭلار بىردەم كۆزۈمنى يۇمۇۋالسام.

بىز زوردۇنكام بىلەن خۇشال چاقچاقلىشىپ خوشلاشتۇق. مەن قەشقەردىكى قىسقا مۇددەتلىك ئېتىپاق كادىرلىرى كۇرسىنى تۈگىتىپ يۇرتۇم يانتاقىغا كەلگەندە زوردۇنكام يانتاققا كەلگىلى بىر ھەپتە بولغانىكەن.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم زوردۇنكا، يانتاققا كەلگىنىڭىزنى قارشى ئالىمىز، — دېدىم يېزىلىق ھۆكۈمەت مېھمانخانىسىنىڭ يانىقىدا زوردۇنكام، مۇتەللىپ سېيىتلەر بىلەن كۆرۈشۈپ.

— كەلگىنىڭىز بەلەن بولدى ئەختەمجان، ماڭا يانتاقتا تاتلىق نان ياقىدىغان ناۋايخانىدىن بىرنى تېپىپ بەرسىڭىز. ھەپتىدىن بېرى ھەممە ناۋايلارنىڭ نېنىدىن بىردىن ئېلىپ يەپ باقتىم. ھەممىسىنىڭ نېنى ئاچچىق خېمىرتۇرۇچ تېتىيدۇ. ئاچچىق نان يەپ پېقىرنىڭ مەيدىسى ئېچىشىدىغان بوپ كەتتىيا، — دېدى زوردۇنكام مەكىت شېۋىسىدە دوراپ چاقچاق ئارىلاش.

— بىزگە ئۇنداق تېتىمايدۇ. بازاردىكى ناۋايلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئاغىنىلىرىم، مەن سىلىنى بازارغا باشلاپ چىقاي، قايسى ناۋاي سىلىگە يارىسا شۇنىڭغا مەخسۇس سىلى ئۈچۈن ئايرىم نان ياقتۇرۇپ بېرەي، — دېدىم.

كېيىن مۇتەللىپكام يېزىلىق ھۆكۈمەت ئاشخانىسىنىڭ تامىقىمۇ تازا دېگەندەك بولمىغاچقا زوردۇنكامنىڭ بىر ئاز قىينىلىپ قالغانلىقىنى دېدى.

— ئەمدى خاتىرجەم بولسىلا زوردۇنكا، مەن كەلدىم. ئەمدى تاماقتىن قىينالمايلا، دېدىم.

مەن زوردۇنكامنى بازارغا ئېلىپ چىقىپ، ئەڭ يېقىن ئاغىنەم ھەسەن ناۋاينىڭ ناۋايخانىسىغا ئاپىرىپ تونۇشتۇردۇم.

— راستىنى دېسەم، بىزنىڭ يېزىغا ئارا كۈندە ئالتە قېتىم يۇقىرىدىن كادىر كېلىپ كېتىدۇ. كەلگەن سامان قورساقلارنىڭ بىرىمۇ دېھقانىنىڭ پايدىسىغا بىر ئېغىز گەپ قىلماي مەشرەپ ئويناپ كېتىدىغان. بۇ ھېلىقى دېھقانىنىڭ ئۇماچ قەرزىنى بىكار قىلغان يازغۇچى ئاكىمىز بولسا قولۇم كۆكسۈمدە، بوسۇغامدىن ئاتلىسا بېشىدىن ياغاچ ئۇشتۇپ پاقلان سويۇپ مېھمان قىلىمەن. مەن ھەر كۈنى سۈت بىلەن جىگدە شەربىتىدە توقاچ يېقىپ، شاگىرتىمدىن ياتىقىغا ئەۋەتىپ بېرەي. سىلىنىڭ ھېلىقى كاتتا يازغۇچى ئىكەنلىكلىرىنى بىلسە ياتاقلىقلار بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرىدۇ. توخۇ سۈتىدىن باشقىسى بار. مەن بازاردىكىلەرگە سىلىنى بىر تونۇشتۇرۇۋېتىدىغان بولسام، قايسى ئاشخانا، كاۋاپخانىغا كىرسىلە سىلى يۇرتىمىزنىڭ ئەزىز مېھمىنى، — دېدى ھەسەن ناۋاي.

زوردۇنكام خۇشال بولۇپ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ:

— رەھمەت سىلىگە ئۇستام، رەھمەت، — دېدى.

مەن زوردۇنكامنى بىزنىڭ ئۆيگە باشلاپ ماڭدىم. بازاردىن يىراقلاپ كېتىۋېتىپ:

— بىز كۆپ ھاللاردا خەلقنى خاتا مۆلچەرلەيدىغان ئوخشايمىز. بىر ھەپتىدىن بېرى مەن بۇ خەقنى كىتابتىن يىراق خەلقمىكىن دەپتىمەن. يازغۇچىنى ھۆرمەتلەيدىغان خەقكەن بۇ، — دېدى.

— سىلى بەك خاتامۇ مۆلچەرلەپ كەتمىدىلە ئاكا. بىزنىڭ يۇرتنىڭ خەلقى يازغۇچى، كىتاب، ئەدەبىيات دېگەنلەرنى بەك بىلىپمۇ، چۈشىنىپمۇ كەتمەيدۇ، بۇرۇن پەقەت زۇنۇن قادىرىنى بىلەتتى. سىلىنىڭ «قەرزدار» ئىيلان قىلىنغاندىن كېيىن سىلىنى بىلىپ كەتتى، ھەتتا بەزىلەر سىلىنى زۇنۇن قادىرى شۇكەن، ئىسمىنى ئۆزگەرتىۋاپتۇ دېيىشىپ، ئۆزلىرىچە بىر ئىشلارنى پەرەز قىلىشىپ كېتىشىدۇ، — دېدىم مەن.

ئۆيگە كەلسەك ئانام قىزىل بىداش چۆچۈرىسى ئېتىپ، ئەمدى قاچىلارغا ئۇسۇپ تۇرغانىكەن. ئەتىيازدا ھويلا تېمىمىز ئۆرۈلۈپ كەتكەن بولۇپ، تامنىڭ چالمىسى ھويلىنىڭ يېرىمىغىچە بېسىپ كەتكەنىدى، تام ئورنىغا جىگدە شوخىسى چىتلاپ تويۇپ ياشاۋاتقانىدۇق. ئانام ۋەيرانە ھويلىدىن بەكمۇ نومۇس قىلىپ ئالاقزادە بولۇپ كەتتى. ئۇ:

— ئۆي تۇتمىغاننى ئۆيگە كىرگۈزمە، دەپ ئۇرۇمچىدىن كەلگەن ئېسىل مېھماننى مۇشۇنداق تۇيۇقسىز باشلاپ كېلەمسەن؟ — دەپ مېنى ئەيىبلەپ كەتتى. مەن كۈلۈپ تۇرۇۋالدىم. زوردۇنكام ئۆيگە كىرگىلى ئۇنىماي، ئۇزۇم بارىڭىنىڭ ئاستىدىكى كارىۋاتتىكى كونا كىگىزدە ئولتۇرۇۋالدى. ئانام پايپېتەك بولۇپ ئۆيدىن يېڭى تاۋار كۆرپە ئېلىپ چىقىپ سالدى.

— «ئۆزۈڭ نېمە يېسەڭ دوستۇڭغا شۇنى بەر» دەپتىكەن. ھازىرچە بۇ ئوت - خەسە چۆچۈرىگە ئېغىز تەگسىلە، قالغىنىنى كېيىن كۆرەرمىز، — دەپ داستىخان سېلىپ ئاشنى كەلتۈردى دادام.

زوردۇنكام دەسلەپ قىزىل بىداشنى قانداقكىن، دەپ

تېتىپ بېقىپ، كېيىن تەرلەپ ـ پىشىپ ئىچىپ كەتتى.

— ۋاھ، تازا بەلەن تاماققا كەپتىمەن. ئەجەب ئوبدان نەرسىغۇ بۇ. يەنە بىر چىنە ئىچسەم بولارمۇ ئۈمەر ئەپەندى؟ — دېدى زوردۇنكام. دادام، ئانام خۇشاللىقتىن «ۋاي بولمامدىغان» دېيىشىپ كەتتى.

— مانا ياندۇرمىلاپ ئىككى قاچا تاماق يېيىشىم مەشەگە كەلگەندىن بۇيان تۇنجى قېتىم، بەك ياقتى، — دەپ توختىماي ماختىدى زوردۇنكام.

بىز ئۇيان ـ بۇياننىڭ پاراڭىنى قىلىپ بولغۇچە دادام بىر قوينى سويۇپ قازانغا سېلىپ بولدى. بازاردىكى ئاشپەز، ناۋاي ئاغىنىلىرىم بولۇپ 20 ـ 30 ئادەم هويلىمىزغا يىغىلىپ قالدى. تال باراڭغا چىراغ تارتىپ يېرىم كېچىگىچە مەشرەپ ئوينىدۇق. مانا شۇ كەچتىن باشلاپ ھەر كۈنى كەچتە بىر ئۆيدە قوي سويۇپ مەشرەپ قىلىپ، زوردۇنكام دولان خەلقىنىڭ ئىچىگە سىڭىپ كەتتى. هازىرغا قەدەر ئانام «زوردۇن سابىر بىزنىڭ ۋەيرانە هويلىدا مېھمان بولغان» دەپ پات ـ پات يادلاپ قويىدۇ. بەزى كۈنلىرى دېھقان ئاغىنىلىرىم مېنى بۇ «بالا كادىر» دەپ، زوردۇنكامنى ئېلىپ يىراق ـ يېقىن يېزىلاردىكى دېھقانلارنىڭ ئۆيىگە ئايرىمچىلاپ ئەپقېچىپ كېتىپ، دېھقانلار بىلەن «كادىرسىز» مەشرەپ ئوينىشىپ كېتەتتى. مانا شۇندىن ئېتىبارەن زوردۇنكام مەكىتنىڭ يانتاق، تۇمەنتال، غازكۆل، قىزىلئاۋات يېزىلىرىدا، تەكلىماكاننىڭ ئەڭ ئىچكىرى توغراقلىرىدىكى پادىچى، ئوۋچى؛ ئېتىز، خامانلاردىكى دېھقانلار ئارىسىدا خۇددى ئۆزى تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ئىلى دەريا بويىدىكى گۈزەل ئورمانلىقلاردا يۈرگەندەك، خاتىرجەم

يۇرتۇۋېرىدىغان بولدى. يانتاقتىكى كۈنلىرىدە مەن يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى ئوسمان مەھەممەت ئاكىغا زوردۇنكامنى ئالاھىدە تونۇشتۇردۇم.

— بۇ ئادەم بىزنىڭ كاتتا يازغۇچىمىز، بىز ئىشىمىز تولا خەقكەنمىز، سەن ياش ھەم يازغۇچىلىققا ھەۋەس قىلىدىغان ئادەم بولغاندىكىن، نەگە بارىمەن، دېسە شۇ يەرگە ئاپىرىپ كۆرسەت. كاتتا يازغۇچى يۇرتىمىزدا تېنەپ قېلىپ رەنجىپ قالمىسۇن. سەن مۇشۇ ئادەم كەتكۈچە خىزمىتىدە بول. ئورنۇڭغا بىر ئادەمنى ۋاقىتلىق مەسئۇل قىلايلى. قايسى كەنتكە بارىمەن دېسە، ئات ھارۋىسى تەييار قىلىپ، بارىمەن دېگەن يېرىگە ئاپىرىڭلار، بىزنىڭ ئالىي پىكاپىمىز ئات بولغاندىكىن، ئۇ ئادەممۇ توغرا چۈشىنەر، — دېدى ئوسمان ئاكا.

بۇ يېزىغا نىسبەتەن ئەڭ ئالىي كۈتۈش ئىدى. مەن خۇشاللىق بىلەن زوردۇنكامنى يېزىمىزنىڭ ھەممە كەنت، يىراق سەھرالىرىغا ئات ھارۋىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئاپاردىم. مەن ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان جەرەندۆڭ كەنتىگە بارىدىغان كۈنى زوردۇنكام تۇيۇقسىزلا:

— ئۇكام مەن يۇرتۇڭلاردا ئىككى نەرسىنى ئالاھىدە ھېس قىلدىم. بىرى، باي ئادەم يوقكەن؛ ئىككىنچىسى، كادىردىن باشقا سېمىز، يوغان ئادەم يوقكەن، ھەممە ئادەم ئورۇق، ۋىجىككەن، — دېدى.

— يۇرتىمىزدا ياشىماق تەس زوردۇنكا. كادىردىن باشقا ئادەم قېنىپ ئۇخلىمايدۇ. بىر دەم پۇت - قولىنى سوزۇپ ئارام ئالمايدۇ. كېچە - كۈندۈز ئېتىز بىلەن ھاشار بېشىدا ئەمگەك قىلىدۇ، — دېدىم مەن.

— مېنى ئەڭ باي دېگەن دېھقانىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىڭا، بىر كۆرەي، — دېدى زوردۇنكام.

بىز جەرەندۆڭ كەنتىنىڭ شۇ چاغدىكى كەنت سېكرېتارى ئېزىز ئاۋۇت ئاكىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن كەنت باشلىقى تۇرسۇن ماموتنىڭ ھەمراھلىقىدا جەرەندۆڭنىڭ ئىچكىرى جاڭگىلىدىكى مىڭغا يېقىن چارۋىسى، ئۈچ يۈز مىڭ تۈپكە يېقىن ئورمىنى بار باي ئائىلە توختى ھېيت دېگەن ئادەمنىڭ ئۆيىگە ماڭدۇق. تەكلىماكاننىڭ تومۇز پەسلى تېخى يانمىغان بولۇپ، پىژغىرىم ئىسسىق ئادەمگە تونۇر يالقۇنىدەك ئۇرۇلاتتى. يۇلتۇز يايلىقىنىڭ ئېسىل نەسلىدىن بولغان يوغان ھەم سېمىز ئات ئالدىدا سۇدەك ئېقىپ، تۇتۇندەك توزۇپ تۇرغان قۇرغاق توپىنى تىزىغىچە كېچىپ، تەرلەپ - ھاسىراپ ئىلگىرىلەيتتى. دۆڭدىن - دۆڭگە، قۇمدىن - قۇمغا ھالقىپ، ئاخىر بىر ئېگىز دۆڭدە قەدىمىي قەلئەدەك ياپيېشىل بىر بوستانلىق يىراقتىن كۆزگە چېلىقتى.

— ئاشۇ شۇ، — دېدى تۇرسۇن ماموت گەز باغلاپ كەتكەن ئاغزىنى تەستە ئېچىپ.

— يائاللا، ئاخىر كەپتۇق - دە، بۇ جاڭگال پادىشاھىنىڭ ئوردىسىغا. مۇشۇنداق تەشنالىقتا مۇزدەك قېتىق بولغان بولسا دوزاختىن جەننەتكە كىرگەندەك ھۇزۇرلىناتتىم - دە، — دېدى زوردۇنكام.

— بوپتالا، — دېدى كەنت باشلىقى تۇرسۇن ماموت.

توپىمۇ، كىگىزمۇ، تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن سۇپىغا ئۆزىمىزنى ئاران تاشلاپ ئولگۇردۇق. قاراڭغۇ ھەم سالقىن ئۆيدە دەماللىققا ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمىسىمۇ، ئۆيىنىڭ

سالقىنلىقىدىن جېنىمىز راھەت تاپتى. تاياقتەك ئورۇق، ئېگىز، قوش بورۇن، سېرىق سىم ساقال، كۆك كۆز كەلگەن توختى ھېيىت بىز بىلەن مۇلايىم كۆرۈشۈپ، سۇپىدىمۇ ئولتۇرماستىن قارا يەرگە يۈكۈنۈپ قول باغلاپ ئولتۇردى.

— ھەي توختىكا، بىز باشلاپ كەلگەن بۇ كىشى يۇقىرىدىن كەلگەن كادىر ئەمەس، بىزنىڭ داڭلىق يازغۇچىمىز زوردۇن سابىر. سەن قورقۇپ قول باغلاپ يەردە يۈكۈنۈپ ئولتۇرماي ماۋۇ سۇپىدا ئولتۇر،— دېدىم كۈلۈپ تۇرۇپ.

— خوش، ئوبدان، ھەر قايسىلىرى دېگەن كادىر. مەن سىلەردەك تەڭ دوست تارتىپ سۇپىدا ئولتۇرۇۋالسام ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ. بىئەدەپلىك قىلسام بولماس،— دېدى توختىكام.

— سىز داق يەردە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇۋالسىڭىز، بىز چوغنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك بولىمىز، تۇرۇڭ ئورنىڭىزدىن. مەن مەكتىكە كېلىپ ئىككى ئىش ناھايىتى ئاچچىقىمنى كەلتۈردى. بىرى، ھەرقانداق سورۇندا كادىر سۇپىدا — كۆرپىدە، دېھقانلار توپا يەردە ئولتۇرىدىكەن؛ يەنە بىرى، مەشرەپتە مۇقامچىلار پەگادا ئولتۇرۇپ كەچكىچە نەغمە قىلىپ بەرسە، تۆردە ئولتۇرغان كادىرغا يوغان گۆش، پەگادا جاپا چەككەن مۇقامچىغا قۇشقاچتەك گۆش بېرىدىكەن. بۇ پەقەت قاملاشمىغان ئىشكەن. قوپۇڭ، تۇرۇپ كېتىڭ توختىكا،— دېدى زوردۇنكام.

— يوقسۇ تەقسىر، ھەر قايسىلىرىغا بىئەدەپلىك قىلىشقا ھەددىمىز ئەمەس.

توختىكام قوپقىلى ئۇنىماي يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇۋالدى.

— بىز تونۇلساق شۇنداقكەن. بۇ ئادەتنى ئۆزگەرتىش ئاسان ئەمەس.

— توختىكا، بالاڭنى مەكتەپكە ئەۋەتمۋاتقانسەن؟ — دېدىم مەن. چۈنكى جەرەندۆڭدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان بىر يېرىم يىللىق ئوقۇتقۇچىلىق هاياتىمدا هەر هەپتىدە بىر قېتىم بالا قىچقارغىلى كەلسەم بۇ ئادەم مانا مۇشۇنداق ئولتۇرۇۋالاتتى.

— قوپە ئاكا، قورساق ئېچىپ كەتتى. قېتىق بىلەن زاغراڭنى ئاچىقە، — دېدى تۇرسۇن مامۇت.

— خوش، ئوبدان.

توختىكام شۇندىلا ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كېتىپ، قارا كىردىن رەڭگىنى يوقاتقان داستىخانغا يۆگەلگەن تاۋاقنى ئەكىرىپ ئالدىمىزغا ئاچتى. داستىخاندىكى لىگەندە چاك ـ چاك كەتكەن تۆت ـ بەش زاغرا تۇراتتى.

— كېچىچە موزاي بوشىنىۋېلىپ ئانىسىنى ئېمىۋاپتىكەن. ئىنەك سۈت بەرمەي قېتىق ئۇيۇتالماپتۇ. بالىلار ئوچاققا ئوت ياقتى، هەمساتتا چاي قاينايدۇ، — دېدى توختىكام.

— سۇ بولسىمۇ ئىچەيلا، قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتتۇق، — دېدى زوردۇنكام.

ئالدىمىزغا ئۈچ چىنە سۇ كەلتۈرۈلدى. سۇ ئۇماچتەك لاي بولۇپ، زوردۇنكامنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ بىزگە قارىدى. بىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

— مۇشۇ سۇنى ئىچەمدۇق هوي ئۇكىلار؟ — دېدى زوردۇنكام.

— ئامال يوق، — دېدىم مەن.

— قاراڭ، مانا مۇشۇنداق ئىچىۋېرىسىز.

تۇرسۇن مامۇت بىلەن مەن ئىچىۋەتتىم.

— هوي، هوي بولمىدى. بۇ قانداق گەپ بوپكەتتى. بۇنداق لاي سۇنى ئىچسە ئادەمنىڭ ئىچى لايدىن تىنىپ كەتمەمدۇ؟— دېدى زوردۇنكام كۆزەينىكىنى سۈرتۈپ قايتا قاراپ.

— تەكلىماكاننىڭ قۇمى زىيان قىلمايدۇ. ئىچىۋېرىڭا زوردۇنكا.

— ياق، ياق، بىرئاز تىنسۇن. ماۋۇ ناننى يەپ باقايچۇ . . .

زوردۇنكام ناندىن بىر چىشلەپ بىر هازا چايناپ كۆزلىرى يەنە بايىقىدەك چەكچىيىپ كەتتى. قېقىلىپ - يۆتىلىپ بولالماي بىر ئىچكەن لاي سۇنى يېرىمىدىن جىقراق ئىچىپ ئاندىن توختىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتكەنىدى. تۇرسۇن مامۇت بىلەن ئىككىمىز كۈلۈپ تېلىقىپ كەتتۇق. زوردۇنكام بىر هازاغىچە كۆزەينىكى هەم كۆزىنى سۈرتۈپ كانىينى توختىماي قىرىپ:

— يائاللا، مەن ئۆمرۈمدە ئەڭ تەستە يۇتقان بىر توغرام نان بولدى بۇ،— دېدى.

— ئاكا، سىز دائىم مۇشۇنداق يىرىك هەم ئاچچىق نان يەمسىز؟

— خوش، شۇنداق تەقسىر، ئەقلىمگە كەلگەندىن هازىرغىچە شۇنداق.

— مىڭغا يېقىن چارۋا مال، نۇرغۇن دەرەخلەر بولغاندىكىن، بىر قىسمىنى سېتىپ بۇغداي نېنى يەڭ. ماۋۇ كىگىز ئورنىغا گىلەم سېلىڭ. بۇنداق ناننى يەۋەرسىڭىز كاناي راكى، ئاشقازان راكى بولىسىز.

— ئەل قاتارى ياشىمىساق خەقتىن ئېشىۋالساق كۇپۇرلۇق بولار تەقسىر. خەق نېمە يېسە شۇنى يېمەي مەن باي دەپ ئېشىۋالمىدۇق، — دېدى توختىكام.

— بۇ نېنىڭىزدىن بىرنى ئېلىپ كەتسەم بولامدۇ؟ — دېدى زوردۇنكام.

— بولمامدىغان، ھەممىنى ئېلىپ كەتسىلىمۇ مەيلى، — دېدى توختىكام.

— مەن بۇ ناننى تۆمۈر داۋامەتكە سىزنىڭ ئەڭ باي دېھقىنىڭىز يەيدىغان نان، دەپ ئالغاچ كېتىمەن، — دېدى زوردۇنكام.

ئۆينىڭ پۇتۇن تېمىغا چاپلىنىپ كەتكەن ھەر خىل تەقدىرنامىنى بىر ھازا ئوقۇدۇق. زاغرىنى زوردۇنكام يېيەلمىگەندىكىن، بىزمۇ يېمەي ئاچ قورساق ياندۇق. يانتاق بازىرىغا ئاران ئۆلگۈرۈپ، تونۇر كاۋپى يەپ ئۇھ دېدۇق. ئىسسىق ئۆتۈپ كەتتىمۇ ياكى لاي سۇ زىيان قىلدىمۇ، كېچىچە زوردۇنكامنىڭ ئىچى سۈرۈپ كىرپىك قاقماي چىقىپتۇ. بازاردىكىلەر: «ۋاي، سىلەرمۇ باي دەپ تازا پىخسىقنىڭ ئۆيىگە باشلاپسىلەر» دېيىشتى. زوردۇنكام «ئىبھ، توپىلىق يول» ناملىق مەشھۇر ھېكايىسىنى يېزىپ پۈتتۈرۈپ ئەتىسى دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى. ئاسما ئوكۇل بىلەن جىددىي داۋالاپ، ئاندىن قېرىلار قارا ئۇجمە، شاتۇت ئەكېلىپ يېگۈزۈپ بىر كۈندىلا ساقايتىۋالدۇق. كېيىن بىلسەك، توختى ھېيت رامزان ئېيىدا روزا تۇتماي قورساق ئاچتى، دەپ بارغىنىمىز ئۇچۇن بار قېتىقنى يوق دەپ، سۇزۇك سۇ بەرمەي لاي سۇ بەرگەنىكەن. دېمىسىمۇ شۇ چاغ دەل رامزان ئېيى ئىكەن. بۇ

تەرىپىنى ئويلاپ باقماپتۇق.

«تەكلىماكان گىرۋىكى»، «ئۇنتۇمايمەن گۈلسارە»، «ئوۋچى»، «چوغدەك ياپراقلار»، «جىگدىلەر پىچىرلايدۇ» قاتارلىق داڭلىق ئەسەرلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆزۈلمەي ئېلان قىلىنىپ، زوردۇننىڭ يېتىلگەن بەدىئىي كامالىتى شىنجاڭدىلا ئەمەس، پۈتۈن مەملىكەتتىمۇ زور تەسىر پەيدا قىلدى.

زوردۇننىڭ تاۋۇتىنى كۆتۈرۈپ ماڭغانلار ئارىسىدا روزەك بەز، ئەلا، زىخرۇللام، مەتيا، ھاشىر، گۈلسارەلەر، يەنە ئۇنىڭ قەلىمىدە پەيدا بولغان نۇرغۇن كىشىلەر ھازا تۇتۇپ ماڭماقتا ئىدى. پۈتكۈل ھازىدارلارنىڭ قەلبىدە ئۇ يازغان تۇمەنلىگەن ئادەملەر ھازا ئاچماقتا، ئۇلار تېخى ھايات ياشايدۇ.

1998 ـ يىلى سېنتەبىر.

# يوپۇرمىقىغا قاراپ يىلتىزىنى كۆرۈش

(«چاشقان ئاپىتى» ناملىق ھېكايىنىڭ بەدىئىي چىنلىقى ھەم رېئاللىقتىكى كۆلەڭگۈسى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە)

بۇ ھېكايە ياش يازغۇچى ياسىنجان سادىقنىڭ مەن سۆيۈپ ئوقۇيدىغان بىرمۇنچە تاتلىق ھېكايىلىرى ئارىسىدىكى تەبىئىي گۈزەللىكى بىلەن مېنى تەكرار ئوقۇشقا ئۈندىگەن، ئۇنتۇلماس قىممەتكە ئىگە نادىر ھېكايىلەرنىڭ بىرى.

بۇ ئەسەر «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1997 ـ يىللىق 6 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغانىدى. بۇ ژۇرنال يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان ياسىنجان سادىقنىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھېكايىلىرىدىن بىرقانچىنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىپ، ئوقۇرمەنلەرگە مۇشۇ ئەللىك يىلدىن بۇيان يەكەن دىيارىدىن يېتىشقەدەم ئۇستاز يازغۇچى نۇر روزىدىن كېيىن يەنە بىر تالانتلىق يازغۇچىنىڭ چىققانلىقىدىن ۋە ئۇيغۇر پروزىسى ئۈچۈن يېڭى كۈچ بولۇپ قوشۇلۇۋاتقانلىقىدىن دېرەك بەردى.

«چاشقان ئاپىتى» دېگەن بۇ جۈملە تىلغا ئېلىنىش بىلەنلا ھەممە ئادەمگە تونۇشلۇق ئەھۋال — چاشقانلار يامراپ، ھەر تەرەپتە ئادەملەرگە، ئاشلىق، زىرائەتلەرگە، ئۆسۈملۈك، باغلارغا، قىسقىسى، پۈتكۈل تەبىئەتكە زىيانكەشلىك قىلىپ يۈرگەنلىكى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ 80 ـ

يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدا چاشقان ۋەھىمىسى ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى. ئادەتتە بۇرۇن چاشقانلار ئادەمنىڭ قولىنىڭ باش بارمىقىچىلىك، بەك يوغانلىرى پۇتىنىڭ باش بارمىقىچىلىك كېلەتتى ۋە ناھايىتىمۇ پىنھان، مەخپىي، ئادەملەرگە كۆرۈنمەي ھەرىكەت قىلاتتى. كۈندۈزى بىرەر چاشقان ھويلا ـ ئارام ياكى باغ ـ ئېتىزلاردا كىشىلەرنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالسا، ئۇر ـ ئۇر قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلەتتى ياكى بولمىسا ئادەملەر قورغان تۇزاق، ھەممە ئۆيلەردە دېگۈدەك بولىدىغان قۇيرۇقلىرىنى دىڭگايتىپ يۈرگەن ئۇۋچى مۈشۈكلەر تەرىپىدىن يىغىشتۇرۇلۇپ، چاشقانلارنىڭ يامراپ كېتىشىگە يول قويۇلمايتتى.

ياسىنجان سادىقنىڭ «چاشقان ئاپىتى» ناملىق ھېكايىسىنىڭ بېشىدىلا، نامرات، كېسەلمەن دېھقان داۋۇت داڭقاننىڭ ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوڭلۇقى ئاسلانچىلىك كېلىدىغان سېمىز، تۈكلىرى پارقىراق چاشقاندىن بىرى ئىنتايىن خاتىرجەم، مەغرۇر ھالدا خۇددى ئۆز ئۆيىدە يۈرگەندەك بەخىرامان مېڭىپ يۈرگەنلىكى، مىدىرلىغىلى ھالى يوق، كونا يوتقانغا ئورۇنۇپ ياتقان ئۆي ئىگىسى داۋۇت داڭقاننىڭ ھالسىزلىنىپ، خۇنى كەتكەن كۆزلىرىگە مەغرۇر، غالىبلارچە قارىغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ. چاشقاننىڭ قاپقارا نەشتەردەك، شۇملۇق يېغىپ تۇرغان كۆزلىرى داۋۇت داڭقاننىڭ مادارسىز كۆزلىرىگە تىكىلگەندە، بىچارە ئۆي ئىگىسى بولغان دېھقاننىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قورقۇنچلۇق تىترەك باسىدۇ. چاشقان ئاشۇ ئەلپازى بىلەن داۋۇت داڭقاننىڭ كۆزىدىن باشلاپ غاجىلاپ، ئېغىز، بۇرۇن، قۇلاق، تىللىرىنى بىرمۇ بىر

يەۋېتىدىغاندەك ۋەھىمىلىك كۆرۈنىدۇ. ئەمما، داۋۇت داڭقاندا چاشقانغا تاقابىل تۇرغۇدەك جۈرئەت، مادار يوق. چاشقان ئېتىلىپ كېلىپ يۈزىگە چاپلىشىپ، كۆزلىرىنى ئويۇپ يېمەكچى، بولسا ئۇنى تۇتۇپ چۆرۈۋېتىدىغان قوللىرى چېقىپ تاشلانغان، يەنى ئۇنىڭ پۇت ـ قوللىرى كەتتىنىڭ يەرلىك خاقانى بولمىش ھاۋاز سېكرېتار تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرغان «كۆندىلىك چاشقان تۇتۇش ۋەزىپىسى» نى ئورۇندىيالمىغانلىق ئۈچۈن تۆلەشكە تېگىشلىك جەرىمانىنى تۆلەشكە ئۇنىمىغانلىقى، ئۆي بىساتلىرىنى جەرىمانىگە ھېسابلاپ مۇسادىرە قىلىسا قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ھاۋازنىڭ بىر توپ قول چوماقلىرى تەرىپىدىن بىر كېچە تاڭ ئاتقۇچە قاتتىق كالتەكلىنىپ، پۇت ـ قوللىرى سۇندۇرۇپ تاشلانغان، ئايالى بالىلىرىنىڭ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن بالىلىرىنى ئېلىپ يىراق يېزىدىكى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە پاناھلىنىشقا كەتكەن، ئېغىر كېسەل بولۇپ مىدىرلىيالماي ياتقان داۋۇت داڭقان بولسا، «ھەممىمىز ئۆيىنى تاشلاپ كەتسەك، ئۆي، زېمىنلىرىمىزنى راستتىنلا باشقىلارغا بېرىۋەتسە، بىز ئۆز يۇرتىمىزدا ئۆي ـ ماكانسىز، مۇساپىر سەرسان بولۇپ قالمايلى. جېنىم تېنىمدا بولسىلا، ئۆيدىن چىقمايمەن» دەپ ئۆيىنى قوغداپ يېتىۋالغانىدى. ھاۋاز سېكرېتار ئۇنىڭ ئۆيدىن چىقىشىنى، ھېچ بولمىسا ئۆلگەندىن كېيىن ئۆيىنى سېتىپ، ئۇنىڭ قەرزىنى تىرىلدۈرۈشنى تەشنالىق بىلەن كۈتۈپ يۈرەتتى. ئەنە شۇنداق ھالەتتە ئاشۇ چاشقان بىچارە داۋۇت داڭقانغا تەھدىت سالىدۇ. چاشقانىنىڭ نەزەرىدە داۋۇت داڭقان گۇناھكار، جىنايەتچى بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى، داۋۇت داڭقان ئۆزىگە ئىچ ئاغرىتىپ، ئانچە ـ مۇنچە

ئاش ـ نان ئەكىرىپ يوقلاپ تۇرىدىغان قولۇم ـ قوشنىلار بەرگەن تاماق بىلەن جېنىنى ئاران جان ئېتىپ ياتقاچقا، ئۇنىڭدا چاشقانغا بەرگۇدەك ھېچ نەرسە يوق، شۇڭا چاشقان ئۇنىڭغا ئۆچلۈك قىلىدۇ ھەم ئۇنىڭ ئۆيىدىنمۇ، ئۆزىدىنمۇ يامانلاپ قالىدۇ، چاشقان ئۇنىڭ ئەسكى تاۋۇقىدىكى قېتىپ تارشا بولۇپ كەتكەن پارچە نانلارنى خۇشياقماستىن ئازراق غاجىلاپ بېقىپ، «قېنى مەن يەيدىغان تەملىك غىزا؟ ياخشى تاماقنى ئۆزۈڭ يەۋېلىپ، ماڭا مۇشۇ قېتىپ قالغان پارچە ناننى قويدۇڭمۇ؟ ماڭا ياخشى يېمەك بەرمىسەڭ سېنى يەيمەن» دېگەندەك قىلىپ قاراپ تەھدىت سېلىپ، داۋۇت داڭقاننى سوراق قىلىدۇ. داۋۇت داڭقان بولسا، چاشقاننى بېقىش مەجبۇرىيىتى ياكى قەرزى يوق تۇرۇقلۇقمۇ مەنتىقىگە خىلاپ ھالدا ئۆزى چاشقاندىن ئاجىز بولغىنى ئۈچۈنلا، چاشقان ئالدىدا ئامالسىز ئۆزىنى قەرزداردەك، جىنايەتچىدەك ھېس قىلىدۇ. چاشقانغا ياخشى ئوزۇقلۇق بېرەلمىگىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆزىنى يەۋېتىشىدىن ئۆلگۇدەك قورقىدۇ. ئەگەر ھازىر ئۆيدە ياخشى يېمەكلىك بولغان بولسا، گەرچە ئۆزى تاماق يېمىگىلى ئىككى يېرىم كۈن بولغان بولسىمۇ ئۇ ياخشى يېمەكلىكنى ئۆزى يېمەستىن چاشقانغا بېرىدىغانلىقىنى ئويلايدۇ. بۇ يېزىدىكى بىر دىنىبىر يۇقىرى مەلۇماتلىق — تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ھەم قاۋۇل، چېلىشىشتا ھەممىنى يەڭگەن كۈچتۈڭگۈر بىر پالۋان يىگىتنىڭ ئۆزىنىڭ مۇشتىچىلىك كېلىدىغان بىر ئوغرى ـ قاراقچى، بۇ يىگىتتە ھەم ئۇنىڭ ئۆيىدە ھېچقانداق ھەققى يوق چاشقان ئالدىدا شۇ دەرىجىدە بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقى ئادەمنى ئىشەنگۈسىز بىر تراگېدىيە ئالىمىگە باشلاپ كىرىپ، ئادەملىك قىممەتنىڭ شۇ

دەرىجىدە چاكىنا ھالەتتە دەپسەندە قىلىنىشىپ خورلانغانلىقىنى ئادەم ئۆزىنى قويغىلــــى يەر تاپالمــــىغۇدەك ھالەتتە ھېس قىلدۇرىدۇ.

بۇيەردە ئەسەرنىڭ تراگېدىيە قاتلىمى داۋۇت داڭقاننىڭ قەپەستە سولانغان مۇشۇكى ئارقىلىق تېخىمۇ كېڭىيىدۇ ھەم چوڭقۇرلىشىدۇ.

داۋۇت داڭقاننىڭ ئۆيىدە ئۇنىڭغا ھەمــراھ بولۇپ قالغان بىردىنبىر تىرىك جان — ئۇنىڭ بىر دانە تاغىل مۇشۇكى ئىدى. ئۇ بارلىق ئوي ـ پىكرى، خىيالى، خۇشاللىقى، كۆلكىسى، دەرد ـ ئەلىمىنى ئاشۇ ئادەملەر تىلىنى بىلمەيدىغان مۇشۇك بىــلەنلا ئورتاقلىــــشالايدۇ. ئۇ كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان مەنتىقىگە، تەبىئىي قانۇنىيەتكە خىلاپ بولغان ھەرقانداق ئىش توغرۇلۇق مۇشۇ مۇشۇكتىن باشقا ھەرقانداق تىرىك جان، ھەتتا ئۆيىنىڭ تۆت تېمىغا سۆزلەشتىنمۇ قورقىدۇ. چۈنكى، تۆت تامنىڭمۇ قۇلىقى بار ئىدى، يەنى ئۇنىڭ ھەرقانداق گەپ ـ سۆزى، ھەرىكىتىنى مەخپىي پايلاقچىلىرىنىڭ تاياق ـ توقمىقىغا تايىنىپ يۈرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلــىــۋاتقان زوراۋان ھاۋاز سېكرىتارنىڭ كۆز ـ قۇلاقلىرىدىن يوشۇرۇپ قالغىلــــى بولمايتتى. ئەسلى كۆچتۆڭگۈر يىگىت بولغان داۋۇت داڭقان ناھەق جازالار، دېھقانلارنىڭ ئاھۇ ـ زارى ھەققىدە تولا سۆزلەپ، تولا تاياق يەپ، جازالىنىپ، كالتەكلىنىپ، سولاقتا يېتىپ، قىيناققا قېلىپ، ھازىرقىدەك نىمجان، كېسەلمەن، بىچارە ئادەم بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ھازىر مۇشۇ مۇشۇكتىن باشقا ھېچقانداق نەرسىگە تىنىنشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. چۈنكى، ئۇنىڭدىكى ھەققانىي روھ، قەيسەر ئىرادە، سەگەك كاللا ھاۋاز

سېكرېتارنىڭ ۋەھشىيلىكى تەرىپىدىن گۇمران قىلىنغان، ئۇنىڭ تەبىئىي ئىنسانىي ئىرادىسى سۇندۇرۇلغان، ئۇنى ھېچكىمگە، ھېچنېمىگە ئىشەنمەس، ھەتتا بەزىدە گۇمان بىلەن قارايدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان، ھەتتا ئۇ ئاخىر ئۆزىنىڭ مۇشتىچىلىك چاشقاندىنمۇ قورقىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. ياسىنجان سادىق يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللار ئارقىلىق بىر تۇپراق، بىر ھاۋا، بىر زېمىندا ياشىغان ئادەملەر بىلەن جانلىقلار خۇشاللىقتىمۇ، خاپىلىقتىمۇ ئورتاق، تەبىئەتتىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن قېرىنداش ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت زور تېمىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.

داۋۇت داكىقانىنىڭ ئالىتاغىل مۇشۇكى داۋۇت داكىقانىنىڭ يېنىدىكى قەپەسكە سولاپ قويۇلغان. ئۇنىڭ قەپەس ئىچىدە ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق دەردىدىن تۇگۇلۇپ ياتقان ھالى ئەسكى يوتقاندا تۇگۇلۇپ ياتقان ئىگىسى داۋۇت داكىقانىنىڭ ھالى بىلەن بەكمۇ ئوخشايدۇ. ئالىتاغىل مۇشۇك قەپەس ئىچىدە ھالسىز يېتىپ، دەسلەپ چاشقاننى كۆرگەندە ئۆزىنىڭ ئەسلى تەبىئىيتى بويىچە دەرغەزەپ بىلەن ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ چاشقانغا ئېتىلىدۇ، ئەمما پۇت ـ قولىدا مادار يوق ھەم ئۆزى تار قەپەسكە سولانغان بولغاچقا رەقىبىنى يوقىتىشقا ئامالسىز قالىدۇ. چاشقان مەغرۇر ھالدا ئۇنىڭغا خىرىس قىلىپ ئۇنىمۇ يەۋېتىمەن، دەپ دېۋەيلەپ كەلگەندە بولسا، بىچارە مۇشۇك قورقىنىدىن قەپەس ئىچىدە بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك تۇگۇلۇپ تىترەپ، كۆزلىرىدىن ۋەھشىيلىك يېغىپ تۇرغان چاشقاندىن رەھىم ـ شەپقەت تىلەيدۇ، قورقۇنچتىن تىترەپ تۇگۇلۇپ، چاشقاننىڭ كۆزىگە قاراشقا جۈرئەت قىلالماي كۆزلىرىنى

يۇمۇۋالىدۇ. بۇ قۇرلارنى ئوقۇغان ئادەم گويا قەپەستىكى مۇشۇك ئەمەس، داۋۇت داڭقان، داۋۇت داڭقان بىلەن ئۇنىڭ مۇشۇكى ئوخشاش قەپەستە ئىكەن، دېگەن ھېسسىياتقا كېلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ياسىنجان سادىق نەچچە مىڭ يىللىق ئەنئەنىۋى ياشاش قانۇنىيىتى، تەبىئەت ئېكولوگىيىسىنىڭ دەھشەتلىك تەتۈر تاناسىپلىق بۇزۇلۇشىنى ناھايىتى چاققان، ئاددىي كۆرۈنۈش بىلەن سۈرەتلەپ بېرەلىگەن.

ئەسلىدە يۇرتتا چاشقان كۆپەيگەندىن كېيىن ھاۋاز سېكرىتار شەھەردىكى ئەرزان، ئىختىيارىي سېتىلىدىغان چاشقان دورىسىنى سېتىش شىركەتلىرى بىلەن مەخپىي يەك سودىسى قىلىپ، چاشقان دورىسى سېتىۋېلىپ، ئۇنى ھەربىر نوپۇسقا قىممەت باھادا مەجبۇرىي تېڭىپ ساتىدۇ. بۇ چاشقان دورىلىرى چېچىلىپ، پۈتۈن يۇرتتىكى چاشقاندىن باشلاپ ئىت، مۇشۇك، توخۇ، كەپتەر، قۇشقاچ، پاختەكلەرگىچە قىرىلىپ كېتىدۇ، يۇرتتا ئادەمدىن باشقا جانلىق قالمايدۇ. بۇ جەنۇبىي شىنجاڭ، تارىم بويلىرىدا 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا يۈز بەرگەن، ھەممە ئادەم بىلىدىغان، ئەمما ھېچكىم ئېغىزىغا ئېلىشقا پېتىنالمىغان ھەقىقىي پاجىئە ئىدى. تەبىئەتكە قىلىنغان بۇنداق چوڭ زىيانكەشلىك سۈرۈشتىمۇ قىلىنمىغانىدى.

يۇرتتا تارىختىن بېرى ئىت ـ مۇشۇكنى پۇلغا ساتمايتتى، كېرەك بولسا ئۆزئارا بېرىشەتتى، ئىت ـ مۇشۇك ئۆلۈپ تۈگىگەندىن كېيىن ئىت ـ مۇشۇك پۇلغىمۇ تېپىلمايدىغان، ئادەملەر زەھەرلەنگەن چاشقانلارنى يەپ ئۆلۈپ قالىدۇ، دەپ ئەنسىرەپ، ئىتلىرىنى ئۆيگە، مۇشۇكلىرىنى قەپەسكە سولاپ باقىدىغان غەلىتە ئەھۋال كېلىپ چىقتى.

نەتىجىدە ئەسلىدىكى ئىتلار ئادەملەرنى باقىدىغان، مۈشۈكلەر ئادەملەرنى چاشقانلارنىڭ ئاۋارىچىلىكىدىن ساقلايدىغان، قۇشقاچ، پاختەكلەر زىرائەتلەرنىڭ زىيانداش ھاشاراتلىرىنى يوقىتىدىغان تەبىئىي ياشاش قانۇنىيىتى بۇزۇلۇپ، ئادەملەر ئەسلىدىكى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ئەمگەكلەردىن ھالقىپ ئىت ـ مۈشۈكلەرنى باقىدىغان، ئادەملەر ئۆزى ئۆلتۈرگەن قۇشقاچ، كەپتەر، پاقا قاتارلىق زىياندىش ھاشاراتلارنى يەپ يوقىتىدىغان تەبىئىي ئىشچىلارنىڭ ئورنىدا ھاشارات تۇتىدىغان، قۇرت تېرىيدىغان زۇلۇمى ئېغىر ئاپەت خاراكتېرلىك ئەمگەككە قالدى. تەبىئەت ئادەملەرنى ئەقىلسىزلىقى ئۈچۈن جازالىدى. ھەربىر دېھقان كۈنىگە ئون چاشقان، ئەللىك قۇرت تۇتۇش، تۇتالمىسا بىر قۇرت ئۈچۈن بىر موچەندىن، بىر چاشقان ئۈچۈن بەش موچەندىن . . . جەرىمانە تۆلەش تەلەپ قىلىنغان بۇنداق چېكىدىن ئاشقان ۋەيران قىلغۇچى سىيلىق دېھقانلارنى بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىغان ئېغىر ۋەيرانچىلىقلارغا دۇچار قىلدى. تەبىئەتكە ھاۋاز سېكرىتاردەك ساۋاتسىز، قارا قورساق، بەدنىيەت ھاكىم مۇتلەق زىيانكەشلىك قىلدى، ئەمما جازاسىنى بىچارە دېھقانلار تارتتى. ۋۇجۇدى ھەم روھىدىن ئىنسانىي مۇھەببەت ئۆچكەن ھاۋاز سېكرىتار يۇرت خەلقىگە بالايىئاپەتنى تېرىپ قويۇپ، يېزا خەلقى جان تالىشىۋاتسا قارا كۆڭۈللەرچە سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، نۇرغۇن پۇل ئۈندۈرۈۋالدى. دېھقانلارنى ئون يىللاپ قايتۇرۇپ بولغۇسىز قەرزگە بوغۇپ ۋەيران قىلىپ، ئۆزىنى سەمرىتتى.

ياسىنجان سادىقنىڭ راست سۆزلۈك، رېئاللىقنى سەمىمىي ئىپادە قىلىدىغان قەلىمىدە يېزىلغان يۇقىرىقى قۇرلارنى

ئوقۇۋاتقىنىمدا، بۇ قۇرلارغا يېزىلغىنى ئۇ توقۇغان ھېكايە ئەمەس، تارىم ۋادىسىدىكى ھەقىقىي ۋەقە، تراگېدىيە! دەپ ۋارقىرىغۇم كەلدى. چۈنكى، جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى ھاۋاز سېكرىتارغا ئوخشاش ئايرىم كىشىلەر چاچقان ئۆتكۈر زەھەرلىك چاشقان دورىلىرى ئىت ـ مۈشۈك، قۇشلارنى مىسلىسىز قىرىپ، قۇرۇتۇۋەتكەن بىلەن چاشقانلار گويا ئاسماندىن ياغقاندەك شىددەتلىك دەۋرەپ كۆپەيدى. بۇرۇنقى چاشقانلار بارماقچىلىك بولغان بولسا ھازىرقى چاشقانلار ئاسلاندەك كېلەتتى. بۇرۇنقى چاشقانلار يەردە يۈرسە ھازىرقى چاشقانلار مېۋىلىك دەرەخلەرگە يامىشىپ چىقىپ مېۋىلەرنى يەپ، ئۈچكىسىنى چېقىپ مېغىزىنى يەيدىغان بولدى. ھاۋاز سېكرىتار چاچقان چاشقان دورىسى چاشقاننى ئۆلتۈرۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، چاشقانلارنى يوغىنىتىۋەتتى. مانا بۇ جىنايەت بىلەن تولغان تراگېدىيە. تارىم ۋادىسىنىڭ بەزى جايلىرىدىكى بۇ تراگېدىيىلەر ئۇزۇل ـ كېسىل سۈرۈشتۈرۈلۈپ تەلتۆكۈس تۈگىتىلگىنى يوق، پەقەت قەلبى ئۆز خەلقى، ئانا ماكانى ئۈچۈن مەسئۇل بولۇش ۋىجدانىي بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن تولغان يازغۇچى ياسىنجان سادىقلا تەبىئىي ئاپەتنى يوقىتىش بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالغان بىرىنچى يامان نىيەتلىك، قارا قورساق كىشىلەرنىڭ خەلققە، تەبىئەتكە ئېلىپ كەلگەن بالايىئاپەتلىرىنى بۇ ھېكايىسى ئارقىلىق رەھىمسىزلەرچە پاش قىلدى.

ھېكايە تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىدىن ئۆز مەنزىلىگە مۇۋەپپەقىيەتلىك يەتكەن.

1 . ھېكايە تىلى قېلىپلاشقان، ئۆلۈك، مۇستەقىللىقىنى يوقىتىپ، بېقىندى تەرجىمە سۆز ـ ئىبارىلەر بىلەن تولغان

هازىرقى بىرقىسىم گېزىت ـ ئاخبارات تىلىدىن خالىي، خەلق تىلى بىلەن يېزىلغانلىقى ئۈچۈن ھېكايىنى ئوقۇغان ئادەم ئۆز مەھەللىسىدە ياتلارنى كۆرمەي، قوۋم ـ قېرىنداش، دوست ـ بۇرادەرلىرى بىلەن كۆڭۈللۈك ياشاۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىدۇ. ھېكايىنىڭ ئادەمنى جەلپ قىلىپ ئاخىرغىچە ئوقۇشقا سۆرەپ كىرىدىغان سېھرىي كۈچىمۇ دەل تىلىنىڭ ساپ ـ گۈزەللىكىدە. ئەگەر بۇ ھېكايىدە مۇشۇنداق ئىپىل تېما بېقىندى تەرجىمە تىللار بىلەن بېزەپ يېزىلغان بولسا، بۇ ھېكايىنى كىتابخان نەچچە قۇر ئوقۇپلا تاشلاپ قويغان بولاتتى. ئىپىل تېما ئۆزىگە لايىق ئانا تىل بىلەن ئىپادە قىلىنمىسا چىرايلىق كىيىمگە پاتقاق چاچرىغاندەك كۆڭۈلسىز ئىش بولغان بولىدۇ. بۇ ھېكايە تەبىئىي ئانا تىل بىلەن بايان قىلىنغاچقا ئۆزىنى ئۇيغۇرچە بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا نەقىشلىگەندەك ئۆزلۈك، گۈزەللىك تۇيغۇسى بىلەن ئىپىل ھېكايە بولالىغان.

2. ھېكايە ئاپتورنىڭ ئەسەر كەيپىياتى بىلەن ئەسەردىكى پېرسوناژ كەيپىياتىنى ماس قەدەمدە جايى ـ جايىدا كۆتۈرۈش ـ پەسەيتىش ئارقىلىق كەڭ مۇھىتتا ماھىرلىق بىلەن قەلەم ئوينىتالايدىغان تەبىئىي تالانتىنى نامايان قىلغان.

3. بىزنىڭ بىرمۇنچىلىغان ياش قەلەمكەشلىرىمىز ئۆز رېئاللىقىنى ئىپتىراپ قىلماي، رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئۆز خىيالىدىكى غايىۋى دۇنياسىغا بېرىلىپ قەلەم تەۋرىتىپ، ئەسەرلىرىدە ئۆز ماكانى، خەلقى بىلەن ھېچبىر مۇناسىۋىتى بولمىغان يات، جانسىز، ئاجىز، خىيالپەرەس، مىسكىن، شۆھرەتپەرەس پېرسوناژلارنى يارىتىۋاتىدۇ، ياسىنجان سادىق ئۇلارنىڭ ئەكسىچە رېئال ئادەملەرنى، رېئاللىقنى يېزىشقا،

جۇرئەت قىلالىغان. بۇ ئەلۋەتتە قەدىرلەشكە، ھۆرمەتلەشكە ئەرزىيدىغان ياخشى روھ. بىز ئۆتكەن ئىشلارنى ئەمەس، بۈگۈننى، بۈگۈنكى رېئاللىقنى يازالايدىغان، ياسىنجان سادىقتەك خەلقنىڭ غېمىنى يەيدىغان پەزىلەتلىك قەلەمكەشلەر ھەم خەلققە روھىي ئوزۇق بولالايدىغان ئېسىل ئەسەرلەرنىڭ كۆپلەپ چىقىشىغا تەشنا.

4. ئاپتور «چاشقان ئاپتى» دە بۈگۈنكى دېھقانلارنىڭ ئەھۋالىنى داۋۇت داڭقان ئوبرازىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يىغىنچاقلاپ كۆرسىتىپ بېرەلىگەن. ھېكايىنى ئوقۇغان ئادەمنىڭ كۆز ئالدىدا داۋۇت داڭقاننىڭ ھەربىر ئوي ـ پىكرى، خىيالى، ھەرىكىتى، سۆزى، ياشاش ئىستەكلىرى ئارقىلىق ھازىرقى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى كىنو ئېكرانىدىكى سۈرەتتەك گەۋدىلىنىدۇ. ئۇ تەسۋىرلىگەن ھەربىر قىياپەت، ھەربىر كارتىنىدا سۈنئىيلىك، ساختا كۆرۈنۈشلەر يوق. ھېكايىنى ئوقۇۋاتقان ئادەم گويا ئۆزى داۋۇت داڭقان بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقاندەك. ھاۋاز سېكرېتارنىڭ قارا نىيەتلىرى بىلەن تولغان يەرلىك سىياسەتلىرىنى بىللە تۇرۇپ ئاڭلاۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. بىر ئاپتورغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۆز ئەسىرىنى ئوقۇغان كىشىنى شۇنچىلىك تەبىئىي تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ، ئۆزى بىلەن تەڭ ھېسسىياتلارغا چۆمدۈرۈش، ئۆزى بىلەن ئوخشاش ھاياجانلاندۇرۇشنىڭ ئۆزى ئۆز ئەمگىكىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك مېۋە بەرگەنلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ ھەم ئۇنىڭ پىشقان قەلەم ئىگىسى بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

5. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى يېزىلىرىدا، ھازىرقى ئىسلاھاتنىڭ تەلىپىنى چۈشەنمەيدىغان ئاز بىر قىسىم ئاساسىي

قاتلام كادىرلىرى يۇرتىغا، خەلقىگە، كەلگۈسى ئەۋلادلارغا زىيان يەتكۈزىدىغان «يەرلىك سىياسەت» يۈرگۈزۈپ، بەزى دېھقانلارنى يەردىن زېرىكتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا يۇرتىنى تاشلاپ، باشقا يۇرتقا مۇساپىر بولۇپ چىقىپ كېتىشكە سەۋەبچى بولدى. بۇنداق ۋەيرانچىلىقنى ئاپتور داۋۇت داڭقان پاجىئەسىدە ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن مەنىلەر بىلەن ئېچىپ كۆرسىتىپ بېرىشكە جۇرئەت قىلالىغان.

6. ياسىنجان سادىق ھېكايىسىنىڭ ئاخىرىدا ئەنئەنىۋى ھېكايىچىلىكنىڭ يالغاندىن تەسەللى بېرىپ، كىشىلەرنى زىيادە ئۈمىدۋارلىقا ئۇندەپ، «مۇشۇنداق پاجىئە بىلەن تولغان ھاياتتىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار، بۇ كۈنمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، ياخشى كۈن ئالدىمىزدا» دەپ بەزلەپ، قورساق بوشىغاندىن كېيىن ئاستا كىرىپ، كەلگۈسىدە ئۆزلۈكىدىن كېلىپ قالىدىغان ياخشى كۈننىڭ تاتلىق خىيالىدا ئۇخلاپ قېلىشقا باشلاپ بېرىشتەك ئازدۇرغۇچى تاماملاش ئۇسۇلىنىڭ ئەكسىچە، تراگېدىيىلىك تەقدىرنىڭ يىلتىزىنى تېپىشقا، ھاياتلىق ئۈچۈن بۇنداق تەقدىرنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تىرىشىش، كۈرەش قىلىشقا چاقىرىدۇ.

7. ھېكايە رېئالىزملىق ئۇسلۇب، ئانا تىل تەسۋىرى، ساددا ــ سەممىي چىنلىققا تولغان پۈلەكلەرنى ئۆز مەۋجۇتلۇقىنىڭ تۈپرىقى قىلغان بولغاچقا ئۇنى ھېكايە دېگەندىن كۆرە 90 ــ يىللاردىكى ئۇيغۇر يېزىسىنىڭ ھەقىقىي خاتىرىسى دېگەن تېخىمۇ مۇۋاپىق. ئەسەر رېئال، ئىجتىمائىي، ئىلمىي جەھەتتىمۇ زور تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

1998 ـ يىلى 1 ـ ئاي.

[General Information]
书名=剖析自我　维吾尔文
SS号=40300678